ياسىنجان سادىق

# كۆيلەر خانىشى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياسىنجان سادىق
كۆيلەر خانىشى
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## ياسىنجان سادىق ئەسەرلىرى

جاللات خېنىم (1)
جاللات خېنىم (2)
شەرەنداز ئايال
داۋان
كۆيلەر خانىشى
بۇلبۇلستان
يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما
پوچتالىيون ئەتە يەنە كېلىدۇ

ISBN 978-7-228-17050-0
定价：43.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ياسىنجان سادىق

# كۆيلەرخانشى

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

绝代乐师：维吾尔文 / 亚森江·萨迪克著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.9

ISBN 978-7-228-17050-0

Ⅰ. ①绝… Ⅱ. ①亚… Ⅲ. ①中篇小说 — 小说集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第238527号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出　　版 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 发　　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15.5 |
| 版　　次 | 2013年9月第1版 |
| 印　　次 | 2013年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 43.00 元 |




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


قۇرۇپ كەتكەن دەريا ........................ 1
قۇملۇق ........................ 87
ياشارغان يۈرەك ........................ 177
سۆيگۈ قېرىمايدۇ ........................ 226
ئاچچىق - چۈچۈك خەتلەر ........................ 283
كاككۇك بالىسى ........................ 365
كۈيلەر خانىشى ........................ 400

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قۇرۇپ كەتكەن دەريا

تۇپىلىق يول.

تانابتەك تۈپتۈز ئېلىنغان، ئەمما ئاسرالمىغانلىقتىن كاتاڭلىشىپ كەتكەن، ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنا چاقلىرىنىڭ تەكرار دەسسەشلىرىدىن خۇددى رېلىستەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ بىر يېرىم غېرىچ كەڭلىكتە، بىر غېرىچ چوڭقۇرلۇقتا كاتاڭ ھاسىل قىلغان، يان ـ ياقلىرىغا قومۇش، شىۋاق، چىم ئۈنۈپ كەتكەن تۇپىلىق يول. پىيادىلەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ماڭسا ئايىغى ئاستىدىن پۇرقىراپ ئاچچىق شور تۇپا توزۇپ تۇرىدىغان شورلۇق يول.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئون مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلبېغى ئېلىنغان بولۇپ، بۇ يەرگە جىگدە، سۆگەت كۆچەتلىرى قويۇلغان. ئەمما، بۇ كۆچەتلەر ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان ۋە ۋاقتىدا سۇغىرىلمىغانلىقتىن تەڭدىن تولىسى قۇرۇپ كەتكەن. ئەي بولغانلىرىمۇ تىكىپ قويغان ۋاقتىدىكىدەك پەقەتلا يوغىنىماي شۇ پېتىچە تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يېڭىدىن ئېچىلغان كەڭرى بىنەملەردىن قومۇش، توغراق، يۇلغۇن نوتىلىرى ئۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئاپپاق شور پوستەكلىرى ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ يولنىڭ باش تەرىپى بېھىشباغ يېزىسىغا، ئاياغ تەرىپى قوتاندۆڭ كەنتىگە تۇتىشاتتى.

بېھىشباغقا تۇتىشىدىغان يولنىڭ سول تەرىپىدە ئون يېتىم يىراقلىقتا كىچىكرەك بىر دەريا قوتاندۆڭ تەرەپكە قاراپ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ باش تەرىپى بېھىشباغ يېزىسىدىن ئۆتۈپ، ئارسلانباغ يېزىسىنىڭمۇ يۇقىرىسىدىكى بىر

www.uyghurkitap.com

چوڭ دەرياغا تۇتىشاتتى. ئاياغ تەرىپى قوتاندۇك كەنتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلاردا غايىب بولاتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ دەريانىڭ كىچىكلىكىگە قاراپمۇ ياكى سۈيىنىڭ ئازلىقىغا قاراپمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ دەريانى «يىڭنە دەريا» دەپ ئاتىشاتتى. دەريانىڭ ئاخىرقى ئېقىنى كىرىپ كېتىدىغان توغراقلىقنى بولسا «قاراڭغۇتوغراق» دەپ ئاتىشاتتى. بەزىلەر قاراڭغۇتوغراقنىڭ چەت ـ چېكى يوق، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئۇچى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق، ئۇ يەردە ئاجايىپ تىلسىملىق غايىب خەزىنە بار، دېيىشەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلار قاراڭغۇتوغراق ۋە ئۇنىڭ ئۇ چېتىدىكى قۇملۇق ھەققىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەتلەرنى توقۇشۇۋالغانىدى. ئۇلار قاراڭغۇتوغراقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇقتا نۇرغۇن ئالتۇن ـ يامبۇلارنىڭ كۆمۈلگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمما، ئۇ يەرگە بېرىپ بايلىق ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار قاراڭغۇتوغراقتىكى سىرلىق ئەجدىھا كۆلىنىڭ دەم تارتىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى بىرنەچچە بەڭباش يىگىت قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئۇ تەرىپىگە بايلىق ئىزدەشكە كېتىپ، ئورمانلىقتا ئېزىپ قالغانمۇ ياكى يىلان ـ چايان، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقىغا ئايلاندىمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بىرسىمۇ قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇلارنى ئىزدەپ چىققانلارنىڭ ئالدىدىراق ماڭغانلارنىڭ ئىككىسى ئالدى تەرەپتىكى سۈپسۈزۈك سۇ توشقۇزۇلغان كۆلچەكتەك بىر ئويمانلىقتا سۇ ئىچكىلى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، سۇنىڭ بويىغا ئاز قالغاندا پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ، ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغۇچە چۆكۈپ كەتكەنىدى. بۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن باشقا ھەمراھلىرى قورقۇنچتىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتكەن ۋە قاراڭغۇتوغراق ھەققىدە ئادەمنى دەم تارتىپ كېتىدىغان كۆلچەك، ئەجدىھا دېگەندەك قورقۇنچلۇق ـ

ۋەھىمىلىك ھېكايىلەرنى توقۇشقانىدى. ئىشقىلىپ، قانداق ھېكايە ـ رىۋايەتلەر توقۇلسۇن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوتاندۆڭلۈكلەر قاراڭغۇتوغراقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇقتىن بايلىق ئىزدەشكە پەل باغلىمىدى. قىش كۈنلىرى قوتاندۆڭلۈك ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قاراڭغۇتوغراققا ئوۋ ئوۋلىغىلى كىرەتتى. ئەمما، ئورمانلىققا ئانچە ئىچكىرىلەپ كىرمەيلا، خورجۇنلىرى، ئېگەرلىرىنىڭ غانجۇغىلىرى نۇرغۇن كېيىك، جەرەن، بۇغا، تۈلكە، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل... قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە تولاتتى. ئۇلار ئالغان ئاشۇ ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىپ، قاراڭغۇ توغراقلىقتىن قايتىپ چىقىشاتتى. ئوۋچىلاردىن قاراڭغۇتوغراقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىشقىلىپ، نېمىلا بولمىسۇن، قوتاندۆڭلۈك ئەرلەر پۈتۈن بىر قىشنى قاراڭغۇ توغراقتا ئۆتكۈزەتتى.

قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ نەزىرىدە قاراڭغۇتوغراق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە ياكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ مازارىغا ئوخشاش ئۇلۇغ، مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇلار قاراڭغۇتوغراقنى ئاسرايتتى، قوغدايتتى، پەرۋىش قىلاتتى.

يۈزدىن ئارتۇقراق تۈتۈنگە ئىگە قوتاندۆڭ كەنتىدە ئىلگىرى تېرىلغۇ يەر تولىمۇ ئاز ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئولتۇراق ئۆيدىن كۆرە چارۋا مال قوتانلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ يۇرتنىڭ نامى «قوتاندۆڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قاراڭغۇتوغراققا يانداش جايلاشقان قوتاندۆڭ كەنتىدە توغراق، جىگدە ئورمانلىرىدىن باشقا، ھەربىر ئائىلىنىڭ بىرەر ـ ئىككى مودىن باغ، ئۈزۈم تاللىرى بار بولۇپ، تال ـ باراڭلىق باغ قىلىش قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ئاتا مىراس ئادىتى ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ قورۇ ـ جايلىرى تال ـ باراڭلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالاتتى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە

قوتاندۆك بىرمۇ قورۇ ـ جاي يوقىتەك ھەممە يېرى ياپيېپشىل، بۈك ـ باراقسان بىر تىلسىم يۇرت بولۇپ كۆرۈنەتتى.

قوتاندۆك بىلەن بېھىشباغ يېزىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ماڭغاندا يېرىم كۈندە ئۆتۈپ بولغىلى بولىدىغان كەڭرى كەتكەن كۆز يەتكۈسىز قۇمۇشلۇق، شورلۇق دالا ئايرىپ تۇراتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر بېھىشباغ يېزىسى تەرىپىنى كەنت ئىچى دەپ ئاتايتتى. بېھىشباغلىقلار قوتاندۆك تەرىپىنى جاڭگال، قوتاندۆڭلۈكلەرنى جاڭگاللىقلار دەپ ئاتايتتى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسى بەكمۇ شالاڭ ئىدى. سىرتنىڭ ئادەملىرىمۇ قوتاندۆڭگە بەكمۇ ئاز كېلەتتى.

قوتاندۆك بېھىشباغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنت بولسىمۇ، يېزا مەسئۇللىرى بۇ يەرگە بەك ئاز كېلەتتى. ئەمما، يېزىنىڭ كىچىك ماشىنىسى پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى ۋە قوتاندۆڭلۈكلەرگە يېزا باشلىقىنىڭ «يوليورۇقى»نى ئالغاچ كېلىپ، قوتاندۆڭلۈكلەر ئوۋلاپ بەرگەن كېيىك، جەرەن، قىرغاۋۇللارنى ماشىنىغا سېلىپ كېتەتتى. يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تەلەپ قىلمىغانلىقىغا خۇش ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەر بولسا يېزىنىڭ يېزا بويىچە ئېلىپ بارىدىغان ھاشار ـ ئەمگەك، ئالۋان ـ سېلىقلىرىغا ھەيدىمىگىنىگە خۇش ئىدى. قىسقىسى، قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ خىلۋەت ماكاندا بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىللار ئىلگىرى خېلىلا خاتىرجەم، غەم ـ غۇسسىسىز، باياشات ياشىغانىدى. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى. قوتاندۆڭلۈكلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد ئانا سۈتىدەك ئىچىپ كەلگەن يېرىم دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىشكە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. بىر خىل كېتىۋاتقان ھايات مۇساپىسى بىردىنلا ئىزىدىن چىقتى.

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق

ئىدى. دەريا ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سوكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاقاتتى.

*　　*　　*

توپىلىق يولدا كەينىدىن بۇلۇتتەك توپا ـ چاڭلارنى توزۇتۇپ ماش رەڭلىك بىر لاتا پىكاپ قوتاندۆڭگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. پىكاپ ھەيۋەت بىلەن گۈرۈلدەيتتى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا شوپۇرغا ياندىش ئولتۇرغان ئورۇق، ۋىجىك ئەمەلدارنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى بىرسىنىڭ قۇچىقىدا بىرسى ئولتۇرغاندەك قىستىلىشىپ ئولتۇرغان بەش نەپەر خىزمەتدىشىنى يەڭگىل تەۋرىتەتتى، ئۇلار يولنىڭ ئۇزاقلىقىدىنمۇ ياكى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ۋىجىك ئەمەلدارغا ماسلاشقان ھالدا مۈگدەشمەكتە ئىدى.

قوتاندۆڭنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرى غىل ـ پال چېلىقىشى بىلەن قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن شوپۇرنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۆلكە يۈگۈردى. ئۇ مەنزىلگە يەتكەنلىكىنىڭ خۇشلۇقىدىنمۇ ياكى پىكاپ ئىچىدىكى ئۈگدەۋاتقانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى قوتاندۆڭلۈكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر ماشىنىنىڭ سىگنالىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ بىرنەچچە قېتىم باستى. سىگنال ئاۋازىدىن ئەمەلدار ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىشتى ـ دە، مەھەللىگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىرايلىرىغا كۆلكە يۈگۈردى. ئورۇق، ۋىجىك ئەمەلدار كۆزنىگە چۈشۈۋالغان كەپكىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، شوپۇرغا چاقچاق قىلدى:

ـــ ئابدۇقادىر، دەپ بېقىڭلا قېنى، بۇرنۇڭلىغا قوي گۆشىنىڭ كاۋىپى پۇراۋاتامدۇ ياكى جەرەن گۆشىنىڭ كاۋىپىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

شوپۇر يىگىت بۇرۇتلۇق قىلىن كالپۇكىنى كالچايتىپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجايدى.

— ھى - ھى - ھى... مۇشۇ زەنجاڭزە قىزىق گەپ قىلىدۇ جۇما، — ئۇ كەينىدىكىلەرگە شۇنداق قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىككى ھەپتىنىڭياقى ئاران بىر كەلگەن ۋاقتىمىزدا قوينىڭمۇ، جەرەننىڭمۇ، توشقان - قىرغاۋۇلنىڭمۇ كاۋىپىدىن تولۇق يەيمىز، قانداق دېدىم، ئاغىنىلەر؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى سېمىز يىگىت شوپۇرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — مېنىڭمۇ جەرەن كاۋىپىدىن تويغۇدەك بىر يېگۈم بار.

— خاتىرجەم بولۇڭلا ئۇكام، قوتاندۇڭگە كەلدۇقمۇ، كاۋاپ، گۆشكە سېسىق كېكىرمىسەك ھېساب ئەمەس.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن نامىنىكا، — دېدى پونكىت باشلىقى كەينىگە قايرىلىپ، پېشقەدەم خىزمەتدىشىنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ، — مېھمان بولۇپ كەلگەننىكەنمىز، خەقنىڭ داستىخىنىغا ئاچىققىنىنى يەيمىز - دە، كىم بىلىدۇ، چىشقاق مېكىياندىن ئىككىنى، ئۇسۇرۇق تۇخۇمدىن ئون - يىگىرمىنى پىشۇرۇپ بېرىپ، گۆشىيىپ تۇرۇشامدۇ تېخى؟

— توۋا دېسىلە زەنجاڭ ھاي، ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، — دېدى مەتنىياز شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ تۇرۇپ، — تەقسىماتى بولمىسىمۇ، ئاغزىنى كاككۇكتەك ئېچىپ يالۋۇرۇپ كەپتىكەن، يۈز لىتىر سۈنى بۇيرۇپ بەدىلىغۇ ئەينا. ھېچبولمىغاندا ئاشۇ يۈز لىتىر سۈنىڭ يۈزى بولا ئەلۋەتتە.

— جاڭگاللىققۇ ھايۋاندىن پەرقى يوق يۈزسىز خەق، — سېمىز يىگىت راستلا جەرەن كاۋىپىدىن قۇرۇق قالغاندەك غەزەپلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدى ئالدىمىزغا سۇ دەپ كېلىپ باقسۇنا قېنى.

— تەقسىماتتىنمۇ بەرمەسمىز.

— سىلىچۇ نامىتىكا، زاكۇنىڭ تاقىقىغا مەھكەم بولسىلا،

زەنجاڭنىڭ ئاغزىدىن يۇز لىتىر سۇ چىقىپ بولغۇچە، تاقاقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋەتمەي، بىرەر كۈن يالۋۇرغۇزۇپ، ئوتتۇز - قىرىق لىتىر قىسۋېلىپ ئېچىپ بەرسىلىغۇ مۇشۇنداق ئىش چىقمايدۇ.

پىكاپنىڭ تورمۇزلىنىشى بىلەن تەڭ پىكاپ ئىچىدىكىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىمۇ بېسىلىپ قالدى.

— شۇجىنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىغاندىمىز - ھە؟ — دېدى سېمىز يىگىت سىرتنى تولۇق كۆرەلمىسىمۇ بويۇنداپ قاراپ.

— ئاۋۋال مەشەدە توختايلى، ئاندىن شۇجى نەگە باشلىسا شۇ يەرگە چىرەرمىز، ما ئىشنى كۆرۈڭ بىرەركىم ئالدىمىزغا چىقايمۇ دېمەيدۇيا، — دېدى پونكىت باشلىقى پىكاپنىڭ ئىشىكىنى جالاقشىتىپ ئاچقاچ ۋە پىكاپتىكى كىچىكرەك يىگىتنى بۇيرۇدى، — تۇرغۇنجان، چۈشۈپ قاراپ بېقىڭا، ئۆيدە ئادەم بارمۇ، يوقمۇ؟

— قويسىلا زەنجاڭ ھاي، چۈشمىسۇن. ماشىنىنىڭ شۇنچە ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالامدۇ بۇ خەق، خارلىقتا قالغان ئادەم يوق بۇ يەردە، جىندەك ساقلاپ تۇرايلى، ئالدىمىزغا توققۇز تەزىم قىلىپ چىقمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت چوڭچىلىق بىلەن.

ئۇلار پىكاپنىڭ ئىچىدە پېتىنى بۇزماي بىردەم ئولتۇرۇشتى. تومۇز ئايلىرىنىڭ يال - يال ئىسسىقى ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. بايا ماشىنا ماڭغاندا كۆزنەكلىرىدىن شامال ئۆتۈشۈپ، ئىسسىق ئانچە بىلىنمىگەن بىلەن مانا ئەمدى پىكاپنىڭ ئىچى ئىسسىق ھاۋا قاپلىنىپ قالغاندەك تىنچىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى تۆكۈلۈپ نەپەسلىرى سىقىلاتتى. بەش ئادەم سىقىلىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن بەدىنىدىن چىققان تەردە، كۆڭلەكلىرى ھۆل بولۇپ چاپلىنىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا چىداپ، ئالدىلىرىغا قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ تەزىم قىلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىسسىقتا ئاخىر

www.uyghurkitap.com

سېمىز يىگىت چىدىمىدى.

— ھاي بالا ! — دېدى ئۇ ئالتە - يەتتە قەدەم ئىلگىرىدا ماشىنىنى كۆزىتىپ تۇرغان بالىلار ئارىسىدىكى چوڭراق بىر بالىنى شەرەتلەپ.

بالا تارتىنىپقىنا يېقىنراق كەلدى.

— شۇجى ئۆيدە يوقمۇ؟

— ئورمىلىقتا.

— ماڭ جۇگۇ، قىچقىرىپ كەل !

بالا خۇشياقمىغاندەك قاراپ تۇردى.

— بوله تاز، ئىتتىك، — دېدى پونكىت باشلىقى ئاموتتەك بېشىغا قوندۇرۇۋالغان كەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — بېرىپ شۇجىغا سۇ پونكىتىدىكى ئابدۇۋاسىت زەنجاڭ كەپتۇ دېگىن. دەرھال كەلسۇن.

بالا پىكاپنىڭ قېشىدىن ئاستا ئايرىلدى - دە، بىر تەرەپتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن بالىلار تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى - دە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن بولۇتتەك توپا توزۇتقىنىچە مەھەللىنىڭ ئايىغى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قوتاندۆڭلۈكلەر بوغداي ئورۇۋاتاتتى. بالىلار يۈگۈرۈشكەن پېتى ئۇدۇل شۇجىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، چۇرقىرىشىپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

— مەھەللىگە ماشىنا كەلدى.

— باشلىق كەلدى.

— كادىر كەلدى.

— بىرسىڭلار سۆزلەڭلەر، بالىلىرىم، گېپىڭلىنى پەقەت بىلەلمىدىم، — دېدى شۇجى بالىلارنى جىملەپ، — نېمە ئىش بولدى، سەن دېگىنە ئايۇپ؟ — دېدى چوڭراق بالىغا قاراپ.

— شۇ... ھېلىقى... ھېلىقى، — دېدى ئايۇپ ئىسىملىك بالا

ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھېلىقى ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر يەنە كەپتۇ.

— ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر دېدىڭمۇ، بالام؟ — دېدى شۇجى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

شۇجىنىڭ بۇ گېپىگە ئەتراپتىكى دېھقانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سۇ پونكىتىدىكىلەر يەنە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئاردىن بىر دېھقان شۇجىغا چۈشەندۇرۇپ، — مەن تېخى سىلىنىمۇ بىلىدۇ دەپتىمەن. كىم تاپتىكىن بۇ گەپنى. قوتاندۇڭدە سۇ پونكىتىدىكىلەرنى ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر دەيدىغان بولۇۋالدى.

— بۇ كىمنىڭ تاپقان گېپى؟ — سورىدى شۇجى ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى قاراپ.

ئەتراپتىكىلەر گەپ قىلماي جىم تۇرۇشتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا... — شۇجى تۇيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — قىزىق لەقەم بولاپتۇ بۇ... ھا ـ ھا ـ ھا... — شۇجى بىرھازا كۈلگەندىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ غودۇڭشىدى، — ئىكى ھەپتە بولا ـ بولماي يەنە كەپتۇ بۇ خەق، ئادەمنى ئاۋارە قىلىۋېرىشكە خىجىلمۇ بولۇشمايدىكەن. ئادەم ئالدىراشچىلىقتا بىر قولىنى ئۇن قىلالماي تۇرۇۋاتقاندا.

ئۇ شۇلارنى دېدى ـ دە، ئورغىقىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ، مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

شۇجى ئابدۇۋاسىت پونكىت باشلىقى قاتارلىقلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خۇشياقمىغان ھالدا سۇنغان سىڭار قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم سىقتى، قايتا ـ قايتىلاپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلىدى، ئالدىغا قوشلاپ كۆرپە تاشلىدى.

— بىخەۋەر بولۇپ قاپتۇق، — دېدى شۇجى ئۇلار كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەكەللۇپ قىلىپ، —

بولمىغان بولسا ئېتىز بېشىغا چىقماي ساقلاپ تۇرار كەنمىز. ئىسسىقتا ساقلىشىپ قاپلا، سەت قىلىق بولدى. ئاپا بولۇشمىسىلا.

پونكىت باشلىقىنىڭ ئەتەي تۇرۇلگەن قاپىقى ئېچىلدى. قوشلاپ سېلىنغان دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىدىكى ۋىجىك گەۋدىسىنى قىمىرلاتتى:

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ھىجىيىپ تۇرۇپ، — پونكىتتا بىكارچىلىقتا سەل زېرىكىپ قالدۇق، شۇڭا يېرىم دەريانىڭ چېقىللىرىنى تەكشۈرگەچ، شۇنداقلا بىر چىرىپ ئۆتەپ كېتەيلى دەپ...

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى شۇجى داستىخان سالغاچ. شۇجىنىڭ ئايالى ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى يۆگەپ، يات مېھمانلاردىن دالدا قىلىپ تۇرۇپ، بىر لىگەن نان، ئۈچ چىنە قېتىق ئەكىردى.

— سۇدىنمۇ ئەكىرمەمىلا شۇجى، دوغ ئېتىپ ئىچەيلى، ئەجەب ئۇسسىدى ئادەم، — دېدى سېمىز يىگىت قېتىقنى قوشۇق بىلەن ئىچكەچ.

شۇجى دەرھال سۇ ئەكەلدى. ئۇلار بىر چىنىدىن دوغنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋېتىشتى ـ دە، داستىخاندىكى نانغا ئىشتىھاسىزلا قاراپ قويۇشتى.

— قېنى نانغا باقىلى مېھمانلار، — دېدى شۇجى ئۇلارنى داستىخانغا زورلاپ.

— شۇجى ھاي، ئادەمنى ئىسسىقتا قۇرۇق نانغا زورلىماي، ئۆرۈك، قوغۇن ـ تاۋۇزلاردىن ئەكىرمەمىلا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت تاقەتسىزلىك بىلەن غۇدۇراپ.

— ئۆرۈككە بالا ئەۋەتتىم، ھازىر ئەكېلىدۇ.

— قوغۇن ـ تاۋۇزچۇ؟ — دېدى شوپۇر يىگىت بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ.

— قوغۇن ـ تاۋۇز، — دېدى شۇجى سەل تۇرۇۋېلىپ، —

ئەتىيازدىن يەرنى ئۇسا قىلىدىغانغا سۇ يوق سەل ۋاقچە قاپتىكەن، شۇڭا تېخىچە...

— پىششىمىدى دېسىلە، — دېدى سېمىز يىگىت ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، — شەھەرگە قوغۇن - تاۋۇز كىرىپ بولغىلى نەۋاق، سىلى سۇ، سۇ دەپ پونكىتقا كولدۇرلاپ بارغىلى ئۇستا، ئەمما قوغۇنلۇققا بېرىپ باقمايدىغان ئوخشىمامال؟ بىزنىڭ پونكىت خۇددى قوتاندۇڭ ئۇچۇن قۇرۇلغاندەك، ھەرقايسىلىرى سۇ دەپ بېرىشسىلا، زەنجاڭ تەقسىماتى بار - يوق دېمەي سۇنى بۇيرۇپ بېرىۋېرىدۇ. يېرىم دەريانىڭ پۇتكۇل سۇيى قوتاندۇڭغىلا ئاقىۋاتىدەك ئاقىدۇ، يەنە قوغۇن ۋاقچە قاپتۇ دېسىلە قانداق بولغىنى؟ ! — سېمىز يىگىت بىر تەرەپتىن قوتاندۇڭغا بۇيرۇپ بەرگەن سۇنى پەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇتتۇبۇيرۇقلۇق قىلىپ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى، — يېزىلىرىدىن، شۇجى، يېزا باشلىقلىرى كەلسىغۇ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىدىكەنلا، بىزنىڭ زەنجاڭ كەلسە ئاشۇ پاقا تېشىۋەتكەن توك سويمىلىرىنى ئاياۋاتامالا نېمە؟ بىلىپ قويسىلا، بىزنىڭ زەنجاڭنىڭ ھوقۇق دەرىجىسمۇ بولۇم - ئىدارە دەرىجىلىك، سىلىنىڭ شۇجى، يېزا باشلىقلىرى بىلەن دەرىجىسى تەڭ، شەيتانلىرى كۆزلىرىگە كىچىك كۆرسىتمۇۋاتقان بولسا...

— ئۇبدان ئۇكامەي، نەدىكى گەپنى قىلماڭا، — دېدى شۇجى خىجىل بولۇپ، — ھەرقايسىلىرىدىن توك سويما ئاياپدىغان ئادەممۇ مەن. ئادەم ئەۋەتەي، بەكرەك ئىزدەپ باقسۇن، پىشقانلىرى چىقىپ قالار...

— توك سويما بولسىمۇ ئەكەلسۇن، ھېچ بولمىسا قىيىپ ئىچەرمىز، — دېدى سېمىز يىگىت يەنە بىزەڭلىك بىلەن.

شۇجى دەرھال سىرتقا ماڭدى.

— سىلىمزە... گەپكە گەپ كەلگەندە پەقەتلا ئاياپ ئولتۇرمايسىلە جۇما، — دېدى پونكىت باشلىقى پىخىلداپ كۈلگىنىچە سېمىز يىگىتكە قاراپ، — بىچارە شۇجىنى

تويغۇزۇۋەتتىڭلا.
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — دېدى سىمىز يىگىت ئۆزىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — بوش تۇرساق ئىككى قاچا قېتىق بىلەن يولغا سالىدىغان ئوخشايدۇ بۇ خەق.
— شۇنداق بىر قىلىپ باقسۇن قېنى، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.
— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، — دېدى پونكىت باشلىقى كەپكە شەپكىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ ئولتۇرۇپ، ئۇ سىرتقا تەمەگەرلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، شوپۇر يىگىتنى بۇيرۇدى.
— ئابدۇقادىر، مۇنداقسىگىلا چىققان بولۇپ قاراپ بېقىڭلا، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ بۇ خەق.
ئابدۇقادىر ھۇرۇنلۇق بىلەن مىدىرلاپ قويدى ـ دە، ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى.
— تالاغا چىقمىسامۇ بىلىپ بولدۇم، شۇجىنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىدىن قارىغاندا چوقۇم ژۇگداۋاتىدىغۇ① دەيمەن.
— سوياۋاتامدىكىن ئادىشىم، — دېدى سىمىز يىگىت.
— ياق، ژۇگداۋاتىدۇ.
— ياق، سوياۋاتىدۇ②.
— بولدى، تالاشماڭلار، — دېدى زەنجاڭ كەيپسىزلىك بىلەن، — قېنى داستىخانغا كەلگەندە كۆرمەمدۇق.
— بۇنداق دەپ ئولتۇرىدىغان بولساق جەزمەن كاۋىپىنى ھەرگىزمۇ يېيەلمەيمىز، — دېدى سىمىز يىگىت بىتاقەتلىك بىلەن. ئۇ پونكىت باشلىقىنىڭ بىقىنىدىكى كۇسا ئادەمنى نوقۇدى، — نامىنىكا، زەنجاڭ بۇيرۇپ بەرگەن سۇنى زاكۇدىن سىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىسىزغۇ، گاھى ۋاقىتلاردا سۇ باشتىن ئېگىز ـ پەس كېلىپ قالدى دەپ قويۇپ، زەنجاڭ يۈز لىتىر بۆلۈپ بەرسە، سىز ئەللىك لىتىر قوشۇپ، بىر يۈز ئەللىك

① توخۇ يۇگداۋاتىدۇ دېمەكچى.
② قوي سويۇۋاتىدۇ دېمەكچى.

لىتىرمۇ بېرىۋېتىپسىز بۇ خەققە، پايدىنى داۋاملىق ئۆزىڭىز ئوڭچىلا كۆرمەڭ، بىزمۇ ئانچە ـ مۇنچە شېرىك بولايلى. چىقىپ شۇجىغا دەڭ، دەرھال قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋچى ئەۋەتسۇن.

ــ نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ ــ نامان سېمىز يىگىتكە غەزەپ بىلەن ئالايدى، ــ ئاغزىڭىزغا بېقىپ گەپ قىلىڭ جومۇ ئۇكام. مەن زەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر لىتىر سۇنىمۇ خەققە بېرەلمەيمەن، ئىشەنمىسىڭىز بۇگۈندىن باشلاپ زاكۇ بېشىدا ئۆزىڭىز تۇرۇڭ.

ــ تۇرسام تۇردۇم، قانچىلىك ئىش ئىدى زاكۇ باقماق؟! ئاش، گۆش، ھاراق ئۆزى پۈتى بىلەن كېلىپ تۇرىدىغان يەردە خىزمەت قىلماق قانچىلىك تەس ئىدى؟! بىكاردىن كەلگەن ئاش، گۆش قارنىڭىزنى ئەسكەن بولسا...

ــ بولدى، بولدى، تالاشماڭلار، ــ دېدى تۇرغۇنجان ئىسمىلىك يىگىت نامىنىكام بىلەن سېمىز يىگىتنى جىملەپ، ــ بۇ گېپىڭلارنى پونكىتقا بارغاندا قىلىشىۋېلىڭلار، نامىنىكا، سىزمۇ ياقۇپجاننىڭ گېپىگە ئانچە خاپا بولۇپ كەتمەي، چىقىپ بىر ئامالىنى قىلىڭ. ئىشقىلىپ، بىز بۇگۈن جەرەن كاۋىپى يېسەك بولىدىغۇ، مېھمانلارچىلىقتا ھېلىقىدەك گەپنى قىلىشمايلى، خەقتىن سوۋغا ـ سالام ئالماي سۇ بۇيرۇپ بېرىدىغان كىم بار دەيسىلەر بۇ يەردە.

تۇرغۇنجاننىڭ ئاخىرقى گېپى پونكىت باشلىقىغا ياقمىدىمۇ نېمە، يەر تېگىدىن شۇنداقلا بىر گۆلىيىپ قاراپ قويدى.

يۇلتۇزلۇق كېچە، سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدىكى تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرى بىلەن زېمىننى ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەنىدى. كېچىنىڭ سەلكىن غۇر ـ غۇر شامىلى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل راھەتلىك ھوزۇر بېغىشلايتتى. شۇجىنىڭ ھويلىسىدىكى ئىككى ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكى قوم دۆڭىنىڭ ئۈستىدە يېرىم دەرياسىنىڭ قاراڭغۇتوغراقتا قايرىلىدىغان قولتۇقتىكى قىرغاقتا قوتاندۆڭلۈكلەر كىگىز ـ كۆرپىلەرنى سېلىشىپ،

پونكىت باشلىقى ئابدۇۋاسىت قاتارلىق مېھمانلارنى كۈتمەكتە ئىدى.

يۇمىلاق ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان سېلىنغان بولۇپ، داستىخان لېگەندە پىشۇرۇلغان توخۇ، قوي، جەرەن گۆشلىرى، كاۋاپلار، قېتىق، ئۆرۈك، قوغۇن ـ تاۋۇزلار ۋە چالا غاجىلاپ تاشلاپ قويغان سۆڭەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

مېھمانلارنىڭ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك، داستىخانغا ئىشتىھاسىز قاراپ ئولتۇراتتى، سېمىز يىگىت خېلىلا مەست بولۇپ قالغان بولۇپ، پىيالىگە بۇلدۇقلىتىپ هاراق قۇيغاچ ئەپسانە لەتىپىلەرنى سۆزلەپ سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋاتاتتى. پونكىت باشلىقى ئورۇق، ۋىجىك گەۋدىسىنى يوغان پەي ياستۇققا يۆلەپ، يانپاشلىغىنىچە جەرەننىڭ ئارقا پۇتى بولسا كېرەك، يوغان بىر سۆڭەكنى ئىشتىها بىلەن غاجىلاۋاتاتتى. پونكىت باشلىقىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۈچ نەپەر قوتاندۆڭلۈك سازەندىلەر قالۇن، داپ، راۋاب بىلەن مۇقام ئورۇنلاۋاتاتتى. لېكىن، بۇ سەلتەنەتلىك كۈيگە شۈجىدىن باشقا ھېچكىم قۇلاق سالمايۋاتاتتى. تۆۋەندە — قۇم دۆڭنىڭ ئايىغىدا يېرىم دەرياسى مۇقام كۈيلىرىگە جور بولۇپ مۇڭلۇق شارقىرايتتى. سورۇن ئەھلى هاراقىمۇ، گۆش كاۋاپىمۇ راسا تويۇپ سېسىق كېكىرگىلى تۇرغاندا، شۈجى بىر بوتۇلكا هاراقنى قولىغا ئالدى ـ دە، پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا قويغاچ دېدى:

— مۇشۇنى زەنجاڭنىڭ ئۆز قولىدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچىلى.

پونكىت باشلىقى دەرھال قولىدىكى سۆڭەكنى داستىخانغا قويۇپ، هاراق بىلەن پىيالىنى شۈجىنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى.

— ياق، ئۆزلىرى قويۇپ بەرسىلە، سورۇننىڭ بېشىدا مەن قويۇپ بەردىم ئەمەسمۇ.

— ئاخىرىنىمۇ سىلىنىڭ قوللىرىدىن ئىچىلى، قۇيۇپ بەرسىلە زەنجاڭ هاي.

— ياق، يەنىلا سىلى قويۇپ بەرسىلە.

— مەن قويۇپ بەرسەمغۇ بولاتتى، — دېدى شۇجى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، — لېكىن قوتاندۇڭلۇك يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا زەنجاڭنىڭ قولىدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچمىسەك ئۇسسۇزلۇقىمىز قانمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىر رومكىدىن ئىلتىپات قىلىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ قويسىلا، زەنجاڭ.

شۇجىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن قوتاندۇڭلۇك باشقا سورۇن ئەھلىمۇ بىر ئېغىزدىن دەۋەت قىلىشتى.

— شۇنداق قىلىڭ، زەنجاڭ.

— سىلىنىڭ قوللىرىدىن بىر رومكىدىن ئىچەيلى.

— ئۇسسۇزلۇقىمىزنى بىر قاندۇرۇپ قويسىلا.

— شەپقەتلىرىنى بىر كۆرسەتسىلە، قوتاندۇڭ قۇرۇپ كەتمىسۇن.

ئۆتۈنۈش، خۇشامەت، مەدھىيە سۆزلىرى پونكىت باشلىقىنى ئوتقا چۇشكەن مايدەكلا ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى ياستۇقىدىن لىككىدە كۆتۈردى ـ دە، قولىغا هاراق بوتۇلكىسى بىلەن پىيالىنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ئوڭ يېنىدىن باشلاپ پىيالىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. هاراق ئەڭ ئاخىرىدا پونكىت باشلىقىنىڭ سول بىقىنىدا ئولتۇرغان شۇجىدا توختىدى. شۇجى قولىدىكى لىپمۇلىق هاراق توشقۇزۇلغان پىيالىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پونكىت باشلىقىغا قاراپ سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— بۈگۈن قوتاندۇڭلۇكلەر ئىنتايىن خۇش، زەنجاڭنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇغدايلىرىمىزنى ۋاقتىدا سۇغىرىپ پىشۇرۇۋالدۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قوتاندۇڭلۇكلەر نامىدىن زەنجاڭغا ۋە سۇ پونكىتىدىكى بارلىق يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، — ئۇ پونكىت باشلىقىغا هۆرمەت بىلەن سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى بىز

قوتاندۇڭ خەلقىنىڭ زەنجاڭغا دەيدىغان كىچىككىنە بىر تەلىپىمىز بار، — ئۇ سورۇندىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — زەنجاڭغىمۇ مەلۇم، ئىلگىرى بىزنىڭ يېرىم دەرياسىدىن بىۋاسىتە سۇ ئالىدىغان ئېرىقىمىز بار ئىدى. ئۇنى زەنجاڭ قانۇنسىز ئېرىق دەپ ئۆز قولى بىلەن كۆمدۈرۈۋەتكەن ۋە پىكرىڭلار بولسا يۇقىرىغا دەڭلار، دېگەنىدى. بۇ يىل تۇپتوغرا ئۈچ يىل بوپتۇ. يۇقىرىغىمۇ يول مېڭىپ باقتۇق، يۇقىرىمۇ يەنىلا زەنجاڭدەك كەسكىن ئەمەس ئىكەن. يەنىلا زەنجاڭغا باش ئاغرىقى قىلغىنىمىز تۈزۈك ئىكەن، زەنجاڭ، ھىممەت قىلىپ ئاشۇ ئېرىقىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسا، — شۇجىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن پونكىت باشلىقى مەغرۇرلۇق بىلەن گىدەيدى. لېۋىگە ئالدىرىماي بىر تال سىگار قىستۇردى، شۇجى دەرھال سەرەڭگە ياقتى.

— مېنى تار يەردە قىستىمىسىلا، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى پونكىت باشلىقى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاغزى - بۇرنىدىن قويۇق تاماكا ئىسىنى پۇۋلەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى شۇجى يېلىنغان ھالدا، — ئېرىقنى كۆمدۈرۈۋېتىشكە كۈچلىرى يەتكەندىكىن ئېچىپ بېرىشمۇ قوللىرىدىن كېلىدۇ. بىز ئەھۋالنى يۇقىرىغا نەچچە قېتىم دېدۇق، يۇقىرى سىلىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىپ بىرنېمە دەيلى، دەيدۇ. بىر ھىممەت قىلىپ قويسىلا، زەنجاڭ.

— قېنى بىر كۆنى پونكىتقا بارسىلا، شۇ يەردە بىر نېمە دېيىشەيلى، — دېدى پونكىت باشلىقى ئېرەنسىزلىك بىلەن.

— يەنە بىر تەلىپىم، — دېدى شۇجى سول قولىدىكى ھاراق پىيالىسىنى ئوڭ قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ، — ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، بۇغداينى ئورۇۋالدۇق، ئورنىغا قوناق تېرىيلى دېسەك يەرنى ئوسا قىلغىلى سۇ يوق. شۇڭا، يۈز لىتىر سۇ بەرگەن بولسىلا.

— بۇ بەش كۈنلۈك نۆۋەتتە قوتاندۇڭنىڭ سۇ تەقسىماتى

يوق، — دېدى سېمىز يىگىت لوقما سېلىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىر ھىممەت قىلىپ قويسىلا، غوجىلىرىم، يەرلىرىمىز ئاق قالمىسۇن، بىزمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى يەردە قويمايمىز، — دېدى شۇجى يالۋۇرۇپ.

— پونكىتقا بارسىلا، شۇ يەردە بىر نېمە دېيىشەيلى، — دېدى پونكىت باشلىقى يەنىلا ئېرەنسىزلىك بىلەن.

شۇجى قولىدىكى بىر پىيالە ھاراقنى دەس كۆتۈرۈپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى ـ دە، قۇرۇقدالغان پىيالىنى پونكىت باشلىقىغا تەڭلىدى.

— رەھمەت، شۇجى، بىز ئەمدى ئاستا كېتىۋالايلى، — دېدى پونكىت باشلىقى ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بۇ كېچىدە كېتىمەن دېمەي قوناپ قېلىشسىلا.

— بولدى رەھمەت.

ئۇلار بىرھازا تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن، قوم دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. شۇجى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئىككى كاجۇۋا ئۆرۈك، بىر قوي، بىر كېيىك گۆشىنى ماشىنىغا باستۇرۇپ بەردى ۋە بايا داستىخاندا ئېشىپ قالغان پىششىق گۆش، كاۋاپلارنى بىر ياغلىققا چىگدۇرۇپ پونكىت باشلىقىغا تەڭلىگەچ دېدى:

— قوغۇنلار تازا پىشماپتىكەن، شۇنداقتىمۇ بالىلارغا ئۈزدۇرۇپ قويغاندىم، توڭ سويما ئىكەن دەپ قالمىسىلا...

— ئەكەلسۇن، باسسىلا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت دەرھاللا شۇجىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىن، — توڭ بولسىمۇ ئېلىپ كېتەيلى.

— مەتنىيازكا، ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ماشىنا كۆتۈرەلمەسمىكىن، — دېدى شوپۇر يىگىت، — يول بەك قۇملۇق، ناۋادا ماشىنا سۆرىيەلمەي قالسا...

— ھاي ئۇكامەي، تولا گەپ قىلماي ماشىنىڭىزنى ھەيدەشنى بىلىڭا، كۆتۈرەلمەي بۇزۇلۇپ قالسا ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسى بۇ،

سىزنىڭ ماشىنىڭىزمىتى يا؟!

شۇنداق قىلىپ، بىر تاغار توك سويىمۇ پىكاپىنىڭ كەينىگە بېسىلدى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قول سىقىشىپ خوشلاشتى.

— زەنجاڭ، ئېغىز ئىشى بىلەن قوناق تېرىيدىغان سۆڭىكى ئۆتۈپ قالمىسىلا، — دېدى شوجى پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان پونكىت باشلىقىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھېلىغۇ يۇز لىتىر سۇ ئىكەن، يېرىم دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ھەممىسىنى دېسىلىمۇ بېرىۋېتىمەن، — دېدى پونكىت باشلىقى ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى ماشىنىغا بېسىپ بەرگەن سوۋغا ـ سالاملارنىڭ خۇشلۇقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر شۇجىغا ۋەدە بېرىپ.

پىكاپ ئالدى چىرىغىنى ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك ياندۇرۇپ، گۈركىرىگىنىچە ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئالدىراپلا ۋەدە بېرىۋەتتىلىغۇ، زەنجاڭ؟ — دېدى سېمىز يىگىت بېشىنى ئالدىغىراق ئېگىپ، قولىنى پونكىت باشلىقىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — كۆمۈۋەتكەن ئېغىزنى ئېچىپ بېرىمىزمۇ ئەمدى ئۇلارغا.

— نەدىكى گەپنى قىلماڭا، ئۇكامەي، — دېدى پونكىت باشلىقى كۆزىگە چۈشۈۋالغان كەپكىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، — ئېغىزنى ئېچىپ بېرىپ قويساق بوگۇنكىدەك جەرەن، قوي گۆشلىرى، كاۋاپ، ھاراقلار نەدە بىزگە؟! شۇنچە جوۋاپ مېھمان قىلغاندىكىن، ئالاھىدە سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ يوللۇق تۇتقاندىكىن، شۇنداق دەپ قويمايمىزمۇ ئەمدى.

— شۇڭا دەيمىنا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت پونكىت باشلىقىنىڭ پىكىرىگە ھەمدەم بولۇپ، — كۆمدۈرۈۋەتكەن ئېغىزنى ئېچىپ بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى قوتاندۇڭگە كەلسەڭ يېگىلى قاتتىق ناننىمۇ تاپالماي قالارمىز.

* * *

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا ئېغىر غەم - قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاقاتتى.

تىمتاس كېچە، تولۇن ئاي ئاستا - ئاستا غەربكە قىيسايماقتا. ئۇنىڭ كۈمۈش نۇرلىرى بىر ئاز غۇۋالاشقان بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزىدىكى تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلار تېخىمۇ يورۇق، جازىبىدار چاقنايتتى. زېمىن سۈتتەك يورۇق ئىدى. شۈجى دەريانىڭ بويىدا، بايىقى بەزمە قۇرغان قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدە، دەريا سۈيىنىڭ مۇڭلۇق شارقىراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرماقتا، ئۇ شۇ تۇرقىدا بىرھازا ئولتۇردى - دە، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. قىرغاق بويلاپ دەريانىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە ئاستا قەدەم تاشلىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن دەريا قىرغىقىدىكى قۇچاق يەتكۈسىز بولۇپ يوغىناپ كەتكەن ئون نەچچە تۈپ سۆگەتلىككە يېتىپ كەلدى. سۆگەتلىك سۈتتەك ئايدىڭدا قارىيىپ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ شۈجىنىڭ يۈرىكى يارا ئېغىزىغا تۇز سەپكەندەك ئېچىشتى. ۋۇجۇدى خۇددى ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغاندەك ئېيتقۇسىز ئازابقا، ھەسرەتكە تولدى. چۈنكى، بۇ سۆگەتلىك بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى قانۇنسىز دەپ كۆمدۈرۈۋەتكەن ئېغىز ئىدى.

بۇ قوتاندۆڭ بولغاندىن تارتىپ قوتاندۆڭلۈكلەرنى يېرىم دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئېغىز ئىدى.

يېرىم دەريا بىر مېھرىبان ئانا بولسا، بۇ ئېغىز ئاشۇ مېھرىبان ئانىنىڭ قوتاندۆڭلۈكلەرگە نان چايناپ بېرىدىغان

ئاغزى، ئىمىتتىدىغان ئەمچىكى ئىدى.

قوتاندۆڭلۈكلەر نەچچە ئەسىردىن بېرى مۇشۇ ئېغىزدىن خۇددى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگەن بوۋاقتەك سۇ ئىچىپ ھاياتلىقنى ھاياتلىققا ئۇلاپ كەلگەنىدى.

ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ ئېغىزدىن خۇددى ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئايرىلىپ قالدى...

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال شۈجى قوتاندۆڭ كەنتىنىڭ كەنت مۇدىرى ئىدى. مۇسا ئاقساقال بولسا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۈجىسى ئىدى.

بىر كۈنى قوتاندۆڭگە بىر ماش رەڭ پىكاپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سىگنال بېرىپ كىرىپ كەلدى. قوتاندۆڭلۈكلەر يېزا باشلىقىنىڭ ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان بۇ ناتونۇش ماشىنىغا قاراپ ھەيران قالدى (قوتاندۆڭگە يېزا باشلىقىنىڭ پىكاپىدىن باشقا پىكاپ ئاز كېلەتتى). پىكاپتىن كەپكە كىيىۋالغان ئورۇق، ۋىجىك بىر ئادەم چۈشتى - دە، ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەردىن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سورىدى.

— شۈجى نەدە؟

— بايا ئېتىزلىقتا سۇ تۇتۇۋاتاتتى. ھازىر نەدىكىن؟

— مېڭىڭلار، بېرىپ نەدە بولسا تېپىپ كېلىڭلار.

ئۇ كىشىلەرنىڭ مىدىرلىماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ گۈركىرىدى:

— نېمە ئادەم كۆرمىگەندەك چەكچىيىپ تۇرۇشىسىلەر، شۈجىنى قىچقارغىلى ماڭمامسىلەر؟!

بۇ پوچى، بۇيرۇقۋاز ئادەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى كىشىلەرگە ياقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن بىرسى شۈجىنى قىچقارغىلى كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇسا شۈجى كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە پاپىياسلاپ يېتىپ كەلدى ۋە ۋىجىك ئادەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇزارتقان سىگار قولىنى ئالىقانلىرىنى بەلبېغىغا سۈرتۈۋېتىپ

تۇرۇپ ئىككى قوللاپ تۇتتى. تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى.

— سىلى شۇجىمۇ؟ — سورىدى ۋىجىك كىشى چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ.

— خوش، — دېدى شۇجى.

— دەريادىن نېمىشقا سۇ ئاچىتىڭلار؟

— كېۋەز تېرىغىلى دەپ.

— سۇ ئېچىشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟

شۇجىغا بۇ سوئال غەلىتە ئاڭلاندى. چۈنكى، قوتاندۆڭلۈكلەر دەريانىڭ ئەڭ ئايىغىدا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئەزەلدىن سۇ ئىشلىتىش ئۈچۈن بىركىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان ئەمەس. شۇڭا، ئۇ بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— دەريانىڭ سۈيىنى توقايلىققا كىم يار قويۇۋەتتى؟

— كېچىدىن ئېرىق يار كېتىپتىكەن. ئەتىگەن باغلىۋالدۇق.

— باغلىۋالغان بىلەنلا ھېسابمىكەن؟ سۇ قانۇنىنى بىلەملا.

— بىلمىمىز، ئۆتكەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئۆگىنىش قىلغان.

— ئۇنداق بولسا دەپ باقسىلا قېنى، سۇنى يار قويۇۋېتىپ ئىسراپ قىلغۇچىلار قانداق جازاغا تارتىلىدۇ؟

— بۇ... بۇنى...

— ئۆگىنىپتىمىش تېخى، — دېدى ۋىجىك كىشى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ھەرقايسىڭلار سۇ ھەققىنىمۇ تاپشۇرمايدىغان ئوخشايسىلەر.

— تاپشۇرىمىز، ھەر يىلى يېزىدىن كادىر كېلىپ يىغىپ كېتىدۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ھەققىنى يېزىدىن يىغمايدۇ. سۇ ھەققى يىغىدىغان ئادەم مانا مەن.

ۋىجىك كىشىنىڭ چوڭچىلىقى زىتىغا تەگدىمۇ ياكى بۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە قىزىقتىمۇ، مۇسا شۇجى ئەدەپ بىلەن

سورىدى:

— ئۆزلىرى كىم بولىلىكىن؟

— مەن يېرىم دەريا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باش زەنجاڭى ئا زەنجاڭ بولىمەن.

مۇسا شۇجى دەرھال چۈشەندى. يېزىدىن شۇ ھەققى يىغقىلى كەلگەنلەردىن بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانلىقىنى ئەسلىدى.

— ماڭىسلا، ئۆيگە كىرىپ مۇڭدىشايلى.

مېھمان تەكەللۇپسىزلا شۇجىغا ئەگەشتى.

مۇسا شۇجى مېھماننى توخۇ ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلدى. كەنت مۇدىرىنى — ھازىرقى شۇجىنى قىچقارتتى. مېھمان تاماق يېگەچ ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى، ئەمەل دەرىجىسىنى، قول ئاستىدا قانچە ئادەم بارلىقىنى ساھىبخانا سورىمىسىمۇ چۈشەندۈردى ۋە گەپ ئارىلىقىدا جەرەن گۆشىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى.

— ئاڭلىشىمچە، قاراڭغۇتوغراغلىقتا كېيىك، جەرەنلەر تولا دەيدۇ. جەرەن گۆشىدىن بىر تېتىپ باققۇم بار ئىدى.

— ئەپسۇس، تولىمۇ بىئەپ ۋاقىتىدا كېلىپ قاپلا، — دېدى گەپنى تۈزلا قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان مۇسا شۇجى، — ھازىر ئەتىياز، باھار پەسلى، بۇ كېيىك، جەرەن... ئىشقىلىپ، بارلىق جان - جانىۋارلارنىڭ تۇغۇپ كۆپىيىدىغان پەسلى، بۇ پەسلىدە ھەرقانداق قوتاندۇڭلۇك ئوۋ ئوۋلىمايدۇ. ئوۋغا چىقسا يامان بولىدۇ. جەرەن گۆشى يېگۈلىرى بولسا كۈزدە كەلسىلە، كۈز پەسلىدە بۇ جانىۋارلار تازا كۆپىيىپ ھەم سەمرىپ مىغ - مىغ بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى تازا بىر مېھمان قىلايلى.

بۇ جاۋابتىن مېھماننىڭ قوشۇقتەك قارامتۇل يۈزى سەل تاتاردى. لېكىن، كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرمىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئېغىز بېشىغا كەلدى.

— بۇ ئېغىزنىڭ نوپۇس خېتى بارمۇ؟ — سورىدى مېھمان مۇسا شۇجىدىن.

— نوپۇس خېتى؟ قانداق نوپۇس خەت ئۇ؟ — ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ياندۇرمىلاپ سورىدى مۇسا شوجى.
— بۇ ئېغىزدىن سۇ باشلاپ ئىچىشكە يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ كېسىپ بەرگەن تەستىق خېتى.
— بىز ئۇنداق خەتنى بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى شوجى مېھماننىڭ يوچۇن گەپلىرىدىن سەل گۇمانسىراپ.
— بۇ ئېغىز بىز تۇغۇلساقمۇ بار ئىكەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدىمۇ مۇشۇ ئېغىزدىن سۇ ئىچىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتىكەن.
— مەن ئۇنى سورىمىدىم، — دېدى مېھمان بىردىنلا تەرىنى تۈرۈپ، — نوپۇس خەت زادى بارمۇ، يوقمۇ؟
— يوق ! — دېدى مۇسا شوجى زەردە بىلەن.
— ئۇنداق بولسا بۇ قانۇنسىز ئېغىز ئىكەن - دە، — دېدى مېھمان مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ھىجىيىپ، — ماڭىسىلا، دەرھال بېرىپ دېھقانلارنى قىچقىرىپ كەلسىلە، بۇ ئېغىزنى ھازىرلا كۆمۈۋەتمىسەك بولمايدۇ.
— بۇ ئېغىزنى كۆمۈۋەتسەك بىز نەدىن سۇ ئىچىمىز؟ — دېدى مۇسا شوجى تىرىككەن ھالدا.
— لايدان زاكۇدىن ئۆستەڭ چېپىپ كېلىپ سۇ ئىچىڭلا.
— لايدان زاكۇدىن؟ — مۇسا شوجى ھەيرانلىق بىلەن مېھمانغا قارىدى، — سىلى بىلمەملا، لايدان زاكۇ بىلەن قوتاندۆڭنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق تۇرسا...
— ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ ئېغىزنى كۆمەملا، كۆممەملا زادى؟
— نېمىشقا كۆمىدىكەنمىز؟
— بۇ دېگەن قانۇنسىز ئېغىز.
— نەچچە زامانلاردىن بېرى قانۇنسىز بولماي، ئەمدى قانۇنسىز بولۇپ قالامدىكەن؟ ئۇخلاپ قاپلا، زەنجاڭ. بىز بۇ ئېغىزنى ھەرگىز كۆممەيمىز.

www.uyghurkitap.com

— قېنى كۆممىگىنىڭنى بىر كۆرەي.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان مۇسا شۇجى ۋارقىرىدى:

— قولۇڭدىن كەلسە نېمە قىلساڭ قىل !

ۋىجىك، ئاۋاق پونكىت باشلىقى ماشىنىسى تەرەپكە ماڭغىلى غوتۇلدىدى.

— خەپ توختاپ تۇرۇش، سەن جاڭگاللىق قەلەندەرلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ، سۇ، سۇ دېگۈزمەيدىغان بولسام، ئا «زەنجاڭ» بولماي كېتەي.

ھەپتە ئۆتكەندە قوتاندۆڭگە ئارقىمۇئارقا ئىككى پىكاپ يېتىپ كەلدى. بۇ پىكاپلارنىڭ بىرسىدە ھېلىقى ۋىجىك، ئاۋاق ئا زەنجاڭ، يەنە بىرسىدە يېزا باشلىقى قاش - قاپاقلىرىدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى.

مۇسا شۇجى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقتى.

— كەنتتىكىلەرنى يىغىسلا، يىغىن ئاچىمىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئارتۇق گەپ قىلماي.

كەنت قورۇسىغا قوتاندۆڭلۈكلەر بىردەمدىلا يىغىلدى. يىغىننى يېزا باشلىقى باشقۇردى. سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى سۇ قانۇنى ھەققىدە ئۇزاق نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرگە دەريادىن سۇ ئالىدىغان ئېغىزنى كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا قوتاندۆڭلۈكلەر مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇلار ھەپتە ئاۋۋال مۇسا شۇجى بىلەن سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتىن تولۇق خەۋەر تېپىشقانىدى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېتىۋېتىشكە رازى ئىدىكى، يېرىم دەرياسىدىن سۇ ئالىدىغان بۇ ئېغىزنى ئېتىۋېتىشكە رازى ئەمەس ئىدى. يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ قوتاندۆڭلۈكلەرنى شىيلاپ باقتى، يالۋۇرۇپ باقتى، ھەيۋە قىلىپمۇ باقتى. لېكىن، قوتاندۆڭلۈكلەر قاتتۇرۇپ

قويغاندەك قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىشمىدى. ئۇلار گويا ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئىپادىسىز قاراپ تۇرۇشاتتى.

يېزا باشلىقى غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى. زەردىگوّش بولدى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان دېھقانلارغا ئاداۋەت بىلەن ئالايدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق زەردىگوّش بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئەقىل تاپتى. مۇسا شۇجىنى بىر يانغا تارتىپ، ئۇنى راسا ئەدەپلەپ، بايا ئوسال بولغان بارلىق دەرد ـ ئەلىمىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى. لېكىن، شۇ ھامانلا بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، قوتاندۆڭلۈكلەرنى مۇشۇ مۇسا شۇجىلا گەپكە كىرگۈزەلەيتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر مۇسا شۇجىغىلا ئەگىشەتتى. مۇسا شۇجىسىز قوتاندۆڭدە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايتتى. بۇنى يېزا باشلىقى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ دەرھال نىيىتىدىن ياندى. تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چىرايىغا سۇرلۇك تۈس بېرىشكە تىرىشىپ سۆز باشلىدى.

— مۇسا شۇجى، سىلى ـ بىز پارتىيىلىك كادىرلار. پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن. شۇڭا، بىز پارتىيە ئەزالىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئاددىي خەلققە باشلامچى بولمىساق، خەلقنى يېتەكلىمىسەك بولمايدۇ. ئېغىز مەسىلىسى كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇ ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ قالدى، بىز ئۆز مەنپەئەتىمىزنى، شەخسىي ئارزۇيىمىزنى ئويلىماي، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغدىشىمىز. پارتىيەۋىلىك مەيدانىمىزدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز...

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلسىلا، شاڭجاڭ، — دېدى مۇسا شۇجى يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنى چورتلا كېسىپ تاشلاپ، — سىلى تەكىتلىمىسىلىمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. مەن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا، خەلق ئۈچۈن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئىشلەيمەن. جىنىمنى پىدا قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەن. بۇ قەسىمىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، پارتىيەۋىلىك بىلەن ئىبىغىز مەسىلىسى ئىككىسى ئىككى ئىش. ئىبىغىز مەسىلىسى بىلەن پارتىيەۋىلىك مەيدان مەسىلىسىنى ئۆزئارا چېتىۋالساق ئوبدان بولمايدۇ. بۇ ئىشنى تولا پىرىنسىپقا كۆتۈرمەي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ياخشى ھەل قىلساق، زامان ــ زامانلاردىن بېرى سۇ ئىچمىۋاتقان ئىبىغىز ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەرسە خەلق خۇش بولىدۇ. سىلىدىن، بىزدىن رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پارتىيە ــ ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ــ مۇسا شۇجى تۇيۇقسىز قايناپ كەتتى، ــ سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭىغا تەلەپ قىلغان سوۋغىنى بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، زامان ــ زامانلاردىن تارتىپ سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان ئىبىغىزىمىز قانۇنسىز ئىبىغىز بولۇپ كۆمدۈرۈۋېتىلسە، خەق شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ پۈتۈن بىر كەنتنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىنى ئۆزۈۋېتىمەن دېسە، قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن پارتىيەۋىلىك مەيدانىم سۈرۈشتە قىلىنسا بۇ قانداق بولغىنى؟! دەپ باقسىلا يېزا باشلىقى؟ ئىبىغىزنى كۆمسەك پارتىيە ــ ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يېتەمدۇ ياكى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭىنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يېتەمدۇ؟ بىز سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭىنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى قوغدايمىزمۇ ياكى پارتىيە ــ ھۆكۈمەتنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى قوغدايمىزمۇ؟

شۇجىنىڭ بۇ سۆزلىرى يېزا باشلىقىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاغزىغا بىرنەرسە كەپلەپ قويغاندەك تىلى تۇتۇلدى. ئۇ يانچۇقىدىن سىگار چىقىرىپ شۇجىغا تەڭلىدى.

ــ مەن تاماكا چېكەي، ــ دېدى شۇجى يېزا باشلىقىنىڭ قولىدىكى سىگارنى ئالماي.

ــ ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئاچچىقراقىدىن چېكەي، ماڭىمۇ بىر ئورام بەرسىلە، ــ دېدى يېزا باشلىقى.

ئىككىيلەن تاماكا ئورىدى.

— ئەسلىي گەپكە كەلسەك، — دېدى يېزا باشلىقى بارمىقىدىكى تاماكىنى شوراپ تۇرۇپ، — ئېغىزنى كۆمۈشكە يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ، شۇنداقلا مەنمۇ قايىل ئەمەس. بىراق، ئۇلارنىڭ گېپىگە ھازىرچە ماقۇل دەپ تۇرمىساق، ئۇلار بېھىشباغ يېزىسىنىڭ پۈتۈن سۈيىنى تاقىۋالدى. ئەھۋالنى ناھىيەگە ئېيتساق، ناھىيە رەھبەرلىرى دەريا باشقارمىسىدىكى رەھبەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلىڭلار دەپ، ئوتتۇرىغا يەنىلا بىزنى چىقىرىپ قويۇپ تۇرۇۋالدى. دەريا باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى پونكىتلىرىنىڭ پىكرىنى راست دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. تىركىشىپ تۇرىۋېرەيلى دېسەك، بىر پۈتۈن يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يېتىدۇ، شۇڭلاشقا ھازىرچە ماقۇل دەپ ئېغىزنى باغلىۋېتەيلى، كېيىن يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ، مەسىلىنى ئالدىرىماي ھەل قىلىپ بېرىمىز.

— ئۇنىڭغىچە قوتاندۇڭنىڭ يېرى سۇ ئىچمەي قاغجىراپ تۇرامدۇ؟

— بۇ ئەھۋالنىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئويلاشتۇق. يېزىدىكى بارلىق ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، لايدان زاكۇدىن قوتاندۇڭغىچە بىر ئېرىق چاپتۇرۇپ بېرىمىز، ھازىرچە شۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچكەچ تۇرىسىلەر.

شۇنداق قىلىپ، چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن ئېغىز مۇستەھكەم كۆمۈۋېتىلدى. بىر ھەپتە ئىچىدە يېزا بويىچە ئەمگەك قوزغاپ ئېرىقمۇ چېپىلدى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ قوتاندۇڭ سۇ غېمىدىن قۇتۇلالمىدى. لايدان زاكۇدىن «يۈز لىتىر سۇ تەقسىماتىڭلا بار» دەپ ئېچىپ بەرگەن ئادەمنىڭ بېلىدەك سۇ، قوتاندۇڭغا ئادەمنىڭ پاچىقىدەك قېلىپ ئون - ئون ئىككى سائەتتە ئاران يېتىپ كېلەتتى. بۇ سۇ بىلەن بىر قېتىملىق سۇ نۆۋىتىدە سۇغىرىشقا تېگىشلىك يەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنىمۇ سۇغارغىلى بولمايتتى. سۇ پونكىتقا قۇرۇق قول بارسا ئاۋاق

پونكىت باشلىقىنىڭ قاپىقى ئېچىلمايتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئېرىقنى چېپىپ بېرىپلا ئېغىز مەسىلىسىنى تىلغا ئالغىلى پەقەتلا ئۇنىمىدى. ئەمدىلا ئۇنۇپ مايسا بولغان زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر مۇسا شۇجىغا: «ئېغىزنى سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن كۆمگەن، قېنى ئەمدى بىزگە سۇ تېپىپ بەرمەمسەن. زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى، تېزرەك بىر ئامالىنى قىلىپ بەر» دېگەندەك قارىشاتتى. بۇنىڭغا مۇسا شۇجى پەقەتلا چىدىمىدى. قوتاندۆڭگە سۇ باشلاپ كېلىش ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى.

بىر كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن قوتاندۆڭنىڭ ئېرىقلىرى سۇغا لىپمۇلىق تولدى. زىرائەتلەر، دەل - دەرەخلەر، مال - ۋارانلار قانغۇچە سۇ ئىچتى. ئەسلىدە ھېلىقى خېلىلا مۇستەھكەم كۆمۈۋېتىلگەن ئېغىز بىر كېچىدىلا «يار ئېلىپ كەتكەنىدى».

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ئاۋاق پونكىت باشلىقى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. قوتاندۆڭلۈكلەرگە «قانۇنسىز سۇ ئىچىۋالغانلىقى ۋە دەريانىڭ قىرغىقىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى» ئۈچۈن جەرىمانە قويدى. مۇسا شۇجى بىلەن تىللاشتى، ياقا سىقىشتى ۋە ئاخىرىدا «خەپ...» دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ھەپتە ئۆتكەندە يېزا باشلىقى كېلىپ قوتاندۆڭلۈكلەرگە يىغىن ئاچتى. يىغىندا «مۇسا شۇجى قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيەنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قارار قىلىپ، ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقارغانلىقىنى، ئورنىغا رازىق مۇدىرنى تەيىنلىگەن» لىكىنى ئۇقتۇردى. قوتاندۆڭلۈكلەر يېزىلىق پارتكومنىڭ قارارىنى قوللاپ چاۋاكمۇ چالمىدى. قارشى چىقىپ پىكىرمۇ بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، رازىق مۇدىر بىر كۈندىلا مۇدىرلىقتىن شۇجىلىققا ئۆستۈرۈلدى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ گەرچە يېزىنىڭ سۈيىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ،

قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ تەقسىماتىدىكى سۈيىدىن بىر تېمىمۇ بەرمەدى. رازىق شۇجى بىر قانچە قېتىم باردى. خېلى ئوبدان سوۋغا ـ سالاملىرىنىمۇ ئېلىپ بارغان بولدى. لېكىن، جاۋابى بىرلا: «ماڭا سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار، قوتاندۆڭلۈكلەرگە سۇ لازىم بولسا، ئالدىمغا مۇسا دېگەن سۇ ئوغرىسى شۇجىنى ئەۋەتىڭلار، شۇ چاغدا سۈيۈڭلارنى بېرىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

قوتاندۆڭلۈكلەر دەسلەپتە بۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن تەلەپتىن رەنجىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كەتسەكمۇ ئۇ يەر پايپىسى ئاۋاقنىڭ ئالدىغا مۇسا شۇجىنى ئەۋەتمەيمىز، دېيىشتى. لېكىن، قۇرغاقچىلىق، تەشنالىق يامان كەلدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى سولاشتى. زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىدى. پۈتۈن قوتاندۆڭدىن يال ـ يال تونۇر تەپتى كېلەتتى. تەشنالىققا دەسلەپ ئۇششاق باللار، ئانىلار كېيىن ئەرلەرمۇ چىداشمىدى. ئۇلار دەسلەپ مۇسا شۇجىنىڭ كەينىدىن غوتۇلداشتى، كېيىن ئالدىنى توسۇپ تىللاشتى.

— ھوي مۇسا، سەن شۇنچىۋالا گەدىيىۋالغۇدەك قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ؟

— پۈتۈن قوتاندۆڭلۈكلەر سېنىڭ كاساپىتىڭگە كېتەمدۇق ئەمدى؟

— زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى.

— ئېتىمىزدىن ئاش چىقمىسا سەن باقالامسەن بىزنى؟

— دەريانى يار قىلىۋەتكەن شۇجى.

— زەنجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىلىنساڭ، تىلىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالامتى مۇسا ئوغرى.

— بار، زەنجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھىڭنى تىلە.

— سەندىن خوش بولىمىز.

— دېھقانچىلىقىڭنى قىلىپ بېرىمىز.

مۇسا شۇجى قوتاندۆڭلۈكلەرگە ھېچنېمە دېمىدى. بىر ئېغىز

www.uyghurkitap.com

گەپمۇ ياندۇرمىدى. قاپىقىنىمۇ تۈرمىدى. خۇددى گۇناھكارلاردەك يەردىن ئۈستۈن قارىمىدى. يېرىم دەرياسنىڭ بويىغا بېرىپ دەرياغا بىر كۈن قاراپ ئولتۇردى. تاماقمۇ يېمىدى، سۇمۇ ئىچمىدى. پەقەت ئارقىمۇئارقا تاماكا ئوراپ چەكتى. گۈللۈك تاماكا خالتىسىدىكى لىپمۇلىق تاماكىسىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ بولۇپ قاش قارايغاندا ئۆيگە كىردى. بىر ناننى قېتىقىغا چىلاپ پاك - پاكىز يەۋەتتى. ئىككى ناننى بەلبېغىغا مەھكەم تۈگدى. تاماكا خالتىسىنى تاماكىغا لىق توشقۇزدى. ئاندىن ئايالىنىڭ، باللىرىنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي، ئېغىلدىكى ئەمدىلا چىشەشكە باشلىغان تورپاقنى يېتىلىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن قوتاندۇڭغىنىڭ ئېرىقلىرىغا لىپمۇلىق سۇ كەلدى. سۇنى كۆرۈپ قوتاندۇڭلۇكلەر كۈتۈلمىگەن ئامەتكە يولۇققاندەك خۇشاللاندى. ئۇنلۇك سۆزلەشتى، چاقچاق قىلىشتى، كەتمەنلىرىنى سۆرەشكىنىچە سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئېتىز بېشىغا يۈگۈرۈشتى. قىز - يىگىتلەر شوخ، جاراڭلىق ئېتىز ناخشىلىرىنى يەنە توۋلاشتى. باللار يۈگۈرۈشكىنىچە قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۆزلىرىنى ئېرىقتىكى سۇغا ئېتىشتى، سەكرەشتى.

بۇ قېتىم سۇ ھېلىقى ئېغىزدىن ئەمەس، بەلكى لايدان زاكۇدىن — يېزا چېپىپ بەرگەن ئېرىقتىن كەلگەنىدى. قوتاندۇڭلۇكلەر سۇنى ئېتىز - ئېرىقلارغا كۆندۈرۈشۈپ، بۇ سۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق تۇيۇقسىز ھەم شۇنچىۋالا جىق كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، يېزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن — لايدان زاكۇ تەرەپتىن ئۆزى يالغۇز قورۇق قول قايتىپ كېلىۋاتقان مۇسا شۇجىنى كۆرۈپ دەرھال پاراڭلىرىنى توختىتىشتى. مەمنۇنىيەت، خىجىللىق، قايىللىق تۇيغۇلىرى بالقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۇسا شۇجىنىڭ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۆپ شۇغۇللانغانلىقتىن ئالدىغا بىر ئاز

مۆكچەيگەن، لېكىن يەنىلا قامەتلىك كۆرۈنىدىغان بەستىگە ھۆرمەت بىلەن تىكىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن رازىق شۇجىنىڭ سۇ پونكىتىغا قاتراشلىرى باشلاندى. ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ بىساتىدىن قوي ئېلىپ باردى. لېكىن، سۇ پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى «بۇ قوي كىمنىڭ؟ نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سوراپمۇ قويىدى. سوۋغا ئېلىپ بارسا سۇ بەردى، بولمىسا قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى. شەخسىي مۈلكىدىن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بېرىۋېرىش رازىق شۇجىغا ئېغىر كەلدى. كوللېكتىپنىڭ سوۋغا ـ سالامغا يارىغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. سۇ پونكىتىدىكىلەر ئايدا ئىككى قېتىم دېگۈدەك مېھماندارچىلىققا كېلىپ تۇراتتى. قوي، توخۇ، جەرەن، كېيىك، قىرغاۋۇل، توشقان گۆشلىرىنى يەپ، ھاراق ـ شارابلارنى ئىچىپ تۇراتتى. ساز چالدۇرۇپ، مۇقام ئېيتقۇزۇپ بەزمە قىلدۇراتتى. مەشرەپ ئويناتتى. رازىق شۇجىمۇ قوي، جەرەن، كېيىك، توخۇ، توشقان، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ سۇ پونكىتىغا بېرىپ تۇراتتى. قۇرۇق قول بارسا قوتاندۇقنىڭ ئېرىقىمۇ قۇرۇق قالاتتى.

قوتاندۇقلۇقلار مەسلىھەتلىشىپ، سوۋغا ـ سالامغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى تەڭ چىقىرىدىغان بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋغا ـ سالامغا، مېھماندارچىلىققا كەتكەن چىقىملارنى ھېسابلاپ، ئائىلە بېشىغا چېچىپ تىرىلدۇرىدىغان بولۇشتى. مۇشۇنداق «ئۆلتۈرۈش»، «تىرىلدۈرۈشلەر» سۇ پونكىتىدىكىلەر «مېھمان» بولۇپ كەلگەندە بىر قېتىم، رازىق شۇجى سۇ پونكىتىغا بارغاندا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇراتتى. قوتاندۇقلۇقلار ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇغا قاراپ ھەسرەتلىك تىنىشقىنىچە «بوپتۇ» دېيىشەتتى، لېكىن بۇنىڭغا قايىل بولمايدىغانلار، قارشى چىققۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار سۇ پونكىتىدىكىلەرنىمۇ، رازىق شۇجىنىمۇ تىللايتتى، قارغايتتى.

www.uyghurkitap.com

— قارىنىنى بىز ھۆددىگە ئالغانمۇ، بۇ ماشىنىسىنى بار قەلەندەرلەرنىڭ.

— تايىنلىق ھۆددىسىدىن چىقالمىغان خوتۇنلىرى بولسىمۇ ئەكېلىپ بەرسۇن بىزگە.

— ھۇ تىرىكتاپلار.

— مۇشۇ رازىق شوجىمۇ بەك خۇشامەتچى بولۇپ كەتتى.

— ھۇ، خۇشامەتچى رازىق شوجى.

— سۇ پونكىتىنىڭ ھېلىقى يەر پايپىسى زەنجاڭى كەلسە يەلپۈپ، بىلىنى تۇتۇپ قويىدىكەن تېخى.

— ھۇ دەللال رازىق شوجى.

— مېنىڭ ئەمدى ئۇلارغا بېرىدىغان قويۇم يوق.

— مېنىڭ بېرىدىغان توخۇيۇم يوق.

— مېنىڭ قېشىمغا تۇخۇم دەپ كەلسۇنچۇ قېنى.

— ھۆكۈمەت ئايلىق بەرمەمدىغاندۇ ئۇ قەلەندەرلەرگە؟!

— رازىق شوجى سۇ، سۇ دەپ ئىمانىنىمۇ سۇغا تېگىشىۋېتىدىغان بولدى.

— يېرىم دەريانىڭ شەربەتتەك تاتلىق سۈيىنى ئىچمەي، ھاراق دېگەن ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچىدىكەن ئۇ قەلەندەرلەر.

— ئاشۇ ئېشەك سۈيدۈكىنىڭمۇ پۇلىنى بىز تۆلەيمىز تېخى.

— رازىق شوجى ئاشۇ قەلەندەرلەرگە بىر نەرسە يېغىپ بېرىمەن دەپ ئۆزىمۇ قەلەندەرگە ئوخشاپ قالدى.

— ئۇنداق دېمەڭلار، ئاسانمۇ رازىق شوجىغىمۇ.

— خۇدايىم ئۆزى بىر يولىنى قىلار.

رازىق شوجى سۇ ئۇچۇن ھەممىگە چىدىدى، مۇسا شوجىدەك گىدىيىپ تۇرۇۋالمىدى. قاتتىقلىق قىلمىدى، ياقا سىقىشمىدى، سۇ پونكىتىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلدى، يالۋۇردى، ئىتتەك يېلىندى، قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ ھاقارىتىگە چىدىدى، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، كىرپىدەك تۇگۈلۈپ تۇرۇۋالدى. قانداقلا قىلسۇن، سۇ باشلاپ كېلىپ قوتاندۇڭنى قۇرۇتۇۋەتمىدى.

چۈنكى، ئۇمۇ مۇسا شۇجىغا ۋە باشقا قوتاندۆڭلۈكلەرگە ئوخشاش ئاتا ـ بوۋىسى ياشاپ كەلگەن بۇ ماكاننى ياخشى كۆرەتتى، سۆيەتتى. قوتاندۆڭگە چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ چىشىنى چىشىغا بېسىپ چىدىدى، قاقشىمىدى، ۋايسىمىدى، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى دەريا بويىغا كېلىپ دەرياغا تۆكتى، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى، قورساق كۆپۈكلىرىنى دەرياغا دېدى، دەريا بىلەن سىرداشتى، دەريانىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق شارقىراشلىرىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

مانا ئۇ ھازىرمۇ پونكىت باشلىقىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە كىرمىدى. كۆمۈۋېتىلگەن ئېغىز بېشىغا كېلىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال سۈردى. ئۇنىڭ خىيالىنى مەھەللە مەسچىتىدىن ئاڭلانغان مەزىنىنىڭ جاراڭلىق، مۇڭلۇق ئەزىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئەزانغا قۇلاق سېلىپ بىر ھازا تۇردى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاندىن تۇغما بولۇپ دەريانىڭ سۈيىدە ئۇزاق يۇيۇندى. مۇزدەك سۇدىن گۇپۇلدىتىپ ئىچتى، سۇ ئۇنىڭ تېنىنى سەگىتتى، چىڭقىلغان نېرۋىلىرىنى بوشاتتى. ۋۇجۇدىغا يەڭگىللىك، ئازادىلىك بەخش ئەتتى. «ئېھ، ئانا دەريا ! سېنىڭ بويۇڭدا تۇرۇپ، شارقىراشلىرىڭنى ئاڭلاپ، قاچانغىچە سېنىڭ سۆيۈڭگە تەشنا بولۇپ ئۆتەرمىز ـ ھە؟ ! ئېيتقىنا، سېنىڭ بىرەر تېمىم سۈيۈڭنى خورلىغان، زايە قىلغان يېرىمىز بارمۇ؟ بىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سېنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كەلگەنىدۇققۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن سېنىڭ تامچە سۈيۈڭگە زار بولىمىز؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تارتمىغان خورلۇقلارنى تارتىمىز؟... سەن ئۈچۈن، سېنىڭ سۇلىرىڭ ئۈچۈن غۇرۇرىمىز پايخان بولۇۋاتىدىغۇ بىزنىڭ...»

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك

مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاقاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*　　*　　*

كەچ كۈز.

قوتاندۇڭ تەشنالىقتا قانماي ئالتە ئاي يازنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ياز بويى بىر قېتىم قېنىپ سۇ ئىچمىگەن قوتاندۇڭنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى بۇرۇنلا يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلاندى. دالا ـ قىرلاردىكى گۈل ـ گىياھلارغا، ئوت ـ چۆپلەرگە بۇرۇنلا ئۇششۇك تەگدى. قوتاندۇڭ گويا يالىڭاچلىنىپ قالغان تەندەك ئۆزىنىڭ تەبئىي يېپىنچىلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ تاپتاقىر بولۇپ قالغانىدى. قوتاندۇڭلۇقلەرمۇ ئاشۇ ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان دەل ـ دەرەخلەرگە ئوخشاش شۈمشىيىپلا قالدى. ئۇلار بۇ يىل مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا يىللاردىكىگە ئوخشاش بالدۇر ئوۋغا چىقمىدى. ئوۋ ئوۋلاش پېشقەدەم ئوۋچىلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى. تېزرەك ئوۋغا چىقىشقا ياش يىگىتلەر ئالدىرىشاتتى. ئۆتكەن يىللاردا چوڭلارغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىقىپ باققان يىگىتلەر ئوۋنىڭ قىزىقچىلىقى، كۆڭۈللۈكلۈكىنى، ھەر خىل ھايۋان، جان ـ جانىۋارلارنىڭ رەڭگى، خۇي ـ پەيلىنى بۇ يىل تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىنى ـ ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بېرىشەتتى. چوڭلارنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق بەخىرامان يۈرۈشلىرىدىن تىت ـ تىت بولۇشاتتى.

— چوڭلار بۇ يىل ئوۋغا چىقىش ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىمۇ يا؟ — دېيىشەتتى تۇنجى ئوۋغا چىقىش تەقەززاسىدا تاقىتى تاق بولغان يىگىتلەر.

— ياق، ئۇنتۇپ قالمىدى، نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغۇدەك، — دېيىشەتتى ئىلگىرى ئوۋغا چىقىپ باققان يىگىتلەر.

— ئوۋ ۋاقتى كەلمىدىمۇ يا؟

— ھەي تاڭەي، ئۆتكەن يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا بىرىنچى قېتىملىق ئولجىلارنى مەھەللىگە ئەۋەتىپ بېرىپ بولغان. بەلكىم مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا مېڭىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇلار شۇنداق دەپ تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىش تەقەززاسىدا تىڭتىڭلاپ تۇرغان ئىنى ـ ئاغىنىلىرىنىمۇ ھەم ئۆزلىرىنىمۇ بەزلەيتتى. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە، قوم دۆڭلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قاراڭغۇتوغراققا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق نەزەر تاشلايتتى. بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ ۋاقىت ھېسابلايتتى. قاراڭغۇتوغراقنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلاتتى. سىرلىق رىۋايەتلەرنى، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان قاراڭغۇتوغراقلىق يىگىتلەرنىڭ كۆز ئالدىدا چەك ـ چېكىگە كۆز يەتكۈسىز، سۈرلۈك ئورمان دېڭىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قارىيىپ تۇرغان سىرلىق قۇچىقى، چەك ـ چېگراسى ئۈپۈق سىزىقى بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇراتتى. ياشلار قاراڭغۇتوغراقتا چوڭلاردىن يوشۇرۇنچە بىرنەچچە قېتىم باردى. لېكىن، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي قايتىپ چىقىشتى.

بۈگۈن قوتاندۆڭدىكى پېشقەدەم ئوۋچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسا ئاقساقالنىڭ (مۇسا شۇجى شۇجىلىقتىن قالدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇنى ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇشقانىدى) ئۆيىگە جۇغلاشتى. مۇسا ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، نان ۋە قايماق چاي ئەكەلدى. ئۇ مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئېغىلغا كىرىپ، يوغان ئېرىكتىن بىرنى تۇتۇپ ئاچىقىپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا سويدى ـ دە، يوغان ـ يوغان پارچىلاپ قازانغا سالدى.

مېھمانلارنىڭ كېلىش سەۋەبى بىرلا، يەنى قاراڭغۇتوغراققا ئوۋغا چىقىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوۋغا چىقىشنى خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ

كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ئاقساقالنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئۇ تەييارلىقىنىمۇ قىلماي خىرامان يۈرۈشكە قاراپ، جىم بولۇپ قېلىشقانىدى.

ئۇۋغا بۇگۈن چىقارمىز، ئەتە چىقارمىز بىلەن ئوۋ ۋاقتى يىللاردىكىدىن بىر ئاي كېيىنگە سۈرۈلدى. ئوۋ ئىتلىرى، قارچىغا ـ بۈركۈتلەر خۇددى ئىگىلىرىگە ئوخشاشلا تېپىرلاپ بىر ئىزىدا تۇرالمىدى. قاپقانلار، مىلتىقلار، ئاتقاق ـ ياچاقلار، خەنجەرلەر سۈرتۈپ، بىلەپ پارقىرىتىۋېتىلدى. لېكىن، مۇسا ئاقساقالدىن شەپە يوق ئىدى. ئاقساقال ئوۋ ۋاقتىنى ئۆتنۈپ قالغاندەك ياكى ئۇۋغا چىقىش ئېسىگە كەلمىگەندەك خىرامان يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئوۋچىلار تىت ـ تىت بولۇشاتتى. «بۇنىڭدا بىر سەۋەب بار، ھەئە، چوقۇم بىر سەۋەب بار» دېيىشەتتى ئۇلار.

بۈگۈن ئۇلار كېلىشىۋالغاندەك بىر ـ بىرلەپ مۇسا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە جۈغلاشتى. مۇسا ئاقساقال ئۇلارغا خوش چىراي ئېچىپ ئالدىغا داستىخان سالغان بولسىمۇ، كېلىش سەۋەبىنى سورىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقايسىسى كۆڭلىدىكىنى ئاۋۋال ئاغزىدىن چىقىرىشقا ئالدىرىمىدى.

مۇسا ئاقساقال ئېرىكنى سويۇپ بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ پەگاھتىن ئورۇن ئالدى.

— ئاقساقال، — دېدى ياش ئوۋچى يىگىت، ئاقساقال ئەمدىلا جايلىشىپ ئولتۇرۇشىغا بىتاقەتلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — بۇ يىل ئوۋغا چىقىمىزمۇ، چىقمايمىزمۇ؟

ئاقساقال ياش ئوۋچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي «سىلەرچە قانداق قىلساق بولار؟» دېگەننى قىلىپ، باشقا ئوۋچىلارغا قارىدى.

— بۇ يىل كۈز بالدۇر كەلدى. ھاۋامۇ كۈندىن ـ كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى بىر پېشقەدەم ئوۋچى، — ھاۋانىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن

ئىچىدە قاتتىق قار يېغىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.

— يىگىتلەر ئوۋغا چىقساق بولاتتى، دەپ ئالدىرىشىۋاتىدۇ.

— بۇ يىل بالىلارنىڭ غەيرىتى بەك ئۇستۇن.

— مۇسا ئاقساقال ماقۇل كۆرسە، قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئۇ چېتىگە بارساق، قۇملۇقتىن ئالتۇن - كۈمۈش ئىزدەپ باقساق، دېيىشىۋاتىدۇ.

— بۇ يىل قوتاندۆڭدە سەپسىنىلا جىگرى بار ئوغۇل بالىلار قاتارغا قوشۇلغان ئوخشايدۇ. قاراڭغۇ توغراق بىلەن ئۇلارمۇ تونۇشۇپ، ئوۋچىلىققا كۆزلىرى پىشقاچ تۇرسۇن.

— ئوۋ ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرسىلە، ئاقساقال.

— يول باشلىسىلا، ھەممە تەييارلىقىمىز تەخ بولدى.

— سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

مۇسا ئاقساقال لام - جىم دېمىدى. ئوتتۇرا بارماقتەك تومۇلۇقتا ئورنىۋالغان تاماكىسىنى ئىشتىها بىلەن شورايتتى، تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك زۇۋانسىز ئىدى. ئۆيدە ئولتۇرغان ھەربىر مېھماننى كۆز ئۆڭىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزەتتى، كالتە - كالتە يۆتىلىپ قوياتتى. مۇسا ئاقساقالنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئولتۇرغانلار سۆزلەشتىن بىر - بىرلەپ توختىدى. ئاخىرىدا ئۆي ئىچى بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمدى. ئۆي ئىچىدە چاشقان ماڭسىمۇ شەپىسى ئاڭلىناتتى.

مېھمانلار بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ، مۇسا ئاقساقالنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشاتتى.

مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى ئۆيگە ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مۇسا ئاقساقال ياش ئوۋچى يىگىتنىڭ: «قول سۇيىنى مەن ئالاي» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆزى ھەممە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئۇنىڭغىچە ئايالى ئىككى لېگەن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، يۇمشاق پىشقانلىقىدىن سۆڭەكلىرىدىن ئاجراپ، لىغىرلاپ تۇرغان گۆشنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

مېھمانلار ئارتۇق تۇزۇت قىلىشىپ ئولتۇرماي ئۈن - تىنسىزلا مەززىلىك، يۇمشاق پىشۇرۇلغان گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

— قېنى ئالىلى، تۇغقانلار، — دېدى مۇسا ئاقساقال مېھمانلارنىڭ داستىخاندىن بىر - بىرلەپ قول يىغمۇالغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە مېھمانلارنىڭ «بولدى، رەھمەت، تويدۇق، جىق ئالدۇق» دېيىشلىرىگە قويماي لېگەننى قولىغا ئېلىپ مېھمانلارنى يەنە بىر پارچىدىن گۆش ئالدۇردى.

مۇسا ئاقساقال قوتاندۆڭگە شۇجى بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا، بۇ يۇرتنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ ۋە ھېيت - ئايەم قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۇۋچىلىق ئىشلىرىغىمۇ باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

پۈتۈن قوتاندۆڭلۈكلەر تەدبىرلىك، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ئاچچىقى يامان، ئەل - جامائەت ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان بۇ ئادەمدىن تەپ تارتاتتى، ئەيمىنەتتى، قەدىرلەيتتى. ھەرقانداق چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە سالاتتى، پىكرىنى ئالاتتى، كۆرسەتكەن يولى بويىچە ماڭاتتى، بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇ شۇجىلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇنى ئوخشاشلا ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى، تۈرلۈك ئىشلىرىدا يول، مەسلىھەت سورىدى.

ئۇۋچىلىق ھەممە قوتاندۆڭلۈككە ئوخشاش مۇسا ئاقساقالغىمۇ ئاتا مىراس كەسىپ ئىدى. ئۇ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ دادىسىغا ئەگىشىپ قاراڭغۇتوغراقتا ئۇۋ ئۇۋلىغان، قار - بوران، يىلان - چايان، بۆرە - قاۋان قاتارلىق تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەن ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىشقان. بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا قورقماسلىقى، مەرگەنلىكى، چەبدەسلىكى، زېرەكلىكى، تەدبىرلىكلىكى بىلەن ھۆرمەت، يۈز - ئابرۇي تاپقانىدى. پۈتكۈل

قوتاندۆڭ تەۋەسىدە پەقەت مۇسا ئاقساقاللا قاراڭغۇتوغراقنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئوۋچىلار قاراڭغۇتوغراققا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرسۇن، پەقەت مۇسا ئاقساقالغا ئەگەشسىلا ھېچكىم ئېزىپ قالمايتتى. سازلىق، پاتقاقلارغا چۆكۈپ كەتمەيتتى. ئوۋ ئولجىلىرىغىمۇ كۆپ ئېرىشەتتى. شۇڭلاشقا، بارلىق ئوۋچىلار ئۇنىڭغا پىر ـ ئۇستازغا چوقۇنغاندەك چوقۇناتتى. مۇسا ئاقساقال ئوۋغا چىقماي تۇرۇپ، مۇسا ئاقساقالنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىم ئوۋغا چىقمايتتى. شۇڭلاشقا، ئوۋچىلار بۇ كۆزدە مۇسا ئاقساقالنىڭ بىر گەپ قىلىشىنى كۈتە ـ كۈتە ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. چۈنكى، زېرىكىشلىك قىش كۈنلىرىنى قوتاندۆڭنىڭ ئەركەكلىرى ئوۋسىز، قاراڭغۇتوغراقسىز ئۆتكۈزمەيتتى... شۇنداقلا قوتاندۆڭدە قاراڭغۇتوغراققا ئوۋغا كىرىپ باقمىغان، ئۆز قولى بىلەن كېيىك ئوۋلاپ باقمىغان، جەرەن، قىرغاۋۇل، تۈلكە، قاۋان، ھەتتا بۆرە ئوۋلاپ باقمىغان بىرمۇ ئەركەك يوق ئىدى. ئۇلار ئوۋسىز ھاياتنى مەززىسىز ھېسابلايتتى. ئوۋغا چىقمىسا ئۇلارنىڭ ئىچى پۇشاتتى، بىئارام بولاتتى، تېرىككەك، جۇدۇن بولۇپ قالاتتى. بۇلارنى مۇسا ئاقساقال ئوبدان چۈشىنەتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ بايىدىن بېرى تەڭقىسلىقتا قالغاندەك بىئارام بولۇپ، گەپ قىلماي ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئاخىر كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى بۇلارغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— ئوۋغا چىقىش ئىشىغا كەلسەك، — دېدى ئۇ بايا گۆش توغراپ يېگەن قەلەمتىرىشىنى بەلبېغى بىلەن سۈرتۈپ تازىلىغاچ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان ئوۋچىلارغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭچە بۇ يىل ئوۋغا چىقمىساق بولارمىكىن.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا ئوۋغا چىقمايمىز، ئاقساقال؟ — ئالدىراپ سورىدى ياش ئوۋچى يىگىت.

شۇ ھامان ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان پېشقەدەم ئوۋچى ئۇنى

«ئېغىز غېرىچلىماي جىم ئولتۇر» دېگەندەك قىلىپ جەينەكلەپ قويدى.

مۇسا ئاقساقال ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى ـ دە، تاماكىسىغا ئوت يېقىپ خۇمارلىق ئىككىنى شورىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇتوغراقتا بىرنى كەلدىم. توغراقلىقنى تولۇق ئارىلىدىم. قاراڭغۇتوغراق قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ، — ئۇ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە شۇنداقلا بىر قارىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەن يىلقىدەك ئورمانغا كىرىپ بولغۇچە قەدەمدە بىر ئايغىنىڭ ئاستىدىن «پارت» قىلىپ قېچىپ كېتىدىغان، «پاتاق ـ پۇتۇق» قىلىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان توشقان، قىرغاۋۇللار يوق، ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ توپ ـ توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن كېيىك ـ جەرەنلەرمۇ يوق. ئۇلار ئاز قاپتۇ، ناھايىتىمۇ ئاز قاپتۇ. خۇددى غايىب بولۇپ كەتكەندەك، باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتكەندەك ئۇلارنى ئۇچراتماق بەكمۇ تەس.

— ئۇلار نەگە كەتكەندۇ، ئاقساقال؟ — سورىدى ياش ئوۋچى يىگىت ھەيران بولۇپ.

— توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت ئەمدى؟ — دېدى قېرى ئوۋچى ئۇچىدەك ساقىلىنى سىلاپ.

— ئۇلار قانداق قىلىپ ئاشۇنداق يوقاپ كەتكەندۇ؟

— ئادەمنىڭ ئەقلى ئۇلاشمايدىغۇ بۇ ئىشقا.

— يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇلارنى يەپ كەتكەنمۇ يا؟

— مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىدىم، — دېدى ئاقساقال يەنە سۆز قىلىپ، — قاراڭغۇتوغراقتا كۆرگەنلىرىمنى بىر مۇبىر كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇزاق ئويلىدىم، ئاخىر بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىققاندەك بولدۇم، ئەسلىدە سەۋەب ئۆزىمىزدە ئىكەن.

— سەۋەب ئۆزىمىزدە؟ يوچۇنلا گەپ قىلىلىغۇ، ئاقساقال، —

دېدى قىرى ئوۋچى گاڭگىرىغان ھالدا.

— قىزىقلا بىر گەپ بولدىغۇ بۇ.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى مۇسا ئاقساقالغا مىختەك تىكىلدى.

— ھەئە، سەۋەبى ئۆزىمىزدە، — دېدى مۇسا ئاقساقال گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ياز پەسلىدە ئوۋ ئوۋلىماسلىق قائىدە - يوسۇنىنى بۇزۇپ، ھېلى ناھىيە سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭىغا، ھېلى يېزا باشلىقلىرىغا، ھېلى ناھىيە ھاكىملىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرگە، يەنە يېرىم دەرياسىدىن سۇ ئالىدىغان كونا ئېغىزنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش ئۈچۈن يول مېڭىۋاتقانلارغا دەپ ئالتە ئاي ياز، ئالتە ئاي قىش توختىماي ئوۋ ئوۋلىدۇق. بوغازلىرىنىمۇ ئوۋلىدۇق، ئوغلاقلىرىنىمۇ ئوۋلىدۇق، چوڭىنىمۇ ئوۋلىدۇق، كىچىكىنىمۇ ئوۋلىدۇق. توشقان - قىرغاۋۇللار، كېيىك - جەرەنلەر كۆپىيىدىغان مەزگىلدە كۆپىيەلمىدى. ئۇلارغا پەقەت ئارام بەرمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر سەۋەب، — ئاقساقال شۇنداق دەپ بىر بارمىقىنى پۈكتى - دە، گېپىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان ئوۋچىلارغا قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇنىڭدىن باشقا، قوتاندۆڭنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى كەڭرى قۇمۇشلۇق - يايلاقنى يېزا يىلدىن - يىلغا بىنەم ئېچىپ تېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يېرىم دەرياننىڭ قاراڭغۇتوغراقتا كېلىدىغان سۈيى يىلدىن - يىلغا ئازلاپ كەتتى. مەن بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم، قاراڭغۇتوغراق قۇرۇشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ بىر يازدىلا قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئېچكىرىسىدىكى شىۋەلىك كۆللەرنىڭ سۈيى تارتىلىپ، تېگى كۆرۈنەي دەپ قاپتۇ، ھايۋانلار، جان - جانىۋارلارغا ئىچىدىغان سۇ قالماپتۇ. بۇ ئىككىنچى سەۋەب، — ئاقساقال يەنە شۇنداق دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۈكتى، — قاراڭغۇتوغراقتا سۇ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوت - چۆپلەر ئاساسەن قۇرۇپ كېتىپتۇ،

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورمانلار قۇرۇپ، قۇم دۆڭلىرى ئورمانغا قاراپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ، قاراڭغۇتوغراقتا تۇزۇلۇك ئوت - چۆپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىك - جەرەنلەر ئاچ قېلىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن. ياكى بۆرە، تۈلكە قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ ئۇچىنچى سەۋەب، — ئاقساقال شۇنداق دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۈكتى، — شۇڭا مېنىڭچە بۇ يىل ئوۋغا چىقساق ئاران - ئاران جان ساقلاۋاتقان هايۋانلارنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋېتىشىمىز مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا كېلەر يىلى قاراڭغۇتوغراقتا ئوۋلىغۇدەك هېچنېمە قالمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ يىل ئوۋغا چىقمايلى. قېلىپ قالغان جانىۋارلار قىشتىن ساق - سالامەت چىقىپ، ئالدىمىزدىكى بىر ياز كۆپىيىۋالسا، كېلەر يىلى ئاندىن ئوۋغا چىقساقمىكىن دېمەكچىمەن، سىلەرچە قانداق؟

— سىلى نېمە دېسىلە بىز شۇ، ئاقساقال.

ئوۋچىلار گەرچە ئاقساقالنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە تولۇق قايىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئوۋغا چىقماسلىققا بىردەك قوشۇلدى.

تۈنجى ئوۋغا چىقىش قىزغىنلىقىدا قاراڭغۇتوغراققا تولا قاراپ، كۆزى تېشىلىپ كېتەي دەپ قالغان ياشلار بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇددى توي ئىشى سۇغا چىلاشقاندەك قايناپ سۆزلەپ كېتىشتى. قورساق كۆپۈكلىرىنى بىر - بىرىگە دەپ دادلاشتى، ئاتا - ئانىلىرىدىن، چوڭلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى بىر - بىرىگە دېيىشتى:

— قاراڭغۇتوغراقتا يىرتقۇچ هايۋان پەيدا بوپتىمىش.

— كېيىك، جەرەنلەرنى يەۋېتىپتىمىش.

— ياق، ئۇلارنى يەپ كەتكىنى يىرتقۇچ هايۋان ئەمەس ئىكەن.

— ئەمىسە سەن دەپ باقە، شۇنچە جىق كېيىك، جەرەنلەرنى نېمە يەۋېتىپتۇ؟

— يالماۋۇز.

— ياقەي، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى.

— يېزىنىڭ ئەمەلدارلىرى.
— ناھىيەنىڭ ھاكىملىرى.
— ئىلاھىم زوۋانى تۇتۇلۇپ ئۆلەر ئۇ تويمىغۇرلار.
— گېلىغا پوقاق چىقار.
— تىلىغا كۆيدۈرگە چىقار.
— چىشى چۈشۈپ كېتەر.
— يېرىم دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇتوغراققا بارمىسا كېيىك، جەرەنلەر كۆپىيەلمەس ئىمىش.
— دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇتوغراققا جىقراق ئېقىپ بارمىغانلىقى ئۈچۈن توشقان، قىرغاۋۇل، كەكلىكلەر ئىچكىلى سۇ تاپالماي ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتىمىش.
— قاراڭغۇتوغراقنىڭ نېرىقى چېتى قۇرۇشقا باشلاپتىمىش.
— قۇم يۇتۇپ كېتىپتىمىش.
— قاراڭغۇتوغراققا سۇ كەلسە قۇم كەينىگە قېچىپ كېتەر ئىمىش.
— دەرياغا جىقراق سۇ كېلىپ، كېيىك، جەرەنلەر قانغۇدەك سۇ ئىچسە بولاتتى.
— يېزا باشلىقى بىنەم ئىچىپ كېۋەز تېرىيمەن دەپ دەريانىڭ سۈيىنى توسۇۋاپتۇ. شۇڭا، دەريانىڭ سۈيى ئاز قاپتۇ.
— ئاشۇ لايدان زاكۇ بىر يار كەتسىغۇ... دەريادىن جىق سۇ كېلەتتى، ئۇ چاغدا قاراڭغۇتوغراق قېنىپ سۇ ئىچەتتى.
— كېيىك، جەرەنلەرنىڭ توشقان، قىرغاۋۇللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قاناتتى...

دەريا شارقىرايتتى، ئۇنىڭ شارقىرىشىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. ئۇ ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى، تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاقاتتى.

*　　*　　*

رازىق شۇجىغا قوتاندۆڭلۈكلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىش تولىمۇ ئېغىر كەلدى.

يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ، بېھشباغ يېزىسى بويىچە چاقىرغان «پۈتۈن يېزا بويىچە دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر قىش جاپالىق جەڭ قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىپ، ناھىيە چۈشۈرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن، پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى» غا قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا، يېزا رەھبەرلىرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوتاندۆڭ كەنتىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن كېلەر يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچ ھۆددە ـ توختامنامىسىگە ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىش ھۆددە توختامىغا قول قويدى.

يىغىننى تۈگىتىپ قوتاندۆڭگە قايتىپ كېلىۋىدى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىش ئىشىنىڭ ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگەندە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىپ كەلگەن قوتاندۆڭلۈكلەر يىللاردىن بېرى بىر ئوبدان مال چارۋىلىرىنى بېقىپ كېلىۋاتقان ياپلاقلىرىنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتىشكە ھەرگىز ئۇنىمايتتى. ئۇلار دېھقانچىلىقتىن چارۋىچىلىقنى ئەۋزەل كۆرەتتى. رازىق شۇجىمۇ قوتاندۆڭلۈكلەر بىلەن ئوخشاش قاراشتا، ھېسسىياتتا ئىدى. ئۆزىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ئىشنى يۇرتداشلىرىغا دېيىشكە ئۇنىڭ پەقەتلا تىلى بارمىدى. ئۇ بىر كۈن ئويلانغاندىن كېيىن دەرھال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاپتى. يېزا باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، قوتاندۆڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنى ياپلاقلارنى بۇزۇشقا، دېھقانچىلىق قىلىشقا

زورلىماي چارۋىچىلىقنى قىلىشقا يول قويۇشنى، يايلاقلارنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىشنى، قوتاندۆڭگە پاختا ئىشلەپچىقىرىش هۆددە ـ كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەرمەي، چارۋىچىلىقتىن هۆددە ـ كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بېرىشنى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تەلەپ قىلدى.

ـــ قەتئىي بولمايدۇ، ـــ دېدى يېزا باشلىقى رازىق شۈجىغا سەت گۆلىيىپ، گەپنى چورتلا كېسىپ، ـــ دېھقانلارنى خالىغىنىنى قىلىمەن دېسە، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەك، يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ نېمە رولى قالىدۇ؟ يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ رەهبەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بىز يېزا باشلىقلىرى ئېشەك باقىمىزمۇ ئۇ چاغدا؟ قوتاندۆڭلۈكلەر خاتىرىسىنى جەم قىلىپ، بىنەم ئېچىشقا تەييارلىق قىلسۇن، كېلەر يىلى قوتاندۆڭنىڭ پاختا مەهسۇلات كۆرسەتكۈچى ئورۇنلانماي كەملەپ قالسا مەندىن ياخشىلىق كۈتمىسۇن، مەن سىلىنى تۇتىمەن. توختام بويىچە قوتاندۆڭلۈكلەر جەرىمانە تۆلەيدۇ. پاختا ئىشلەپچىقىرىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن سىياسەت خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى. بۇنىڭدىن سىلىمۇ، مەنمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىزمۇ ناهىيە بىلەن، هاكىملار بىلەن ناهىيە يېزىمىزغا چۈشۈرۈپ بەرگەن كېلەر يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش هۆددە ـ توختامنامىسىگە قول قويۇشتۇق. بىزمۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىيالمىساق جازاغا تارتىلىمىز، جەرىمانە تۆلەيمىز، يېزىنىڭ پاختا مەهسۇلاتى كەملەپ كەتسە هاكىملار بىزنى تۇتىدۇ، ـــ يېزا باشلىقى تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورىۋېلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، ـــ ئەمدى بىلگەنلا، رازىق شۈجى. جەرىمانە، جازا بىزنىڭ بېشىمىزدىمۇ بار. جازالىنمايلى، جەرىمانە تۆلىمەيلى دېسەك هۆددە ـ توختامنامىدىكى كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلاش كېرەك. هازىرقى تېرىلغۇ يەر بىلەن بۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، كەڭ كۆلەمدە بىنەم ئېچىش كېرەك. يايلاق بولامدۇ، باغ ـ ئورمان بولامدۇ هەممىسىنى ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈش

www.uyghurkitap.com

كېرەك. بۇ ئىشقا سۇسلۇق قىلىشقا، بوشاڭلىق قىلىشقا، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

يېزا باشلىقىنىڭ كەسكىن سۆزلىرى رازىق شۇجىنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. لېكىن، سۇ مەسىلىسى ئېسىگە كېلىۋالدى، تۇيۇقسىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا، سۇ مەسىلىسىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ ئىتتىك دەۋالمىسا بىرسى گەپ قىلغىلى قويمايدىغاندەك تېز-تېز سۆزلەپ، — قوتاندۆڭنىڭ يايلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بىلەن سۇ بولمىسا ئوخشاشلا تېرىغىلى بولمايدۇ. ئېرىقتىكى ھازىرقى سۇ بىلەن قوتاندۆڭدە ھازىر بار بولغان تېرىلغۇ يەرنىمۇ سۇغارغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئەسلىدىكى كونا ئېغىزنى ئېچىپ سۇ ئالغىلى بولسا ئۇ چاغدا...

— كونا ئېغىزنىڭ گېپىنى ئەمدى تىلغا ئالمىسىلا، — دېدى يېزا باشلىقى شۇجىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ، — بىز يېزىلىق پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. بۇ يىل قىش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قوتاندۆڭنىڭ ئەسلىدىكى ئېرىقىنى كېڭەيتىپ، يېزا دەرىجىلىك بىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭگە ئۆزگەرتمەكچىمىز. دەريا باشقارمىسى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرى سۆزلىشىپتۇ. دەريا باشقارمىسى ناھىيەمىزنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ-بىنەم ئېچىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى مۇستەھكەملەش پىلانىنى قوللاش، ماسلىشىش يۈزىسىدىن لايىدان زاكۇدىكى قوتاندۆڭ ئېرىقىنىڭ ئېغىزىنى كېڭەيتىپ بەرمەكچى ۋە لايىدان زاكۇدىن توسۇپ، يېرىم دەرياسىنىڭ ئايىغىغا بىر تېمىم سۇ ئۆتكۈزمەي، ھەممە سۇنى قوتاندۆڭ ئۆستىڭىگە ھەيدەپ بەرمەكچى بولدى، — يېزا باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجايدى ۋە شۇجىنىڭ دولىسىغا داھىيلارچە سالاپەت بىلەن يەڭگىل شاپىلاقلاپ قويدى، — ھەممە ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى، گەپ

ئەمدى بىزنىڭ قانداق ئىشلىشىمىزدە، كەينىمىزگە قاراشقا بولمايدۇ، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بوز يەر ئېچىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىساقلا مۇكاپات ۋە شان - شەرەپلەر، يەنە تېخى پارلاق ئىستىقبال سىلى - بىزگە كەڭرى قۇچاق ئاچىدۇ.

رازىق شۇجى قوتاندۆڭگە يەنە بېشى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ بىر كۈن ئولتۇردى. ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈردى. قوتاندۆڭلۈكلەرگە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىنى قانداق يەتكۈزۈش ھەققىدە باش قاتۇردى. ئاخىر مۇسا ئاقساقال قاتارلىق بىرقانچە پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئەقىل، مەسلىھەت سورىدى. قىسقىسى، بۇ ئىشنى كەنت پارتىيە ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالغان بولدى.

— دەريانى ئاخىر قۇرۇتۇۋېتىدىكەن - دە بۇلار، — دېدى مۇسا ئاقساقال ھەم غەزەپلەنگەن، ھەم ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ئۇلارنىڭ پىلانىنى ناھىيە رەھبەرلىرى قوللىغان بولسا، توسۇۋېلىشقا بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. ئۇلار قىلىمىز دېگەنلا بولسا، بۇ ئەخمىقانە ئىشنى قىلماي قويمايدۇ، — ئۇ رازىق شۇجىغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمىسىلە، بۇ ئىشنى سىلىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. بىز دېگەن بىقۇۋۇل خەق. توختامغا سىلى قول قويمىسىلىمۇ ئۇلار ئوخشاشلا يايلاقلىرىمىزنى بۇزۇۋېرىدۇ. باغ - ئورمانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېرىدۇ. دەريالىرىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇلارنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلانىنى قوتاندۆڭ خەلقىگە يەتكۈزۈش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش سىلىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى، — ئۇ ئەمدى سورۇندىكىلەرگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

ھەممىمىز كومپارتىيە ئەزالىرى. پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا راستچىل بولۇش، راست ـ ھەق سۆزلەش ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرسى. سىلى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە راست گەپ قىلىپ قوتاندۆڭنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى، قىيىنچىلىقىنى يەتكۈزۈپلا، ئەمدى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنىمۇ خەققە يوشۇرماي ئۆز ئەينى يەتكۈزسىلە، بىزنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنى، شۇنداقلا خەلقنىمۇ ئالداش ھوقۇقىمىز يوق.

قوتاندۆڭلۈكلەر رازىق شۇجىنىڭ ئاغزىدىن يېزىنىڭ بوز يەر ئېچىش ھەققىدىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇۋۇسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرىدەك قايناشقا باشلىدى.

ــ يايلاقنى ھەرگىز بۇزمايمىز.

ــ بوز يەر ئاچمىمىش تېخى.

ــ مال چارۋىلىرىمىز نەدە ئوتلايدۇ؟

ــ بىزنىڭ يايلاقلىرىمىزنى بۇزۇپ پاختا تېرىمىسا، يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى ئورۇنلانمامدىكەن؟

ــ پاختىنى كىم تېرىسا تېرىسۇن، مەن پاختا تېرىمايمەن.

ــ بىنەم ئېچىش ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قولۇمنى كېسىۋېتىمىنا.

ــ رازىق شۇجى، سىلى يېزىغا بېرىپ دېسىلە، بىز قوتاندۆڭلۈكلەر بىنەممۇ ئاچمايمىز، پاختىمۇ تېرىمايمىز. يېزا بىزنى ئارامخۇدا تىرىكچىلىك قىلغىلى قويسۇن.

ــ ھەرقانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ بىكار، رازىق شۇجى، بىز بىنەم ئاچمايمىز دېدۇق، ھەرگىز ئاچمايمىز.

ــ سەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق بولمايدۇ دېگىنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپتىمۇ؟ بىر ئوبدان سۇ ئېقىۋاتقان ئېغىزىمىزنى ھازىرچە كۆمۈۋېتىڭلار، كېيىن ھەل قىلىپ بېرىمىز دېيۆىدى، قېنى قانداق بولدى، ئېغىزنى كۆمدۈرۈۋېتىپلا خۇددى ھاڭگا ئېشەك خوتىكىگە ئىگە

بولمىغاندەك، كارى بولمىدىغۇ؟

— بىنەم ئاچىدىغان بولساق، سۇنىڭ دەردىنى يەنە قانچىلىك تارتىمىز تېخى.

— مەن بىر پاقلان بېرەي، يېزا باشلىقىغا ئاپىرىپ بەر، بۇ نىيىتىدىن يانسۇن.

— يېزا باشلىقى نىيىتىدىن يانسىلا مەن ئۇنىڭغا يىلىغا ئىككى ئېرىك بېرەي.

يىغىن باشلىنا ـ باشلانمايلا بۇزۇلدى. رازىق شۇجى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزەلمىدى. ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئاخىر ناۋادا يېزا باشلىقى سۆرۈشتە قىلىپ قالسا، قوتاندۈگلۈكلەر گېپىمنى ئاڭلىمىدى دەپلا قۇتۇلمايمەنمۇ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كېيىن كۆرەرمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، يىغىننى تارقىتىۋېتىپ، ئۆيىگە كىرىپ، ياستۇققا قىرلاپ ياتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن يېزا باشلىقى قوتاندۈگدىكى ئىمتاسلىقنى كۆرۈپ، غەزەپتىن ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى. رازىق شۇجىنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي، كۆرۈشكىلى تەڭلىگەن قولىغىمۇ قول بەرمەي بىرھازا شالىنى چاچرىتىپ قاينىدى. يېزا باشلىقىنىڭ نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا غەزەپلىنىپ، قايناپ، رازىق شۇجىنى تەنقىدلەۋاتقانلىقىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتكەن قوتاندۈگلۈكلەردىن بىرسىمۇ يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشكىلى سىرتقا چىقمىدى. ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئۈششاق بالىلارنىمۇ سىرتقا چىققىلى قويمىدى. ئۇلار قەستەنگە قۇلاق يوپۇرۇپ، قۇرتتەك تۈگۈلۈۋالغانىدى. رازىق شۇجىمۇ قول باغلاپ تۇرغان پېتى، يېزا باشلىقىنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تەنقىدىگە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. يېزا باشلىقى راسا سۆزلەپ پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى كۈنى يىغىندا كۆڭلىگە

www.uyghurkitap.com

پوكۇۋالغىنى بويىچە جاۋاب بەردى.

— يىغىن ئېچىپ، يېزىنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدۈم. پاختا تېرىپ ھاللىق سەۋىيەگە تېزرەك يېتىشنىڭ پايدىسىنى قايتا - قايتىلاپ چۈشەندۈردۈم، لېكىن ئۇلار گېپىمنى پەقەتلا تىڭشىمىدى. بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىدى. مەن ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدىم.

يېزا باشلىقى شۇجىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى تىڭشاپمۇ قويمىدى، بەلكىم يەنە بىرھازا قاينىدى. ئاغزىنى بۇزۇپ شۇجىنىمۇ، قوتاندۈڭلۈكلەرنىمۇ تىللىدى. غەزەپتىن چىرايى قارىداپ، پۇت - قوللىرى تىترىدى. يۈز مۇسكۇللىرى لىپىلدىدى. ئۇ شۇجىنىڭ: «ئۆيگە كىرسىلە، بىر پىيالە چاي ئىچىلى» دەپ شۇنچىۋالا تەكلىپ قىلىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي پىكاپقا چىقتى - دە:

— ھەرقايسىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققۇدەك، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغۇدەك بولۇشۇپ كېتىشىپسەن، خەپ، قېنى كۆرەرمىز، يا قوتاندۈڭلۈكلەر مېنى باشقۇرىدۇ، يا مەن قوتاندۈڭلۈكلەرنى باشقۇرىمەن، — دېگىنىچە پىكاپنىڭ ئىشىكىنى جالاققىدە يېپىۋەتتى.

يېزا باشلىقى كېتىشى بىلەن، خۇددى بىرسى ئاغزى - بۇرنىنى تۇتۇۋالغاندەك بولۇپ دېمى سىقىلغان، سۈكۈتكە چۆمگەن قوتاندۆك بىردىنلا يەڭگىل نەپەس ئالدى، جانلاندى. ئۆي - ئۆيلەردىن ئەركىن پاراڭلىشىشلار، كۈلكە - چاقچاقلار ئاڭلاندى.

ئەپسۇس بۇ كەيپىيات ئۇزاق داۋاملاشمىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە يېزا باشلىقى قوتاندۆڭدە يەنە پەيدا بولدى. يېزا باشلىقىنىڭ سۇر - ھەيۋىسىنى كۆرۈپ، قوتاندۈڭلۈكلەرنىڭ يەنە دېمى سىقىلدى. قاتتىقراق تىنىشقىمۇ، ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، يېزا باشلىقى بۇ قېتىم يالغۇز كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدە پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى

بارلىق ئەر ئەمگەك كۆچى ۋە ئون دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قوتاندۆڭنى ھازىرلا تۈپتۈز قىلىۋېتىدىغان سۇر - ھەيۋەت بىلەن قاتار سەپ تارتىپ تۇراتتى.

يېزا باشلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنىەم ئېچىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق، ئۇنۇملۇك تاماملاش ئۈچۈن ئىشنى بۇ خىزمەتكە قارشى چىققان قوتاندۆڭ كەنتىدىن باشلىماقچى بولۇپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن كەلگەنىدى.

يېزا باشلىقى ئۆيمۇئۆي ئادەم ئەۋەتىپ بارلىق قوتاندۆڭلۇكلەرنى مەجبۇرىي يىغدۇردى. قوتاندۆڭلۇكلەر ھودۇققان، چۆچۈگەن ھالدا، بىردەمدىلا يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. يېزا باشلىقى ئېگىزرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، قوتاندۆڭلۇكلەرگە غەزەپ بىلەن بىرنى ئالىيىۋېتىپ سۆز باشلىدى.

— جاڭگاللىق دېگەنلەرغۇ ھايۋاندىن پەرقى يوق، ئادەم ئەمەس خەق. ھەممىڭ قۇلاقلىرىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاش، ھەرقايسىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. بىنىەم ئېچىشنى مۇشۇ يەردىن باشلايمىز، كىمدىكىم بۇ ئىشقا غىدىڭ - پىدىڭ قىلىدىكەن ياكى بىنىەم ئېچىش ئەمگىكىگە قاتناشمايدىكەن، كۆزدە - كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ، بېھىشتباغ يېزىسى تەۋەسىدىن چىقىپ كەتسۇن. مەن ئۇنداق ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆيىۋاقىنى چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن. گەپ شۇ، ھەممىڭ ئېشەك - ھارۋا، كەتمەن - تاغارلىرىڭنى ئاچىقىپ تەخ بولۇپ تۇرۇش، — يېزا باشلىقى ئەمدى ئۆزى بىلەن بىللە سەپ تارتىپ كەلگەن دېھقانلارغا قاراپ سۆزلىدى، — ھازىر ھەرقايسى كەنتلەر بويىچە چام تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ شۇجىسى، مۇدىرلىرى ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن چاملارنى تاپشۇرۇۋالسۇن، مەن يەنە شۇنى قايتا ئەسكەرتىپ قوياي، ھەرقايسى كەنتلەر بويىچە تەقسىم قىلىنغان ئىشنى تەلەپكە لايىق بويىچە ئۆتكۈزۈۋالمىغۇچە، ھېچكىمنىڭ ئىش ئورنىدىن

ئايرىلىشىغا رۇخسەت يوق. ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەر ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ماۋۇ شۇجىلارغا يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ قوياي، ئادەملىرىڭلارغا ئوبدان ھېزى بولۇڭلار، بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، سىلەرمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىلەر.

قوتاندۇڭلۇكلەر ئاق ـ كۆك گەپ قىلىشمىدى، لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىدى. ئىچىگە يۇش ـ پۇش تىنىشتى. ئۇلارنىڭ تاللاش، تەلەپ قويۇش، پىكىر قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلار بۇنى ھېس قىلدى. چۈشەندى. شۇنداق، يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەۋلادمۇئەۋلاد تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىندىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان بۇ ماكاندىن، ئەجدادلىرىنىڭ مېھنەت ـ تەرى تۆكۈلگەن بۇ ئانا تۇپراقتىن ھەيدىلىدۇ. يۇرت ـ ماكانسىز، سەرسان ـ سەرگەردان بولىدۇ. مەيلى قانداق خورلۇقلارغا، قانداق قىسمەتلەرگە، جەبىر ـ جاپالارغا دۇچار بولسۇن چىداپ تۇرۇپ، بۇ سۆيۈملۈك ئانا ماكاندىن ئايرىلماسلىق، ئۇنى تاشلاپ كەتمەسلىك كېرەك. قوتاندۇڭ ئۇلارنىڭ يۈرىكى، ئانىسى، بۇ ماكان ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانداق بوستانلىق چارباغلاردىن گۈزەل ۋە مۇقەددەس!

يېزا باشلىقىنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي قوماندانلىق قىلىشى بىلەن پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ بىر قىش سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئايدالادا گۈلخان يېقىپ قويۇپ، داق يەردە دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ قىلغان ئەمگىكى ئاخىر مېۋە بەردى. قوتاندۇڭ بىلەن بېھىشباغ ئارىلىقىدىكى كۆز يەتكۈسىز كەڭرى قومۇشلۇقتىكى ھەر يوغان دۆڭلۈكلەر يۆتكىلىپ، سازلىقلار تىندۇرۇلۇپ، ئەينەكتەك تۈپتۈز قىلىپ تۈزلەندى. قوتاندۇڭنىڭ ئەسلىدىكى ئېرىقى ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى سولياۋ يېپىپ سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان يوغان بىر ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىلدى.

دېھقانلار يېڭى ئېچىلغان بىنەمنى سالالاشتۇرۇپ، قىر ـ

تىگەنلىرىنى سوقۇپ، سۇغىرىش ئېرىقلىرىنى چېپىپ، ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ كەتمىنىنى يەرگە قويغان ۋاقىتتا ئاللىقاچان نورۇز كېلىپ، يەر ـ جاھان ئىسسىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىستاپ قالغانىدى.

يېزا باشلىقى يېڭى ئېچىلغان بىنەمدىن يېزا تەۋەسىدىكى ھەممە كەنتلەرگە بىر ئۇلۇشتىن يەر بۆلۈپ بەردى ۋە بۇ بىنەم يەرنىڭ مو بېشىدىن چىقىدىغان ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى ئالدىن بېكىتىپ، كەنت شۇجىلىرى بىلەن ھۆددە توختامنامە ئىمزالىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرگىمۇ ئەڭ ئاياغدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تېرىلغۇ يېرىنىڭ پاسىلىدىن بىر ئۇلۇش بىنەم تەگكەندى. ئۇلار بۇ يەرلەرنى گەپ ـ سۆزسىز قوبۇل قىلىشتى ۋە ھەرقايسى ئائىلىلىكلەردىكى نوپۇسىغا قاراپ تەقسىم قىلىشىۋالدى. ئۇلار يەر تەقسىم قىلىشقاندا باشقا كەنتنىڭ دېھقانلىرىغا ئوخشاش «مەن ئۆيۈمدىن، مەھەللەمدىن، بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەرگە كېلىپ يەر تېرىمايمەن، تېرىغۇڭ كەلسە ئۆزۈڭ تېرىۋال» دەپ شۇجىلىرى بىلەن تاكاللاشمىدى. «ماڭا جىق بولۇپ قالدى، ساڭا ئاز تەقسىملىنىپ قالدى» دەپ ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشمىدى. قاش ـ قاپاقلىرىنى يېرىشىپ، يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا دەۋاغا بارمىدى. ئۇلارنىڭ رايى بويىچە بولغاندا بۇ بىنەمنى پەقەتلا تېرىغۇسى يوق ئىدى. يېزا باشلىقى شۇنچىۋالا كەڭرى بىنەمنى ئاچتۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتقان، باش ئاغرىقى تېپىۋالغان بولسا، بۇ بىنەملەرنى دېھقانلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ بولالماي يەنە شۇنچىلىك ئاۋارە بولدى. غەزەپلەندى، ۋارقىرىدى. دېھقانلارنى باشتا: «بىنەم ئاچمىساڭ بېھەشتباغدىن ھەيدىۋېتىمەن، مال ـ مۈلكۈڭنى مۇسادىرە قىلىمەن» دەپ قورقۇتۇپ بىنەم ئاچتۇرغان بولسا، مانا ئەمدى يەنە: «بۇ بىنەملەرنى تېرىمايدىغان بولساڭ...» دەپ دېھقانلارنى قورقۇتۇۋاتاتتى. بىنەمنى تېرىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.

كېۋەز تېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇرۇقلۇق چىگىت، سولياۋ

يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتلار تىراكتور، ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن ئېتىز بېشىغا يەتكۈزۈلۈپ، ھەرقايسى كەنتلەرگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى.

«ئۇرۇقلۇق چىگىت، سولياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى مولۇقىغا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە كەنت مەسئۇللىرى ھەرقايسى ئائىلىلەرگە، كېۋەز تېرىيدىغان يېرىنىڭ كۆلىمىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ھازىر ئالمايمىز. كۈزدە كېۋەز ساتقاندا، تۆۋەن ئۆسۈمى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى يېزا باشلىقى.

ئەمدىكى گەپ يەرلەرنى ئوسا قىلىپ، ئاغدۇرۇپ، تۈزلەپ، يوپۇق يېپىپ ئۇرۇق سالغۇدەك قىلىپ تەييارلاشتا قالغانىدى. گەرچە سۇ ئىشلىتىشتە، سۇغىرىش نۆۋىتى ئاياغدىن باشقا قاراپ نۆۋەتلەشتۇرۇلىدىغان، قوتاندۆڭ ئەڭ ئاۋۋال سۇ نۆۋىتى ئالىدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر قوتاندۆڭگە — بۇ ئاياغ پايناپقا تېخىچە سۇ كەلمەيۋاتاتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر كۈتتى. ھەپتە ئۆتتى، ئون كۈن ئۆتتى، ئاخىر تاقىتى تاق بولدى. يېڭى ئالغان ئۈستەڭنى ياقىلاپ، لايدان زاكۈغىچە بېرىپ كەلدى، كەلگەندىمۇ بىر تاغار قورساق كۆپۈكى بىلەن قايتىپ كەلدى.

— ئەڭ ئاۋۋال قوتاندۆڭگە سۇ ئىشلىتىش نۆۋىتى بېرىمىز دېگىنى قېنى ئۇلارنىڭ؟!

— سۇنى باشلامدىكىلەر تۇتقىلى تۇرۇپتىمغۇ؟

— باشلامدىكىلەرگە سۇنى كىم بۇيرۇپ بېرىپتۇ؟

— يېزىلىق سۇ پونكىتىدىكى قاسىم مىراب بۇيرۇپ بەردى دەيدۇ.

— ياق، ھېلىقى دەريا باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ئاۋاق زەنجاك بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

— يەنە سۇ كەلمەيدىغان بولسا كېۋەز تېرىش ئىشى پۈتۈنلەي

كىچىكىدۇ.
— باشقا كەتتىلەر يېرىنى ئاساسەن ئوسا قىلىپ بولغىلى تۇرۇپتۇ.
— يېرىگە ئۆرۈق سېلىپ بولغانلارمۇ، سالغان ئۆرۈقى بىخلىنىپ چىققانلارمۇ بار ئىكەن.
— يىل ئاخىرىدا ھۆددىنى قانداق ئورۇنلايمىز كىنتاڭ؟!
— ئۆستەڭنى شۇنچە يوغان چاپقاندىكىن سۇنى جىقراق باشلىسا بولمامدىغاندۇ؟
— قايسى سۇنى باشلايدۇ، دەريادا باشتىنلا سۇ ئاز تۇرسا؟!
— باشقا يېزىلاردىمۇ كېۋەز تېرىش ئۈچۈن بىنەمنى كۆپ ئېچىپتىكەن، شۇڭا دەريانىڭ سۈيى ئاياغقا كەلگەنسېرى ئاز قاپتۇ.
— بالادەك ئۆستەڭنى چېپىپ قويۇپ، سۇ يوق دەيلى.
— پاختا تېرىيمىز دەپ يايلاقلارنى بۇزۇپ، ئالتە پاتمان بىنەم ئېچىپ قويۇپ، ئەمدى سۇ يوق دەيلى.
— كۆرىدىغان تاماشا تېخى ئالدىمىزدا.
— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنىڭ يېزىنىڭ سۇ ئېلىش نۆۋىتى توگەيدىكەن.
— ئۇ چاغدا تېرىغان كېۋەز پىشامدۇ دېسىلە.
— بولماپتۇ بۇ ئىش. دەرھال بىر ئامالىنى قىلايلى.
— ھېلىقى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭىنىڭ قېشىغا بېرىپ باقساق بولاتتى.
— ئۇ يەرگە قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ.
قوتاندۆڭلۈكلەر جىددىيلەشتى، ئالدىراشتى، ئېسىگە كەلگىنىنى دەپ ئەقىل كۆرسىتىشتى.
سۇنى تېزرەك باشلاپ كېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. شۇ كۈنى كەچتە رازىق شۇجىنىڭ ئىككى قوچقار، بىر سېۋەت تۇخۇم بېسىلغان ئات ھارۋىسى دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى. رازىق شۇجى تىزگىن سىيرىپ چېپىپ

كېتىۋاتقان ئاتقا يەنە قامچا سالاتتى. پونكىتتا ــ ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئاتقا قامچا سالغاچ دەرياغا ئەپسۇسلىنىش بىلەن كۆز تىكتى، دەريا ئېقىنى قۇپقۇرۇق ئىدى، يېڭى ئېچىلغان بىنەملەرنى سۇغىرىشقا باشلىغاندىن تارتىپ دەريادا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

ھازىر دەريادىن ئىلگىرىكى، شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

*　　　*　　　*

سۇسىز ياز.

پۈتكۈل قوتاندۆڭدىن يال ـ يال تونۇر تەپتى كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ لەۋلىرى گەز باغلىغان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، زىرائەتلەر سولاشقان، ئېتىز ـ قىرلار چاك ـ چاك يېرىلغان، يېرىم دەرياسى قۇرۇپ كەتكەندىن تارتىپ باشلانغان قۇرغاقچىلىق تېخىچىلا داۋاملاشماقتا. رازىق شۇجى دەريا باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ھېلىقى ئاۋاق پونكىت باشلىقىغا بىر نەچچە قېتىم پاقلان توشۇپ يۈرۈپ ئاران ئىككى قېتىم سۇ ھەل قىلالىدى. لېكىن، شۇ سۇمۇ قوتاندۆڭنىڭ يەرلىرىگە شۇنداقلا بىر يالتىپ بولغۇچە توختاپ قالدى. بۇدرۇق پاقلان بولۇپ ئۆسكەن كېۋەز مايسىلىرى تۈپ توختاتقاندىن كېيىنكى ئۇلاق سۈيىنى ئىچەلمەي، خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان بوۋاقتەك سولىشىپ كەتتى. بۇغدايلار قېنىپ سۇ ئىچەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قىردىن ئېشىپ ئۆسەلمىدى. بوۋاقنىڭ

چىمچىلاق قولىدىكىمۇ باش تارتالمىدى. مانا ھازىر بۇغدايلارنى ئورۇپ، ئورنىغا دەرھال ئوسا قىلىپ قوناق تېرىۋېتىش كېرەك. لېكىن، ئوسا قىلىدىغان سۇ يوق. سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن يەنە ھېلىقى ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بېرىش كېرەك.

رازىق شۈجىنىڭ بېشىدا تاغدەك غەم، قوتاندۈگلۈكلەر ئۈنىڭغا بىر ئامال قىلىپ، تېززەك سۇ باشلاپ كەل، دەپ تەلمۈرۈشمەكتە. يەر، زىرائەت، دەل ـ دەرەخ، چارۋا مال، ئۇچار ـ قانات، جان ـ جانىۋار ۋە ئادەملەر ئوخشاشلا سۇ، سۇ دەيدۇ، نالە قىلىدۇ، تەشنالىقتا ئېغىر ـ ئېغىر ھالسىرايدۇ.

رازىق شۈجى چىدىمىدى. ئۆزىنى، قوتاندۈگنىڭ، قوتاندۈگلۈكلەرنىڭ تەشنالىقى ئۈچۈن ئېغىلدىكى يوغان نەسىللىك قوچقىرىنى ھارۋىسىغا باستى ـ دە، سۇ پونكىتىغا قاراپ ماڭدى.

— تەقسىماتىڭلار چىقمىدى، تەقسىماتىڭلار بولمىسا، مەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بىر تېمىممۇ سۇ بۇيرۇپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ئاۋاق پونكىت باشلىقى ھارۋىدىكى قوچقارغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، — سىلى جاڭگاللىقلارمۇ قىزىق خەق، سۇ لازىم بولمىسا كېلىپمۇ قويمايسىلە، شۇنداقلا سۇ لازىم بولسا ھارۋاڭلارغا تاكىراك قويدىن بىرنى بېسىۋېلىپ يۈگۈرۈپ كېلىسىلەر، بۇ يىل دەريانىڭ سۈيى باشتىنلا ئاز، پۈتۈن ناھىيە بويىچە سۇ جىددىيچىلىكى بەك يامان، باشلىقلار سۇنى چوقۇم تەقسىمات بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە بەك تەكىتلەپ كېتىۋاتىدۇ. قويلىرىنى ئېلىپ كەتسىلە. مەن سىلىنىڭ ئاشۇ چىچقاق پاقلانلىرىنى ئېلىپ قويۇپ پارا ئالدى، سوۋغا ـ سالامغا سۇ تېگىشتى دېگەن ئاتاققا قېلىپ، ساق بېشىمغا ئاغرىق تېپىۋالماي يەنە.

رازىق شۈجى ئارتۇقچە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالمىدى، دەرھال كەينىگە ياندى. ھارۋىسىنى ئۈچقاندەك ھەيدەپ، پېشىن ۋاقتى

بىلەن قوتاندۆڭگە كەلدى ـ دە، ئېغىلدىكى بۇ يىل قوشقا قېتىشقا مۆلچەرلەپ قويغان قارا بۇقىنى باغلاپ چىقتى، ئۇنىڭ ئات ھارۋىسى سۇ پونكىتى تەرەپكە قاراپ يەنە يورۇپ كەتتى. ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلانغان بۇقا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ماكانىغا تارتىشتىمۇ ياكى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان قىسمەتنى تۇيۇپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىتتىك ماڭغىلى ئۇنىماي، كەينىگە تارتىشىپ، ئىرەجەپ تۇرۇۋالاتتى، سوزۇپ ـ سوزۇپ مۆرەيتتى.

بۇقىنى كۆرۈپ ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى، چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھىجايدى، كۆزىگە چۈشۈۋالغان كەپكىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويدى.

— ئادەمنىزە تار يەردە قىستاپ، مۇشۇنداق تەڭلىكتە قالدۇرۇپ تۇرۇۋالىلا جۇما، شۈجى، — دېدى پونكىت باشلىقى ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سۇنى بەرمەي دېسەم سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوتاندۆڭلۈكلەرمۇ ئۆزۈمنىڭ قېرىندىشىمدەك خەق. سۇنى بۇيرۇپ بېرەي دېسەم، ھازىر يۇقىرىدىن كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، خىزمەتتە ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، يېقىنلىرىغا، تونۇش ـ بىلىشلەرگە يان باسماسلىق ھەققىدە ھە دەپ تەكىتلەۋاتىدۇ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى ھازىر، — ئۇ شۇنداق دەپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بوپتۇ، ئالايتەن ساقاللىرىنى سۆرەپ كەپلا، قۇرۇق قول كەتمىسىلە، يۇقىرىدىن تەقسىماتى يوق ئورۇنغا سۇ بېرىپسەن دەپ قالسا، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلارمەن.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، زەنجاڭ، ھەشقاللا.

رازىق شۈجى پونكىت باشلىقىنىڭ: «سۇ بىرىلىسە بولىدۇ. خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار» دەپ يېزىپ بەرگەن باغاقچىسىنى ئېلىپ، زاكۇ بېشىغا ماڭماقچى بولدى.

— مۇنداق بىر گەپ، — دېدى پونكىت باشلىقى شۈجىنى

توختىتىۋېلىپ، — ۋىلايەتتىن ئىككى باشلىق كەپتىكەن، رەھبەرلەر ماڭا ئوبدانراق بىر سورۇن ھازىرلاڭلار، ئۇلارنى ياخشىراق بىر كۈتۈپ قويىلى، دېگەنىدى. شەھەردىغۇ نى - نى ئالىي رېستورانلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار. لېكىن، ئۇلار ئۇنداق يەرلەرگە تولا بېرىپ زېرىكىپ كەتكەن خەق بولغاچقا، رېستورانغا باشلاپ يۈرمەي باشقىچىرەك بىر سورۇن ھازىرلايلى دېيىشكەنىدۇق. مېنىڭچە، سورۇننى سىلىنىڭ قوتاندۆڭگىلا تۈزەيمىكىن دەيمەن. قانداق دېدىم، شۈجى؟

— ناھايىتى ئوبدان ئويلاپىلا، زەنجاڭ، — دېدى شۈجى دەرھاللا، — ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا بېرىپ تەييارلىق قىلاي.

— بۇ سورۇن سىلىگە ئامانەت قالدى ئەمىسە، — دېدى پونكىت باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — بېرىپلا ئوۋچىلارنى قاراڭغۇتوغراقتا ھەيدىسىلە. كېيىك، جەرەن، گۆشىنىڭ گېپىنى قىلسام، ئۇلار بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتىشتى، سىلىگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلارغا «خاتىرجەم بولۇڭلار، داستىخاندىكى بارلىق يېمەكلىكلەر خاس ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى بولىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىدىن بىر چىشلەممۇ يەپ سالمايسىلەر» دەپ ۋەدە بېرىۋەتتىم، ئىچىملىككە كەلسەك، ئۇلار سىلى - بىز ئىچكەن ئادەتتىكى ھاراق، ئىچىملىكلەرنى ئىچمەيدۇ. مەن سىلىگە بىرنەچچە خىل ئىچىملىكنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرەي، شەھەردىن جىقراق ئاچىقتۇرۇپ قويارلا، مۇشۇنداق قىلساق قانداق دەيلا، شۈجى؟

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى شۈجى بوشقىنا، ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. تاغدەك بىر يۈكنى يەلكىسىگە ئېلىۋالغاندەك قەدەملىرىنى ئاران يۆتكەيتتى. ئەسلىدىنلا سەل دوكراق كەلگەن بەستى خۇددى ئورغاقتەك ئېگىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

مۇسا ئاقساقال رازىق شۈجىنىڭ قاراڭغۇتوغراققا ئوۋچى

ئەۋەتىش پىكىرىگە قارشى تۇرۇۋپمۇ كەتمىدى. بىلەك قىزغىن قوللاپمۇ كەتمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى ـ دە:

— ئۆزلىرى بىلىپ بىر ئىش قىلسىلا، مەن ئۇۋۇغا چىقمايمەن، ئوۋچىلارغا تاپىلاپ قويسىلا، ئۇلار ئورمانغا بىلەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتمىسۇن، ئېزىپ قالىدۇ. بوغازلىرىنى ئوۋلىمىسۇن، زىيادە جىق ئوۋلاپمۇ كەتمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقى مېھمانلارنى باشلاپ كېلىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئوۋچىلارمۇ قاراڭغۇتوغراقتىن قايتىپ چىقىشتى. ئۇلار بىر كېيىك، ئىككى قىرغاۋۇل، ئىككى توشقان ئولجا ئالغانىدى.

كېيىكنى سويۇپلا ئوۋچىلارنىڭ قوللىرى تىترەپ، قولىدىكى پىچاق چۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشتى، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلەشتى.

— بوغاز ئىكەن... ئىست، بوغاز ئىكەن ئەمەسمۇ... خۇدا، ئۆزۈڭ ئەپۇ قىلغايسەن، — دەپ ئىڭراپ تاشلىدى قېرى ئوۋچى لەۋلىرىنى گاچ ـ گاچ چىشلەپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا.

كېيىك راستىلا بوغاز ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ئېتىگە ئەمدىلا تۈك چىقىشقا باشلىغان قوشكېزەك تۆرەلمە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئوۋچىلارنىڭمۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ بىر ھازاغىچە كېيىك گۆشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قولى بارمىدى.

رازىق شۇجى بۇ قېتىممۇ دەريانىڭ قىرغىقىدىكى ھېلىقى قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى مەيدانغا كىگىز ـ كۆرپە سالدۇرۇپ داستىخان ھازىرلاتقانىدى. داستىخان بىردەمدىلا ھەر خىل يەل ـ يېمىش، تۇرلۇك ئىچىملىك ۋە شورپا، كاۋاپ قىلىپ پىشۇرغان كېيىك، توشقان، قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىلەن لىق تولدى.

قوتاندۆڭلۈك سازەندىلەر داستىخاندىن ئىككى قەدەم نېرىدا ئولتۇرۇپ مۇقام تووۋلايتتى.

ئىچىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىق — چىشلىرى سۇۋارى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان چار باش، سىمىز ئادەم ئۆتلىگەن كالللىدەك ھىجىيىپلا ئولتۇرىدۇ. ئاۋاق پونكىت باشلىقى بولسا كىچىنىڭ سالقىن غۇر - غۇر شامىلى بىلەن بەسلەشكەندەك، سىمىز باشلىقنى ھە دەپ يەلپۈمەكتە ۋە داستىخاندىن خۇددى كىچىك بالىغا يېمەكلىك تاللاپ بەرگەندەك گۆش تاللاپ بەرمەكتە.

رازىق شۇجى دەريانىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، كونا ئېغىزنىڭ كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى، ۋىلايەتتىن كەلگەن بۇ چوڭ باشلىققا دەپ باقماقچى، دەرياغا، قوتاندۆڭگە، قاراڭغۇتوغراققا سۇ باشلاپ كېلىش ئىشىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئېغىز ئۆمەلىدى. لېكىن، ئاۋاق پونكىت باشلىقى پەقەتلا پۇرسەت بەرمىدى. ئۇ ئالتۇن چىشلىق چوڭ باشلىقنىڭ قۇلىقىغا بىر ئۆزىلا كۇسۇرلايتتى. بىر ئۆزىلا ھاراق، ئىچىملىك تۇتاتتى. بىر ئۆزىلا يەلپۈيتتى. قۇم دۆڭنىڭ ئۈستى ئايدىڭدا قىزىرىپ كەتكەندى. كىملەردۇر بىقىندىكى ئادەمگە كۆڭۈل چۈشەندۈرەتتى. سازەندىلەر بولسا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىغا، ئۇسساپ كەتكەنلىكىگە قارىماي بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن نەغمە قىلاتتى. ناخشا تووۋلايتتى.

قاراڭغۇتوغراقتىن سوقۇۋاتقان غۇر - غۇر سالقىن شامال تۇيۇقسىز چاقماق تېزلىكىدە شىددەتلىك قارا بورانغا ئۆزگەردى. بوران شۇنداق دەھشەتلىك چىقتىكى، گويا ئاشۇ ئەلپازى بىلەن مۇشۇ سورۇننى، سورۇندىكى ئادەملەرنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ بىر يەرگە كۆمۈۋېتىدىغاندەك دەھشەتلىك ھۆركىرەيتتى. قۇم - توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئادەمنىڭ كۆزىگە، ئاغزىغا تىقاتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا سورۇننىڭ پەيزى ئۇچۇپ كەتتى. سىمىز باشلىق، ئاۋاق پونكىت باشلىقى قاتارلىقلار ئالدى -

كەينىگە قارىماي بەدەر قاچتى. ئۇدۇل بېرىپ ماشىنىغا چىقىۋېلىشتى، باشقا مېھمانلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. لىپگەن ـ لىپگەنلەردىكى كاۋاپلار، گۆشلەر قۇم ـ توپىنىڭ ئارىسىدا قالدى.

— ماشىنىدىن چۈشسىلە، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى شۈجى.

— بولدى كېتەيلى، هازىرلا ماڭايلى. بۇ يەردە تۇرساق تالڭ ئاتقۇچە قۇم ـ توپىغا كۆمۈلۈپ قالمايلى يەنە، — دېدى سېمىز باشلىق قاپاقلىرىنى تۈرۈپ پۈش ـ پۈش تىنىپ.

سېمىز باشلىق كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئاۋاق پونكىت باشلىقىمۇ باشقا گەپ قىلالمىدى. ئۇمۇ ئەگەشتى، شۈجىنىڭ قونۇپ قېلىڭلار دەپ تۇتۇشلىرىنى كەسكىن رەت قىلدى. شوپۇرلار ماشىنىلىرىنى ئوت ئالدۇرۇپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇشتى، مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا كۆڭۈلسىز خوشلاشتى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ پىكاپى ئورنىدىن قوزغىلىپ تۆت ـ بەش مېتىر ماڭمايلا توختىدى. پونكىت باشلىقى كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ توۋلىدى.

— شۈجى، هوي رازىقاخۇن شۈجى.

شۈجى يۈگۈرۈپ كەلدى.

— خوش نېمە گەپ باركىن؟

— هېلىقى داستىخاندىكى گۆش ـ كاۋاپلارنى ماۋۇ سومكىغا قاچىلاپ بەرسىلە.

شۈجى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغاندەك بولۇپ، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— داستىخاندىكى گۆش، كاۋاپلار پۈتۈنلەي توپا ـ قۇمغا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ، شۇڭا...

— توپا ـ قۇمغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ مەيلى، تېز ئادەم بۇيرۇسىلا قاچىلاپ بەرسۇن.

پونكىت باشلىقىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقىنى شۈجى دەرهال بەجا كەلتۈردى. مېھمان چىققان پىكاپلار تۈن ـ كېچىدىكى قارا

بوراندا بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بوران بارغانسېرى ئەدەپ كەتكەندى. ئۇلار بىر نەرسىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى، قۇم - توپىلار بىلەن كۆمىۋەتمەكچى بولغاندەك شىددەت بىلەن سوقاتتى، غەزەپلەنگەندەك، نەرە تارتقاندەك ھۆركىرەيتتى. قۇم - توپىلارنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى.

ئەتىسى قوتاندۆڭلۈكلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيران قالدى. قورقىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىرەر شۇملۇقنىڭ، بالا - قازانىڭ ئالامىتىنى سەزگەندەك ۋەھىمىگە چۈشتى. قوتاندۆڭ بەش - ئالتە سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم - توپىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، زىرائەتلىرىنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، ھاۋا - جاھان ساپسېرىق، ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. قوتاندۆڭ يا كېچىگە، يا كۈندۈزگە ئوخشىماي قالغانىدى.

— بۇ قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇملۇقنىڭ قۇملىرى، كېچىدىن چوڭ كۆلەمدە قۇم كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. قوتاندۆڭدە ياغقان بۇ قۇملاردىن قارىغاندا، قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئۇ چېتىدىكى خېلى كۆپ قىسىم ئورمانلارنى كېچىچە قۇم كۆمىۋەتكەن ئوخشايدۇ. بوران مۇشۇنداق چىقىۋېرىدىغان بولسا، قاراڭغۇتوغراقنى پۈتۈنلەي قۇم يۇتۇپ كېتىدۇ، — دېدى مۇسا ئاقساقال ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم - قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

*　　*　　*

تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەن سىرتقا ماڭغان رازىق شۇجى ھويلىنىڭ شادلىق دەرۋازىسىنى ئېچىپلا، ئىشىك ئالدىدىكى كۆلچەكنىڭ بويىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە دەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىدى، ئۇنى سەزگۈلىرى ئالدىمىغانىدى. ئۇ راستلا كۆرۈۋاتاتتى، كۆلچەكنىڭ بويىدا بىر ئانا كېيىك سۇنايلىنىپ ياتاتتى. چىرايلىق ئاھۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇراتتى. قېشىدا يېڭىلا تۇغۇلغان بىر جۈپ كېيىك ئوغلىقى غۇبارسىز قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە، ھېچنېمىدىن غەمسىز بەخىرامان تۇراتتى. رازىق شۇجى ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى، كېيىك ئوغلىقى ھېچقانداق خەۋپ ھېس قىلمىدىمۇ ياكى سەزمىدىمۇ، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئادەمدىن پەقەتلا قاچمىدى. ئانا كېيىكمۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى، رازىق شۇجى پەم بىلەن كېلىپ ئانا كېيىكنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. كېيىك جىملا ياتاتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغان بولۇپ، بەدىنى مۇزلاپ قالغانىدى. ئۇ تۇغۇتتا ئۆلۈپ قالغان بولسا كېرەك. تۇغۇت يولىدا تۆرەلمە ھەمراھىدەك بىر نەرسە يېرىم چىقىپ تۇراتتى.

رازىق شۇجى ئاۋۋال ئىككى كېيىك ئوغلىقىنى، ئاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان ئانا كېيىكنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەكىردى. ئايالىنى توۋلاپ چىقىپ، كېيىك ئوغلىقىغا ئىنەكنى سېغىپ سۈتىنى ئىچۈرۈشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئانا كېيىكنى سويۇشقا تۇتۇندى. ئۇ كېيىكنى تېزلا سويۇپ بولدى. گۆشىنى ھويلىسىدىكى ئۈزۈم تالىنىڭ تۈۋىگە كۆمدى. سويۇۋالغان كېيىك تېرىسىنىڭ ئۈستىگە تۇز چېچىپ ئاپتاپ چۈشىدىغان يەرگە يېيىپ قويدى.

رازىق شۇجى مۇسا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە،

مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى هويلىدا كىيىك ئوغلاقلىرىغا شىشىدە سۈت ئەمدۈرۈۋاتاتتى. ئوغلاقلار شىشىدىكى سۈتنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، بەس ـ بەستە ئىمىۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم هەيران قالدى.

ـــ كەلسىلە، رازىقاخۇن، ـــ دېدى مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى رازىق شۇجىغا سالام بېرىپ، ئۇ رازىق شۇجىنىڭ كىيىك ئوغلاقلىرىغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۈشەنچە بەردى، ـــ بىزنىڭ ئا ئادەم ئۇلۇشكۇن كەچ قاراڭغۇتوغراقتىن تېپىپ كەپتۇ، ئانىسى ئۆلۈپ قاپتىكەن دەپ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ كەپتۇ. قېنى ئۆيگە كىرسىلە، ـــ ئايال ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، ـــ هوي... هوي ئادەم، رازىقاخۇن شۇجى كەلدى.

مۇسا ئاقساقال هويلىغا چىقىپ رازىقاخۇن شۇجىنى ئۆيگە باشلىدى.

ـــ هويلىنىڭ ئالدىدىكى كۆلچەك بويىدىن تېپىۋالدىم دېسىلە، ـــ دېدى مۇسا ئاقساقال رازىق شۇجىنىڭ كىيىك ئوغلىقى هەققىدىكى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، ـــ سۈت ئەمدىمۇ، ئوغلاقلار خېلى تىمەنمۇ؟

ـــ سۈت ئەمدى، مەن بۇياققا ماڭغاندا باللار ئېمىتىپ قالغان. بۇ نېمە كارامەتتۇ ئەمدى؟ ـــ دېدى رازىق شۇجى كۆڭلىدىكى گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ـــ قوتاندۆڭدە ئەزەلدىن مۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان هەم بۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بىز ئىلگىرى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا ئانىسى ئۆۋلىنىپ قېلىپ، يېتىم قالغان ئوغلاقلارنىلا تۇتۇۋېلىپ ئەكېلىپ باققانىدۇق.

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى مۇسا ئاقساقال ئەقىل ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ، ـــ بۇ ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئىش، پەمىمچە، يېرىم دەريا قۇرۇپ كەتكەندىن بېرى،

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇتوغراقتىكى بۇلاق، كۆللەرمۇ، زەي ـ شىۋىلەرمۇ قۇرۇپ كەتتى. توغراق، يۇلغۇن، شۇنداقلا ئوت ـ چۆپلەرمۇ قۇرۇپ، قۇم ـ بوراننىڭ ئاستىدا قالدى. ھازىر بۇ جانىۋارلارغا قاراڭغۇتوغراقتا ئىچكۈدەك سۇ، تويۇپ يېگۈدەك ئوت ـ چۆپ يوق. مەن كېيىك، جەرەنلەرنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ، تېرىلغۇ يېرىمىزگە كېلىپ ئوتلاۋاتقانلىقىنى بىرقانچە قېتىم كۆردۈم. ئەزەلدىن قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشايدىغان بۇ جانىۋارلارنىڭ ئۆز ماكانىنىڭ سىرتىغا چىققانلىقىغا قارىغاندا قاراڭغۇتوغراقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىچكۈدەك سۇ، يېگۈدەك ئوت ـ چۆپ قالمىغان گەپ، بەلكىم بۇ چاغقىچە قاراڭغۇتوغراقنىڭ خېلى بىر قىسمىنى قۇم كۆمۈپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاپەت يالغۇز بىزنىڭ بېشىمىزغىلا ئەمەس، بۇ جانىۋارلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلگىلى تۇردى، رازىقاخۇن.

— بۇ ئىشنىڭ ئامالى بولماسمۇ؟

— ئامال؟ بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە ئامال كېلىدۇ دەيلا؟ دەريانىڭ سۈيىنى ئۇ بالاخورلار پۈتۈنلەي توسۇۋالدى، — مۇسا ئاقساقالنىڭ كۆزلىرى ھەسرەتلىك مۇڭغا تولدى، مىس رەڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ «پاختا ـ پاختا» دەيلا، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولماي، بىنەم يەرلەرنى كۆپ ئېچىۋەتتى. دەريانىڭ سۈيى پۈتۈنلەي ئاشۇ بىنەمگە — پاختىغا ئېقىۋاتىدۇ. ئەزەلدىن بۇ دەريادىن سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇتوغراققا بىر تېمىم بولسىمۇ سۇ ئەۋەتىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر بۇ جانىۋارلارنىمۇ، قاراڭغۇتوغراقنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بىردىنبىر ئامال دەرياغا سۇ باشلاش، قاراڭغۇتوغراققا سۇ باشلاپ كېلىش. لېكىن، بۇ گەپنى كىم تىڭشايدۇ؟ قاراڭغۇتوغراققا سۇ باشلاش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ ئىلگىرى قاراڭغۇتوغراقنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر ئۆيلۈك كىشىلەر بولىدىغان، ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ماڭا

ئايلىق بېرىدۇ، دېيىشەتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا، ئۇ كىشى پېنسىيەگە چىقتىم دەپ بالىچاقىلىرى بىلەن كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاڭگاللىقتا ئادەم كەلگىلى ئۇنىمىدىمۇ ياكى هۆكۈمەتنىڭ كارى بولمىدىمۇ بىرمۇ ئورمان قاراۋۇلى كەلمىدى. ئەگەر ئاشۇنداق هۆكۈمەت مەخسۇس تەيىنلىگەن ئورمان مۇهاپىزەتچىلىرى بولغان بولسا، قاراكۆتۇغراقنىڭ كېيىنى قىلىشقا بىرئاز ئامال تېپىلاتتى. بۇ ئىش مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا قاراكۆتۇغراقمۇ، بىزنىڭ قوتاندۇگمۇ، ئاشۇ ئاچچىق بىنەم يەرلەرمۇ قۇمنىڭ تېگىدە قالىدۇ. ئەل ـ يۇرتنى قۇم باسىدۇ.

ــ قانداق قىلساق بولار، دەپ باقسىلا ئاقساقال؟ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولماس، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ بىر چارىسىنى قىلساق بولاتتى.

ــ نەچچە كۈندىن بېرى كاللامغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى مۇسا ئاقساقال گېزىت قەغىزىگە تاماكا ئورىغاچ، ــ يۇقىرىغا يۇرتنىڭ، قاراكۆتۇغراقنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن سېلىپ خەت يېزىپ باقايمىكىن دەيمەن. پارتىيە ـ هۆكۈمەت دېگەن يالغۇز بېھىشباغ يېزىسىلا ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەز بار. خەتنى بىرنەچچە نۇسخا يېزىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ هۆكۈمەتلەرگە، رەھبەرلەرگە ئەۋەتسەك، بەلكىم ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈپ قالار. هازىر ئالىدىغان ئازغىنا پايدىدىن كېيىن تارتىدىغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالار، يېزا باشلىقىنى «پاختا، پاختا» دەپلا قارىغۇلارچە قالايمىقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىشتىن توسۇپ قالغىلى، دەرياغا سۇ ئېچىپ، قاراكۆتۇغراققا سۇ باشلاپ كەلگىلى بولار دەپ ئويلايمەن.

ــ ئوبدان ئويلاپلا، شۇنداق قىلىلى، ــ دېدى رازىق شۇجى، ــ خەتنى سىلى يېزىپ پۈتكۈزسىلە، خەتنىڭ ئايىغىغا مەنمۇ ئىمزا

قوياي.

— يۇقىرىغا خەت يازىدىغان ئىشنىڭ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشىدىن، يامانلىق ئېلىپ كېلىشى تولا، بۇ ئەزەلدىن شۇنداق. يۇقىرىدىكىلەر خەتنى كۆرۈپ بىر بولسا مەخسۇس ئۆزى قول تىقىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، بىر بولسا ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇنغا تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئورۇنمۇ ئۆزىدىن يەنە بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇنغا تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ، يازغان خېتىمىز ئاخىر ناھىيە، يېزا باشلىقلىرىنىڭ قولىغا كېلىپ توختايدۇ. تەلىيىمىز بولسا ئىش ئوڭغا تارتىپمۇ قالىدۇ. تەلىيىمىز بولمىسا خەت يازغانلىقىمىز ئۈچۈن بېشىمىزغا بالا ـ قازا ياغىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى سىلى ـ بىز جىق كۆرگەن. شۇڭا، خەتكە ھېچكىمنى چېتىۋالماي ئۆزۈملا ئىمزا قويۇپ ئەۋەتەي دەپ ئويلىغانىدىم. سىلىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، سىلى بولسىلا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر كەنتنىڭ بېشى. شۇڭا، بۇ ئىشتا سىلى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغانلىرى ياخشى. ۋاقتى كەلگەن چاغدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا بىر ـ ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ قويسىلا بولىدۇ.

رازىق شۇجى تالىشىپ ئولتۇرمايلا ئاقساقالنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى.

— مەن ئۆيگە قايتاي، — دېدى رازىق شۇجى ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بىردەم ئولتۇرسىلا، باللار قازان ئاسسۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقال.

— رەھمەت، يەنە باشقا ئىشىم بار ئىدى، — دېدى رازىق شۇجى ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ.

— ھېلىقى كېيىك ئوغلاقلىرىنى قانداق قىلاي دەۋاتىدىلا؟ —

دەپ سورىدى مۇسا ئاقساقال.

— ھە، راست، تاسلا قاپىتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، — دېدى رازىق شوجى گەدىنىنى قاشلاپ، — مەن ئەسلىي مۇشۇ ئىش توپەيلى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن. سىلىچە قانداق قىلساق بولار؟

— ئوغلاقلارنى ھازىرچە كالا سوتى بىلەن بېقىپ تۇرايلى، ئۇلار بىر ئاز چوڭ بولۇپ ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالالىغۇدەك بولغاندا قاراكۆلتوغراققا قويۇۋېتەيلى، — مۇسا ئاقساقال رازىق شوجىنىڭ باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلى بىر نەچچەيلەننى تەشكىللەپ، كېۋەزلىك، قوناقلىقلارنى ئىزدەشتۈرۈپ باقسىلا، بەلكىم ئوغلاقلىرى يەنە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىر بوغاز كېيىك - جەرەنلەرنىڭ تۆللەيدىغان مەزگىلى. مەن بىر نەچچە ئۇۋچىلارنى باشلاپ قاراكۆلتوغراقنى بىر ئايلاپ چىقاي، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوغلاقلارنى ئىزدىگەچ قاراكۆلتوغراقنىڭ زادى قانچىلىك يېرىنى قۇم باستى، قانچىلىك يېرى قۇرۇپ كەتتى. تەپسىلىي كۆرۈپ كېلەي. يەنە بىر گەپ، ئامىمىنى تەشكىللەپ قاراكۆلتوغراقنىڭ ئەتراپىغا يوغانراق كۆلدىن بىر نەچچىنى چېپىپ سۇ تولدۇرۇپ قويايلىمىكىن دەيمەن، — ئاقساقالنىڭ مەقسىتىنى تېزلا چۈشەنگەن رازىق شوجى دەرھال بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بەردى.

قوتاندۆڭدە بۇ يىل كۈز بالدۇرلا كەلدى. 10 - ئاي ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ھاۋا سوۋۇپ، قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ، ئۇششۇك مېڭىپ كەتتى. كىشىلەر قىشلىق كىيىملىرىنى يىلالاردىكىدىن بۇرۇنلا كىيىشىۋالدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنى قوناق ئورۇش، بۇغداي تېرىش، كېۋەز تېرىپ سېتىش... قاتارلىق بىر تالاي ئىشلار ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھازىر بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغىنى يەنىلا پاختىنىڭ ئىشى ئىدى. ئۇلار يازدىن بۇيان ۋاقتىدا سۇ قويۇپ، پەرۋىش قىلالمىغانلىقتىن كېۋەز

مايسىلىرى تولۇق ئەي بولمىدى، تولۇق ئايتالمىدى ھەم غوزىسىمۇ ئانچە كۆپ چۈشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇق ۋە قاتتىق ئىسسىقتا ئاران ـ ئاران تۇرغان كېۋەز مايسىلىرىغا بىردىنلا كېسەل تېگىپ ۋە كېپىنەك قۇرتى چۈشۈپ بىر قىسىم كېۋەز مايسىلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى ۋە چېچەك، غوزىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تۆكۈۋەتتى. نەتىجىدە قوتاندۆڭلۈكلەر كېۋەز تېرىپ ـ سېتىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەتىيازدا يېزا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن تارقىتىپ بەرگەن ئۇرۇقلۇق، سولياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ پۇلىنىمۇ ئېتىزدىن چىققان پاختىنىڭ پۇلىدىن تىرىلدۈرەلمەي، گەدىنىدە ئېشىپ قالغان قەرزىنى قوتاندىكى مال چارۋىلىرىنى سېتىپ تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل بېشىدا يېزا چۈشۈرۈپ بەرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچى ئورۇنلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەھسۇلات خېلىلا كەملەپ كەتتى. توختام بويىچە ھەربىر دېھقان ئائىلىسى پاختا مەھسۇلاتىنىڭ كەملىگەن قىسمى بويىچە يېزىغا جەرىمانە تۆلىشى كېرەك. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولىدىغان بۇ ئىشمۇ قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ئالدىدا قورقۇنچلۇق ياۋۇز بىر مەخلۇقتەك توغرا تۇراتتى.

رازىق شۇجى ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيمۇئۆي بېرىپ، دېھقانلارغا ئۆيدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ قالغان پاختا بولسا، دەرھال يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ بېرىپ كېلىشنى سۆيلەيتتى.

— يوق، ئۆيدە بىر جىڭمۇ پاختا ئېلىپ قالمىدۇق، ھەممىنى ئاپىرىپ سېتىپ بەردۇق، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئائىلە باشلىقلىرى.

— غوزىچۇ، غوزا، غوزىلارنىمۇ بىرنى قويماي ئۈزۈپ كېلىپ پاك ـ پاكىز تېشىپ سېتىپ بېرىڭلار. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاشۇنداق، شەخسىي ئىشلىتىمەن دەپ ئۆيدە بىر جىڭمۇ پاختا ئېلىپ قېلىشقا بولمايدۇ، پاختىنىڭ

ھەممىسىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش كېرەك.
رازىق شۇجىنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل قوتاندۆڭ تەۋەسىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئوخشاش رىتىمدا ئاڭلىناتتى. دېھقانلارمۇ رودۇپاي جەرىمانىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن پىشماي ئۈششۈپ كەتكەن غوزىلارنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي ئۈزۈپ كېلىپ، پاكىز تېشىپ، پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ بېرىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى ئورۇنلانمىدى. «ئېتىزدىن چىققىنىنى ئېلىپ قالماي ئاپىرىپ سېتىپ بەردۇق، ئەمدى ھېچقانداق ئامالىمىز قالمىدى. بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز» دېيىشتى ئۇلار.
بىر كۈنى ئاشۇ ئاقتى بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىرقانچە يېزا كادىرىنى باشلاپ يېزىنىڭ پىكاپى بىلەن قوتاندۆڭگە يېتىپ كەلدى. رازىق شۇجى قاتارلىق بىرقانچە كەنت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ھال ـ ئەھۋال سورىدى.
يېزىلىق ھۆكۈمەت پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرگە، دېھقانلارنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن بىردىن يېزا دەرىجىلىك رەھبەرنى مەسئۇل قىلغانىدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى دەل قوتاندۆڭ كەنتىگە مەسئۇل بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ قوتاندۆڭ كەنتىنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى، ھۆددە كۆرسەتكۈچىنىڭ ئورۇنلانغان ـ ئورۇنلانمىغانلىقىنى، جارا ـ جەرىمانىنىڭ نەقلەشكەن ـ نەقلەشمىگەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرمەي ئۆيدە يوشۇرۇپ قويغان پاختىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرگىلى كەلگەنىدى.
ـــ ھە، كۆزىمىزنىڭ چاپىقىنى، بۇرنىمىزنىڭ قاقىچىنى كولاپ يۈرگەن ئوخشىمايمىزمۇ، رازىق شۇجى؟ ـــ دېدى ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى رازىق شۇجى قاتارلىق كەنت شۇجىلىرىغا بىھۆرمەتلىك بىلەن گىدىيىپ قاراپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولىيورۇقىنى ئورۇنلاپ تۇردۇق، شاڭجاڭ، — دېدى رازىق شۇجى ياسالما خۇشامەتگويلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— دېھقانلار پاختىنى تولۇق يىغىپ بولدىمۇ؟

— يىغىپ بولدى، شاڭجاڭ.

— غوزىسىنىچۇ؟

— ئېتىزدا بىر تالمۇ غوزا قالمىدى، شاڭجاڭ.

— سېتىپ بەرمەي ئۆيدە تىقىپ قويغان پاختا يوقتۇ؟

— يوق، ھەممىنى سېتىپ بەردى، شاڭجاڭ.

— قېنى كۆرەرمىز، قالغىنى تەكشۈرگەندە مەلۇم بولىدۇ، — دېدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى كالپۇكىغا بىر تال تاماكا قىستۇرۇپ تۇرۇپ.

رازىق شۇجى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى، ئاغزىنىڭ بىزەپلىكىنى، سورىغان ھەربىر سوئالىغا «يېزا باشلىقى» دېگەن ئاتالغۇنى قوشۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەرسە، ئىسمىنى قىچقارماي «يېزا باشلىقى» دەپ قىچقارسا خۇش بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ سورالغان ھەربىر سوئالغا «يېزا باشلىقى» نى قوشۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى ئۆچكە يېغىدەك ئاسانلا ئېرىتىۋەتتىمۇ، قانداق، مۇزدەك ئەلپازى خىلىلا يۇمشىدى، تۈرۈكلۈك قاپىقى سەل ئېچىلدى.

— قاراپ تۇرماي يول باشلىسىلا، ھەرقايسى ئائىلىلەرنى بىر-بىردىن تەكشۈرىمىز.

— نېمىشقا تەكشۈرىمىز، شاڭجاڭ؟ — سورىدى رازىق شۇجى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي.

— دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە، سېتىپ بەرمەي تىقىپ قويغان پاختا بارمۇ، يوق، پاختىنى سېتىپ بەرمەي يوتقان-كۆرپە ئېتىۋالدىمۇ، يوق، مۇشۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرىمىز.

— بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرمىسەك قانداق بولار، يېزا

باشلىقى؟ — دېدى رازىق شۆجى سەل دېلىغۇل بولۇپ، — مەن ھۆددە قىلالايمەن. دېھقانلار ئېتىزدىن چىققان پاختىنى بىر جىڭمۇ ئېلىپ قالماي ھەم ئىشلىتىۋالماي ھەممىسىنى پاختا پونكىتىغا سېتىپ بەردى، غوزا كېۋىزىنىمۇ ...

— تولا كالتە ساقاللىق قىلماي مەن بۇيرۇغاننى قىلسىلا، نېمە ئادەمنىڭ ساقىلىنى تاراپ، — دېدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى چىرايىنى سەل تۇرۇپ، — سىلىنىڭ لامزەللىكلىرىدىن مەن مۇشۇ قارغىش تەگكۈر جاڭگالغا ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك كېلىۋاتىمەن. سىلى لامزەللىك قىلمىغان بولسىلا، قوتاندۆڭ كەنتى پاختا سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلاشتا يېزا بويىچە ئارقىدا قالمىغان بولاتتى. باشقا كەنتلەر قوشنا يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ پاختىلىرىنى يوشۇرۇنچە سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بىر ئامالىلار بىلەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى. ھەرقايسىڭلار ئۇنداق قىلىش توگۇل بەخىرامان يۈرسىلە، جەرىمانە ـ جازانى نەقلەشتۈرگەندە ۋايجان دېمىسەڭلار بولدىغۇ، يەنە تېخى ياۋاش تۇرماي...

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە، رازىق شۆجىغا قوشنا يېزىلاردىن دېھقانلارنىڭ پاختىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا قوتاندۆڭنىڭ پاختىسى ھېسابىدا سېتىپ بېرىپ، قوتاندۆڭنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىنىڭ كەملىگەن قىسمىنى تولۇقلاش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەنىدى.

رازىق شۆجى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىغا ماقۇل دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى، قوشنا يېزىدىكى دېھقانلاردىن پاختىنى قىممەت باھادا سېتىۋالغان بىلەن ئۇ پاختىنى يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى ئاشۇ سېتىۋالغان باھانىڭ ئۇچتىن بىرىچىلىكمۇ باھادا سېتىۋالمايتتى. بۇنداق يول بىلەن پاختا سېتىپ بېرىپ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن بىلەن دېھقانلارغا زىيادە

www.uyghurkitap.com

كۆپ زىيان بولۇپ كېتەتتى. رازىق شۇجى مۇشۇلارنى ئويلاپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇنلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ رازىق شۇجىغا، قوتاندۇڭگە خوپلا ئاچچىقى بار ئىدى. رازىق شۇجى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ قورسىقىدىكى غۇمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانچە ئاچچىقلاپ، گەپنى چىقىۋالسىمۇ ئاق ـ كۆك دېمىدى.

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى باشلاپ كەلگەن يېزا كادىرلىرى رازىق شۇجى قاتارلىق كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر باشتىن ئاختۇرۇشقا باشلىدى. دېھقانلار قاپقىدىن قار ـ مۇز ياغدۇرۇپ، كۆزلىرىنى ھازىرلا ئادەم يەيدىغاندەك چەكچەيتىپ تۇرغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ھەم خىجىلچىلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ يەردىن ئۈستۈن قارىماي قورۇنۇپ، تۇگۇلۇپ تۇرغان رازىق شۇجى ۋە باشقا كەنت كادىرلىرىغا شۇنداقلا بىر قاراپ، ئاق ـ كۆك دېمەيلا ئۆي ئاختۇرۇشقا يول قويدى.

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى باشلاپ كەلگەن كادىرلار ئۆي، قازناق، ئېغىل، كاتساندۇقلارنى ئالا قويماي ئاختۇردى. يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سۆكۈپ تاشلىدى. ياستۇقلارنى چۇۋۇدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى بۇ ئۆيدە ھازىرلا قاتتىق بىر مەيدان جەڭگى ـ جېدەل بولغاندەك قالايمىقانلىشىپ، ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى.

— يېزا باشلىقى، قارىسىلا، ماۋۇ يەردە يوشۇرۇپ قويغان پاختا بار ئىكەن. مانا ماۋۇ يوتقاننىڭ ئىچىدىن چىقتى، — دېدى يوتقان سۆكۈۋاتقان بىر كادىر ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ.

— ۋاي بالام، ئۇ يېڭى پاختا ئەمەس، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال دەرھاللا يوتقانغا ئېسىلىپ، — بۇ ئۆتكەن يىل تىككەن يوتقان.

— ئەمىسە پاختا يېڭى تۇرىدىغۇ؟

— ئۆتكەن يىلى مېھمان ئۈچۈن دەپ تىككەنىدىم. مېھمان كەلسە يېيىپ قويدۇم، باشقا ۋاقىتتا يېپىنمىدۇق. شۇڭا، تورى شۇنداق ئاپپاق تۇردى.

— قۇرۇق گەپ! — دەپ ۋارقىرىدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ، — يوتقاننى تېشىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، تورىنى ئېلىپ مېڭىڭلار.

ئۇلار ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە، يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمىدى. كەچ كىرگۈچە پۈتكۈل قوتاندۆڭنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئون نەچچە يوتقان - كۆرپە تورىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداقتىمۇ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بۈگۈنكى خىزمىتىدىن ئانچە رازى بولمىدى. بالىلاردەك خۇيلىنىپ قالدى. رازىق شۇجىنىڭ تاماق تەييار بولدى، تاماق يەپ ماڭسىلا دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىدى.

— ماۋۇ خەققە دەپ قويسىلا، كېلەر ھەپتىگىچە قويىنى ساتامدۇ، كالىسىنى ساتامدۇ، پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بولسا، شۇنى سېتىپ، پاختا ھۆددە كۆرسەتكۈچىنىڭ كەملەتكەن قىسمىنىڭ جەرىمانىسىگە پۇل تەييارلاپ قويسۇن. كېلەر ھەپتە جازا - مۇكاپاتنى نەقلەشتۈرىمىز. جازا - جەرىمانىگە بويۇنتاۋلىق قىلىپ، غىدىڭ - پىدىڭ قىلسا مەندىن خاپا بولۇشمىسۇن. ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بولسا، شۇنى جەرىمانە ھېسابلايمەن. ئەمىسە بۇ گەپنى سىلىگە ئالدىن دەپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە خەۋىرىمىز يوق ئىكەن، بىلمەي قاپتىمىز دەپ تۇرۇۋالسا مەن سىلى بىلەن ھېسابلىشىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، رازىق شۇجىغا خوشمۇ دېمەي پىكاپقا چىقىپ كېتىپ قالدى.

ھەئە، ماشىنىمۇ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمۇ، ئۇنىڭغا بىللە ئەگىشىپ كەلگەن يېزا كادىرلىرىمۇ كەتتى. غەزەپ - نەپرىتىنى قانداق ئىپادىلەشكە، قورساق كۆپۈكىنى كىمدىن چىقىرىشقا ئامالسىز قالغان قوتاندۆڭلۈكلەر ئاختۇرۇپ قالايمىقان

قىلىۋەتكەن ئۆيلىرىگە، سۆكۈپ تاشلىۋەتكەن يوتقان ـ كۆرپىلەرگە، چۇۋۇپ تۇزغاق ـ سامانلىرىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن ياستۇقلىرىغا قاراپ يا يىغلىشىنى، يا كۈلۈشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

قوتاندۇڭ غەزەپ ئىچىدە ئەلەملىك پۇشۇلداتتى. ھەسرەتلىك ئاھ ئۇراتتى.

دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى ئەركىن، شوخ ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

* * *

بۇ يىل قىشتا قوتاندۇڭلۇكلەر يەنە ئوۋغا چىقمىدى. مۇسا ئاقساقال بىلەن رازىق شۇجى بېقىپ چوڭ قىلغان بەش تۇياق كېيىك ئوغلىقىنى قاراڭغۇتوغراقتا قويۇۋەتتى.

— بۇ يىلچە يەنە تۇرۇپ تۇرايلى. جانىۋارلار بەكرەك كۆپىيىۋالسۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقال ئوۋغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقانلارنى توسۇپ.

يىل ئۆرۈلۈشكە ھەپتە قالغان كۈنلەر ئىدى. سوغۇق ھاۋا بىردىنلا كۈچىيىۋالغان بولۇپ، ۋىشىلداپ چىقىۋاتقان قىش شامىلى ئادەمنىڭ ئېڭەك، قۇلاق، پۇت ـ قوللىرىغا خۇددى زەھەرلىك يىڭنىدەك سانجىلاتتى. قوتاندۇڭلۇكلەر سوغۇقتىن قورقۇپمۇ ياكى بۇ زېرىكىشلىك قىش كۈنلىرىنى ئوچاق ئالدىدا ئوتسىنىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىشىۋالغانىدى. مەھەللە يولىدا چوڭ ئادەملەرمۇ، كەپسىز

باللارمۇ كۆرۈنمەيتتى.
بېھىشباغ تەرەپتىن كەلگەن بىر پىكاپ كەينىدىن قويۇق توپا ـ چاڭلارنى توزۇتقىنىچە قوتاندۆڭگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل رازىق شۇجىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، سوزۇپ ـ سوزۇپ ئۈچ قېتىم سىگنال بەردى. ھايال ئۆتمەيلا ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ رازىق شۇجى چىقىپ كەلدى. پىكاپتا يېزا باشلىقى بار ئىدى. ئۇ رازىق شۇجىنى كۆرۈپ پىكاپتىن چۈشتى، مېھمان قىش ھاۋاسىدەك سوغۇق، ساھىبخان تومۇز ئاپتىپىدەك قىزغىن كۆرۈشتى، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى.
— كەنتتىكىلەرنى دەرھال يىغسىلا، جىددىي يىغىن بار.
— ئەر خەقلا كېلەمدۇ ياكى؟...
— ھەممىسى، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممىسى كەلسۇن.
بىر سائەتكە قالماي قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ھەممىسى كەنت كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا جۇغلاشتى.
— ھەممىسى كېلىپ بولدىمۇ؟ — سورىدى يېزا باشلىقى.
— تولۇق كېلىپ بولدى، — جاۋاب بەردى رازىق شۇجى.
— يولداشلار، دىققەت قىلايلى. ھازىر يىغىنىمىزنى باشلايمىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئاممىغا يۈزلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ يىل يېزىمىز پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى يېزىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ناھىيە ـ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يېزىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا تۇزگەن تەدبىرلىرىنى، پىلانلىرىنى، تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. يېزىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. تەقدىرلىدى. شۇنداقلا، يېزىمىزنى ناھىيەمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ئالىي شان ـ شەرەپ يېزىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق دېھقان قېرىنداشلارغا، مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا مەنسۇپ، — يېزا

www.uyghurkitap.com

باشلىقى سۆزىنى توختىتىپ، ئۆزى باشلاپ چاۋاك چالدى. بۇ چاۋاكقا رازىق شۇجى ۋە كەنت كادىرلىرى ئەگەشتى. ئامما ئارىسىدىنمۇ ئۇ يەر - بۇ يەردىن پاق - پۇق قىلىپ چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. يېزا باشلىقى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — گەرچە بۇ يىل قوتاندۇڭ كەنتىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى خېلىلا كەملىگەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. زور كۆپچىلىك يولداشلار يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ بىر ياز جاپالىق ئىشلىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. لېكىن، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، يېزا ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەردىن قەستەن قۇسۇر چىقىرىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەرز - شىكايەت سۇنغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار يۇقىرىغا يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئۇستىمىدىن بىنەم ئېچىپ يايلاقلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن باغ - ئورمانلىرىمىزنى قومۇرۇۋەتتى، دەريانى قۇرۇتۇۋەتتى، قاراڭغۇتوغراقنى قۇمغا باستۇرۇۋەتتى. قاراڭغۇتوغراقتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلۈم گىردابىغا، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى، ھەلەلەي - شەلەلەي دەپ ئەرز قىپتۇ. ھەتتا قوتاندۇڭنى قۇم بېسىپ كەتتى دەپ يالغان سۆزلەپ، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە بوھتان چاپلاپتۇ. يولداشلار، دەپ بېقىڭلار قېنى؟ قوتاندۇڭنىڭ قانداق يېرى قۇم ئاستىدا قالدى؟ قوتاندۇڭ قوتاندۇڭ پېتىچە، قاراڭغۇتوغراقمۇ قاراڭغۇتوغراق پېتىچە تۇرمامدۇ ئەنە. يايلاقلارنى بۇزۇپ بىنەم ئاچقىنىمىز راست، چىقىرىۋەتكەن باغ - ئورمانلارغا كەلسەك ئاساسەن ئۇنۇمسىز باغ - ئورمانلارنى چىقىرىۋەتتۇق، بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پاختا تېرىپ دۆلەتنى پاختا بىلەن تەمىنلىدۇق. ئەگەر بۇ ئىشىمىز خاتا بولغان بولسا، ناھىيە بىزنى مۇكاپاتلارمىدى؟! ۋىلايەت تەقدىرلەرمىدى؟! يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر خىزمىتىمىزگە يۇقىرى باھا

بېرەرمىدى؟ ! ماختارمىدى؟ ! پاختىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقان قېرىنداشلارنى بۇرۇنراق ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈشكە باشلىغاننىڭ نېمە زىيىنى بار؟ دەپ بېقىڭلار قېنى؟ — يېزا باشلىقى كۆزلىرى ئارقىلىق ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن مۇسا ئاقساقالنى ئىزدەپ تاپتى - دە، كۆزلىرىنى ئاداۋەت بىلەن ئالايتتى، — مۇسا ئاقساقال، دەپ باقسىلا قېنى، قوتاندۇڭنىڭ نەرىنى قوم بېسىپ كېتىپتۇ؟ قانداق يېرى قۇرۇپ كېتىپتۇ؟ ئۇنۇمسىز باغلارنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەر قىلغاننىڭ نېمە يامىنى بار - ھە؟ مەن سىلىگە دەپ قوياي، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى ئاز قىلىپ، ئاممىنى بوش قۇتراتسىلا، يۇقىرىغا يالغان، تۇتۇرۇقسىز ئەرزنى يازمىسىلا، ئەسلىدە سىلىنى پېشقەدەم رەھبىرىي كادىر، كونا پارتىيە ئەزاسى دەپ ئارا تۇرمىغان بولساق، پارتىيە - ھۆكۈمەتكە ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا بوھتان چاپلىدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتى بىلەن قارشىلاشتى دەپ، سىلىنى ئاللىبۇرۇن قولغا ئېلىپ، قارا ئۆيگە سولاپ بولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن سىڭگەن نانلىرىنى يەپ، ئۆيلىرىدە جىم ئولتۇرسىلا. ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمىسا، بولمىسا قوتاندۇڭدە تۇرماقلىرى تەس بولۇپ قالمىسۇن يەنە !

مۇسا ئاقساقال گەپ قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، لېكىن يېزا باشلىقى بىلەن ھازىر مۇنازىرىلىششنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ سۈكۈت قىلدى. يېزا باشلىقىنىڭ گەپلىرىگە ماقۇلمۇ دېمىدى، ياقمۇ دېمىدى. ئوتتۇرا بارماقتەك چوڭلۇقتا يۆگىۋالغان تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، تاماكا ئىسىنى قەلبىدىكى بارلىق دەرد - ھەسرەتلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق - قاتتىق پۈۋلىدى.

يېزا باشلىقى مۇسا ئاقساقالنىڭ لام - جىم دېمىگىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە خېلى قانائەت ھاسىل قىلدى - دە، سۆزىنىڭ تېمىسىنى كېلەر يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا يۆتكىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا بارلىق قوتاندۆڭلۆكلەرنىڭ يېڭى يىل كىرىشى بىلەن پۈتۈن يېزا بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان قىش پەسىللىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىش ئەمگىكىگە پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە سەپەرۋەر قىلىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

يېزا باشلىقى كېتىشى بىلەن قوتاندۆڭلۆكلەر ئۆز ئارا غۇلغۇلىغا چۈشتى. ئاڭلىغان مىش - مىش پاراڭلارنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشتى. ھەر خىل پەرەز - قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرئاز تىنچىغان كۆڭلى يەنە بىر قېتىم داۋالغۇدى.

— يېزا پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچى بولدى دەيدۇ، ئەجەب بىزنى جازالاپ، ئالتە پاتمان پۇلنى جەرىمانە قويۇپ تۆلەتتىغۇ؟!

— ۋايتاڭەي، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەك تەس.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، يېزا باشلىقى پات ئارىدا ناھىيەگە ئۆسەرىمىش؟

— پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچى بولدى دەپ ئۆستۈرەرىمىش.

— نېمىدەپ ئۆستۈرسە ئۆستۈرمەمدۇ، ئىشقىلىپ قۇتۇلۇپ كەتسەك ئوبدان بولاتتى بۇ تەلۋىدىن.

— پاختا جىنى چاپلاشقان ساراڭدىن.

— ھۇ، بىنەم ئېچىش جىنى چاپلاشقان يېزا باشلىقى.

— پاختا تېرىيمەن دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ گۆرىنىمۇ تۈزلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ قىزىل كۆز.

— مۇسا ئاقساقالنى تىللاپ كېتىشلىرىنى دەڭلا.

— مۇسا ئاقساقال ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ.

— ھەي، يۇقىرىمۇزە نېمىشقا مۇسا ئاقساقالنىڭ يازغان خېتىگە ئىشەنمەيدىغاندۇ؟

— يۇقىرىدىن تەكشۈرىدىغانلار ئۇدۇل قوتاندۆڭگىلا كېلىپ دەريانى، قاراڭغۇتوغراقنىمۇ كۆرگەن بولسا، ئۇنۇمسىز دەپ چىقىرىۋەتكەن باغلىرىمىزنى كۆرگەن بولسا.

— بۇ يىل قىشتىمۇ ئارام بەرمەي يەنە بىنەم ئاچتۇرىدىكەن ـ دە بىزنى.

— بىنەم ئاچقۇدەك يەر قالمىدى، ئەمدى نەنى بىنەم ئاچىمىز؟

— ھەرقانچە قىلسىمۇ ئولتۇرغان ئۆي ـ ماكانىمىزنى چېقىۋېتىپ، ئورنىغا پاختا تېرىگىلار دېمەس بۇ پاختا سارىڭى تەلۋە.

* * *

يېزا باشلىقى قوتاندۆگگە يەنە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك سۆر ـ ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سۆر ـ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ قوتاندۆگلۈكلەرنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم جىغىلداپ توختىدى. يېزا باشلىقىنىڭ كەينىدە ئون دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى ياش، بېجىرىم ئەمگەك كۈچلىرىدىن تەشكىللەنگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىش زەربىدارلار ئەترىتى سۆر ـ ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ كۈنىلا چېدىر تىكىپ، گەمە كولاپ ۋە قوتاندۆگلۈكلەر بوشىتىپ بەرگەن ئۆيلەرگە جايلىشىپ دېگۈدەك ئورۇنلىشىۋالدى.

ئەتىسى يېزا باشلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش زەربىدار ئەترىتىدىكىلەرنى ۋە قوتاندۆگلۈكلەرنى قاتناشتۇرۇپ قىسقىلا يىغىن ئاچتى. قوتاندۆگلۈكلەر ئۇنىڭ: «بۇ قېتىم قاراڭغۇتوغراقتىكى توغراق ـ يۇلغۇنلارنى قومۇرۇپ تاشلاپ ئىككى مىڭ مو دائىرىدە بىنەم ئاچىمىز، كېلەر يىلى قىشتا يەنە كېڭەيتىمىز» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. غۇلغۇلىغا چۈشتى، تەۋرەندى.

— سۆزۈم تۈگىمىدى، جىم بولۇڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى ۋە قوتاندۆگلۈكلەرگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، —

ھوي جاڭگاللىق ئوغرىلار، ھەقاسىڭنى دەۋاتىمەن. نېمە قاپاقنىڭ ئىچىگە ھەرە كىرىۋالغاندەك گۇدۇڭ ـ پۇدۇڭ قىلىشىسەن!؟

— قاراڭغۇتوغراقنى بۇزۇۋەتسەك بولمايدۇ، يېزا باشلىقى، — دېگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇردى مۇسا ئاقساقال بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى يېزا باشلىقى مۇسا ئاقساقالنى ھازىرلا پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۈلىيىپ.

— قاراڭغۇتوغراقنى ۋەيران قىلىۋەتسەك قوتاندۇڭنى، بېھىشباش زېمىنىنى، ئىشقىلىپ ھەممە يەرنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. ئادەملەرنى، جان ـ جانىۋارلارنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى قۇم يۇتىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، قاراڭغۇتوغراقا چېقىلمايلى، يېزا باشلىقى...

مۇسا ئاقساقالنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش يېزا باشلىقىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

مۇسا ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋە كۆز يېشىنى كۆرۈپ قوتاندۇڭلۇقلەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ غۇلغۇلىغا چۈشتى.

— ماۋۇ ئالجىغان قېرىنى نېرى ئەكېتىڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ، — كىمدىكىم قاراڭغۇتوغراقتىن بىنەم ئېچىشقا قارشى تۇرىدىكەن، يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

— ئورماننى قوغداش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، — دېدى مۇسا ئاقساقال بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ، — ئورمان دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، سەن ھوقۇقۇڭدىن پايدىلىنىپ ئادەمنى قورقۇتىمەن دېمە، سەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بولساڭ، مەنمۇ بىر پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئالدىدا ئىككىمىز باراۋەر، مېنىڭ ئورمانلارنى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بايلىقلىرىنى قوغداش

ھوقۇقۇم بار.

— سىنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ بولسا، مېنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقۇم بار.

— سېنىڭ ھوقۇقۇڭ قاراڭغۇتوغراقتا ئۆتمەيدۇ، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ قاراڭغۇتوغراقتىن بىر تال چوكا كېسىشىڭگە رۇخسەت يوق.

— يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەستىقى دەمسەن؟ مانا مېنىڭ قولۇمدا ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاراڭغۇتوغراقنى ئۇنۇمسىز باغ - ئورمان قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن تەستىقى بار. مەن بۇ يەرگە سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغىلى كەلمىدىم. بۇ يەردە تولا كوت - كوت قىلماي گېپىڭ بولسا يۇقىرىغا ئەرز قىل، — دېدى يېزا باشلىقى كۆرەڭلىك بىلەن.

— ئەرز قىلىمەن، ھازىرلا ئەرز قىلغىلى بارىمەن، — مۇسا ئاقساقال غەزەپ بىلەن تويتىن ئايرىلىپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

— دېھقان خەق دېگەن سىڭگەن نانىنى يەپ، كەتمەن بىلەن يەرنى بىلگىنى ياخشى، نېمە ئادەمگە ئاقساقاللىق قىلىپ؟! — دېدى يېزا باشلىقى ئۆزىگە - ئۆزى غودۇڭشىپ.

يېزا باشلىقىنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن بوز يەر ئاچقۇچىلار قاراڭغۇتوغراققا قاراپ ئاقتى. ھەرە، كەكە، پالتىلار ھەرىكەتلەندى. پالتا - كەكىلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى، ھەرىلەرنىڭ غاتىلداشلىرى، ئادەملەرنىڭ ھە - ھۇلىرى قوشۇلۇپ، پۈتكۈل قاراڭغۇتوغراقتىن قاقشاۋاتقاندەك، يىغلاۋاتقاندەك، زارلىنىۋاتقاندەك ئاۋاز كېلەتتى.

كەچ تەرەپتە قوماندانلىق ئىشتابى قىلىپ جايلىشىۋالغان ئىسسىق چېدىردىن قېنىپ ئۇخلاپ ئويغانغان يېزا باشلىقى ئىش مەيدانىنى تەكشۈرگىلى بېرىپ، ئىش ئۈنۈمىدىن تازا رازى بولمىدى.

— ئىشنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا، — دېدى يېزا باشلىقى خاپا

بولۇپ.

— توغراق، يۇلغۇنلارنى قومۇرغان بىلەن سىرتقا توشۇساق تەس ئىكەن، — دېدى مەسئۇل خادىم دۈگدىيىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ تۈكلىرى تەتۈر يېنىپ كەتكەنىدى.

— ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساققۇ ئاسان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغراق - يۇلغۇنلارنىڭ كۈلى يەرگە ئوغۇت بولاتتى، — دېدى يەنە بىر مەسئۇل خادىم ئەقىل كۆرسىتىپ.

— ئوت قويساق قويدۇق، ئۇنىمۇ سىناپ كۆرمەمدۇق. ئىشنىڭ سۈرئىتى ئاشسىلا بولدى، — دېدى يېزا باشلىقى دەرھاللا، — توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا قويغان مايدىن ئەكېلىپ چېچىپ ئوت قويۇپ بېقىڭلار قېنى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىككى تۈڭ ماي ئورمانغا چېچىلدى، يېزا باشلىقى بىر تال سەرەڭگە تاشلاش بىلەنلا قاراڭغۇ توغراقلىق يالىلدە ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. غايەت زور ئوت يالقۇنىنىڭ تەپتى ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىكى ئادەمنىمۇ قىزدۇراتتى. ئاسمان - پەلەك ئوت يالقۇنىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلەتتى.

— بولىدىغان چارە ئىكەن، — دېدى يېزا باشلىقى ھاياجانلانغان ھالدا ھىجىيىپ.

شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلدى. ئاسمان دەھشەتلىك نەرە تارتقاندەك گۈلدۈرلىدى. ئارقىدىنلا چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر شارقىراپ چۈشۈشكە باشلىدى. ھەيۋەتلىك ئوت يالقۇنى بىردەمنىڭ ئىچىدە پەسەيدى، ئارقىدىنلا پۈتۈنلەي ئۆچتى. يامغۇر شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى.

بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىدىن يېزا باشلىقى، بوز يەر ئاچقۇچىلار ۋە قوتاندۈگىلۈكلەر ھەيران قالدى. بۇ راستىلا بىر كۈتۈلمىگەن ھادىسە ئىدى. بۇنداق بولۇشنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ يەردە تۇرغانلاردىن ھېچكىم قىش كۈنى — 1 - ئايدا يامغۇر ياغقىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ھەم

ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. قوتاندۇڭ قوتاندۇڭ بولغاندىن تارتىپمۇ بۇنداق ھادىسە پەقەتلا يۈز بەرمىگەنىدى.

يامغۇر توختىماي شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. يېزا باشلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، ئۇلار بىر دەمنىڭ ئىچىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاسلاندەك شۈمشىيىپ قالدى. يانۋارنىڭ قاتتىق سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ئەتراپتىكىلەر سوغۇقتا چىدىماي گەمە - چېدىرلارغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

— قارغىش تەگكۈر يامغۇر، — دېدى يېزا باشلىقى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدىغان ھالدا، — ھازىرچە دەم ئالايلى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ماينى جىقراق ئېلىپ كېلىپ چېچىپ، ئوتنى بىرقانچە يەردىن قويايلى.

تۈن - كېچە، يامغۇر توختىغانىدى. شامال ئارىلاش كۈچەيگەن سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. كېچە ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈۋاتقان قوتاندۇڭ ئېچىنىشلىق بىر نالە - پەريادتىن چۆچۈپ ئويغاندى. قوتاندۇڭلۇكلەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئۇۋۇلاپ ئېچىپ، تالاغا چىقىپ شۇنداقلا قاراپ، چۆچۈپ كېتىشتى. يېزا باشلىقىنىڭ چېدىرى — بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىشقا رەھبەرلىك قىلىش قوماندانلىق ئىشتابى جايلاشقان چېدىر غايەت زور ئوت يالقۇنى ئارىسىدا قالغانىدى. ئاسمان - پەلەك ئۆرلىگەن ئوت گويا چېدىرنى ئىچىدىكى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان چوڭ ئەجدىھادەك ئالدىراپ سوزۇلماقتا ئىدى. ئوت يالقۇنىدا پۈتكۈل قوتاندۇڭ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

— بولۇڭلار، ئوت ئۆچۈرگىلى بارايلى!

قوتاندۇڭلۇكلەر داس - چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئوت كەتكەن تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

— تېز بولۇڭلار، ئوتنى ئۆچۈرۈۋالايلى!

— يېزا باشلىقى تېخىچىلا چېدىرنىڭ ئىچىدە.

— ئۇلار كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتمىسۇن!


— نېمىگە ھاڭۋىقىپ قاراپ تۇرىسىلەر؟ دەرھال سۇ ئەكېلىڭلار سۇ.

— سۇ! سۇ! سۇ!!

ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر دەرھال داس - چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دەرياغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. دەريا بويىغا كېلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى، دەريادا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى. دەريا ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ھەئە، دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم - قايغۇغا، سۇكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

1997 - يىلى يانۋار، يەكەن



# قۇملۇق

## 1

ئېغىر ئەلىياتقۇ بىلەن باشلانغان غۇر - غۇر شامال يېرىم كېچىدە قارا بورانغا ئۆزگەردى. بوراننىڭ دەھشەتلىك گۈرۈلدىشى كىشىگە كەنت ئىچىگە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ باستۇرۇپ كىرگىنىدەك ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى. چەللە - باراڭلارنىڭ چۇۋۇلغان، دەرەخ شاخلىرىنىڭ قاراسلاپ سۇنغان، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئۇرۇلۇپ جالاقلىغان، ئېغىلدىكى ماللارنىڭ ئەنسىز مەرىگەن، ھاڭرىغان ئاۋازلىرى بوراننىڭ ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. تاڭغا يېقىن بوران توختىدى. قۇمقىسار كەنتى خۇددى دېھقاننىڭ بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن پۇت - قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقىنىدەك جىمىپ كەتتى. تاڭ خەۋەرچىسى بولغان خورازلارمۇ بوراننىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەندى.

— ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر!

كەنت مەسچىتىنىڭ مەزىنى قۇمقىسار كەنتىنىڭ جىمجىتلىقىنى تۇنجى قېتىم بۇزۇپ، تاڭ يورۇۋاتقانلىقىنى، بامدات ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى جاكارلاپ ئەزان توۋلىدى. ئەزان بىلەن تەڭلا ئۆي - ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى يورۇدى. خورازلارمۇ بەس - بەستە چىللاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئىگىسىدىن سامان، بوغۇز تەمە قىلغان ئېشەكلەرنىڭ سوزۇپ ھاڭراشلىرىمۇ جور بولدى.

ئەزان ئاۋازى بىلەن ئويغانغان زاكىر بوۋاي ئوڭ يېنىغا ئۆرۈ-

لۇپلا ئۇرنىدىن تۇردى. كېچىدە بوران باشلىنىشى بىلەنلا ئىشىك ـ دېرىزىلەر مەھكەم تاقىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۆينىڭ ئىچى ئادەمنىڭ دېمى سىقىلغۇدەك تىنچىق بولۇپ كەتكەنىدى. بوۋاي يەكتەكنىڭ يېڭىنى سايىۋاچ هويلىغا چىقتى. تاڭ هاۋاسى سالقىن هەم تولىمۇ ساپ ئىدى. باغ تەرەپتىن گۈل ـ گىياھ ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇشبۇي هىدى كېلەتتى. بوۋاي بىردىنلا روهلاندى. ئۇپۇق قانداقتۇر بىر ئىلاهىي كۈچ قاراڭغۇلۇقنى سۈر ـ توقاي قىلىپ هەيدەۋاتقاندەك ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. مەزىننىڭ مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم تولۇق ئويغانغان خورازلار بەس ـ بەستە چىللاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا قۇملۇقتىكى يۇلغۇن، قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا ئۇۋا سالغان تورغايلارنىڭ چۇ ـ چۇلاشلىرى، باغدىكى كاككۇكنىڭ ئېزىلىپ سايراشلىرى قوشۇلدى. بامدات ۋاقتى بولغانىدى. بوۋاي ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىۆرىقنى قولىغا ئالدى. بوۋاي تەرەت ئېلىپ بولغاندا سۈبهىمۇ ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ، تۈن پەردىسى تولۇق ئاقىرىپ بولغانىدى. بوۋاي بۇ ۋاقىتتا مەسچىتكە هەرقانچە يۈگۈرۈپ بارسىمۇ بامدات نامازغا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇملۇققا قاراپ ماڭدى. باغ بىلەن قۇملۇقنىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز يىتىمچە كېلەتتى. بوۋاي پېشىن نامىزىنى داۋاملىق مۇشۇ قۇملۇقتا ئۆتەيتتى. گاهى كۈنلىرى مەسچىتكە ئۈلگۈرەلمىسە بامدات نامىزىنىمۇ مۇشۇ يەرگە كېلەتتى. بوۋاي ئايىغى ئاستىدا سۇدەك ئېقىۋاتقان قۇملاردىن پۇتلىرىنى يەڭگىل ـ يەڭگىل ئېلىپ، ئېگىزرەك بىر دۆڭگە چىقتى ـ دە، داۋاملىق ناماز ئوقۇيدىغان يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كېلىپ، قىبلىگە قاراپ ئىقتىدا قىلدى.

بوۋاي نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خۇددى ئۆركەشلەۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىدەك سوزۇلۇپ ياتقان كۆز يەتكۈسىز قۇملۇققا ۋە قۇملۇقتا ئاندا ـ ساندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يۇلغۇن، توغراق، جىغانلارغا ئېچىنىش بى-

لەن نەزەر تاشلىدى. بوۋايغا قۇملۇق كېچىدىكى بوراندا كەنتكە
قاراپ بىراقلا ئون نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىگەندەك، نەچچە ئون
توپ يۇلغۇن، توغراقلارنى كۆمۈپ تاشلىغاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى
ۋىژژىدە ئېچىشتى. نەچچە يىلدىن بېرى قۇملۇققا باش ئەگمەي
قەيسەرلىك بىلەن كۆكلەپ تۇرغان ئاشۇ ئازغىنا يۇلغۇن،
توغراقلارغا قاراپ ئىختىيارسىز بالىلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بالى-
لىقى بىلەن تەڭلا ئاشۇ قۇملۇقنىڭ ئورنىدىكى بوستانلىقلارنى،
بېھىشتەك باغلارنى، بىر تال دان چاچسا مىڭ تال دان بېرىدىغان
چىلان تۇپراقلىق ئېكىنزارلىقلارنى كۆرگەندەك بولدى. بوۋاينىڭ
كۆز ئالدىدا جاھاننىڭ دىشۋارچىلىقلىرىدىن خالىي غەمسىز بالى-
لىق دەۋرى، غورىلىرىنى پۇتاپ يېگەن ئۆرۈكلۈكلەر، مۆكىمۆكى-
لەڭ ئوينىغان كۆز يەتكۈسىز ئۈزۈملۈكلەر، ياۋا توشقان، قىرغا-
ۋۇللارنى قوغلاپ ئوينىغان ئانارلىق باغلار لەپپىدە زاھىر بولدى.
بىر دانىسىدىن بىر پىيالە سۇ چىققۇدەك شېرىن، سۇلۇق شاپ-
تۇل، رەڭدار توغاچلار، پۈتكۈل قۇمقىسارنى خۇش پۇراق ھىدلار-
غا تولدۇرۇپ سارغىيىپ پىشىدىغان بېھىلەر، ياستۇقتەك يوغى-
نىغان قوغۇن ـ تاۋۇزلار... بوۋاينىڭ ئاغزىغا شۆرىدە سېرىقسۇ
يىغىلدى. بوۋاي بىر شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆز
ئالدىدىكى قۇملۇققا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى.

بوۋاينىڭ ھېلىمۇ تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىدە. ئەمدىلا قازان بىر-
لەشتۈرۈلۈپ، كوپېراتسىيەلىشىش شاملى چىقىش بىلەن تەڭ
پۈتۈن بايئاۋات يېزىسى مىقياسىدا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشتىن
ئىبارەت تاغ دولقۇنى باشلاندى. قۇمقىسارلىقلار رۇدا ئېرىتىپ،
پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتىگە سەپەرۋەر قىلىندى. شۇ
چاغلاردا يېزا، كەنت باشلىقلىرى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەپ،
سوتسىيالىزمدىن ھالقىپ، كوممۇنىزمغا يېتىش ئۈچۈن كۆپلەپ
رۇدا ئېرىتىپ، پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى، بۇ ھەرد-
كەتكە سۇسلۇق قىلغۇچىلار، قاتناشمىغۇچىلار، كۆزقارىشى ئېنىق
بولمىغانلار سىنىپىي دۈشمەنلەر، ئۈچكە قارشى، بەشكە قارشى

ئۇنسۇرلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختىماي
سۆزلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەرىكەتكە قىرى ـ ياش، ئەر ـ
ئايال قۇمقىسارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆمىلەپ قوپۇپ قاتناشتى.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئات، ئېشەك، كالا ھارۋىلىرىنى، تۆگىلىرىنى
ھەيدەپ، قۇمقىساردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتىكى تاغدىن رودا تو-
شۇپ كېلىشكە، بەزىلىرى پالتا، كەكە، ھەرىلىرىنى بىلەپ، ئار-
غامچا ـ توقۇناقلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ئوتۇن كېسىشكە
ئاتلاندى. قۇچاق يەتكۈسىز مىڭ يىللىق ياڭاق دەرەخلىرى،
باغلاردىكى شاپتۇل، ئالما، ئامۇت، نەشپۈت، ئۆرۈكلەر، تېنى ئا-
دەم بېلىدەك يوغىنىغان ئۈژمە تاللىرى، چىنار، سۆگەت، جىگدى-
لەر، ھەتتا تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇمقىسارنى ئايرىپ تۇ-
رىدىغان جاڭگالدىكى توغراق، يۇلغۇنلارمۇ قويماي كېسىپ
تاشلاندى. بىر ئاي ئىچىدە قۇمقىسار تەۋەسى كەتمەنگە دەستە
بولغۇدەك يوغانلىقتىكى دەل ـ دەرەخلەرنى تاپقىلى بولمىغۇدەك
ھالەتكە يەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆيدەك يوغانلىقتىكى، تېرەك
بويى ئېگىزلىكتىكى نەچچە يۈزلىگەن ئوتۇن دۆۋىسى پەيدا بولغا-
نىدى. قۇمقىسارلىقلار ئاتا مىراس باغلىرىنى خۇددى ئۆزىنىڭ
يۈرىكىگە پالتا چاپقاندەك چىپىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
ئاقتۇرۇپ تۈرۈپ ۋەيران قىلغانىدى. بۇ ئىشلار ئىنقىلابنىڭ
تەلىپى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى دەپ تەشۋىق قىلىنى-
غاچقا، ھېچكىم كالىپۇك يىرىپ بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتى-
نالمىدى. شۇنداق قىلىپ، پېچلارغا ئوت يېقىلىپ، رودىلار ئېرى-
تىلىشكە باشلىدى. نەچچە يۈزلىگەن ئوتۇن دۆۋىلىرى كۆلگە
ئايلىنىپ بولغاندا رودىلاردىن پولات ـ تۆمۈر توگۇل چويۇنمۇ
چىقمىغانلىقى مەلۇم بولدى. قۇمقىسارلىقلارنىڭ پولات ـ تۆمۈر
تاۋلاش جېڭى مەغلۇپ بولغانىدى. مانا شۇ چاغدىلا قۇمقى-
سارلىقلار ھۆڭرەپ، ھۇ تارتىپ يىغلاشتى. ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ
كەتكەندەك، بالىچاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھازا ئېچىش-
تى. ئۇلار پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولغانلى-
قىغا ئېچىنىپ ئەمەس، ئۆز قوللىرى بىلەن ۋەيران قىلىۋەتكەن

نەچچە يۈز يىللىق ئاتا مىراس باغلىرىغا، ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن تىكىپ مېۋىگە كىرگۈزگەن، ئەھيا قىلغان مېۋىزارلىقلارغا ئېچىنىپ ھازا ئېچىشقانىدى. ۋەيران بولغان باغلارنىڭ، بوستانلىقلارنىڭ، بىر تال دان چاچسا مىڭ تال دان بېرىدىغان چىلان تۇپراق ئېكىنزارلىقلارنىڭ قۇمنىڭ ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى، قەبرىلىرىنى قۇم يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ ياقا يىرتىشقانىدى.

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى تاپ بېسىپلا كەلگەن تۈگىمەس سىنىپىي ھەرىكەتلەر قايىنىمىدا گاڭگىرىغان، ئىنقىلاب بورىنىدا تەمتىرىگەن قۇمقىسارلىقلارنىڭ مەنۇۋىيىتىمۇ ئۆز قوللىرى بىلەن ۋەيران قىلىنۇۋەتكەن يۇرت ـ ماكانلىرىغا، باغۇبوستانلىقلىرىغا ئوخشاش قاغجىراپ، جاڭگاللىقا ئايلىنىپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ۋەيران قىلىنۇۋەتكەن باغلىرىنىڭ ئورنىغا باغ ئەھيا قىلىشنى ئانچە خىيالىغا كەلتۈرۈشمىدى. ئاندا ـ ساندا سالغان كۆچەت ـ قاناتلىرى بولسا، تۈگىمەس سىنىپىي كۈرەش، ئىنقىلابلار ھەلەكچىلىكىدە پەرۋىشسىز قالدى. نەتىجىدە خۇددى يىگىتلەر ساقال ـ بۇرۇت چىققانىنى، قىرانلار چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكىنىنى تۇيمايلا قالغاندەك، قۇمقىسارلىقلارمۇ ئاشۇ مۇنبەت تۇپراقلىرىنىڭ بارا ـ بارا قۇم ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى. قۇملۇق ئاستا ـ ئاستا قىستاپ كېلىپ شۇنچىۋالا يەر ـ زېمىننى يۇتۇپ كەتتى. قۇم توختىماي خىرىس قىلىپ قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.

بوۋاي چانىقىدا قېتىپ قالغان كۆز يېشىنى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتتى ـ دە، قۇم دۆڭدىن ئاستا يېنىپ چۈشتى.

## 2

بوۋاي ھويلىغا كىرىپ ئۇدۇل ئېغىلغا قاراپ ماڭدى. قويلىرى بىلەن ئالا ئىنىكى ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆشەپ ياتاتتى. بوۋاينىڭ

ھىدىنى پۇرىغان سۇر مادا بوغۇز تەمە قىلىپ دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يوغان كۆزلىرىنى ئەينەكتەك پارقىرىتىپ بوۋاينىڭ قوللىرىغا قارىدى. ئېشەك ئېغىلى ساق ئىدى. قارا بوران قوي قوتىنىنىڭ ئۆگزىسىنى خېلىلا ئېچىۋەتكەنىدى. بوۋاي ئېغىلنىڭ تۈۋىدىن يېنىپ كېلىپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ھاۋاسى يەتتىلا تىنچىق ئىدى. بىر-بىر دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئاندىن تېخىچىلا غەمسىز ئۇخلاۋاتقان نەۋرىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى، يۈزىنى ئاستا سىلىدى. بالىنىڭ چېچى خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى. بوۋاي بالىنىڭ كاسىسىغا يەڭگىل شاپىلاقلاپ ئويغاتتى.

— ئايۇپ، قوپە بالام. ناشتا قىلىپ مەكتەپكە ماڭ.

. بالا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. بوۋاي ئۇنىڭ يوغان سالپاڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئاۋايلاپراق سوزدى.

— تۇرە ھوي، ھورۇن ئېشەك.

بالا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ـ دە، بوۋىسىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ دومسايدى.

— نېمە بولدى، ئادەمنى ئەتىگەندە ئويغىتىپ؟!

— ئەتىگەندە دەۋاتقىنىنى. ھازىر دېگەن ئاشۋاقتى بولدى. ئويغاتمىسام تېخىمۇ ئۇسۇرۇپ ئۇخلاۋېرىسەن شۇ. قوپە بالام، ناشتا قىلىۋېلىپ مەكتەپكە ماڭ. ئادەم ئۇخلاۋەرسە ئەقىلسىز بولۇپ قالىدۇ. يىگىت دېگەن ئورنىدىن سەھەر تۇرىدىغان.

بوۋاينىڭ گېپى تەسىر قىلدىمۇ ياكى مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ، بالا ئېرىنىپراق ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئەسنادا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ زەنجىرى شاراقلاپ قالدى. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. دەرۋازا تۈۋىدە مۇزەپپەر ئىمام قاتارلىق ئون نەچچە مەسچىت جامائىتى قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئالمان ـ تالمان ئۇلارغا سالام بەردى ـ دە، قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ ماڭدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

بوۋاي مۇزەپپەر ئىمامدىن باشلاپ جامائەت بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن، يەنە مۇزەپپەر ئىمامنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى ۋە جامائەتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى ھۆرمەتلىك جامائەت، ئۆيگە كىرەيلى.

— رەھمەت، يەنە بىر كۈنى كىرەرمىز، — دېدى مۇزەپپەر ئىمام جامائەتكە ۋاكالىتەن تەكەللۇپ قىلىپ، — بامدات نامازدىن يارىغ بولۇپ قارىساق، جامائەت ئارىسىدا پەقەت ئۆزلىرىلا يوق. كېچىسى بىر ئالەم، كۈندۈزى بىر ئالەم دەپتىكەن. شۇڭا، كېچىدىكى بوراندا بىرەر ئىش بولدىمۇ ياكى ئاغرىپ ـ سىلاپ قالدىمۇ دەپ ئەنسىرەپ يوقلاپ ئۆتۈپ كېتەيلى دەپ كەلدۇق. يارىتقان ئىگەمگە شۈكۈر. ھەرنېمە بولسا سالامەت ئىكەنلا، بىزمۇ يانايلى.

— جامائەتنىڭ يوقلاپ كەلگىنىگە رەھمەت، — بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، — ئەتىگەن ۋاقچىرەك قايتىكەنمەن، قېنى جامائەت، ئاۋۋال ئۆيگە كىرەيلى.

— رەھمەت، ئاۋارە بولمىسىلا.

جامائەت بىر ئېغىزدىن ئۆزرە ئېيتىشتى.

— ئاۋارە بولىدىغان ئىش يوق. باغقا باشلاي دېسەم كېچىدىكى بوران پىشقان مېۋىلەرنى پۈتۈنلەي تۆكۈۋەتتى ھەرقاچان. ئەمىسە قوغۇنلۇققا باشلاي. ئەتىگەندە بىرەر تىلىمدىن قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن ناشتا قىلايلى، قېنى جامائەتنى باشلاپ ماڭسىلا، ئىمام ئاخۇنۇم.

— رەھمەت، قوغۇن ـ تاۋۇز يېگىلى ئايرىم كېلەرمىز، — دېدى مۇزەپپەر ئىمام ئۆزرە قويۇپ، — بىزمۇ بېرىپ ئۆيۋاق، ئۇلاغ ـ ئىلمەكلەرنى يوقلاپ قويايلى. كېچىدىكى بوراندا نېمە بولدى، نېمە ئەمەس.

جامائەت بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. بوۋاينىڭ كۆڭلى ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ كەتتى. مەسچىت جامائىتى ئۈچۈن بۇ ئىش ئادەت. ياش، ئوتتۇرا ياش نامازخانىلار مەسچىتكە كېلەلمەي قالسا جامائەت ئانچە ئېرەن قىلىپ كېتىشمەيدۇ. لېكىن، زاكىر بوۋايغا ئوخشاش ياشىنىپ قالغان مەسچىت جامائىتىدىن ھەرقانداق بىرسى بامدات نامازغا كېلەلمەي قالسا جامائەت ئېرىنمەي بېرىپ يوقلايدۇ، ئەھۋال سورايدۇ. ئاغرىپ قالغان، بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالغان بولسا تېگىشلىك چارە ـ ئاماللار بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ ياكى كەنت كومىتېتىغا بېرىپ تەشكىلنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ قويىدۇ. ئىشقىلىپ، جامائەت ھېچكىمنى يالغۇزلۇق تارتقۇزمايدۇ، غېرىبسىندۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بوۋاينىڭ نەزىرىدە جامائەتنىڭ مېھرى ئىسسىق، ھىممىتى ئۇلۇغ...

ــ بوۋا، مەن مەكتەپكە كەتتىم ئەمىسە.

نەۋرىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى بوۋاينىڭ ھاياجانلىق خىياللىرىنى چالغىتتى. ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغدى ـ دە، شوخلۇق بىلەن سەكرەپ كېتىۋاتقان نەۋرىسىنى ۋارقىراپ توختاتتى.

ــ ئايۇپ، ھاي ئايۇپ!

بالا چىپپىدە توختىدى ـ دە، بوۋايغا قارىدى.

ــ يېقىنراق كېلە، ساڭا دەيدىغان گەپ بار.

بالا خالار ـ خالىماس بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ مەكتەپكە بېرىپلا ئۇنتۇپ قالماي ئاماننىسا خانىمغا دەپ قوي، بۈگۈن كۈنگە جۈمە، كەچتە ھەرقاچان ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلىغىلى شەھەرگە كىرىدۇ. ماڭا ۋاقتىدا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭسۇن.

ــ خانىمغا نېمە گېپىڭىز بار ئىدى، بوۋا؟

ــ باشقا گەپمۇ يوق. بىرەر سېۋەت ئۈرۈك، بىرەر تاغار قوغۇن ـ تاۋۇز تەييارلاپ قويىمەن. ئاتا ـ ئانىسىغا ئالغاچ بارسۇن.



www.uyghurkitap.com

بوۋاي نەۋرىسىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىلدىن ئالا ئىنەك بىلەن سۇر مادىنى يېتىلەپ چىقىپ، ئارغامچىنى ئۇزارتىپ قومۇشلۇققا باغلىدى. قويلىرىنى باغنىڭ ئەتراپىدىكى جىگدىلىككە قويۇۋېتىپ باغقا كىردى. كېچىدە چىققان بوران باغنى خېلىلا ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. پىشقان ئۆرۈكلەرنىلا ئەمەس، ئالا غورىلارنىمۇ تۆكۈۋەتكەن، شاخلارنى سۇندۇرغان، يېرىۋەتكەنىدى. بوۋاي بوران قېقىۋەتكەن ئۆرۈكلەرگە ئانچە قىلىپمۇ كەتمىدى. چۈنكى، ھەر يىلى مۇشۇنداق مەزگىلدە بوران خېلى جىق مېۋىلەرنى تۆكۈۋېتەتتى. ئەمما، شاختا يەنە غۇچچىدە غورا تۇراتتى. تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن يەنە سارغىيىپ پىشىشقا باشلايتتى. بوراندىن ئامان قالغان غورىلار ھەم يوغان، ھەم سۇلۇق پىشاتتى. لېكىن، بوران سۇندۇرۇۋەتكەن، يېرىۋەتكەن شاخلارنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. يېرىلىپ كەتكەن شاخلارنى بىر-مۇ بىر تەكشۈرۈپ، ئەي بولغۇدەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇددى كىچىك بالىنىڭ سۇنۇقىنى تاڭغاندەك ئاۋايلاپ، پۇختىلاپ تېڭىپ چىقتى.

زاكىر بوۋاينىڭ بېغى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، مېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقى، سورتىنىڭ كۆپلۈكى، تەمىنىڭ شېرىنلىكى بىلەن يالغۇز قومۇشلۇق كەنتىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل بايئاۋات يېزىسى تەۋەسىدە داڭقى بار ئىدى. قوشنا يېزا ۋە ناھىيەدىكى خېلى كۆپ ئەمەلدارلار بۇ باغنى بىلەتتى. بوۋاي بۇ باغقا ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى. خوتۇنىنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك قوغدايتتى. پەرزەنتىنى تەربىيىلىگەندەك بارلىق ئەقىل ـ پاراستىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلاتتى. ئۆزىنىڭ جان ـ تېنىدەك ئاسرايتتى. باغدىن پۈتكۈل يۇرت تەۋەسىدىكى سەرخىل مېۋىلەرنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلاتتى. ھەرقايسى مېۋىلەر تۈرى، سورتى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تىكىلىپ ئەھيا قىلىنغانىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بېھىشتىن قېلىشمىغۇدەك بىر باغ ئىدى.

باغنىڭ مېۋىلىرى غورا بولغاندىن تارتىپ، كۈزدە پاساڭ

بولغۇچە بوۋاي باغنى بېقىپ يۈرمەيتتى. باغنىڭ ياغاچ شادىلىق ئەگۈنى قۇمقىسارلىقلار ئۈچۈن ھەرقاچان ئوچۇق تۇراتتى. بوۋاي ھەرقانداق ئادەمنىڭ باغقا كىرىپ قورسىقى تويغۇدەك مېۋە يەپ چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلاتتى. لېكىن، يانچۇقلىرىغا، سومكا - سېۋەتلىرىگە قاچىلاپ مېڭىشقا يول قويمايتتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ يېگىنىگە ھەق ئالمىغىنى بىلەن كۆتۈرۈۋالغىنىغا ھەق ئالاتتى. شۇڭا، قۇمقىسارلىقلارنىڭ چوڭىدىن - كىچىكىگىچە ھەرقاندىقى باغقا ئوغرىلىقچە شورا ئاتلاپ كىرمەيتتى، ئوغرىلىقچە مېۋە ئۈزمەيتتى.

بوۋاي يېرىلىپ كەتكەن مېۋە شاخلىرىنى تېڭىپ بولۇپ بېلىنى ئەمدىلا رۇسلاپ تۇرۇشىغا، باغقا بىر توپ بالىلار چۇرۇقلاپ كىرىپ كېلىشتى. بالىلارنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ ھارغىن چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى.

— كېلىڭلار، بالىلىرىم، تارتىنماڭلار، — بوۋاي بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ئامانىسا بىلەن ئابدۇنەبىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ بولۇپ گەپ قىلدى، — ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، بالىلىرىم.

— چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قاپتىكەن، بوران قېقىۋەتكەن ئۆرۈكلەرنى تېرىشىپ بېرەيلى دەپ كەلدۇق، — دېدى ئامانىسا بوۋايغا مەقسىتىنى ئېيتىپ.

— ھەرنېمە بولسا مېنىڭ غېمىمنى يەپسىلەر، بالام، — دېدى بوۋاي مىننەتدارلىق بىلەن، — بۇ ئۆرۈكلەرنى قانداق تېرىپ بولارمەن دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتى، ھەي ئايۇپ، — بوۋاي نېرىدا تۇرغان نەۋرىسىنى قولى بىلەن شەرەتلىدى، — ماڭ، بېرىپ بىر چېلەك سۇ، داس ئېلىپ كېلىپ، ئاداشلىرىڭغا ئۆرۈك يۇيۇپ بەر.

باغنىڭ ئىچى تۇمەنلىگەن قوش كىرىۋالغاندەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. بالىلار ئۆرۈكلەرنىڭ ئېزىلىپ كەتمىگەنلىرىنى تاللاپ تېرىپ، باغنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئاندا -

ساندا ئاپتاپ چۈشكەن بوشلۇقتا سېلىپ قويغان بورنىنىڭ ئۇستىگە تۆكۈپ يېيىتقاچ چۇرقىرىشاتتى، يۇگۇرۇشەتتى.

— يۇگۇن شەھەرگە كىرەمىلا، قىزىم؟ — دېدى بوۋاي ئامانىسانىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ھەئە، ئۆيگە كىرمىگىلىمۇ بىرەر ئايچە بولۇپ قاپتۇ. ئانامنى يوقلاپ چىقايمىكىن دەپ ئويلىغان، قىلغاچ چىقىدىغان سودىلىقلىرى بارمىدى؟

— سودىلىققۇ يوق، — دېدى بوۋاي، — قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ ئالدى چىقتى. بىرەر سېۋەت ئۈزۈۋەك بىلەن بەش - ئون سويما ئۈزۈم بەرسەم ئالغاچ كېتەرمىكىن دەپ...

— ۋاي رەھمەت، ئاۋارە بولمىسىلا، — دېدى ئامانىسا بوۋايغا دەرھال مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئۆزۈمنىڭ يېگەنلىرىمنى ئاز دەپ، شەھەرگە توشۇپ يۈرەرمەنمۇ...

— ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىم، سەھرادا يەل - يېمىشتىن باشقا يەنە نېمە بار دەيلا؟ ! قۇمىقسارنى يىراق كۆرمەي چىقىپ باللىرىمىزنىڭ ئاغزىغا ئېلىم سېلىۋاتىلا. سىلىگە ھەرقانچە قىلساق ئەرزىيدۇ، قىزىم. نەبى بالا تاس - تاماس قالغان بەل قويۇۋېتىپ مەكتەپنى تاقىۋەتكىلى، — بوۋاي قېشىدىكى ساقاللىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ئۆسۈپ كەتكەن ئابدۇنەبى مۇئەللىمگە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلىمۇ سىلى دەل ۋاقتىدا چىقىپ نەبى بالىغا مەدەت بەردىلە. قىز بالا بولغانلىرى بىلەن ئاتا - ئانىلىرى ئەر ھەممەتلىك قىلىپ تەربىيەلەپتىكەن. بىرەر سېۋەت ئالا غورا، تۆت - بەش دانە تولۇك سويما بىلەن ياخشى كۆڭۈللۈكلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمىز، قىزىم، — بوۋاي ئەمدى ئابدۇنەبى مۇئەللىمگە قاراپ سۆزلىدى، — ھە، سېنى نەبى بالا دېسەم ئاچچىقىڭ كەلمەيدىغاندۇ؟ ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان ۋاقتىڭدىن تارتىپ ئالدىمدا ئويناپ چوڭ بولغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆزۈمگە يەنىلا شۇ بالا پېتىڭ كۆرۈنىسەن. ساقال چىققانغىلا

www.uyghurkitap.com

ئادەم چوڭ بولغان بولمايدۇ. سەن دېگەن ھازىر بىر ئوقۇتقۇچى، ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. قۇمقىسارلىقلاردىن سەنچىلىك ئوقۇغان بىرسىمۇ يوق. شۇڭا، ساقال ـ بۇرۇتۇڭنى ئانداق مەھەللە باشلىقى سەمەر توقۇناقتا ئوخشاش كىگىزدەك قويۇۋالماي، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ پاكىز يۈر. ئوغۇل بالا دېگەن بىرسى پاكىز، بىرسى چاققان، يەنە بىرسى شوخ بولىدىغان. ئەپتىڭگە قاراپ باقە. بۇنداق يۈرسەڭ ئۆمۈربويى بېشىڭنى ئىككى قىلالمايسەن.

بوۋاينىڭ ئاخىرقى گېپىدىن ئامانىنىسا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئابدۇنەبى گەدىنىنى قاشلاپ ھىجايدى. لېكىن، سېرىق چىرايىغا سۈس قىزىللىق يۈگۈردى.

## 3

چېلەكتە قويغاندەك شارقىراپ ياغقان يامغۇر قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ دەرسخانا ئۆگزىسىنى كېرەكتىن چىقاردى. ئۆگزىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، دەرسخانىنىڭ ئىچىگە ئوشۇقتا كەلگۈدەك سۇ يىغىلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئامانىنىسا بىلەن ئابدۇنەبى مەسلىھەتلىشىپ، بالىلارنى ئۆيلىرىگە قايتۇرماقچى بولدى ۋە ئۇلارنى مەھەللىلەر بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، ھەربىر گۇرۇپپىغا چوڭراق بالىلارنى مەسئۇل قىلدى. ئابدۇنەبى بىلەن ئىككىسىمۇ ئۆيى يىراقراق بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى.

— يولدا ئوينىماڭلار، گەپ قىلىشماڭلار، يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان، پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەرلەردىن ماڭماڭلار. گۇرۇپپا باشلىقلىرى گۇرۇپپاڭلاردىكى ساۋاقداشلارنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىگە قايتىڭلار. قېنى

ئەمىسە يولغا چىقىڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى ئابدۇنەبى بىلەن ئامانىسا بالىلارغا ھەمدە ئۆزلىرىمۇ بىر قىسىم بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئىككى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئامانىسا بالىلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلگۈچە ئۇشۇقىغىچە، گاھى يەرلەردە تىزىغىچە پاتقاق كېچىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. پۈتۈن بەدىنى سوغۇقتىن تىترەيتتى. لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، چىشلىرى توختىماي كاسىلدايتتى.

ئامانىسا ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن پۈتىدىكى لايىنى سۈرتۈشكىمۇ خۇشياقماي ھارغىن قوللىرى بىلەن قۇلۇپنى ئېچىپ ياتاققا كىردى. ياتاقنىڭ ئىچى خىلىلا ئىسسىق ئىدى. ئىللىق ھاۋا ئۇنىڭ توڭلاپ كەتكەن ۋۇجۇدىغا راھەت بېغىشلىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياتاقنىڭ ئىچىگە سەپسالدى. ياتاقنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق ئىدى. بىرىنىڭ دېرىزىنىڭ دۇخاۋا پەردىسىنى قايرىۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچى بىر ئاز يورۇدى. ئۆگزىنىڭ بىرقانچە يېرىدىن يامغۇر تامچىلاۋاتاتتى.

سۇ تامچىلاۋاتقان يەرلەرگە داس، چېلەك، قاچىلارنى قويدى. ئۇ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن كىيىملەرنى ئالماشتۇرماقچى بولۇپ كۆڭلىكىنى سالدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن باغىردىقىنىمۇ يېشىپ تاشلىدى. بەدىنى قاردەك ئاپپاق ئىدى ... ياتاقنىڭ ئىچى بىردىنلا يالىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئامانىسا ساندۇقتىن ئالغان قۇرۇق كۆڭلىكىنى ئەمدىلا ئۇچىسىغا ساپاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىرسى ئىشىك تۈۋىدە ئوغرىلىقچە قاراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. كۆڭلەك بىلەن دەرھال كۆكرىكىنى ياپتى ــ دە، ئىشىك تەرەپكە قارىدى، قارىدى ــ يۇ، تاپىنىدىن كىرگەن بىر يالقۇن بېشىدىن چىقىپ كەتتى. نومۇس ۋە قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئىشىك تۈۋىدە تۆمۈراخۇن شۈجى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

تاتلىق بىر نەرسىنى يېيىش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقاندەك لەۋلىرىنى تەمشىپ ياتاقنا كىرىپ كەلدى.

ئامانىسا قورقۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— چىق... چىقىپ كەت!

— نېمە دېگەنلىرى بۇ خانىم؟ — تۆمۈراخۇن شۇجى ھېجايغىنىچە يەنە ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى، — ئۆيگە كەلگەن مېھماننى تالاغا قوغلايدىغان ئىش نەدە بار؟ تالادا شۇنداق قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتسا، ئادەمگەرچىلىكلىرى نەگە كەتتى سىلىنىڭ؟

ئامانىسا خەتەرلىك بىر ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغاندەك لاغ - لاغ تىترىدى. تۆمۈراخۇن شۇجىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، چىقىپ كەتسىلە، بولمىسا توۋلايمەن.

— تالادا يامغۇر شۇنداق قاتتىق يېغىۋاتسا، سىلىنىڭ ئاۋازلىرىنى كىم ئاڭلايتتى؟ ئۇنداق دېمىسىلە، خانىم. بۈگۈن سىلىگە مېھمان بولاي. قانداق تەلەپلىرى بولسا چوقۇم ئورۇنلايمەن.

تۆمۈراخۇن شۇجى شۇنداق دېگىنىچە ئامانىسانىڭ قولىنى بېغىشىدىن كاپپىدە تۇتۇپ تارتتى. ئامانىسانىڭ قولىدىكى كۆڭلەك چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئاپپاق مەيدىسى كۆرۈنۈپ قالدى. شۇجى خۇددى شاختىكى ئالمىنى ئۈزمەكچى بولغاندەك قولىنى ئامانىسانىڭ كۆكسىگە ئۇزارتتى. مۇزدەك قولنىڭ تېگىشى بىلەن ئامانىسا چىررىدە چىرقىرىۋەتتى.

— ئامانىسا! ئامانىسا!

دەل مۇشۇ دەقىقىدە سىرتتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئامانىسانىمۇ، تۆمۈراخۇن شۇجىنىمۇ چۆچۈتتى. شۇجى دەرھال قولىنى بوشىتىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇن نەچچە قەدەم يىراقلىقتا ئابدۇنەبى پاتقاق كەچكىنىچە ئامانىسانىڭ ياتىقىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. تۆمۈراخۇن شۇجى ياتاقتىن چىقىپ ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھە، ئەپەندىم، يامغۇردا قالغان جاغال ئۆچكىدەك تۇۋلاپ نەدىن كېلىۋاتىسىلە؟

ئابدۇنەبى شۇجىنىڭ مەسخىرىلىك سوئالىغا تۈزلا جاۋاب بەردى.

— ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىۋاتىمەن، شۇجى. ئامانىسا خانىممۇ بىرقانچە ئوقۇغۇچىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىلى كەتكەنىدى. قارىسام، ياتىقىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرىدۇ. ياتىقىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتىمۇ، يوق، يوقلاپ ئۆتەي دەپ كېلىشىم.

— ئامانىسا خانىم ياتىقىدا بار، — تۆمۈراخۇن شۇجى ئابدۇنەبىنىڭ گۇمانىسىراپ تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىرئاز ھودۇققان بولسىمۇ، تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە ئەينا، — دېدى ئابدۇنەبى تۆمۈراخۇن شۇجىنىڭ چىراي ئىپادىسىگە ئانچە دىققەت قىلماي، — سىنىپنىڭ ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. تاملىرىمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى. مۇمكىن بولسا كەنت كومىتېتى سىنىپلىرىمىزنى بىر يېڭىلاپ بەرگەن بولسا...

— مەكتەپ سېلىش يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ دېگەن ئادەمنىڭ ئاغزىنىڭ ھورى بىلەن پۈتمەيدۇ. ئۇنىڭغا شاراقلاپ تۇرىدىغان پۇل بولسا بولىدۇ. يوقىلاڭ گەپنى ئاز قىلىپ، تېزدىن تەييارلىق قىلىڭلا، ھاشارغا بارىسىلە.

— ھاشارغا دەملا؟

— ھەئە، ھاشارغا! — دېدى شۇجى ۋارقىراپ، — مېھمانلارچىلىقتا بارىمەنمىكىن دەپ ئويلىغانمىدىڭلا؟ قۇمقىسماردا تېرىيدىغان يېرى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى ھاشارغا بارىدۇ. بايا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشى كەلدى. دەرياغا

كەلكۈن كەپتۇ. دەريانىڭ قىشقا ئىشلەيدىكەنمىز. سىلى دېگەن ئەپەندىچىلىك قىلغىنىڭلا بىلەن رەسمىي ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەككىزمو يېرىڭلا بار. تېرىغان يېرىڭلا نورمىدىن ئارتۇق. شۇڭا، سىلىمۇ بىر كىشىلىك ئەمگەك كۈچى ھېسابىدا ھاشارغا بارسىلە. ئىتتىك بولۇڭلا. كېچىكىپ قېلىپ جەرىمانە تۆلەپ يۈرمەڭلا يەنە.

شۇجى شۇلارنى دېدى ـ دە، يامغۇر سۇلىرىنى شالاپشىتىپ كەچكىنىچە كېتىپ قالدى.

ئابدۇنەبى ياتاققا كىرگەندە ئامانىنسا قۇرۇق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولغانىدى. ئۇ ئابدۇنەبىنىڭ چىرايىغا خۇددى نومۇسلۇق بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك پەقەتلا قارىيالمىدى.

— يامغۇردا سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالدىڭىزمۇ، قانداق، چىرايىڭىز بىر قىسىملا تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ئابدۇنەبى قىزنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ كۆيۈنگەن ھالدا.

— شۇنداق، سوغۇق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئامانىنسا يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

— مەن ھاشارغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئابدۇنەبى ئامانىنسانى خەۋەرلەندۈرۈپ.

— ھاشارغا؟ — ئامانىنسا ئەجەبلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى، — ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاشار ئەمگىكىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىر تۇتاش كۆتۈرۈۋەتكەنىغۇ؟

— بايا شۇجى شۇنداق دېدى. ھازىرلا ماڭىدىكەنمىز. دەرياغا كەلكۈن كەلگەنمىش. كېچىكىپ قالساڭ جەرىمانە تۆلەيسەن دەپ بىرمۇنچە دوق قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرغۇچە بارسام باراي. بىرەر قېتىملىق ھاشارغا بارغانغا ھېچنېمە بولۇپ قالماسمەن.

— سەن ھېچنېمە بولۇپ قالمىغىنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا

ئۆتىدىغان دەرسنى قانداق قىلىمىز؟ بارما. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئەھۋالنى دەيلى.
— يېزىدىكىلەرمۇ ۋاي بىز ھەل قىلىپ قويىلى، دېگەن بىلەن يەنىلا شۇ شۇجىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. شۇجىنىڭ دېيىشىچە، مېنىڭ تېرىۋاتقان يېرىم نورمىدىن ئارتۇق ئىمىش. نورمىدىن ئارتۇق تېرىغان يەرنىڭ ھاشىرىغا بارىدىكەنمەن.
— قۇمقىساردا كىمنىڭ يېرى نورمىدىن ئارتۇق ئەمەس؟ — دېدى ئامانىسا ئاچچىقلانغان ھالدا، — نورمىدىن ئارتۇق يەرنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، شۇجىنىڭ تېرىغان يېرى ھەممەيلەننىڭ-كىدىن جىق.
— بولدىلا، ھازىر بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى ئابدۇنەبى تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا، — ئەتە دەرسنى تالادا ئۆتۈڭ. سىنىپنىڭ ئىچىدىكى ھۆلچىلىك قۇرۇپ بولغۇچە ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىرمىسۇن. يامغۇردا زەيلەپ ئاران تۇرغان تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ چاتاق چىقمىسۇن يەنە. مەن ھاشاردىن كەلگەندىن كېيىن تاملارنى بىر قېتىم ئۇلداپ، خەتەرلىك يەرلىرىگە تىرەك قويۇپ رېمونت قىلىۋالارمىز. خوش، مەن كەتتىم ئەمىسە، قىلىنىراق كېيىۋېلىڭ. سوغۇق ئۆتكۈزۈپ ئاغرىپ قالماڭ يەنە.
ئابدۇنەبى شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئامانىسا ئۇنىڭ ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسىگە قاراپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. سىرتتا يامغۇر تېخىمۇ بەك ئەدەپ كەتكەنىدى.

## 4

ئامانىسا شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققۇچە سەھرادا تولۇق بىر ھەپتە تۇرۇپ

باققان قىز ئەمەس. ئۇمۇ بارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن چوڭ شەھەرلەردە، ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەردە خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ شەھەردە قېلىش ئۈچۈن يول مېڭىپ، ھەرخىل چارىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئۆزىدەك يۆلەنچۈكى يوق، نامرات بىر قىزنىڭ شەھەردە ئىشلەش ئارزۇسىنىڭ پەقەت بىر شېرىن چۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالىغانىدى. بىرەر ئايدىن كېيىن كادىرلار ئىدارىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى بىراقلا ئېلان قىلىۋەتتى. ئامانىسا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەكلا سەھراغا بۆلۈنگەنىدى. ئامانىسا بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلارغا، مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانمۇ قالمىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ يولى، ھوقۇقى، ئىمتىيازى بار كىشىلەرنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر ئاجىز تۇل خوتۇننىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. خالاس. ئانىسى بىچارىنىڭ يۆلەنچۈكسىز تۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ ئېيتقان ئەرز ـ دادلىرى ھېچقانداق ئۈنۈمىنى كۆرسەتمىدى. ئامانىساغا سەھراغا چىقىشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالغانىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ سەھراغا چىقىپ خىزمەت قىلغۇچە شەھەردە قېلىپ سودا قىلىپ باقسۇنمۇيا؟ لېكىن سودىغا سالغۇدەك دەسمايە نەدە؟ ئانىسى بىچارە ئۇنى ئاران ـ ئاران ئوقۇتقان تۇرسا. ماقۇل، دەسمايىنىمۇ ھەل قىلدى دېيلى، لېكىن بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدىكى قۇمدەك تىجارەتچىلەر بىلەن رىقابەتلىشىپ پايدا ئالغىلى، بېيىغىلى بولارمۇ؟ ناۋادا زىيان تارتىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى سەھراغا چىقىپ خىزمەت قىلغىنى تۈزۈكمىكىن.

خىزمەت قىلدى دېگەنلىك ئاز بولسىمۇ مۇقىم ئايلىق كىرىمگە، ياشاش كاپالىتىگە ئېرىشتى، دېگەنلىك. مەيلىلا، سەھرا بولسىمۇ ئىشلەپ، ئايلىق مائاش بىلەن ئائىلىسىگە يۆلەنچۈك بولۇشى كېرەك. سەھرادىمۇ ئادەم ياشايدىغۇ؟

ئامانىسا نۇرغۇن زىددىيەتلەردىن كېيىن ئاخىر خىزمەت تەقسىمات قەغىزىنى ئېلىپ يېزىغا چىقتى. يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئۇنى يېزا بازىرىدىنمۇ ئەڭ يىراق بولغان قۇمقىسار كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە تەقسىم قىلدى. ئۇ قۇمقىسارغا كېلىپ ئابدۇنەبى مۇئەللىم ئالاھىدە تازىلاپ، تەييارلاپ قويغان ياتىقىغا كىرىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ـ دە، ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە سىرتقىمۇ چىقماي يىغلاپ كەتتى. ئەتىسى ئەھۋال سورىغان ئابدۇنەبىگىمۇ، ئۆزىگە زور قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرغان بىر توپ سەبىيگىمۇ پەقەتلا ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. ئەمما، زاكىر بوۋاي قاتارلىق بىر قىسىم چوڭلارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قېرىنداشلارچە كۆيۈنۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، بالىلىرىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، خانىمى دەپ، مۇزەپپەر ئىمامنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەت قىلىشى، بىر توپ سەبىينىڭ خانىم دېسە خانىم دەپ، ئەتراپىدا چۇرۇقلاپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇزلارنى ئاستا ـ ئاستا ئېرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ قۇمقىسارغىمۇ، مەكتەپكىمۇ، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى.

بىراق قۇمقىساردا ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتكەنلەرمۇ بولدى. نېپىز ئەت رەڭ ئۇزۇن پايپاق، تىزىنىمۇ ياپالمىغۇدەك كالتە يوپكا، كۆكرەك ـ بىلەكلىرى سەل ئوچۇق تۇرىدىغان كوپتا كىيىۋالغان قىرقىم چاچلىق شەھەر قىزىنىڭ تۇيۇقسىزلا قۇمقىساردا پەيدا بولۇشى بىر قىسىم ئەركەكلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، ۋۇجۇدىنى خۇددى داپخانىسى ئېچىۋېتىلگەن تونۇردەك قىزىتىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى قاينىتىۋەتكەنىدى. قۇمقىسار ئەركەكلىرىنىڭ ھېسسىياتى

تىزگىنىدىن چىقىپ، شەھۋەتلىرى قوزغىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇ شەھەر قىزىنى سوزسا قولى يېتىدىغان ئالما، ئاسانلا ئۈزگىلى بولىدىغان گۈل ھېسابلاپ، تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشتى. قوپال چاقچاقلار، ئالدىنى توسۇپ ئۇچۇقلا ئېيتىلغان شەھۋانىي تەلەپلەر ئامانىنسانىڭ قىزلىق غۇرۇرىغا تىغ بولۇپ ئۇرۇلدى. باھار ياپرىقىدەك يۇمران، نازۇك يۈرىكى بۇ ھاقارەتلىك بازغاندا يانجىلىپ پارە ـ پارە بولدى. بارلىق دەرد ـ ئەلەمنى ئىككى كۆزىدىن ئېلىپ، ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى. كېيىنىش، ياسىنىشلىرىنىڭ قۇمقىسارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماس كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆكرەك ـ قولتۇقلىرى، يوتا ـ پاقالچاقلىرى زىيادە ئوچۇق قالىدىغان كۆڭلەك ـ كوپتىلىرىنى پەقەتلا كىيمىدى. قۇمقىسارنىڭ ئەركەكلىرى شەھۋەتپەرەس بولغىنى بىلەن قارا كۆڭۈل، ۋىجدانىنى يوقاتقانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار قىزنىڭ كىيىنىشىگە قاراپلا، ئۇنى خاتا مۆلچەرلەپ قالغانلىقىنى، دىلىغا قاتتىق ئازار بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ خىجىل بولۇشتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاكىلارچە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، كۆيۈنۈشلىرى بىلەن قىزدىن ئەپۇ سوراشتى. كېچىلىرى ئامانىنسانىڭ ياتىقىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، ئۆگزىسىگە چالما تاشلاپ ئارام بەرمىگەن بويتاق يىگىتلەرنى تەربىيە ـ نەسىھەت قىلىپ توستى. قىسقىسى، ئامانىنسا قۇمقىسارغا كەلگەن ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، قىزلارغا خاس نازاكەتلىك خۇلق ـ مىجەزى، ئوقۇتقۇچىغا خاس سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن قۇمقىسارلىقلارنىڭ نەزىرىدە پاك بىر پەرىشتىگە ئايلانغانىدى.

ئامانىنسا شەھەردىن تېخىچە مېھرىنى ئۈزەلمىگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە شەھەرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تويماي قارايتتى. شەھەر كۆزىگە ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ يېڭىلىنىپ قالغاندەك، مۇھىتى گۈزەللىشىپ، ئازادىلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تونۇش ـ بىلىشلىرى،

دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا قىزغىنلىق بىلەن سالام بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سورايتتى. بىر دېمەتلىكلىرىنىڭ ئۇچىسىدىكى رەڭگارەڭ، ھەرخىل پاسوندىكى مودا كىيىملەر كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى. ئۇ ھازىر سەھرا قىزلىرىغا خاس كىيىنىشكە، ياسىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، شەھەرلىكلەرنىڭ مودا كىيىنىشلىرىگە ياشلىق تۇيغۇسى بىلەن ھەۋەسلىنەتتى، خالاس. ھەر قېتىم كىرگەندە ئانىسىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئالدىغا چىقىشلىرىغا، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويۇشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

بۈگۈنمۇ ئانا ئامانىنىسانى باغرىغا بېسىپ ھازا ئاچقاندەك ئۈن قويۇپ يىغلىدى. قىزىنىڭ مەڭزىگە، پېشانىسىگە تويماي سۆيدى. ئانا بىر ئايدىن بېرى ئامانىنىسانى قاتتىق سېغىنغانىدى. ئامانىنىسا ئىلگىرىكى قېتىملاردا ئىمكان بار ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشاتتى. خۇددى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلەيتتى. ئەركىلەپ كۈلدۈرەتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنداق قىلالمىدى. تۆمۈراخۇن شۇجىنىڭ قىلغان ھايۋانىي قىلىقى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. قىزىنىڭ دەردلىك يىغىسى قىزىدىن تەسەللى تەمە قىلىپ تۇرغان ئانىغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئانا دەرھال يىغىسىنى توختاتتى. ھەر قېتىملىق ئادىتىنىڭ ئەكسىچە قىزىغا تەسەللى بەردى.

— يىغلىما، قىزىم، بولدى قىل. مېنىڭ يۈرەك ـ باغرىمنى ئېزىۋېتىدىكەنسەن.

ئامانىنىسا بىر ھازا يىغلىۋالغاندىن كېيىن خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى ۋە ئانىسىنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا قاراپ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى. قىزىنىڭ يىغىسىدىن ئانىنىڭ كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغانىدى. ئانا ئالدىن بىلىۋالماقچى بولغاندەك قىزىنىڭ چىرايىغا گۇمانسىراپ قارىدى.

— ساڭا بىرەر ئىش بولدىمۇ، قىزىم؟

— ياقەي، — دېدى ئامانىسا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ.

— ئەجەب ئىلگىرى سەھرادىن كىرسەڭ كۆزۈڭنى مىتىمۇ قىلىپ قويمايتتىڭ، بۈگۈن يىغلاپ ئېقىپ كەتتىڭغۇ ئەمىسە.

— ۋايتاڭەي، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. سىزنىڭ يىغلىغىنىڭىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلغان ئوخشايدۇ.

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن، — دېدى ئانا ئىشەنمەي، — ئۆتكەن ھەپتىدە تولا چۈشۈم بۇزۇلۇپ خاتىرجەم بولالمىغانىدىم. چوقۇم بىرەر خاپىچىلىقتا يولۇقتۇڭ، قىزىم. ئېيتە، بىرەرسى كۆڭلۈڭنى ئاغرىتتىمۇ يا؟

ئامانىسانىڭ ۋۇجۇدىغا تاغ كەلكۈنىدەك يەنە گۈرردە يىغا ئولاشتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ، كۆز چانىقى نەملەشتى. ياق، ياق. ئۆزۈڭنى توتۇۋال، ئامانىسا. تۇمۇراخۇن شۇجىنىڭ ئىشلىرىنى ئاناڭغا دېمە. ئەڭ ياخشىسى دەردىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇۋەت. بىر ئېغىز تىنما. ئۇنى خاتىرجەم قىل. غەم ـ ئەندىشىلىرىنى يەڭگىللەت.

— راست گەپ قىلدىم، ئانا. دىلىم رەنجىگۈدەك ئىش بولمىدى. بەلكىم بىر ئاز غېرىبسىنىپ قالغاندىمەن. سىزنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ بىلمەيلا يىغلاپ سالغاندىمەن، — ئامانىسا چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، — قارىڭا سىزنى، كۈلسەم باغرى تاش دەيسىز. مانا ئەمدى يىغلىسام يەنە بىرنېمە دەيسىز.

ئامانىسانىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە ئانا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە ئىنچىكىلەپ سورىمىدى. ئەمما، قىزىنىڭ سەھرادىكى تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يەنە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— داداڭ ھايات بولغان بولسا بۇ كۈنلەرگىمۇ قالماس ئىدۇق، قىزىم. تۇل خوتۇن دېگەن شۇنداق ئاجىز كېلىدىكەن. يالۋۇرۇپ بارمىغان يەرلىرىم، كىرمىگەن تۆشۈكلىرىم قالمىدى. ھېچكىم ئەرزىمنى تىڭشىمىدى. مۇشكۇلىمىزنى خۇدا ئۆزى ئاسان قىلار، قىزىم.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئانا. ئۆزىمىزنى ئارتۇقچە ئۇپرىتىپ يۈرمەيلى. سەھرادا ئىشلەۋاتقان يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ، — دېدى ئامانىسا ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ.

— سەن بىلەن تەڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ شەھەردە ئىشلەۋاتقان قىزلارنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولدى. ئالدىنىڭ بىردىن بالىسىمۇ بار تېخى. سەن سەھرادا ئىشلىگەچكە بەختى قارا بولۇپ قالدىڭ.

ئامانىسا ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، نەچارە؟ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش ئەمەس، ئويلاشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىق. لېكىن، بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇ ئانىسىغا ھېچنېمە دەپ تەسەللى بېرەلمىدى.

## 5

— بىۋاسىتە شەھەرگە بولمىسىمۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرگە يۆتكەشنىڭ يولىنى مېڭىۋاتىمەن. پات يېقىندا بۇ ئىشلارمۇ بىر ياقلىق بولۇپ قالار. سەنمۇ بىر ئاز ماسلىشىپ بەرسەڭ بولاتتى.

— كىم ساڭا يۆتكىلىمەن دەپتۇ؟ ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشماي ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ سەن يۆتكەلمىسەڭ مەن مۇشۇنداق بويتاق يۈرىۋېرەمدىم؟

— مېنىڭ نېمە كارىم؟ خالىساڭ ئۆيلىنىۋال.

— سەندىن باشقا ھېچكىمگە ئۆيلەنمەيمەن.

— ساڭا تېگىمەن دېگەن يېرىم يوقتۇ مېنىڭ. سەن ئەمدى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يۈرمىگىن.

— قېنى ئاۋۋال سېنى شەھەرگە بىر يۆتكەيچۇ، يا ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسى بولارمەن، يا قازىنىمدىكى غازنىڭ شورپىسى بولارمەن.

www.uyghurkitap.com

— ئىشقىلىپ، مەندىن كۆپ ئۇمىد كۈتۈپ كەتمە.

ئامانىنىسا ئۆتكەن قېتىمدا ئەسقەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئاشۇنداق دېيىشكەنىدى. ئاشۇ يامغۇر ياغقان كۈنى تۇمۇراخۇن شۇجىنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدە شەھەرگە يۆتكىلىش ئارزۇسى قايتىدىن بىخ سۇردى. ئەسقەرنىڭ شەھەرگە يۆتكەپ كېلىمەن، دېگەن سۆزلىرىنى كۆپ ئويلىدى. كۆڭلىدە ئەسقەرگە نىسبەتەن باشقىچە تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئەسقەر ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندىن كېيىن ئەسقەر ۋىلايەت مەركىزىدىكى تېخنىكومغا، ئامانىنىسا ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپكە كەتكەنىدى. بىرىنچى قېتىملىق يازلىق تەتىلدە بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتىن كەچ يانغان ئامانىنىسا ئەسقەرنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇش تەلىپىگە قوشۇلدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئەسقەر ئۇنىڭغا سۆيگۈ تەلىپى قويدى ۋە ئامانىنىسا تېخى جاۋاب بېرىپ بولغۇچە تۇيۇقسىزلا سۆيۈۋالدى. يىگىتنىڭ بۇ كەيپسىزلىكى قىزنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. چاڭگىدە ئۇرۇلغان بىر تەستەك يىگىتنىڭ مەڭزىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئەسقەر تېخنىكومنى ئامانىنىسادىن ئىككى يىل بۇرۇن پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىقتى. ئۇ قىزنىڭ يالغۇز قالغان ئانىسىنىڭ ھالىدىن كۆپ خەۋەر ئالدى. ئىككى يىلغىچە ئانىغا ھەم قىز، ھەم ئوغۇل بولدى. بۇ ئىشلارنى ئامانىنىسا ئانىسىنىڭ يازغان خەتلىرىدىن بىلگەنىدى. ئەسقەرنىڭ ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقى ئامانىنىسانىڭ يۈرىكىنى ئېرىتتى، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپلا ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزى خالاپ ئەسقەرنى سۆيدۇردى. ئەپسۇسكى، تۇنجى سۆيۈشۈشتىلا يىگىتنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان ئۆتكۈر ئەتىر ۋە يۈز مايىنىڭ خۇشبۇي ھىدى قىزغا لەززەت بېغىشلاش تۈگۈل كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى. بەش يىل بىر ياتاقتا قىزلار بىلەن پەرداز بۇيۇملىرىنى تالىشىپ ئىشلىتىپ، ئەتىر، يۈز مايلارنىڭ پۇرىقى سەزگۈلىرىگە ھېچقانداق تەسىر

كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالغان قىز ئۇچۇن، ۋۇجۇدىدىن
گۇپۇلدەپ ئەتىر، يۇز ماي پۇرىقى كېلىۋاتقان يىگىت بىلەن
سۆيۈشۈش خۇددى قىز دوستلىرى بىلەن قۇچاقلاشقاندەك،
مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشكەندەك تۇيغۇ بېرىپ، ھېچقانداق
لەززەت بېغىشلىيالمىدى. ئەكسىچە يىگىتنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن
سۆيۈشلىرى سەسكەندۈرۈۋەتتى. يىگىتنىڭ ئاغزىدىن لېۋىنى
ئەپقېچىپ، مەيدىسىدىن ئىتتەردى.

بۇ ئامانىسانىڭ يىگىتلەر بىلەن تۇنجى سۆيۈشۈشى ئەمەس
ئىدى. ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە بىر يىل قالغان چاغدىكى
پىراكتىكا مەزگىلىدە بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى ئۇنى
سۆيۈۋالغانىدى. ئۇ كۈنى ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر
مېھماندارچىلىققا كەتكەن بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئامانىسانىڭ
كۆڭلى تارتماي ياتاقتا يالغۇز قالغانىدى. ئۇ ياتىقىدا يانپاشلاپ
ياتقىنىچە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ئوغۇل ساۋاقدىشى
كىرىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
كەلسە، ياتىقىنىڭ قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى، شۇڭا ئامانىسانىڭ
ياتىقىدا بىردەم ئولتۇرۇپ چىقاي دەپ كىرگەنلىكىنى ئېيتتى.
ئىككى ساۋاقداش خېلى ئۇزاق يۇرتىنىڭ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ
گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز چىراغ
ئۆچۈپ قالدى - دە، ياتاقنىڭ ئىچى گۆردەك قاراڭغۇلۇققا
چۆمدى. شۇ ھامان قىزنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى.
ئوغۇل ساۋاقدىشىدىن خەۋپسىرەپ، كۆڭلىدىن ھەر خىل ئويلار
كېچىشكە باشلىدى. قىزنىڭ تۇيغۇسى خاتالاشمىغانىدى.

تۇيۇقسىز ئامانىسا شىپپىدە قىلغان بىر شەپە بىلەن تەڭ
ئۆزىنىڭ ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغانلىقىنى
تۇيمايلا قالدى. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ بولغۇچە لەۋلىرى
يىگىتنىڭ لەۋلىرى بىلەن ئۇچراشتى. يىگىتنىڭ تىكەندەك
سانجىلىپ تۇرغان يىرىك بۇرۇتلىرى، تىنىقىدىن تارقالغان
ئەركەكلەرگە خاس ئاچچىق تاماكا ھىدى، قاڭسىق تەر پۇرىقى

ئۇنىڭ قىزلىق سەزگۈسىنى غىدىقلاپ، تومۇرلىرىدا ئاجايىپ بىر شېرىن سېزىم ھاسىل قىلدى. ئۇ ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ سۆيۈشىدىن شۇنداق ھوزۇرلاندىكى، بىر پەستىلا بىر خىل مەستخۇش لەززەت قاينىمىدا مەست بولدى. شۇ ئەسنادا لاپپىدە چىراغ ياندى. ياشلىق ھېسسىياتىنىڭ مەۋجىدە مەست بولغان قىز بىلەن يىگىت شۇ ھامان ئېسىگە كەلدى. تومۇر ـ تومۇرلاردا لەڭ ئۇرۇۋاتقان قانلار شاپپىدە توختىدى. ئۇلار بىرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك چاقماق تېزلىكىدە كارىۋاتنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى ۋە خىجىللىق بىلەن پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغا قاراشتى.

ئامانىسا بۇ كەپسىز ساۋاقدىشىنى بىر ئېغىزمۇ ئەيىبلىمىدى. يىگىت بىر پەس يەرگە قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈن ـ تىنسىزلا سىرتقا ماڭدى. يىگىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئامانىسا خۇددى مەستلىكتىن يېشىلەلمىگەندەك بىر خىل تۇيغۇدا ئۇزاق ئولتۇردى. ئوي ـ خىياللىرى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەنىدى. بايىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك يىگىتنىڭ لەۋلىرىدە سۆيۈلگەن لەۋلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئاستا سىلىدى. كېيىن ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئۇزاق ئويلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئوغۇل بىلەن سۆيۈشمەسلىككە، ئوغۇللارنىڭ سۆيۈۋېلىشىغىمۇ يول قويماسلىققا قەسەمياد قىلدى.

ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە ئامانىسا ئۆزىنىڭ ئەسقەرگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەسقەر ئۇنى ھىمايىسىگە ئالالايتتى، يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇراتتى، تۆمۈراخۇن شۇجىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالالايتتى.

ئامانىسا ئانىسى بىلەن بىردەم ھال ـ مۇڭ بولغاندىن كېيىن يۆتكىلىش ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ باقاي دەپ ئەسقەرنى ئىزدىمەكچى بولدى. ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىپ

تۇرۇشىغا، ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئەسقەرگە كۆزى چۈشتى.

— بۇگۈن كېلىدىغانلىقىڭنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى. كەلگىنىڭگە خېلى ئۇزاق بولدىمۇ؟ — دېدى يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ.

— ھېلىراقتا كەلدىم، — دېدى ئامانىسا ئانچە ئېچىلىپ كېتەلمەي، ئۇ ھازىر گەرچە ئىشكتىن ئەسقەرنى ئىزدەپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆرۈپلا نېمە ئۈچۈندۇر باشتىكى قىزغىنلىقى بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتى. يىگىتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن تارقالغان كۈچلۈك ئەتىر پۇرىقى كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى.

ئامانىسا ئەسقەرنى ئەركەكلەرگە خاس چىرايى يوق دەپ ياراتمايتتى. مانا ھازىرمۇ يىگىتنىڭ چىراي - تۇرقىغا ئوغرىلىقچە سەپسالدى. لېۋى قىزلارنىڭكىدەك نېپىز ۋە قىزىل ئىدى. يۇزى ماي سۈرۈلگەنلىكتىن پارقىراپ تۇراتتى. كۆپتۈرۈلگەن بىر تۇتام چېچى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. خۇدا ئۇنى ياراتقان چاغدا سەل ئادىشىپ قالغانمىدىكىنتاك، دەپ ئويلىدى ئامانىسا يىگىتنىڭ زىلۋا قامىتىگە، يۇمران، ئىنچىكە بارماقلىرىغا كۆز تاشلاپ ۋە كۈلۈپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى.

— يۈرە ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى ئۇ يىگىتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— بولدىلا، سىرتنى ئايلانغاچ مۇڭداشامدۇق.

— ئىشىك ئالدىدىلا ماڭساك قانداق بولىدۇ؟

— ھېچقىسى يوق، كەچلىك تاماقنى بازاردا يەپ، سىرتنى ئايلىنايلى.

— مەيلى ئۇنداق بولسا، جىنەك ساقلاپ تۇر. كىرىپ ئانامغا دەپ قويۇپ چىقاي.

ئامانىسا ھايالشىمايلا ئۆيدىن چىقتى. ئۇلار تار، ئەگرى -

www.uyghurkitap.com

بۇگرى خالىتا كوچىدىن چوڭ يولغا چىققۇچە ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. ئۇ ئەسقەردىن يۆتكىلىش ئىشىنى سوراشقا نەچچە قېتىم تەمشەلدى ـ يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر تىلى بارمىدى.

— يۆتكىلىش ئىشىڭنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكۈزدۈم، — دېدى ئەسقەر چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاغرىپ قېلىپ داۋالانغىلى ئۈرۈمچىگە كەتكەنىكەن. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا ئازراق ئادەمگەرچىلىك قىلىشقان ئىدىم، ئىدارە باشلىقىنىڭ يوق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سېنى يۆتكەپ قويىدىغان بولدى.

— پارا بەردىڭمۇ؟

ئامانىنسانىڭ تۇلۇمدىن تۇقماق چىققاندەكلا سورىغان بۇ سوئالىغا ئەسقەر ئۈندىمىدى. ئامانىنسا يەنە سورىدى.

— قانچىلىك پارا بەردىڭ؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— بىلىپ باقاي دېدىم.

— ئىككى قېتىم رېستورانغا باشلاپ مېھمان قىلغان چىقىمنى قوشقاندا... — ئەسقەر تۇيۇقسىز گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى، — بولدىلا، بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلاي؟ قارا، سېنىڭ خۇددى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باشلىقىدەك زىغىرلاپ كەتكىنىڭنى. ئۇزۇمنى يەپ، ساپىقىنى سورىماڭ دەپتىكەن.

ئامانىنسا يىگىتىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— راستلا دەپ بەرمەمسەن؟

— بىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، دېدىمغۇ. ئۇزۇمنى يەپ، ساپىقىنى سورىما.

— يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشى قېنى؟

— يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشىنى سەن كىرسەڭ ئاندىن يېزىپ بېرىدىكەن.

— ساڭا يېزىپ بەرسىمۇ ئوخشاشقۇ. يول ماڭغان ئادەم سەن

تۇرساڭ، — دېدى ئامانىسا يىگىتنىڭ جاۋابىدىن ئانچە رازى بولماي.

— ۋايتاڭەي، يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشىنى يېزىپ بەرسىلە دېسەم، يۆتكىلىدىغان خانىم ئۆزى كىرىپ يۆتكىلىش ھەققىدە ئىلتىماس يازسۇن، دەپ تىلىنى چايناپ تۇرۇۋالدى. ئەتە بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ بېرىپ باق. قالغان ئىشنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز.

ئەسقەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئامانىسانىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇلار بىر ئاشخانىغا كىرىپ غىزالاندى. ئاشخانىدىن چىققاندا شەھەر ئاسمىنىغا تۈن پەردىسى يېپىلىپ، كوچا چىراغلىرى يۇلتۇزدەك يېنىپ كەتكەنىدى.

— يۈرە، تانسىخانىغا كىرەيلى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، ئانام ئەنسىرەپ قالارمىكىن.

— مەن بىلەن چىقىپ كەتكىنىڭدىن خەۋىرى بار تۇرسا، تانسىدىن بۇرۇنراق قايتىپ چىقساق بولىدىغۇ.

ئامانىسا ئارتۇقچە تىرەجەپ تۇرۇۋالمىدى. دېمىسىمۇ ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنى يۆتكەيمەن دەپ ماڭغان يوللىرىغا، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

تانسىخانا ياشلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئامانىسا تانسىخانىدىكى قىزلارنىڭ كىيىمىگە، ياسىنىشىغا، چاچ پاسونلىرىغا قاراپ ئۆزىنىڭ خېلىلا چېنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ بىرئاز قورۇندى. لېكىن، ئەسقەر تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئامانىسانى بىر چەتتىكى بوش ئۇستەلگە باشلىدى ۋە بىرنەچچە تەخسە قورۇق يەل - يېمىش، بىرنەچچە قۇتا سوغۇق ئىچىملىك بۇيرۇدى. ئامانىسا تانسا ئويناشنى خالىمايتتى. لېكىن، ئەسقەرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغۇدەك سەۋەب تاپالماي، ئىلاجسىز بىرنەچچە قېتىم تانسا ئوينىدى. تانسىخانىدىكى قىز - يىگىتلەر تولىمۇ ئەركىن - ئازادە، خۇشال ئولتۇراتتى. پەقەت ئامانىسالا بۇ مۇھىتقا ماسلىشالماي قورۇنۇپ ئولتۇردى. دىسكو

www.uyghurkitap.com

مۇزىكىسى چېلىنغاندا ئامانىنسا پەقەتلا سورۇنغا چۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئەسقەر ئىلاجسىز سورۇندا سەكرەپ ئوينىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ توپىغا قېتىلىپ كەتتى. ئامانىنسا بىر چەتتە كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ، ئەسقەرنىڭ دىسكوغا سورۇندىكى ياشلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن ئۇستا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ــ دىسكوغا ئۇستا ئىكەنسەن، ــ دېدى ئامانىنسا تەرلەپ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن ئەسقەرگە قاراپ.

ــ ئانچە ئەمەس، ــ دېدى ئەسقەر قىزنىڭ ماختىشىدىن خۇش بولۇپ، ــ خىزمىتىمگە يۆتكىۋالغاندىن كېيىن بۇنداق سورۇنلارغا پات ـ پات كېلىپ تۇرىمىز. كاراOKلاردا ناخشا توۋلايمىز تېخى. خۇدايىم بۇيرۇسا سەنمۇ راۋرۇس بىر دىسكوچى بولۇپ قالىسەن.

ئامانىنسا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار تانسىخانىدىن قايتىپ چىققاندا شەھەر كوچىسىدا ئادەملەر شالاڭلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار پىيادە مېڭىشتى. ئەسقەر قىزنىڭ قولىدىن ئاستا تۇتۇۋالدى. ئامانىنسا قولىنى تارتىۋالمىدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە يانمۇيان مېڭىشتى. قىزنىڭ ئۆيى جايلاشقان قاراڭغۇ كوچىغا كەلگەندە يىگىت ئاستا قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، قىزنى باغرىغا بېسىپ، لەۋلىرىگە لەۋ ياقتى. ئامانىنسا قارشىلىق قىلماستىنلا ئۆزىنى ئەسقەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. يىگىت قىزنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئاغرىپ كېتىمىشىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك بوش، يەڭگىل سۆيەتتى. ئامانىنسا قىلچىلىك ھاياجانلانمىدى، زادىلا لەززەت ھېس قىلمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ مەيدىسىدىن ئاستا ئىتتەردى.

ــ بولدى قىلايلى، بىرسى كېلىپ قالمىسۇن.

يىگىت ياۋاشلىق بىلەن قىزنى قويۇۋەتتى.

ــ سەن نېمىشقا تاماكا چەكمەيسەن، ئەسقەر؟

ئامانىنسانىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ غەلىتە سوئالى يىگىتنى گاڭگىراتتى. توۋا، بۇ قانداق سوئال بولدى ئەمدى؟

## 6

ئەتىسى ئۇلار مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى. ئامانىسانىڭ ئۇچىسىدا يېزىدىن كىيىپ كەلگەن كىيىملىرى بار ئىدى. ئەسقەر كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇپ، چېچىنى كۆڭۈل قويۇپ مايلىغانىدى. ئايىغى پارقىراپ تۇراتتى. كىيىملىرىدىن گۇپۇلدەپ ئەتىر ھىدى كېلەتتى. يىگىتنىڭ قىزغىنلىق بىلەن بەرگەن سالىمىغا ئامانىسا سوسلا جاۋاب قايتۇردى.

— بايا تېلېفون قىلدىم. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىدا بار ئىكەن. يۈرە، ۋاقتىدىلا ئىشنى پۈتكۈزۈۋالايلى.

ئۇلار ئەمدىلا ماڭايلى دەپ تۇرۇشىغا ئەسقەرنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ قالدى. ئۇ چاقىرغۇسىغا قاراپ بىر ئاز جىددىيلەشتى.

— ئىدارىدىكىلەر چاقىرتىپتۇ، — دېدى ئۇ، — ئەتىگەندىن بېرى ئىشقا بارمىغانىدىم. سەن كىرگەچ تۇر. مەن تېلېفون بىرىۋېتىپلا كەينىڭدىن كىرىمەن.

— بىللە كىرسەك ياخشى بولارمىكىن. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مېنى تونۇمىسا، — دېدى ئامانىسا دېلىغۇل بولغان ھالدا.

— ئۆزۈڭنىڭ قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىدىن كىرگەنلىكىڭنى دېسەڭ ياكى مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارساڭ ئۇ بىلىدۇ. رەسمىيەتنىمۇ سېنىڭ قولۇڭغا بېرىدىغان بولغان.

ئامانىسا ئارتۇقچە تالاشماي بىناغا كىرىپ كەتتى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا ئوتتۇرا ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان يەتتە - سەككىز ئوقۇتقۇچى قورۇنۇپ، بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇشاتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئەمدىلا قورساق سېلىشقا باشلىغان، مەڭزى قىزىل، قىزىق ياشلارغا يېقىنلىشىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان تاقىر باش ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيقۇسىراپ، ئەسنەپ ئولتۇراتتى. يۈزىگە قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا دەرد ئېيتىۋاتاتتى.

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىمغا بۇ يىل توپتوغرا يىگىرمە سەككىز يىل بولدى قارىسىلا، جۇيجاڭ، ئوقۇش ھەم خىزمەت تارىخى مەن بىلەن ئوخشاش بولغانلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىپ بولدى. ھەر يىلى ئۇنۋانغا جەدۋەل توشتۇرىمەن، لېكىن تەستىقلانمايدۇ. شۇڭا، مائاشىممۇ تۆۋەن. ئۇنۋان ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدىكىلەرگىمۇ ئەھۋالىمنى چۈشەندۈردۈم. ئۇلار مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قاراپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئىشنى بىر سۈرۈشتە قىلىپ بەرگەن بولسىلا.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلارغا خۇشياقمىغان نەزەردە قاراپ چىقتى - دە، قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ كېرىلدى، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى.

— سىلەر دەرد ئېيتىپ كىرمىسەڭلارمۇ بىز بىلىمىز. لېكىن، بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا سالغىلى بولمىغاندەك ھەممە مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىر - بىرلەپ ھەل قىلىدىغان گەپ. مۇسۇلماندارچىلىق ئاستا - ئاستا دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ قوپۇڭلار، مەكتىپىڭلارغا چىققاچ تۇرۇڭلار. مېنىڭ خىزمىتىمگە تەسىر يەتكۈزمەسەڭلار بولمايدۇ، بۇنىڭسىزمۇ بېجىرىدىغان نۇرغۇن ئىشىم بار. ۋاقتى كەلگەندە سىلەرگە ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىمىز.

ئىشخانىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشقىنىچە ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ سىرتقا مېڭىشتى. ھېلىقى ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىدە قېتىپ قالغانىدى. بىر پۇتىنى ئاۋايلاپ، ئاسقاقلاپ ماڭاتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىشىك تۈۋىدە قىمىر قىلماي تۇرغان ئاماننىساغا تەئەددى بىلەن

ئېيتتى.

— باياتىن دېدىمغۇ، يۇقىرىنىڭ تەستىقى چۈشسە ئايرىم ئۇقتۇرىمىز دەپ.

— مەن تېخى ھازىر كەلدىم. ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىۋېلىشىمغا رۇخسەتتۇ؟

قىزنىڭ جاراڭلىق، يېقىملىق ئاۋازى ھاراق كەيپىدىن يېشىلەلمەي گاراڭ بولۇپ تۇرغان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى سەگىتتى. ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئالدىدا ئاددىي كىيىنگەن، ئەمما زىلۋا بويلۇق، قاش – كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر قىز نازاكەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ياخشى بىر ئولجىنى بايقىغان ئوۋچىدەك بىردىنلا روھلاندى. بايا قەستەن سورلۇك تۇس بەرگەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھىجايدى.

— رۇخسەت، ئەلۋەتتە رۇخسەت، ھى – ھى – ھى... — ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ ئامانىنسانى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئىشىكنى يېپىقان بولۇپ چاندۇرمايلا بىخەتەر قۇلۇپىنى ئېتىۋەتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ھەقىقەتەن ھىيلىگەر ئوۋچى ئىدى. ئۇ بىر قاراپلا ئامانىنسانىڭ سەھرادىكى مەكتەپلەردە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئالدىغا چوقۇم يۆتكىلىش ئىشى بىلەن كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ياش، كېلىشكەن، چىرايلىق ئولجىلارنى، بولۇپمۇ يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىلىش ھاجىتى بار ئولجىلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ئولجىلار ياۋاش – رايىش كېلەتتى. ئۇلار ئىشلىرىنى تېزرەك بېجىرىۋېلىش كويىدا سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇلارنى ئوۋلىماق، چاڭگال سالماق ئاسان ئىدى.

— قانداق ئىش بىلەن كىردىڭىز؟ — مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇنداق دېگەچ ئامانىنسانىڭ بىقىنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئامانىنسا سەل نېرىراق سۇرۇلۇپ جاۋاب بەردى.

— مەن بايئاۋات يېزىسىنىڭ قومىسسار باشلانغۇچ مەكتىپىدىن كىردىم...

— بايئاۋات يېزىسى؟ — مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئاماننىسانىڭ ئاغزىدىن دەرھال گەپنى تارتىۋېلىپ، ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى، — جاھاننىڭ نېرىسىغۇ ئۇ. قاتنىشى قولايسىز، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئادەملىرى مەدەنىيەتسىز، ياۋايى. بۇنداق يۇرتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ھەرگىز ئاسان ئەمەس. سىزدەك نازۇك قىزلار ئۇچۇن تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. خېلى مەن - مەن دېگەن ئوغۇل باللارنىڭمۇ بىر مەۋسۇمدىلا ۋايجېنىنى چىقىرىۋېتىدۇ ئۇ يەر. ئىسىت، ئىسىت، راستىلا زايە كېتىپسىز، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئاماننىسانىڭ ھەممە يېرىگە شەھۋانىيلىق بىلەن قاراپ چىقتى، — سىزدىكى بۇ نازۇك قامەت، سۇرەتتەك چىراي شەھەرگىلا لايىق ئەمەسمۇ. قانچىلىك جاپا تارتقانسىز؟ مۇنۇ چىرايلىق بارماقلىرىڭىزمۇ يېرىلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇنداق دېگەچ ئاماننىسانىڭ بارماقلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ئاماننىسا قوپاللىق بىلەن قولىنى تارتىۋالدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇيان تەرەپتىكى سافاغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان نەپرىتىنى چاندۇرماي سۆزلىدى.

— مېنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىمنى بۈگۈن بېجىرىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپتىكەنلا، ئەسقەر كىرسەڭلا رەسمىيىتىڭنى بېجىرىپ بېرىدۇ، دېگەن. مانا بۇ مېنىڭ يۆتكىلىش ئىلتىماسىم.

— يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى دەمسىز؟ — ئولجىنىڭ ئاسان تۇتۇق بەرمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن «ئوۋچى» قىزغىن ھالىتىدىن ئەسلىدىكى سۈرۈن ھالىتىگە كۆچتى، — سىز ياخشى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز. پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىدا ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىختىيارىغا قويىدىغان بولساق، ھەممىسى دېگۈدەك شەھەرگە يۆتكەلسەك دەپ تۇرىدۇ. ھېلىمۇ

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ يېرىم سالمىقى ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇ ياندىن - بۇيانغا يۆتكەشكە سەرپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شەھەر ئىچى ئەمەس، شەھەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىشتاتىمۇ ئاللىبۇرۇن توشۇپ ئېشىپ كەتتى. ھەممە ئادەم شەھەرگە يۆتكىلىۋالسا، يېزىدا كىم ئىشلەيدۇ؟ پارتىيەنىڭ يېزىلارغا قاراتقان توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى سىياستىنى كىم ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ؟ دېھقانلار، مىللىتىمىز ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز، ساپاسىز بولۇپ قالامدۇ؟!

ئامانىسانىڭ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىشقا سالغان ۋاسىتىلىرىم كارغا كەلدى دەپ ئويلىدى - دە، يەنە ئەدەشكە باشلىدى.

— مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە كەلگەن يۆتكىلىش ئىلتىماسلىرى، — دېدى ئۇ ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن بىر تۇتام قەغەزلەرنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ، — ھەممىسى شەھەرگە يۆتكەلسەملا دەيدۇ، بىرسىنىڭ دەردى يەنە بىرسىنىڭكىدىن كۆپ. باشلىق بولدۇم دەپ باش ئاغرىقىغىلا قاپتىكەنمەن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئامانىسانىڭ قېشىغا كېلىپ سۈۋۈشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى. قىز سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قىمىر قىلمىدى. ئولجىنىڭ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىنى كۆرگەن «ئوۋچى» ھاياجىنىنى باسالماي يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەھۋالىڭىزنى ئەسقەرجان ماڭا دېگەن. ئىدارە باشلىقى بولغان بولسا يۆتكىلىش ئىشىڭىزدىن ئېغىز ئېچىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايتتى. ئەسقەرجانىنىڭ يېلىنىشلىرىغا چىدىماي سىزنى يۆتكەپ قويۇشقا ماقۇل بولغانىدىم. ھېلىمۇ بۇ ئىشقا ئاز كۈچ چىقارمىدىم.

ئۇ ئامانىسانىڭ قولىنى يەنە تۇتتى. نازۇك، يۇمران بارماقلار يوغان، گۆشلۈك ئالقانلار ئارىسىدا مىجىقلاندى.

— سىزنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا يۆتكەپ قوياي دەپ

ئويلىغانىدىم. بوپتۇ، شەھەر ئىچىگىلا يۆتكەپ قوياي. بىر - بىرىمىزنىڭ دەردى - ھالىغا يېتىپ ئۆتەرمىز، — قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرىنىڭ تەسىرىدە ھاياجانلىنىپ كەتكەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ نەپسى ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلدى. قولى قىزنىڭ ئالمىدەك كۆكسىگە، تۇمشۇقى چىلاندەك لەۋلىرىگە سوزۇلدى. باياتىن بېرى باسماقتا چۈشكەندەك جىملا تۇرغان ئاجىز توشقان ئەمدى بىردىنلا ياۋا مۈشۈككە ئايلاندى - دە، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ تۇمشۇقىنى مورلىدى. ياۋا مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرى ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يۈزىنىڭ لازا سۈركىگەندەك ئېچىشىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قىزنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ پاكىز چۈشۈرۈلگەن ئاپپاق تۇمشۇقىغا بەش تىرناق روشەن ئىز سالغان بولۇپ، قان تەپچىرەپ چىققانىدى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ... ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان پاسكىنا!

— پاسكىنا دېگەن سەن، — دېدى ئامانىنىسا غەزەپتىن تىترەپ، — ھۇ لۈكچەك!

— زۇۋانىڭنى پەس قىل. يۆتكىلىش ئىشىڭنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما، قانجۇق!

— ئاناڭنى يۆتكىۋال! ساڭا دەپ قوياي. مائارىپ قوشۇنىدا ساڭا ئوخشاش ئېشەكلەر باشلىق بولۇپ تۇرىدىكەن، ھەرگىزمۇ يۆتكىلمەيمەن دەپ كىرمەيمەن. قولۇڭدىن كەلسە قۇمۇقسارىدىنمۇ يىراق مەكتەپ بولسا پالىۋەت، — ئامانىنىسا قولىنى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ كۆزىگە جونۇپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — بۈگۈندىن قالدۇرماي ئەسقەردىن مېنى يۆتكەپ قويىمەن دەپ ئالغان پارا - سوۋغىلارنى دەرھال قايتۇر. ئاڭلىدىڭمۇ، بۈگۈندىن قالدۇرماي، بولمايدىغان بولسا ھەر بالا كۆرسەم مەيلى، ئۈستۈڭدىن ئاڭلايدىغان يەرگىچە ئەرز قىلىمەن.

ئامانىنىسا ئىشىكنى جالاقشىتىپ ئاچتى - دە، چىقىپ كەتتى.

— قانداق بولدى، چىرايىڭ تۇتۇلۇپ كېتىپتىغۇ؟

ئامانىنسا ئەسقەر بىلەن كارىدوردىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ ئەسقەرنىڭ قولىدىن سۆرىگىنىچە بىنادىن چۇشۇپ كەتتى. ھەممە ئىشنى ئەسقەرگە دەپ بەرمەكچى بولدى. لېكىن، پەسكە چۈشكەندىن كېيىن نىيىتىدىن ياندى. بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى يۇتۇۋەتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى.

— باشقا گەپ يوق، مەن قۇمقىسارلارنى يۆتكەلمەيدىغان بولدۇم، — دېدى ئامانىنسا يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ.

— نېمىشقا؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — ئەسقەر باش - ئاخىرى يوق بۇ گەپتىن گاڭگىراپ قالدى.

— سەۋەبىنى ساڭا كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. سەن بۈگۈندىن قالدۇرماي مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ قېشىغا كىرىپ، پارا بەرگەن پۇللىرىڭنى قايتۇرۇۋال. قىلغان مېھماندارچىلىقىڭنىڭ پۇللىرىغىچە ھېسابلاپ ئال. ئۇ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. ياۋاشلىق قىلما، ناۋادا غىدىڭ - پىدىڭ قىلىپ قالسا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز قىلىمەن، دېگىن. ساڭا يەنە بىر تاپىلاپ قوياي، ئەسقەر، ناۋادا ئاشۇ نەرسىلەرنى تولۇقى بىلەن قايتۇرۇۋالمايدىغان بولساڭ يۈزۈمگە ئىككىنچى قارىغۇچى بولما.

— نەگە بارىسەن؟

— قۇمقىسارغا.

— توختا، سېنى ئۇزىتىپ قوياي.

— ئاۋارە بولما، مەن دېگەن ئىشنى بېجىرگىن.

## 7

قۇمقىسارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىشى بىلەن تەڭلا بىر - بىرلەپ قۇمقىسارنىڭ ھاياتلىق تومۇرى بولغان

www.uyghurkitap.com

قۇمئېرىق ئۆستىڭىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تېخى قۇم ـ بورانىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىغان ئېكىنزارلىقلا كۆچۈپ كېتىشكەنىدى. يېڭى ئولتۇراق جاينىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ، كېيىنكى كومىتېتى قورۇسى بىلەن كەنت مەسچىتىمۇ كۆچۈرۈلدى. كونا مەھەللىدە پەقەت زاكىر بوۋاي يالغۇزلا قالغانىدى. كونا مەھەللە بىلەن يېڭى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىغا قۇمئېرىق ئۆستىڭى جايلاشقانىدى. ئۆستەڭنىڭ ئىچىدىن تارتىپ ئىككى قىرغىقىغىچە كۆپكۆك قۇم ئىدى. ئۆستەڭنى بۇگۈنى چېپىپ ئەتىسى سۇ باشلىسا، سۇ توختىغان هامان ئۆستەڭنىڭ تېگى يەنىلا كۆپكۆك قۇم بىلەن تىنىپ كېتەتتى. شۇڭا، بۇ ئۆستەڭ قۇمئېرىق دەپ ئاتالغانىدى.

زاكىر بوۋاينىڭ ئۆيى قۇمقىسارنىڭ هاياتلىق تومۇرى بولغان قۇمئېرىق ئۆستىڭى بىلەن قۇمقىسارغا تەھدىت سېلىپ قىستاپ كېلىۋاتقان قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بوستانلىققا جايلاشقانىدى. بوۋاينىڭ ئۆيىدىن قۇملۇققا بىر ئۇن يېتىم، قۇمئېرىققا ئىككى ئۇن يېتىم ئارىلىق بار ئىدى. قۇمئېرىق ئۆستىڭىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قوچاق يەتكۈسىز سۆگەتلەر، سۇۋادان تېرەكلەر، جىگدىلەر ۋە خۇددى ئۇرۇقىنى تېرىپ قويغاندەك بولۇق ئۆسكەن توغراق، يۇلغۇنلار قۇم ـ بوراننى توسۇپ تۇرغاچقا، قۇمقىسارنىڭ يېڭى مەھەللە تەرەپتىكى زېمىنلىرى تېخى قۇملىشىپ كەتمىگەنىدى.

كوممۇنا چۇۋۇلۇپ، يەرلەر هۆددىگە بېرىلىشكە باشلىغاندا هېچكىمنىڭ كونا مەھەللىدىكى قۇملىشىپ ئۇنۇمسىزلىشىشكە باشلىغان يەرلەرنى هۆددىگە ئالغۇسى كەلمىدى. ھەممەيلەن قۇمئېرىق ئۆستىڭىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېكىنزارلىققا يۈگۈرۈشتى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا هۆددە ئالغان يەرلەرنىڭ قېشىغا ئۆي سېلىشىپ كۆچۈپ كېتىشتى. بۇ قۇمقىسارلىقلارنىڭ قۇملۇقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇچىنچى قېتىم كۆچۈشى ئىدى. زاكىر بوۋاينىڭ هېلىمۇ ئېسىدە. ئاشۇ پولات

تاۋلاش ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدىلا يەرلەر قۇملىشىپ، ئۈنۈمسىزلىشىپ كەتكەنىدى. بىر كىچىك بوران چىقسىلا قۇمقىسارغا ئادەمنىڭ ئۇشۇقىدا قۇم ياغاتتى. تىرىكچىلىك قىلىش پەقەتلا مۇمكىن بولماي قالدى. بۇ چاغدا قۇمقىسارلىقلار تۈنجى قېتىم كۆچتى. ئۇلار يېڭى مەھەللىسىنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ھويلا - ئاران ئەتراپىغا بەرپا قىلغان باغباراڭلىرى ئەمدى مېۋىگە كىرىشكە، يول، ئېرىق بويلىرىغا سالغان كۆچەت - قاناتلىرى بىلەك - پاقالچاقتەك يوغىناشقا باشلىغاندا قۇملۇق يەنە قىستاپ كەلدى. بۇ يەرلەرمۇ قۇملىشىپ، باغلار قۇرۇشقا، دەل - دەرەخلەر قاغجىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمقىسارلىقلار بوۋاينىڭ ھازىرقى ئۆيى جايلاشقان مەھەللىگە كۆچۈپ كېلىشتى. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ ھازىرقى ئۆيىنى ئوغلى ھاپىزاخۇن سېلىپ كۆچۈپ كەلگەنىدى. زاكىر بوۋاي بىر قىسىم ياشانغانلار بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاشقا يىراق بولۇپ قالىدىكەن دەپ، ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈشكە قاتناشمىغانىدى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر قىسىم ياشانغانلار بىر - بىرلەپ قەبرىگە كىرىپ كېتىشتى. يەنە بىر قىسىملىرى بالىچاقا، نەۋرىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىشتى. ئاخىرىدا مەھەللىدە يالغۇز قالغان زاكىر بوۋاي بىلەن كېسەلچان مومىيى ئوغلى ۋە كېلىنىنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ چاغدا قۇمقىسارلىقلارنىڭ ئالدى ئۈچىنچى قېتىملىق كۆچۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بولغانىدى. بىراق، ئوغۇل زاكىر بوۋاينى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، ئۇلارغا ھۆددە ئالغان يەرلەرنى تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى پۇل تېپىش ئۈچۈن شەھەرگە مەدىكارچىلىق قىلغىلى بىر كىرىپ كەتكەنچە ئىككى يىلغىچە كەلمىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز كېلىپ بوۋاي بىلەن مومايىنى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شەھەردە خېلى كۆپ پۇل

تاپقانلىقىنى، قومقساردەك بۇ سەھرايى قىيامەتتە ھېلىمۇ شۇنچە كۆپ ئۆمرىنىڭ زايە بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىدىغانلىقىنى، شەھەردە تىجارەت قىلىپ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككى يىل شەھەردە تۇرغان ئوغۇل قومقساردىن پۈتۈنلەي تانغانىدى. ئوغلىنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بوۋاي ئارتۇق گەپ قىلمىدى لېكىن، ئۆزىنىڭ قومقساردىن بىرقەدەممۇ نېرى كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاتا - بالا سوغۇقلا خوشلاشتى. دەل شۇ پەيتتە كىچىك نەۋرىسى ئايۇپ ئاتا - ئانىسى بىلەن كەتكىلى ئۇنىماي مومىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قىرقىراپ يىغلىدى. بوۋاي بىلەن موماي ئوغلىغا چىدىغان بىلەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ قوينىغا سېلىپ باققان نەۋرىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىمايتتى. بالىنى قويۇپ كەت، دېدى بوۋاي ئوغلىغا ئىلتىجالىق كۆزلىرىنى تىكىپ. دېمىسىمۇ، شەھەردە تىجارەت قىلىمەن دېگەن ئادەم ئۈچۈن كىچىك بالا ئەلۋەتتە يۈك ئىدى. ئوغۇل ئارتۇقچە تارتىشمىدى - دە، چوڭ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ياندۇرقى يىلى كېسەلچان موماي بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ سەجدىگە باش قويغىنىچە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. كىچىككىنە ئايۇپ بوۋايىنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بولۇپ قالدى. بوۋاي مومىينى مەھەللە زاراتگاھلىقىدا قويماي ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كىشىلەر تېرىماي تاشلىۋەتكەن قومluقتا دەپنە قىلدى ۋە قەبرىنىڭ ئەتراپىنى باغ قىلىشقا كىرىشتى. ئەمدى ئۇنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچى نەۋرىسى ئايۇپ بىلەن يېڭىدىن ئەھيا قىلغان باغقىلا مەركەزلەشكەنىدى. ئايۇپنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ باغمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. ئايۇپنىڭ تاتلىق، چۈرۈك سۆزلىرىگە ئوخشاش باغمۇ تاتلىق، چۈرۈك مېۋىلەرنى بېرىشكە باشلىدى. مانا ئەمدى بۇ باغ قومقساردىلا ئەمەس، پۈتكۈل بايئاۋات تەۋەسىدە نامى بار باغقا ئايلانغانىدى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئامانىنىسا بىلەن ئابدۇنەبى زاكىر

بوۋاينىڭ دەۋىتى بىلەن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قۇمقىسارلىقلار تاشلىنىۋەتكەن بىر پارچە سوزۇنچاق يەرگە مەكتەپنىڭ ھېسابىدا باغ قىلغانىدى. باغ ئىككى يىلدىن بېرى ئوبدانلا ئايىنغانىدى، يەنە بىرەر يىل ئۆتسە باغدىكى كۆچەتلەرنىڭ ئالدى مېۋە بېرىشكە باشلايتتى. بۈگۈن ئابدۇنەبى مەكتەپتىكى ئۆششاق باللارنى قويۇۋېتىپ، چوڭراق باللاردىن ئون نەچچىسى بىلەن بىرلىكتە باغقا سۇ تۇتۇۋاتاتتى.

— نەبى، ھەي نەبى بالا !

ئابدۇنەبى بېشىنى كۆتۈرۈپلا نېرىدا ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان زاكىر بوۋاينى كۆردى ۋە كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى.

— باشقا ئىشمۇ يوق، — دېدى بوۋاي سۇر مادىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان تاغارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سىلەرنى ئۇسساپ قالدىمىكىن دەپ قوغۇن ئېلىپ كەلدىم، باغقا سۇ كۆندۈرۈكلۈكتۇ؟

— كۆندۈرۈكلۈك.

— ھە، ئۇنداق بولسا باللارنى چاقىر. كېلىپ بىرەر تىلىمدىن قوغۇن - تاۋۇز يەۋالسۇن. ئىسسىقتا لاي سۇنى ئىچىۋەرسە ئاغرىپ قالىدۇ.

— ئايۇپ، ھاي ئايۇپ ! — ئابدۇنەبى نېرىراقتىكى ئېچىق بېشىنى بېقىپ تۇرغان بوۋاينىڭ نەۋرىسىنى چاقىردى، — باللارغا خەۋەر قىل، كېلىپ قوغۇن يەۋالسۇن.

بىردەمدىلا بوۋاينىڭ چۆرىسىگە باللار ئولاشتى. بوۋاي ئۇلارغا قوغۇن پىچىپ بەرگەچ ئابدۇنەبىدىن سورىدى:

— ئامانىنسا خانىم شەھەردىن قاچان كېلىدۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئابدۇنەبى بىر تىلىم قوغۇننى ئىشتىھا بىلەن يېگەچ.

— بىلمەيمەن دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى بوۋاي ئابدۇنەبىنىڭ تومتاقلا بەرگەن جاۋابىدىن سەل تېرىكىپ، — بىر

مەكتەپتە ئاران ئىككىڭلار تۇرساڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ خەۋىرىنى بىلمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇنەبى چۈشەندۈرۈپ، — ئۆتكەن ھەپتە يامغۇر ياغقاندا مەن ھاشارغا كېتىپ قالدىم. ھاشاردىن كەلسەم بەكمۇ جىمغۇر بولۇپ قاپتۇ. بىرەر ئىشتىن خاپا بولۇپ قالغاندەك چىرايىمۇ پەقەتلا ئېچىلمىدى.

— نېمە بولغانلىقىنى سورىمىدىڭمۇ؟

— سورىدىم.

— نېمە دېدى؟ ئىتتىك گەپ قىلە ئەزمەڭنى ئەزمەي.

— ھېچنېمە بولمىدى، بىر كىمدىن خاپا بولغان يېرىم يوق، دەيدۇ. ئەمما، چىرايىغا قارىسام بىرەر ئىشنى يوشۇرغاندەكلا قىلىدۇ. دەرس ئۆتۈۋېتىپ كەپسىزلىك قىلغان بالىلارغا مېنى تولا خاپا قىلماڭلار، مېنىمۇ بىر كۈنى ئەسلەپ قالىسىلەر، دەپتۇ.

— ھە يەنە نېمە دەپتۇ؟ — دېدى بوۋاي تېرىكىپ.

— ھەممە گەپ شۇ، باشقىنى بىلمىدىم. تۈنۈگۈن تۇيۇقسىز شەھەرگە كىرىپ چىققاي دەپلا كېتىپ قالدى. نېمە ئىشقا كىرىدىغانلىقىنى، قاچان چىقىدىغانلىقىنىمۇ دېمىدى. مەنمۇ كوچىلاپ سورىمىدىم.

— كۆڭلىگە تىك كەلگۇدەك بىرەر ئىش بولمىسا ئاسانلىقچە خۇيلىنىپ قالىدىغان بالا ئەمەس ئۇ. بەلكىم بىرەر سەۋەبى باردۇر ھەرقاچان، — دېدى بوۋاي ئويچانلىق بىلەن ساقىلىنى سىلاپ.

— ئەينا، ئامانىنىسا خانىم كەلدى.

ھەممەيلەن بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. ئابدۇنەبى ئىختىيارسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئامانىنىسا ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرگەندەك كېلىۋاتاتتى.

— ھارمىسىلا، قىزىم، — دېدى بوۋاي ئامانىنىسانىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — توۋا، راستىلا زامان

ئاخىر بولامدۇ نېمە، ھازىرلا سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ ئولتۇراتتۇق. قانداق، ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تىنچلىقمىكەن، قىزىم؟

— تىنچلىق، ئوبدان تۇرۇپتۇ، ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇرۇپلا؟ — دېدى ئامانىسا خۇشخۇيلۇق بىلەن، — مەكتەپكە كەلسەم ھېچكىم يوق. ئويناۋاتقان بالىلاردىن سورىسام ئابدۇنەبى مۇئەللىمنى چوڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن باغقا سۇ تۇتقىلى كەتتى دېدى. شۇڭا، ياتاققىمۇ كىرمەي ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلدىم.

ئامانىسا شەھەردىن ئېلىۋالغان قاتلىما، سامسا، گۆشگىردە، پېچىنە، كەمپۈت قاتارلىق نەرسىلەرنى سومكىدىن ئېلىپ، بوۋاينىڭ داستىخان ئورنىدا سېلىپ قويغان پوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى. شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئەتىگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان چاغدىكى ئازابلىق خىياللار بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قومقىسارغا چىقىپلا ئۆزىنى بۇنچە خۇشال، خاتىرجەم سەزگىنىدىن ھەيران قالدى.

— يامغۇر ياغقانغا ئۇزاق بولمىغان تۇرسا يەنە باغقا سۇ قويۇپسەنغۇ؟ — دېدى ئامانىسا ئابدۇنەبىگە قاراپ، ئۇ ئۆزى بىلەن بىر دېمەتلىك دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەنلەپ گەپ قىلىپ ئادەتلەنگەنىدى. لېكىن، ئابدۇنەبىگە نەچچە قېتىم سەنمۇ مېنى سەن دېگىن دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇنەبى ئۇنى سىزلەپ گەپ قىلاتتى.

— مۇشۇنداق كەلكۈن مەزگىلىدە باغنى سۇغا قاندۇرۇۋالمىساق كېلەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىگىچە تۆمۈراخۇن شۇجى بىزگە سۇ بەرمەيدۇ. شۇڭا، باغقا تولدۇرۇپ بىر سۇ باشلىۋالاي دەپ بۈگۈن دەرس توختاتقانىدىم. سىزنىڭچە بوپتىمۇ؟

— بوپتۇ، بىراق سۇنى بەك جىق قويۇۋەتسەك باغدىكى بوش يەرلەرگە تېرىغان كېۋەزلەرگە زىيىنى بولماس.

— مەنمۇ ئانچە زىيىنى بولماس دەپ ئويلايمەن. ئىشقىلىپ،

www.uyghurkitap.com

كېۋەزدىن جىق پايدا ئالالمىساقمۇ پاختا ساتقان پۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر ـ قەلىمىنى تولۇقلاشقا يەتسە بولار.

— بۇ يىل سۇ ئوبدان كەلدى، — دېدى زاكىر بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن، — كۆچەت ـ قاناتلارنىڭ سۇغا راسا بىر قېنىۋالغىنى ياخشى.

— بىرنەچچە يىلغىچە سۇ مۇشۇنداق كېلىپ بەرسە، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قۇرۇپ يوقىلىپ كېتىۋاتقان توغراق، يۇلغۇنلارغا سۇ باشلاپ كۆكەرتىۋالاتتۇق، — دېدى ئابدۇنەبى، — يەنە تېخى ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ باغ بىنا قىلاتتۇق.

— شۇنداق قىلغىلى بولارمۇ؟ — دېدى ئامانىسا ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

— سۇ بولسا ئەلۋەتتە باغ بىنا قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى بوۋاي.

— قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسى شۇنچە يىللاردىن بېرى تۈزۈك قېنىپ سۇ ئىچەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنچىۋالا توغراق، يۇلغۇن، جىغانلارنىڭ بىر قىسمى تېخىچىلا ياشىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇنەبى ئويچانلىق بىلەن، — ئەگەر قۇمئېرىق ئۆستەڭگە بۇ يىلقىدەك سۇ كېلىۋېرىدىغان بولسا، قۇملۇقتىكى ئاشۇ توغراقلىقنى كۆكەرتىپ راۋرۇس بىر باغ بىنا قىلىدىغان بولساق، خۇددى چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش چۆرىسى قۇملۇق، ئوتتۇرىسى ياپيېشىل تىلسىمدەك بىر باغ بولاتتى. ئۇ چاغدا قۇمقىسارنىڭ داڭقى نە ـ نەلەرگە كېتەتتى.

— كۆز قورققاق، قول باتۇر دەپتىكەن، — دېدى زاكىر بوۋاي ئامانىسا، ئابدۇنەبىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، — ئادەم دېگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئوي ـ خىياللىرىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. قورقۇنچاقنى قۇرتمۇ قورقۇتىدۇ. پەمىمچە، قۇمئېرىق ئۆستەڭگە سۇ مۇشۇ پېتىچە يەنە بەش ـ ئون كۈن كېلىپ بەرسە توغراقلىققىمۇ يېتىپ بارالايدۇ.

توغراقلىق سۇغا ئوبدان بىر قېتىم ۋالسا، ئەتىيازلىققا يەنە بىرمۇنچە توغراق، يۇلغۇن كۆچەتلىرى كۆكلەپ چىقىدۇ. سىلەرمۇ تەۋەككۇل دەپلا كۆچەت تىكىپ باقساڭلار بولىدۇ. سۇ مەسىلىسىگە كەلسەك، قاقشاپ ئولتۇرغىنىمىز بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئوغلۇم ھاپىزاخۇن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلىپ خېلى ئوبدان پۇل تاپتى. مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي، ماشىنا بىلەن سۇ تارتىدىغان قۇدۇقتىن بىرنى قازدۇرۇپ بەرسۇن. توغراقلىقنى ۋە سالغان كۆچەت ـ قاناتلىرىمىزنى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغارغاچ تۇرايلى. يۇرت ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى. ئۇنىڭغا قانچىلىك ئەجىر قىلساق ئەرزىيدۇ، باللىرىم.

— مەيلى، سىلى قۇدۇق قازدۇرۇپ بېرىدىغان بولسىلا، ئەتىيازلىققا توغراق، يۇلغۇن، جىغان، جىگدە كۆچەتلىرىدىن تىكىپ پەرۋىش قىلىپ باقايلى.

— ئەگەر شۇنداق نىيەت قىلىدىغان بولساڭلار مەن باغنىڭ بىر يىللىق كىرىمىنى سىلەرگە مەبلەغ قىلىپ بېرىمەن.

— مەيلى، كېلىشتۇق ئەمىسە، — دېدى ئابدۇنەبى بوۋاينىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ.

ئامانىسامۇ بوۋاي بىلەن ئابدۇنەبىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى ۋە ئەتراپىدىكى قىزىقىپ قاراپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، سىلەرمۇ قولۇڭلارنى بېرىڭلار.

ئامانىسانىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا ئون نەچچە بالا گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاي، ئابدۇنەبى، ئامانىسالارنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلدى.

— قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە پارچە ـ پارچە توغراقلىقلار بار دەيدۇ، راستمۇ بوۋا؟ — دېدى ئامانىسا قول باغلىشىپ بولغاندىن كېيىن.

— راست، — دېدى بوۋاي قۇملۇقنىڭ قوينىدىكى قەيسەرلىك

بىلەن ياشىرىپ تۇرغان ئاندا ـ ساندا توغراق، يۇلغۇنلارغا خىيالچانلىق بىلەن قاراپ، ــ ئەقلىمنى بىلگىنىمدە ئاشۇ قۇملۇقنىڭ ئورنى ئادەم تېرىسا ئۈنگۈدەك چىلان تۇپراق ئىدى. يۇرتىمىز قۇمقىسار چەت ـ ياقا يۇرت بولغىنى بىلەن باغلىرىنىڭ كۆپلۈكى، يەل ـ يېمىشلىرىنىڭ سەرخىللىقى، ئادەملىرىنىڭ مېھماندوست، ناخشا ـ سازغا خۇمارلىقى بىلەن داڭقى بار ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا خانىش ئامانىسا خېنىم بىلەن قىدىرخان ئۇستازنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ مەشرەپ، بەزمە سورۇنلىرىغا داخىل بولۇپ، مۇقام ئاڭلاپ، ئۆگەنگەنلىكى، بىر قانچە سازەندە ـ غەزەلخاننى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پادشاھ، بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ئوۋغا چىقسا يۇرتىمىزغا چۈشۈپ، يۇرت خەلقى بىلەن مەشرەپ قىلىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىشاتتى. ئەپسۇسكى، ھازىر يۇرتىمىزنى قۇم بېسىپ خارابىلىشىپ كەتتى. ئەمما، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسى پۈتۈنلەي قۇملۇق ئەمەس. مەن ئون بەش ـ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا رەھمەتلىك ئوسمان قارچىغا بىلەن بىر قېتىم ئوۋغا چىققان. تېخىچە قورۇپ كەتمەي ياشىرىپ تۇرغان توغراق، يۇلغۇنلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالغانىدىم. قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپى توغراقلىق، توغراقلىقنىڭ ئۇ تەرىپى قۇملۇق. قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپى يەنە توغراقلىق... توغراقلىقلارنى قۇملۇق ھالقا ـ ھالقا ئورىۋالغان بولۇپ، پۈتۈنلەي يۇتۇپ كېتەلمىگەن، كۆچۈرۈپ تاشلىيالمىغانىكەن. بەلكىم ھازىر قۇملۇقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى توغراقلار قورۇپ كەتكەندۇ.

ــ ئوسمان قارچىغا قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ ئىچىدىغان سۈيى تۈگەپ كەتكەندە، توغراقلىقنىڭ ئارىسىدىن قوش مۈشتۈمدەك چوڭلۇقتا ئون نەچچە تال ئانار چۈشكەن بىر تۈپ ئانار دەرىخىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئاشۇ ئانارلارنى يەپ ھايات قاپتىكەنمىش. بۇ راستىلا بولغان ئىشمۇ؟ ــ



www.uyghurkitap.com

دېدى ئابدۇنەبى بۇ ئىشلارنى يادىغا ئېلىپ.

— راست، — دېدى بوۋاي قەتئىي ئىشەنچ بىلەن، — شۇ چاغدا ئوسمان قارچىغا بىر تال ئانارنى يېمەي ئالغاچ كەلگەنىكەن. بىر نەچچە يىلەننى ئۆيگە قىچقىرىپ پىچىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ئاشۇ ئانار دەرىخى ئۇچرىغان توغراقلىقنى قۇم بېسىپ كەتكەن بىر ئانارلىق باغنىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقانىدۇق. بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە نىيەت قىلىشقان بولساقمۇ، شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى يولىمىزنى توسۇپ قويغانىدى، — بوۋاي قۇملۇققا كۆزىنى تىكىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دەل - دەرەخ، يېشىللىق ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن ئەڭ چوڭ نېمىتى. شۇڭا، دەل - دەرەختىن بولغان مېۋىلەرنى ئوت قالاپ پىشۇرۇش ھاجەت ئەمەس. كۆچىتىنى زېمىنغا سېلىپ تۇتقۇزۇپ قويسا گاھىلىرى يىلدا بىر قېتىمدىن، گاھىلىرى يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىمدىن مېۋە بېرىدۇ. يېسە قورساق تويىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، نۇرغۇن كېسەلگە شىپا بولىدۇ. دەل - دەرەخ دېگەن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

## 8

كۈز پەسلى ئالتۇن پەسىل دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان. كۈزدە دېھقانلار ئالتە ئاي ياز قىلغان دېھقانچىلىقىنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ. بۇ پەسىلدە ئېتىزدىكى قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قاپاقلار، باغلاردىكى ئۈزۈم - شاپتۇل، ئالما - ئانارلار تۆكمە بولۇپ كېتىدۇ. باشقا پەسىلدە كۈن ئاشۇرۇپ تۇغىدىغان مېكىيانلار كۈزدە كۈن ئاشۇرماي تۇغىدۇ. پاقلان - ئوغلاقلار سەمرىيدۇ. ئىنەكلەر باشقا پەسىلدىكىدىن كۆپرەك سۈت بېرىدۇ. قېتىق - قايماقلار ئەلۋەكلىشىدۇ.

مۇشۇنداق مەمۇرچىلىق پەسىلدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك سىلىشتۇرۇپ باھالاش، تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي يېزا ـ كەنتلەرگە چىقىپ تۇرىدۇ. مانا بۇگۇنمۇ ئاشۇنداق باھالاش ـ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ بىرسى ناھىيەنىڭ يېڭىدىن سايلانغان ياش ھاكىمىنىڭ باشلامچىلىقىدا بايئاۋات يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ياش ھاكىم خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ قاراپ، پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىلارنىڭ مائارىپ ساپاسىنى، مەكتەپ شارائىتىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى، ئۆتكەن بىر يىلدا خەتەرلىك مەكتەپلەرنى قايتىدىن ياساش، رېمونت قىلىشقا ئاجرىتىلغان مەبلەغلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولۇپ، بۇ باھالاش ـ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تۇيۇقسىز تەشكىللىگەنىدى. ئەمما، بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكەتتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال خەۋەر تاپقان بايئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يېزا ـ كەنت يوللىرىنى تازىلىتىپ، سۇ چاچتۇردى. يېزا تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىشخانا، يىغىن زالى، ھويلا ـ ئارانلىرىغا ئەڭ يېڭى سان ـ سىپىرلىق جەدۋەل ـ دىياگراممىلارنى چاپلاتقۇزدى. مائارىپقا ئائىت تەشۋىقات تاختىلىرىنى ئىشلەتكۈزدى. ھەتتا شەھەردىن تۆت دانە سانتانا ماركىلىق ماشىنىنى يېزا بازىرىدا ھاكىم كېتىپ بولغۇچە سۆلەت ئۈچۈن تۇرۇپ بېرىدىغانغا كۈنلۈكىنى 300 يۈەندىن كېلىشىپ تۇرغۇزۇپ قويدى.

ھاكىم پاكىز يېزا بازىرىنى، بولۇپمۇ بايئاۋات يېزا خەلقىنىڭ بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان تۆت دانە سانتانانى كۆرۈپ تولىمۇ مەمنۇن بولدى. بايئاۋاتتەك مۇشۇنداق چەت، نامرات يېزا بازىرىدا

سانتانا ماركىلىق كىرا ماشىنىسىدىن تۆتى تۇرغان يەردە، يېزىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىنى سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ھاكىم يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا بايئاۋات يېزىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە خەتەرلىك مەكتەپلەرنى يېڭىلاپ سېلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىمىدى. تاملارغا چاپلانغان كۆپ يىللىق مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن سان ـ سېپىر، كۆرسەتكۈچلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. كېيىن يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىرقانچە كەنت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. خىشتا يېڭىلاپ سېلىنغان ئازادە، يورۇق، پاكىز دەرسخانىلار، يېڭى، مۇستەھكەم پارتا ـ ئورۇندۇقلار، تارتىنىپ، ھەيران بولۇپ، قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرغان ئوماق سەبىي چىرايلار ياش ھاكىمنى ئىنتايىن مەمنۇن قىلدى. بولۇپمۇ يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ئاغزىدىن پۈتكۈل بايئاۋات تەۋەسىدە بىرمۇ خەتەرلىك، كونا مەكتەپ، دەرسخانىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مائارىپنى قوللاش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش روھىنى ماختىدى. كۈن چۈشتىن قىيىلغان مەزگىلدە يېزا مەسئۇللىرى ھاكىمنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقىنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ، چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— چۈشلۈك تاماقنى نەدە يەيمىز؟ — سورىدى ھاكىم.

— تاماقنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە تەييارلاشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەنمىز، — دېدى يېزا باشلىقى.

— چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنمۇ يەنە باشقا كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆرۈش پىلانىم بار ئىدى، — دېدى ھاكىم سەل ئىككىلىنىپ، — ھازىر يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتىپ تاماق يەيمىز دېسەك، كەينىمىزگە يېنىپ بېرىپ تاماق يەپ بولغۇچە كۈن كەچ بولۇپ كېتىدۇ. قورساق تويغۇدەك بىرنەرسە تاپىمىسىلەر، مۇشۇ يەردىلا غىزالىنايلى.

هاكىمنىڭ بۇ تەكلىپى يېزا مەسئۇللىرىنىڭ بىردىنلا پېيىنى سىرقىرىتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تاماقنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ تەييار قىلىشىمۇ، تاماق ئورنىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ ھاكىمنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى تاماقۇا جەلپ قىلىپ، باشقا كەنتلەردىكى مەكتەپلەرگە بېرىشتىن توسۇش ئۈچۈن قوللانغان چارە ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ناھىيەدىكى رېستورانلارنىڭ ئاشپەزلىرىنى، ناھىيەلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ داڭلىق سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلىرىنى ئالدىقاچان يېزا بازىرىغا ئەكېلىپ بولغانىدى.

ــ دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە قورساققا يېگۈدەك تۈزۈك بىر نەرسە يوق. ئەڭ ياخشىسى، يېزىغا قايتقىنىمىز تۈزۈك، ھاكىم، ــ دېدى يېزا مەسئۇللىرى تەڭلا چۈرقىرىشىپ.

ــ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە يېگۈدەك بىر نەرسە يوق دەمسىلەر؟ ــ دېدى ھاكىم ئەجەبلىنىپ.

ــ ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى يېزا باشلىقى ھەم ھودۇققان، ھەم تېرىككەن ھالدا، ــ سىلىنى لايىقلىرىدا غىزالاندۇرمىساق قانداق بولىدۇ، ھاكىم.

ــ ھە، شۇ گەپمىدى، ــ دېدى ھاكىم پەرۋاسىزلىق بىلەن، ــ مېنىڭ گۆشلۈك غىزا بىلەن ئانچە خۇشۇم يوق. قېتىق بىلەن زاغرا بولسىلا بولىدى. مۇنداق قىلايلى بولمىسا، ــ ھاكىم يېزا باشلىقىغا قاراپ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك سەل ئويلىنىۋالدى، ــ سىلى قۇمقىساردىكى بىر باغنى بەك داڭلاۋاتاتتىلىغۇ. مېنىڭمۇ قۇملۇقنىڭ ئېتىكىدىكى ئاشۇ باغلارنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى. ھەممەيلەن شۇ يەرگە بېرىپ باغ سەيلىسى قىلغاچ غىزالانمايلىمۇ؟ بىرەر ۋاغ تاماقنىڭ ئورنىغا يەل ـ يېمىش يېسەكمۇ ھېساب.

ھاكىمنىڭ بۇ تەكلىپى باھالاش ئۆمىكىدىكى خېلى كۆپ كىشىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ باغنىڭ داڭقىنى خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەن بولسىمۇ كۆرۈش



www.uyghurkitap.com

پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار بىردىنلا قىزىقىپ قېلىشتى. يېزا مەسئۇللىرى ئامالسىز قالدى.

زاكىر بوۋاينىڭ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىگىز، گىلەم ۋە كۆرپە سېلىپ راسلانغان كەڭرى سورۇنغا ھاكىم قاتارلىق باھالاش ئۆمىكى باشلاندى. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان يوغان داستىخانغا قېتىق ـ قايماق، نان ـ توقاچ، ھەرخىل ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر، قوغۇن ـ تاۋۇزلار، تۇرلۇك تاتلىق ـ تۇرۇملار، پىۋا، ھەر خىل قەلەي قۇتىلىق سوغۇق ئىچىملىكلەر تىزىلغانىدى.

ـــ نېمانچە جوۋاپ كەتتىڭلار؟ يەل ـ يېمىش، زاغرا، قېتىقلا بولسا بولاتتىغۇ؟ ـــ ھاكىمنىڭ بۇ سۆزىدىن داستىخاندىكى ھەشەمەتتىن رەنجىگەنلىكىنى ياكى مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. چىرايى ئىپادىسىزلا ئىدى.

ـــ تۇيۇقسىز بولۇپ قالغاچقا لايىقلىرىدا ئالدىلىرىغا چىقالماي قالدۇق، ھاكىم، ـــ دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ، ـــ تاپقىنى گۇل كەلتۇرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز، دەپتىكەن. يۇرتىمىز جاڭگال يۇرت، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا.

ـــ ھازىر شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ راستلا پەرقى قالمىغىلى تۇرۇپتۇ، ـــ دېدى باھالاش ئۆمىكىدىكى يوغان قورساق بىرەيلەن قەلەي قۇتىلىق ئىچىملىكتىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن سۆز باشلاپ، ـــ شەھەردە بار سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ ھەممىسى قۇمقىساردەك مۇشۇنداق چەت، جاڭگالدىمۇ تېپىلغاندىكىن...

ـــ توڭلاتقۇغا سېلىپ قويغاندەك مۇزدەك تۇرۇپتۇ دېسىلە تېخى، ـــ دېدى باھالاش ئۆمىكىدىكى يەنە بىر ئەمەلدار سېمىزنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

ـــ توڭلاتقۇغۇ بار، لېكىنزە قۇمقىسارنىڭ توكىنىڭ تازا تايىنى يوق. بۇ ئىچىملىكلەرنى مۇزنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويغان، ـــ تۆمۈراخۇن شۇجى يېزا باشلىقىنىڭ شەرەتلىگىنىنى

كۆرۈپ دەرھال گېپىنى توختاتتى ـ دە، مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، پايپاسلىغىنىچە يېزا باشلىقىنىڭ قېشىغا كېلىپ چۆكتى. يېزا باشلىقى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ھەممە تەييارلىقىڭلار شۇمۇ ياكى باشقا ئىشمۇ بارمۇ؟

تۆمۈراخۇن ئاغزىنى يېزا باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا ئەكېلىپ پىچىرلىدى:

— خاتىرجەم بولسىلا، شاڭجاڭ، باشقا تەييارلىقلىرىمىزمۇ بار. ھاكىمنى ئالدىراپ قالىدۇ دەپ ئالتە ئايلىق بولغان پاقلاندىن تۆتنى سويغان. گۆشى بىر قاينىسىلا پىشىدۇ. ھېلىغىچە تەييار بولۇپ بولدىغۇ دەيمەن.

— ئاران شۇلىمۇ؟

— ھە، يەنە تېخى كاۋاپ قىلىنىۋاتىدۇ.

— ياخشىراق ھاراقلىرىڭلار يوقمۇ؟

— ھاراققۇ بار، نوچىسىدىن دېسىلە تېخى. لېكىن، ھاكىم ئىچكىلى ئۇنارمۇ؟

— ھاكىمنىڭ ئىچىش ـ ئىچمەسلىكى سىلىگە باغلىق، — دېدى يېزا باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن بىر ئىش قىلالمامسىلە، ئاۋۋال ھاراقنى داستىخانغا ئەكېلىڭلا، قالغىنىغا بىزمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىمىز، — يېزا باشلىقى تۆمۈراخۇننى بىر چەتكىرەك تارتىپ يەنە پىچىرلىدى، — گۆش ـ كاۋاپلارنى ئالدىرىمايراق ئېلىپ كېلىڭلا، ھاكىمنى بۈگۈن كەچكىچە قومقىساردا ھايال قىلىمىساق بولمايدۇ. مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىلە. شوپۇرۇمنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە تەييارلاپ قويغان نەرسىلەرنى، ناخشىچى، سازەندىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. بىردەمنىڭ ئىچىدە شەھەردىكى رېستورانلاردىن قېلىشمىغۇدەك قورۇما ـ زاكۇسكىلارمۇ تەييار بولىدۇ.

بىر چىنە قېتىقنى بىر زاغرىنى چىلاپ يەۋالغان ھاكىم

داستىخانىغا كەلتۈرۈلگەن پاقلان گۆشى، كاۋاپلارغا ئانچە ئىشتىھاسىزلا قول ئۇزارتتى. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئالايتەن تاللاپ ئۇزارتقان قارا گۆشنى قورسىقىم تويۇپ كەتتى دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى. يېزا باشلىقى مەخسۇس بۆرەكتە قىلىنغان ئون زىخچە كاۋاپنى تەخسىگە ئېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇۋىدى، ھاكىمنىڭ غۇززىدە قاپىقى تۈرۈلۈپ قالدى.

— مەن دېگەن ئادەم، ئادەم دېگەن گۆش يېمىسىمۇ ھايات كەچۈرەلەيدۇ. مېنى ساپلا گۆش يەيدىغان بۆرە، يىلپىزلارغا ئوخشىتىپ قالدىڭلارمۇ قانداق؟ — دېدى ھاكىم ئالدىدىكى كاۋاپ قويۇلغان تەخسىنى نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ.

يېزا باشلىقى ئوڭايسىزلىنىپ ھىجايدى ۋە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان تۆمۈراخۇن شۇجىغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. تۆمۈراخۇن دەرھال بىر پەتنۇسقا ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقىنى سېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— تېخى باھالاشنى توگەتمەي تۇرۇپ ھاراق ئىچسەك قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ھاكىم ھاراق قويۇلغان پەتنۇسنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ.

— مەست بولۇپ كەتكۈدەك جىق ھاراقمۇ ئەمەس. قومقىسارلىقلارنىڭ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن. بىر ەر رومكىدىن ئېغىز تېگىپ بەرسىلە، ھاكىم، — دېدى يېزا باشلىقى يېلىنغان ھالدا.

— شۇنداق قىلسىلا، بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى قايتۇرمىسىلا، — دېدى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىمۇ.

ماۋتەي ھارىقىنى كۆرۈپ باھالاش ئۆمىكىدىكى كادىرلارنىڭ كىچىك تىللىرى ليپىلداپ كەتتى.

— ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن. بىرەر رومكىدىن ئىچەيلىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ بۇ يۇرتقا تۇنجى چىقىشلىرى، — دېدى باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان ناھىيەنىڭ

مائارىپقا مەسئۇل پېشقەدەم مۇئاۋىن ھاكىمنى سالا قىلىپ.

— شۇنداق قىلايلى، ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى ئەمەسمۇ، — دېيىشتى باشقىلارمۇ. ياش ھاكىم بايا پېشقەدەم مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ چۈشلۈك تاماقنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېتىپ يەيلى دېگەن تەكلىپىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋالغانىدى. شۇڭلاشقا، ھازىر پېشقەدەم مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ كۆڭلىنى ئايىدىمۇ قانداق، ھاراقنى قەتئىي رەت قىلالمىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، بىر رومكىدىن ئارتۇق ئىچىشكە رۇخسەت يوق، — دېدى ھاكىم بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاچ.

ھاراق بوتۇلكىسى ھاكىمنىڭ قولىغا چىقىشى بىلەنلا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك جىلۋىلەندى. ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلغانىكەن، ئەمدى ھاكىمنىڭ باشقا مەكتەپلەرنى تەكشۈرىمەن دېيىشى قۇرۇق گەپ. ئەمدى شۇ ئولتۇرغانچە ئەلياتقۇ بىلەن بوتۇلكىنىڭ تۈۋىدىن قوپالىسا چوڭ ئىش. ھاراق دېگەن شۇنداق نەرسە، ھەممە ئادەم دەسلەپتە بىر رومكىدىن ئىچەيلى دېيىشىدۇ. لېكىن، سورۇن ئاخىرلاشقاندا قانچە بوتۇلكا ھاراق ئىچىلگەنلىكىنى ساھىبخانىدىن باشقا ئادەم بىلمەيلا قالىدۇ. خېلى مەن - مەن دېگەن ئادەمنىڭمۇ ھاراق سورۇنىدىن بىر رومكىلا ئىچىپ قوپۇپ كېتىمەن دېيىشى قۇرۇق گەپ. ئىچمىسەڭ ياخشى. بىر رومكا ئىچىپلا قويساڭ ئۆلپەتلىرىڭ ئاخىرىغىچە ئىچۈرمەي قويمايدۇ. ھاراق سورۇنىنىڭ سۈلھى - سالاسى پولاتتەك ئىرادىنىمۇ ئېگىۋېتىدۇ. شۇڭا، ھاراقكەش سالاغا بوش، دېگەن گەپ بىكارغا چىقمىغان. ھاكىم ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى قۇيۇپ بولۇشى ھامان ساھىبخانا يەنە ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئەمدى سىلىنىڭ قوللىرىدىن بىر رومكىدىن ئىچەيلى، دەپ مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقىمۇ ئىككى بوتۇلكىدىن هاراق قويىدۇ. بۇ سورۇننىڭ ئاساسلىق ساھىبخانى تۆمۈراخۇن شۇجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ ئىككى بوتۇلكا هاراق قويۇشى كېرەك تېخى. ئون ـ ئون ئىككى بوتۇلكا هاراق بىلەن سورۇندىكىلەر ئوبدانلا كەيپ بولىدۇ. ئۇنىڭغىچە كۈنمۇ كەچ بولىدۇ. ناھىيەلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن تەكلىپ قىلىنغان سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلار كارامىتىنى كۆرسىتىشىدۇ. هاكىم خۇش كەيپ ئولتۇرۇپ بايىئاۋات يېزىسىنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ، يېزا مائارىپ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنى، يېزا باشلىقىنى ماختايدۇ. تون تەڭ بولغاندا سورۇننى تۈگىتىپ شەھەرگە قاراپ ماڭىدۇ. ساھىبخانىلار هاكىمنى يولغا سېلىۋېتىپ داستىخاندىكى ئاشقان ـ تاشقانلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە بەزمە قىلىشىدۇ...

هاكىم ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي هارىقىنى بىردەمدىلا قويۇپ تۈگەتتى. ئەڭ ئاخىرقى رومكا ئىچىلىپ بولۇشى هامانلا تۆمۈراخۇن يېزا باشلىقىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە يەنە ئىككى بوتۇلكا ماۋتەينى مائارىپقا مەسئۇل پېشقەدەم مۇئاۋىن هاكىمنىڭ ئالدىغا قومۇشسارلىقلارنىڭ كۆڭلى، دەپ قويدى. مۇئاۋىن هاكىم تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى. ياش هاكىم مۇئاۋىن هاكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ لام ـ جىم دېمىدى، هاراق مۇئاۋىن هاكىمنىڭ قولى بىلەن يەنە ئايلىنىشقا باشلىدى.

بۇ يۇرتنىڭ هاراق سورۇنىنىڭ قائىدىسى ئاشۇنداق. سورۇننىڭ ساقىيلىقىنى ئەڭ هۆرمەتلىك كىشىلەر قىلىپ بېرىدۇ. ساقىيلىق ـــ هوقۇق ـ ئابرۇينىڭ بەلگىسى هېسابلىنىدۇ. سورۇندا كېكىرگىچە هاراق ئىچكىنى بىلەن بىرەر بوتۇلكا هاراقتا ساقىيلىق قىلالماي كۆڭلى رەنجىپ قالىدىغانلارمۇ تېپىلىدۇ. ئەلۋەتتە، هاكىملار ئولتۇرغان سورۇندا ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي هارىقىغا ساقىيلىق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ

كارامەت چوڭ شەرەپ — ئابروي - دە. هاراقنىڭ ئىچىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇششاق پاراڭلارمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى. مېھمانلار بايئاۋات يېزا مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلىدى.

— بايئاۋات يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت مائارىپقا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلۈپتۇ.

— ئەگەر ناھىيەمىزدىكى ھەممە يېزا بايئاۋات يېزىسىغا ئوخشاش مائارىپنى قوللىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسا...

— ئۇ چاغدا ناھىيەمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتى مۆلچەرلىگۈسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولاتتى.

— ناھىيەمىزنىڭ بېيىش، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش قەدىمى تېزلەشكەن بولاتتى.

— بايئاۋات يېزىسىنىڭ مائارىپنى ھەقىقەتەن پۈتكۈل ناھىيەمىزگە ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىكەن.

يېزا باشلىقىمۇ هاراق رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى.

— بىز بىرنەچچە يىلدىن بېرى يېزىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى ئەڭ نۇقتىلىق خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدۇق. يېزىمىز تەۋەسىدىكى ھەممە كەنتتە مەكتەپ بار. گاھىدا دائىرىسى چوڭ، ئاھالىلەر تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە ئىككىدىن مەكتەپ بار...

— مۇشۇ قۇمقىسار كەنتىمىزدىمۇ ئىلگىرى مەكتەپ يوق ئىدى، — دەپ گەپ باشلىدى تۆمۈراخۇن شۇجى يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنىڭ ئايىغىنى تارتىۋېلىپ، — كەنتىمىزنىڭ باللىرى قوشنا كەنتلەردىكى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيتتى. ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يىراق، يول قۇملۇق بولغاچقا، باللار تۈزۈك ئوقۇيالماي قارىتۇرۇك بولۇپ قالغانىدى. پارتكوم شۇجىسى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە دانا

رەھبەرلىكىدە كەنتىمىزدىمۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.
تۆمۈراخۇن شۇجى يېزا باشلىقىنىڭ قىلغان ئىما ـ ئىشارەتلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەي قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىنى، يېزا مەسئۇللىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلىدى.
تۆمۈراخۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھاكىمنىڭ خۇشاللىقى ۋە قۇمقىسارلىقلارغا بولغان قايىللىقى ھەسسىلەپ ئاشتى.
ــ مەن تېخى قۇمقىسارنىڭ باغلىرىنى، قۇملۇقنى تىزگىنلەپ ئەھيا قىلغان يېشىللىقنى بىر مۆجىزە ئىكەن دەپتىكەنمەن. مۇشۇنداق بىر چەت ـ ياقا يۇرتتا خەلقنىڭ دىلىغا چىراغ ياقىدىغان مۇكەممەل بىر مەكتەپ سالغان بولساڭلار بۇمۇ يەنە بىر مۆجىزە ئىكەن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ قوياي.
يېزا باشلىقى ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ھودۇققىنىدىن يېزا باشلىقىنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلەشتى، دېمى كېسىلىپ، بىرنەچچە دەقىقە تىلى گەپكە كەلمىدى. مەدەت تىلىگەندەك كۆزلىرى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىغا تىكىلدى.
ــ ئەمدى قىزغىنلى تۇرغاندا سىلى سورۇننى تاشلاپ كەتسىلە قانداق بولىدۇ، ھاكىم؟ ــ دېدى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ھاكىمنىڭ رايىنى ياندۇرۇشقا تىرىشىپ، ــ ئاۋۋال بىرئاز ئولتۇرۇپ بەرسىلە. مەكتەپكە ھەممەيلەن بىللە بارايلى.
ــ شۇنداق قىلسىلا، ھاكىم، ــ دېدى يېزا باشلىقىمۇ دەرھال گەپنى ئۇلاپ، ــ سىلىنىڭ خىزمەتلىرى بەك ئالدىراش، ئۆزلىرى بىلەن مۇشۇنداق بىرەر ـ يېرىم ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئولتۇرغۇدەك پۇرسەتنىڭ كەلمىكى تەس. يۈزىمىزنى قىلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە. سىلى خىزمەت قىلىمەن دېسىلە قالغانلار قانداق خاتىرجەم ئولتۇرالايدۇ؟
ــ مېنىڭچە، يېزا تەۋەسىدىكى بىرقانچە مەكتەپنى ئۆز

كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تەكشۈردۇق، — دېدى مائارىپقا مەسئۇل پېشقەدەم مۇئاۋىن هاكىم يېزا باشلىقىغا بولۇشۇپ سالا قىلىپ، — قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئەھۋالىنى تۇمۇراخۇن شۇجى ئەينەن دوكلات قىلدى. بېرىپ كۆرسەكمۇ يەنە شۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ئاغزىدىن دوكلاتنى ئاڭلىغاچ هارىقىمىزنى ئىچمەيلىمۇ. ئولتۇرۇۋېرىپ پۇت - قوللىرىمىز قولىشىپ كەتكەن بولسا، بىرەر - يېرىمدەم باغ سەيلىسى قىلساقمۇ ھېساب.

— مېنىڭ مەقسىتىمنى سىلەر چۈشەنمەپسىلەر، — دېدى هاكىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بىز ناھىيەمىزنىڭ ئاساسى قاتلام يېزا خىزمىتىنى تەكشۈرىمىز دەپ كەلدۇق. شۇڭا، مۇشۇنداق شارائىتى ناچار يەردىكى مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ هال - ئەھۋال سوراپ قويمىساق قانداق بولىدۇ؟ سورۇن بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دېسەڭلار، سىلەر قوزغالماڭلار، مەن بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي.

يېزا باشلىقى گۇناھكارلارچە شۈمشىيىپ تۇرغان تۇمۇراخۇنغا قەھرى بىلەن بىرنى ئالايدى - دە، خۇددى پېيى قىرقىلىپ كەتكەندەك ئورنىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدىكى هاراق رومكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

## 9

بىر ھەپتىدەك ئىمتاسلىقتا چۆمگەن قۇمقىسارنى ناھىيە ۋە يېزا بازىرىدىن ئۇچۇپ كەلگەن مىش - مىش پاراڭلار قايتىدىن جانلاندۇرۇۋەتتى. هاكىمنىڭ قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىگە بارغانلىقى، ئامانىسا خانىم بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئاشۇ پاراڭلارنىڭ ئاساسلىق مەركىزى ئىدى. قۇمقىسارلىقلار ئاڭلىغان ھەرخىل مىش - مىش پاراڭلىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشكە ئالدىرىشاتتى.

— قۇمقىسارغا سېلىپ بېرىدىغان مەكتەپنىڭ پۇلىغا يېزا باشلىقى پىكاپ سېتىۋالغانىكەن.
— يالغۇز ئۇلا ئەمەس، پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى قايتا سېلىنىشقا تېگىشلىك مەكتەپلەرنىڭ پۇلىغا شۇجى بىلەن شاڭجاڭ ئىككى دانە پىكاپ سېتىۋالغانىكەن.
— ئۆتكەندە بۇ ئىشلارنى ھاكىمغا ئامانىنىسا خانىم دەپ قويۇپتۇ.
— ئامانىنىسا خانىم دېمەپتۇ، ھاكىم قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىنى كۆرگەندىن كېيىن شاڭجاڭ بىلەن شۇجىنى مېنى ئالداپسىلەر دەپ قاتتىق تەنقىدلەپتۇ.
— ھاكىم ناھىيەدىن تەكشۈرگىلى كادىر چىقارتىپتىكەن. ناھىيەدىن چىققان كادىرلار تەكشۈرۈپ شاڭجاڭ بىلەن شۇجىنىڭ ماشىنا سېتىۋالغان ئىشنى ئېنىقلاپتۇ.
— ھاكىم شاڭجاڭ بىلەن شۇجىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىماقچى بوپتۇ.
— ۋەزىپىسىنى ئەمەس، ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىماقچى بوپتۇ.
— ھوقۇق بىلەن ۋەزىپە ئىككىسى بىر گەپ، تۇغقىنىم.
— ئىشقىلىپ، شۇنداقراق بىر ئىش قىلماقچى بوپتىكەن، مائارىپقا مەسئۇل پېشقەدەم مۇئاۋىن ھاكىم نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قويۇپتىمىش.
— مۇشۇ ئىشنى دەپ ھاكىم بىلەن پېشقەدەم مۇئاۋىن ھاكىم ئۇرۇشۇپ قاپتىمىش.
— ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىغىچە بېرىپتىمىش.
— پېشقەدەم ھاكىم مۇئاۋىن بولغان بىلەن يىلتىزى چوڭقۇر، ھاكىم بولغان تارىخىمۇ ئۇزاق ئىكەن، پارتكوم شۇجىسى ئۇنىڭ گېپىنى يېرالماپتىمىش.
— يېزىغا سېتىۋالغان ئىككى دانە پىكاپنى ئاشۇ پېشقەدەم مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئوغلى ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ

بېرىپتىمىش.

— نەپ تەگمىسە قىلامدۇ ئۇنداق ئىشنى.

— يېزا باشلىقى تۆمۈراخۇن شۈجىنى ھاكىم كەتكەندىن كېيىن قاتتىق تىللاپتىمىش.

— تىللىماپتۇ. ھاكىمنىڭ ئالدىدا ئاقساقاللىق قىلغان ئاغزىڭ مۇشۇمۇ دەپ شاپىلاق بىلەن نەچچىنى سالغانىمىش.

— تۆمۈراخۇن شۈجىنى شۈجىلىقتىن قالدۇرۇۋەتكۈدەك.

— ئامانىسا خانىم ھاكىمغا تۆمۈراخۇن شۈجىنى چېقىشتۇرۇپتىمىش.

— ئۆزى مۇشتۇمدەك قىز بالا بولغىنى بىلەن ئوغۇل بالىدەك يۈرىكى بار ئىكەن جۇمۇ كاساپەتنىڭ.

— ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە ئوقۇغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ ـ دە.

— ئوقۇغان ئادەم دېگەن باشلىقتىن قورقۇپ قالمايدۇ.

— ھاكىم قۇمقىسارغا مەكتەپ سېلىپ بېرىشكە مەخسۇس پۇل تەستىقلاپتىمىش.

— ئابدۇنەبى مۇئەللىمنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە ئىشتات ھەل قىلىپ بېرىدىغان بوپتىمىش.

بىراق، بۇ مىش ـ مىش پاراڭلارمۇ بىر ـ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن غايىب بولۇپ كەتتى. چۈنكى، يېزا باشلىقى بىلەن يېزىلىق پارتكوم شۈجىسىمۇ تېخى ئورنىدىن مىدىرلىمىغانىدى. چاشقاندەك ئىنىغا بېكىنىۋالغان تۆمۈراخۇن شۈجىمۇ ئانچە ـ مۇنچە تالا ـ تۈزگە چىقىدىغان، ئېتىز باشلىرىدا يەنە گۇر ـ گۇر تۇۋلايدىغان بولۇۋالدى. ئەمما، ئامانىسا بىلەن ئابدۇنەبىنى كۆرسە خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھېجىياتتى. ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ ئەھۋال سورايتتى. مەكتەپنى ئەتىيازلىققا كەنتتىن مەبلەغ چىقىرىپ، خىش بىلەن سېلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرەتتى.

ئامانىسا شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىش خىيالىدىن پۈتۈنلەي

ۋاز كەچتى. ئۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقىپ، قۇمقىسارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەسقەرگە: «مېنى شەھەرگە يۆتكەيمەن دەپ ئاۋارە بولما. مەن بىلەن توي قىلىش نىيىتىڭ بولسا ئۆزۈڭ قۇمقىسارغا يۆتكىلىپ كەل. مەن ئەمدى قۇمقىساردىن ھېچ يەرگە بارمايمەن» دەپ قىسقىلا خەت يېزىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا ئارتۇقچە يېپىشىۋالماي، رېئاللىققا تەن بېرىپ ياشاشنىڭ ئادەمگە باشقىچە روھىي ئازادىلىك بېغىشلايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۆتكەندە ھاكىم بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ ھۆكۈمەت مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاپ بەرسە، ئۆزىنىڭ قۇمقىساردا بىر ئۆمۈر ئىشلەيدىغانلىقى ھەققىدە قىلچە ئىككىلەنمەيلا ۋەدە بەردى. ۋۇجۇدىدىكى روھىي بېسىممۇ يوقالدى. پەقەت ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ئويلىسىلا ئازراق غەمگە چۆكەتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا نېمە ئۈچۈندۇر كۆك تاماكىنى گېزىت قەغىزىگە بارماقتەك قىلىپ ئوراپ، پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرغان ئابدۇنەبىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇزۇنىراق ئولتۇرغۇسى كېلەتتى. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقالغان ئاچچىق تاماكا، قاڭسىق تەر ھىدىدىن ھۇزۇرلىنىپ شېرىن خىياللارغا پاتاتتى. لېكىن، ئابدۇنەبى قۇمقىسار يىگىتلىرىنىڭ تەبىئىتىگە يات ھالدا جىمغۇر، ئەدەپلىك ئىدى.

يېقىندىن بېرى ئابدۇنەبى تېخىمۇ جىمغۇر، تېرىككەك بولۇپ قالدى. يىگىتنىڭ بۇ خۇيى ئامانىنىسانى ھەم ئويغا سالدى، ھەم قىزىقتۇردى.

— ئەجەب خىيالچان بولۇپ قالدىڭغۇ، ئابدۇنەبى؟ — سورىدى ئامانىنىسا تاماكىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي ئولتۇرغان يىگىتنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ.

ئابدۇنەبى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئامانىنىساغا قاراپ زورىغا ھىجايدى.

— مەكتەپتە باللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— نېكەم باللارنى قويۇۋەتكىلى، — دېدى ئامانىسا شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — يېقىندىن بېرى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىڭ. نېمە دەرد كەلدى ساڭا زادى؟

— بولدى، دېگەنىڭ پايدىسى يوق.

— پايدىسى بولمىسىمۇ دېگىنە. ھېچ بولمىسا يەڭگىللەپ قالىسەن. نېمە دەرد كەلدى زادى؟

— نېمە دەرد كېلەتتى، خوتۇن دەردى شۇ، خوتۇن ! — دېدى ئابدۇنەبى بىردىن تېرىكىپ.

— ۋىيەي ماۋۇ قېلىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى، — دېدى ئامانىسا ۋىللىدە قىزىرىپ.

ئابدۇنەبى پوسۇقىدە قىلىپ سالغان گېپىدىن خىجىل بولۇپ ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

— ئانام، كۈزلۈك يىغىمنىمۇ يىغىشتۇرۇپ بولدۇق، ئەمدى تويۇڭنى قىلساق بولاتتى دەپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى.

— ياخشى گەپ ئىكەنغۇ بۇ، — دېدى ئامانىسا يىگىتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، بىر خىل ئوڭايسىز ھالەتتە ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ، — ئۇنداق بولسا ۋاقتىدا ئۆيلىنىۋال.

— مېنىڭغۇ ھازىرلا ئۆيلەنگۈم بار، — دېدى ئابدۇنەبى دەرد تۆكۈپ، — قۇمقىساردا بىر دېمەتلىكلىرىمىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر - ئىككىدىن بالىسى بولدى. لېكىن، خوتۇن ئېلىش دېگەن چارشەنبە بازاردىن ئېشەك ئالغاندەك ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن.

— ئاناڭنىڭ كۆزلەپ قويغان يېرى بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇمۇ ناتەييار. ھازىرچە ئاغزىمغا قارايدىكەن. لايىقىڭ بولسا دېگىن، سۆز سالغىلى بارىمەن، بولمىسا مېنىڭ تاپقىنىمغا ئۆيلىنىسەن، دەيدۇ.

— لايىقىڭ باردۇ؟

ئامانىسا يىگىتتىن بۇ سوئالنى سوراش بىلەن تەڭ يۈرىكى

ئەنسىز سىلىپ كەتتى. يىگىت بارمىقىدىكى ئۈچۈپ قالغان تاماكىغا سەرەڭگە يېقىپ بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن، تاماكىنىڭ تۈتۈنىنى ۋۇجۇدىدىكى بارلىق دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى قوشۇپ پۈۋلىگەندەك پۈۋلەپ چىقاردى ـ دە، ئاندىن جاۋاب بەردى.

— بار دېسەممۇ بولىدۇ.

يىگىتنىڭ بۇ جاۋابى ئامانىنسانىڭ يۈرىكىگە قامچا بولۇپ تەگدى. ۋۇجۇدىنى ئاچچىق بىر خىل غەشلىك قاپلىدى. بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتكە چۆمدى.

— ئۇنداقتا ياخشى ئىكەنغۇ، — دېدى ئامانىنسا غەشلىكتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ، — شۇنداق تۇرۇپ يەنە غەمگە چۆكۈپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟

— يامان يېرى، مەن لايىقىم دەپ يۈرگەن ئۇ قىزنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق، — دېدى ئابدۇنەبى گەدىنىگىچە قىزارغان ھالدا.

ئامانىنسا يەڭگىل تىندى.

— كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىلىپ باقمىدىڭمۇ؟

— مېنى ئۆزىگە لايىق كۆرمەسلىكىدىن ئەنسىرىدىم.

— توۋا دېگىنە. قۇمقىساردا ھەرقانداق بىر قىز سىېنى رەت قىلمايدۇ.

يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى. ئەمما، كۆڭلىدە يەنىلا ئىشەنچسىزلىك بار ئىدى.

— بۇ سىزنىڭ قارىشىڭىز.

— ياق، ئىشەنگىن.

— راستىمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇپ يۈرەكلىك تەلەپ قويىۋەر. شۇ ۋاقىتتا سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىسەن.

ئابدۇنەبى بوغۇزىغا كەپلەشكەن گەپلەرنى چوڭ غەيرەت بىلەن سىرتقا چىقاردى.

— ناۋادا ئۇ قىز سىز بولۇپ قالسىڭىزچۇ؟

ئامانىنىسانىڭ كۆز ئالدىدا ۋاللىدە بىر چاقماق چاقتى. يۈرىكى رىتىمسىنى يوقىتىپ دۈپۈلدەپ كەتتى. يىگىتنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قارىدى. يىگىتنىڭ سىرىق يۈزى خىجىللىقتىن قىزىرىپ، بوزىرىپ كەتكەنىدى. ئامانىنىسا يەرگە قاراپ ئاستىلا شىۋىرلىدى.

— يوقىلاڭ سوئاللارنى سورىماي ئاۋۋال تەلەپ قويۇپ باقمامسەن، ئەخمەق.

بۇ قېتىم يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا ۋاللىدە چاقماق چېقىلدى. تۆيۈقسىز نېسىپ بولغان ئامەتتىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. تەڭداشسىز خۇشاللىق تومۇر - تومۇرلىرىغا تارىدى. باياتىن بېرى قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدى قورۇلۇپ كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك سەزگەن يىگىت ئەمدى قەددىنى تاغدەك سەزدى. ۋۇجۇدى لىپمۇلىق ئىشەنچ بىلەن تولدى.

— ئالاي دېسەم ماڭا راستلا تېگەمسىز، ئامانىنىسا؟

— گېپىڭىز قوپاللىقىنى. مۇنداق بىر ئوقۇتقۇچىدەك گەپ قىلغىنا، — دېدى ئامانىنىسا ۋىلىققىدە كۈلۈپ.

— قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ. هودۇققىنىمدىن گېپىمنى جايلاپ قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇنەبى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قىزنىڭ كۆزىگە دادىل قاراپ تۇرۇپ، — سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن، ئامانىنىسا.

— دەپ باقە، مېنى قاچاندىن بېرى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىڭ؟

— قۇمقىسارغا چىققان كۈنىڭىزدىن باشلاپ.

— شۇ چاغقىچە نېمىشقا مۆرىمىدىڭ؟

— مېنى ياراتماسمىكىن دەپ.

— يىگىتتەك گەپ قىلغىنا. ئوغۇل بالىمۇ قىزلارغا تەلەپ قويۇشتىن قورقامدۇ. قاچانغىچە مۇشۇنداق قورقۇپ يۈرمەكچىدىڭ مەندىن؟

— سىزنى قۇمقىساردا ھەرگىز تۇرمايدۇ، بىر كۈنى ئەمەس

بىر كۈنى كېتىدۇ دەپ...

— ۋاي بىچارە قورقۇنچاق. ئەمدىغۇ كەتمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنگەنسەن.

— ئىشەندىم.

— ئەمىسە قاراپ تۇرماي بېرىپ ئاناڭغا ئامانىسا بىلەن توي قىلىمەن دېگىن.

— بىللە بارمامدۇق؟

— ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن بولغىنى ياخشىمىكىن، — دېدى ئامانىسا پىسسىڭگىدە كۈلۈپ، — مەن دېگەن كېلىن بولغۇچى، قائىدە بويىچە قېيىنئانام ئالدىمغا بىر قېتىم كەلسۇن.

— خوش، ئاغىچا خېنىم، — ئابدۇنەبى شۇنداق دېگىنىچە بىتۇيۇق تۇرغان قىزنىڭ مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈۋالدى.

## 10

كەچ كۈز كەلدى. قۇمقىسساردا ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە سوقۇپ تۇرىدىغان كۈز شامىلى ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. ئادەمگە سىرتتا ئاپتاپ، ئۆيدە ئوت خۇشياقىدىغان پەسىل كەلگەنىدى. قېرىلار مەسچىت ئالدىدىكى سۇپىدا ئاپتاپسىنغاچ باشلىرىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى بىر - بىرىگە ھېكايە قىلىشىپ بېرىشەتتى. ھەدىس، جەڭنامىلەردىن سۆزلىشەتتى. بارات نوگاينىڭ سەرەڭگىدىن تارتىپ مىخقىچە، تۇزدىن تارتىپ سوپۇنغىچە، ئاچچىقسۇدىن تارتىپ ھاراق - تاماكىغىچە ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى بىلىيارت تاختىسىنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ ياشلار ۋە باللار ئولىشىۋېلىشقانىدى. چاپانلىرىنى ئاستىغا سېلىۋېلىپ قارتا ئويناۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا مەسچىت ئالدىغا يىغىلغانلار كۈندىكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. مەزىننىڭ جۈمە نامىزىغا توۋلىغان ئەزىنى بىلەن تەڭ مەسچىت سۇپىسىدا

ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان قىرىلار گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. بىلىيارت، قارتا ئويناۋاتقان ياشلارنىڭ بىر قىسمى ئويۇنلىرىنى تاشلاپ مەسچىتكە، بىر قىسمى تەرەت يېغىلاش ئۈچۈن مۇستەھەپخانىغا مېڭىشتى. ئۆي - ئۆيلەردىن چىققان نامازخانلارمۇ مەسچىتكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى نامازدىن پارىغ بولۇپ چىققان نامازخانلارنى مەسچىتنىڭ ئىشىكى تۈۋىدىلا توسۇۋالدى.

— يولداشلار، جامائەت! جىددىيراق دىققەت قىلىپ گېپىمگە قۇلاق سېلىشسىلا، هازىر كەنت مەجلىسخانىسىدا يىغىن بار. تۆمۈراخۇن شۇجى مەجلىسخانىدا ساقلاپ قالدى. ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشمەي ئۇدۇل مەجلىسخانىغا بېرىشسىلا.

جامائەتنىڭ ھەممىسى كەنت قورۇسى ئىچىدىكى خىش بىلەن سېلىنغان مەجلىسخانىغا قاراپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ كىمدۇر بىرسى ئابدۇنەبى بىلەن ئامانىنىسانىڭ توي قىلىدىغان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويدى. دەسلەپتە كەنت مەجلىسخانىسىدا نېمە ئۈچۈن تويۇقسىز يىغىن ئېچىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا قىزىققان قۇمقىسارلىقلار ئەمدى ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ئابدۇنەبى بىلەن ئامانىنىسانىڭ تويى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى.

— ئامانىنىسادەك چوڭ شەھەردە ئوقۇغان بىر قىزنىڭ ئادەم تېپىلمىغاندەك ئابدۇنەبىگە تېگىشىگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ كىشىنىڭ.

— ئىشەنسىلە، بىزنىڭ ئوغۇل ئابدۇنەبى مۇئەللىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپتۇ. پات يېقىندا تويى بولغۇدەك.

— ئۇنداق بولسا راستىلا خوتۇندىن تەلىيى چىقىپتۇ - دە، ئۇ سېرىقنىڭ.

— ئامانىنىسا خانىم ئابدۇنەبىنىڭ نەرىگە كۆيۈپ قالغاندۇ دەيمىنا؟

— كۆڭۈلدە كۆڭۈل. كۆڭۈل دېگەن ئادەمنى نېمە كويغا سالمايدۇ دەيسىلە.

— ھەي، يالغان گەپ جۇمۇ مۇشۇ. غەيۋەتچى خوتۇنلاردىن بىرەرسى گەپ تاپتىمىكىن دەيمىنا.

— راست، ئابدۇنەبى دېگەن بىر دېھقان تۇرسا.

— شۇنداق، مۇئەللىم بولغىنى بىلەن رەسمىي ئەمەس، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى ــ دە، ئۇ.

— ۋاي ئابدۇنەبى مۇئەللىم دەپ قويساق...

— يېقىندىن بېرى خوتۇن كىشىدەك نېمانچە ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ يۈرىدىغاندۇ دەپتىمەن تېخى.

— قانداق قىلسام ئامانىسانىڭ كۆڭلىنى ئۇتىمەنكىن دەپ قىلغان قىلىقى بولماي...

— نېمىلا بولۇپ كەتسۇن، بەربىر يەنە شۇ ئابدۇنەبىغۇ ئۇ.

— ئامانىسا خانىممۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرەلمەي، ئاخىر ئەردىن بىرسىگە تېگەي دېگەن ئوخشايدۇ.

— ئەر سېغىنىپ قاپتىكەن ــ دە.

— ئابدۇنەبىنىڭ خوتۇن ئالغۇدەك پۇلىمۇ بارمۇ دەڭلا.

— بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئۆيدىكىنىڭ خېتىنى بېرىپ پادىغا قېتىۋېتىپلا...

— ئۆيدىكى ئېشەك ئەمەستۇ پادىغا قېتىۋەتكىلى.

— پادىغا قېتىۋەتسەڭلا ئوپچىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ شۇ.

— بىر سالىمەن كومشىرىغا ما گۇينىڭ!

— توۋا دەڭلا. ئابدۇنەبىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاغىنىسىغۇ.

— بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ.

— قۇمقىساردا كىم ئۇنىڭچىلىك ئوقۇغان؟

— ئامانىسا خانىمنىڭ كۆزى بار ئىكەن.

— ئابدۇنەبىنىڭمۇ تەلىيى بار ئىكەن.

— راست، ئامانىسا خانىم ئابدۇنەبى بىلەن توي قىلسىلا ھېچنەگە كەتمەيدۇ. قۇمقىسار مۇقىم ئوقۇتقۇچىغا ئېرىشتى

www.uyghurkitap.com

دېگەن گەپ.

— ئابدۇنەبىمۇ ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپتۇ.

— خېلى - خېلى ئادەملەر كۆز تىككەن گۈلنى ئۈزۈۋاپتۇ.

— خۇدا بەخت - تەلىيىنى بېرەر ئاشۇ بالىلارنىڭ.

بۇ خەۋەرنى دەسلەپ ئاڭلاپ ئىچى ئېچىشقانلار، كۆڭلى بىئارام بولۇپ ئىچى تارلىقى كەلگەنلەر ئاستا - ئاستا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، ئامانىنىسانىڭ، ئابدۇنەبىنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدى. بىرقانچىسى بۇ ئىش راست بولسا ئابدۇنەبى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردىمىمۇ ئايىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق، ئادەم دېگەن تېگىدىن ئاق كۆڭۈل يارالغان. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ بولىدۇ. لېكىن، ياخشىلىق كۆپرەك، يامانلىق ئازراق بولىدۇ. ياخشىلار كۆپ يەردە يامانلارمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

كەنت مۇدىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يىغىننى باشلىيالماي ئولتۇرغان تۆمۈراخۇن شۇجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئازغانىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قىمىرلاپ پەقەتلا ئولتۇرالمىدى. بۇ خەۋەر باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆز ئاپتىپىدەك ئىللىتقان بولسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كەچ كۈز سوغۇقىدەك مۇزلاتتى. ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى باشقىلارنىڭ ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ گەپ قىلالمىغان ئادەمدەك بوغۇلۇپ، ئىچى ئاچچىققا تولدى. قولىدىكى چېكىۋاتقان تاماكىنى مىجىپ تاشلاپ، يېنىدىكىلەردىن كۆك تاماكا سوراپ ئالدى. مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىدەك يۆگەپ، چىڭ - چىڭ شوراپ، ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان تۈتۈننى تورۇسقا پۈۋلىدى. ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بولغىلى تۇرغاندا كەنت مۇدىرىمۇ كىرىپ كەلدى. تۆمۈراخۇن شۇجى بارلىق دەرد - ئەلىمىنى چىقارماقچى بولغاندەك تېخىچە پاراڭلىشىپ تۇرغان يىغىن ئەھلىگە گۈلەيدى.

— ھە، ئەمدى بىر دەم پاراڭنى توختىتىشاملا، مۇڭداشقىلى يەر تېپىلمىغاندەك، يىپچى خوتۇنلارغا ئوخشاش كاپىلدىشىپ...

شۆجىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن جىم بولۇشتى. تۆمۈراخۇن شۆجى يىغىن ئەھلىنى ئاغزىغا قارىتىپ قويۇپ، ئالدىرىماي يەنە بىر تال تاماكا يۆگىدى ـ دە، ئۇنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى باشلىدى.

— ھەرقايسىلىرىنى بۈگۈن بۇ يەرگە مۇھىم ئىش بىلەن چاقىردۇق. بايا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. كېلەر يىلى قۇرۇلماقچى بولغان ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئۆستەڭنى چېپىش ھاشىرىغا بارىدىكەنمىز. ھەربىر ئائىلىدىن بىردىن ئەمگەك كۈچى بارىدۇ. نورمىسىنىڭ سىرتىدا ئارتۇق يەر تېرىغان ئائىلىلەردىن ئىككىدىن ئەمگەك كۈچى بارىدۇ. سەۋەب كۆرسىتىشكە، ئۆزى بارماي ھاشىرىنى باشقىلارغا سېتىشقا بولمايدۇ. بۇيرۇققا بويسۇنمىغۇچىلارغا يۈز كويدىن جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئورنىغا قېرىلارنى، ئۇششاق بالىلارنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئەتە چۈشكىچە نان ـ توقاچ ياقتۇرۇپ تەييارلىق قىلىشىۋېلىشسىلا، — تۆمۈراخۇن شۆجى كەنت مۇدىرىغا بۇيرۇق قىلدى، — يوقلۇم قىلىۋەتسىلە.

— يوقلۇم قىلمىساقمۇ ھەممە ئائىلىدىن ئادەم تولۇق ئىكەن، — دېدى كەنت مۇدىرى.

— بەكرەك قارىسىلا، بەلكىم كەلمىگەنلەرمۇ باردۇر، — دېدى شۆجى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، شۆجى، ھەممەيلەن تولۇق، — دېدى كەنت مۇدىرى يەنە.

— كۆزلىرىنى ئوبدانراق ئېچىپ قارىسىلا، — دېدى شۆجى ئاچچىقتىن بوغۇلغان ھالدا، — ئالتۇنخان پەخسەنىڭ ئائىلىسىدىن ئادەم كەلمەپتىغۇ.

كەنت مۇدىرى شۆجىنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشىنىپ، دېلىغۇل بولغان ھالدا جاۋاب بەردى.

— ئالتۇنخان پەخسە كېسەل. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇل خوتۇن بولغاچقا، ئەمگەك ھاشىرىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى خېلى بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئوغلى ئابدۇنەبى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا...

— ئوقۇتقۇچىمۇ نان يەيدىغاندۇ؟ — دېدى تۆمۈراخۇن شۈجى ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ.

كەنت مۇدىرى لام - جىم دېمىدى.

— ئابدۇنەبى ئوقۇتقۇچى بولغان بىلەن قولىدا سەككىز مو يەر بار. ئۇ يەرنىڭ ھاشىرىنى ئۆزى چاپمىسا سىلى بىلەن مەن چاپمايدىغانمىز ھەرقاچان، — تۆمۈراخۇن شۈجى كۆپچىلىككە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆستەڭ چاپىدىغان يەر غىلتاڭ ساي، تېگى - تېگىدىن تاشلىق، چاپماق تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىپە ھەلەم بار. ھاشارغا ئەمگەك كۈچلىرىنى جىقراق تەشكىللىمىسەك بۆلۈنگەن چامنى تۈگىتىپ بولالمايمىز.

تۆمۈراخۇن شۈجىنىڭ بۇ گېپى دەرھال تەسىرىنى كۆرسەتتى. تۆۋەندە ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن ئۆكتە قوپتى.

— ئوبدان گەپ بولدى. يەر تېرىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى بارسۇن.

— خەقنىڭ ھاشىرىنى داۋاملىق بىز چاپمايلى.

— باشقىلارمۇ ھاشارغا بېرىپ باقسۇن.

— ئابدۇنەبى ئوقۇتقۇچى بولغان بىلەن نوپۇسى يەنىلا قۇمقىساردا. تېرىيدىغان يېرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا ئايلىق ئالىدۇ تېخى.

— ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىمۇ كەتمەننىڭ دەستىسى تۇرىدىغاندۇ.

— ئوقۇتقۇچى بولسا ئۆزىگە. ساۋاتسىز ئادەممۇ ئاغزىنى تېپىپ ئاش - نان يېيەلەيدۇ.

— ئىنساپ بىلەن گەپ قىلىلى، تۇغقانلار، بالىلىرىمىزنى بىر ئوبدان ئوقۇتۇپ بېرىۋاتقان ئادەمگە ھاشار سالماي.

— راست، ئۇنداق دېگىنىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت بەرگەن سەكسەن كوي بىر ئايلىق تاماكىسىغىمۇ يەتمەيدۇ.

— باللىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتىمەن دەپ ئانىسىنىڭ كېسىلىگىمۇ تۇزۇك قارىيالمايدۇ بىچارە.

— ئابدۇنەبىسىزمۇ نۇرغۇن ھاشار ـ ئەمگەكلەر تۇگەپ كەتكەنغۇ.

— ئابدۇنەبىغۇ باللىرىمىزنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. قۇمقىساردا بىر قىللىق پايدىسى تەگمەيدىغان، يىللاپ ھاشارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان گۆسمۇستەك ئوغۇل باللارمۇ بارغۇ. تېخى يەرنىڭ بەلىنى، سۇنىڭ بېشى شۇلارنىڭ.

— ئابدۇنەبى ئوقۇتقۇچىلىقنى قىلىۋەرسۇن.

— سالاچىلىقنى ئاز قىلىشىلى، — تۆمۈراخۇن شۇجى گۈرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ توۋلىدى، — قېنى ئۇنداق بولسا گەپنى مەشەدىلا ئوچۇق قىلىشىۋالايلى. ئابدۇنەبىنىڭ بىر كىشىلىك ھاشار چامىنى قايسىلىرى ئۈستىلىرىگە ئېلىپ چېپىشىلا؟ — ھەممەيلەننىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ شۇجى گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — گەپنى قىلماق ئاسان بولغان بىلەن سۆڭەك تۇرۇۋالىدىغان يېرى بار ئاشۇنداق. مەن مەشەدە گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي. ھېچكىمنىڭ كاراڭ ـ كاراڭ قىلىشىغا رۇخسەت يوق. مەن ھاشارغا بارىدۇ دېگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى بارىدۇ. مەن دېگەن قۇمقىسارنىڭ شۇجىسى. بۇ يەردە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. ھە ئەمدى يىغىندىن تارقاشسىلا بولىدۇ.

ھاشارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئابدۇنەبى ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. لېكىن، ئامانىسا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى.

— ھاشارغا قەتئىي بارمايسەن، — دېدى ئۇ ئابدۇنەبىگە، — يۇقىرىنىڭ يېزىلاردىكى ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاشار ئەمگىكىنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق چۇشۇرگەن ئۇقتۇرۇشى بار. باشقا كەنتلەردىمۇ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ھاشارغا ھەيدىمەيدىكەن. تۆمۈراخۇن شۇجى سەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ.

— ئاشۇنداق ئۇقتۇرۇش بىزنىڭ قولىمىزدا تېخى بولمىسا، — دېدى ئابدۇنەبى بوغۇلغان ھالدا، — ئۆتكەندە يېزىلىق مائارىپ

ئىشخانىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئاشۇنداق ئۇقتۇرۇشتىن بىر نۇسخا بېرىڭلار دېسەم، بىز كەنتلەرگە بىر نۇسخىدىن چۇشۇرۇۋەتكەن، ئۆزىمىزدىمۇ قالماپتۇ، بىر نۇسخا تېپىپ قويايلى دەپ گەپنى تۈگەتتى. قولىمىزدا ئۇقتۇرۇش بولمىسا تۆمۈراخۇن شۇجى بىلەن تىكلەشكىنىمىز بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق بىنەم ئېلىپ يەر تېرىپ قاپتىمەن. ھەممە ئادەم ھاشارغا بارسا مەن بارمىسام سەت تۇرار. خىيالىدا مېنى ھاشار چاپالمايدۇ دەپ قىلىشمىسۇن. باشقىلار تۇتقان كەتمەننىڭ دەستىسىنى مەنمۇ تۇتالايمەن.

— مەن سېنى ھاشاردىن قەستەن قاچۇرۇۋاتقىنىم يوق، — دېدى ئامانىسا مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، — ھاشارغا بارساڭ تامامەن بولىدۇ. قۇمقىسارلىق ئەركەكلەر قىلغان ئىشنى سەنمۇ قىلالايسەن. لېكىن، ھەر كىم ئۆز دائىرىسىدىكى ئىشنى قىلىشى، ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىشى كېرەك، سەن دېگەن ئوقۇتقۇچى. ۋەزىپەڭ ھاشارغا بېرىش ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش. بۇمۇ ھاشار چاپقانغا ئوخشاش جاپالىق ئەمگەك. تۆمۈراخۇن شۇجى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىكىن بۇ ئىشنىڭ چەك - چېگراسىنى ئاجرىتىشى، چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقتە ھۆكۈمەتنىڭ ئېنىق ئۇقتۇرۇشى بار. تۆمۈراخۇن شۇجى بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئابدۇنەبى ئامانىسساغا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — تۆمۈراخۇن شۇجى چالا ساۋات ئادەم، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۆنۈپ قالغان. يازىچە مەكتەپنى يېڭىلاپ سېلىپ بېرىمەن دەۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغىنى خاتا بولسىمۇ ھازىرچە بوپتۇ دەپ تۇرايلى. بەكرەك تىكلەشسەك مەكتەپ سېلىپ بېرىدىغان ئىش سۇغا چىلاشمىسۇن. ھاشارغا بۇ قېتىم باراي. كېيىنچە مائارىپ ئىدارىسىگە كىرىپ ھېلىقى

ئۇقتۇرۇشتىن بىر نۇسخا تېپىپ قويۇپ ئاندىن بىرنېمە دېيىشەرمىز.

ئامانىسا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئابدۇنەبىنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

## 11

ئابدۇنەبىنىڭ ھاشارغا مېڭىشى بىلەنلا قۇمقىسارنىڭ ھاۋاسى سوۋۇپ كەتتى. تاڭ سەھەردە قىرووۋ چۈشۈپ، قۇملۇقلار خۇددى قار ياغقاندەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلانغان دەل - دەرەخلەر ئاپپاق چېچەكلىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇششۇك مېڭىپ، يەر توڭلاشقا باشلىغان بولۇپ، توختام سۇلار ئەينەكتەك مۇز تۇتقانىدى. ئامانىسا چوڭراق ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سىنىپنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىنى، ئەينىكى چېقىلىپ كەتكەن كۆزنەكلەرنى گېزىت بىلەن چاپلاتقۇزدى. ئاندىن ئابدۇنەبى قويۇپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن مەشنى ئىككى سىنىپقا قويدى. مەش قەدىرئەھۋال تۆرغىنى بىلەن كانايلىرى كونىراپ، ئاجراپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ كانايلارنى ئوڭشاپ - قۇراشتۇرۇپ بولغۇچە خېلىلا ئاۋارە بولدى. ئاجراپ كەتكەن جەينەكنى ئوڭشىيالماي ياتىقىدىكى مەشنىڭ جەينىكىنى ئەپچىقىپ قۇراشتۇردى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىپ بولغۇچە مەشلەرگە ئوت يېقىپ، سىنىپنىڭ ئىچىنى باھاردەك ئىللىتىۋېتەتتى. ئابدۇنەبى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى مەشىق قىلىشقا تەشكىللىسە، يەنە بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈپ ئوبدانلا چارچىدى.

گەرچە ئابدۇنەبى كېسەلمەن ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تاپشۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئابدۇنەبىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىۋالدى. شۇڭا، ھازىر كېسەلمەن ئانىغا كۈندە ئۈچ

ۋاخ چاي قاينىتىپ بېرىش، تاماق ئېتىپ بېرىش، كېچىلىرى ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ ئامانىنىسانىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى. كېسەلمەن ئانا ئامانىنىسانىڭ كۆيۈنۈپ كۈتۈشى بىلەن خېلىلا جانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئامانىنىساغا ئابدۇنەبىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى كەپسىزلىكلىرىنى، دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى ۋە ھازىر ئۆزىگە خۇددى قىز بالىدەك كۆيۈنۈپ، ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىردە كۈلۈپ، بىردە يىغلاپ تۇرۇپ تەكرار - تەكرار سۆزلەپ بېرەتتى. ئامانىنىسانىڭ ئۆزىدەك بىر سەھرالىق نامرات ئائىلىگە كېلىن بولۇشقا رازى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، خۇدادىن ئامانىنىسانىڭ بەختىنى، سالامەتلىكىنى، مۇراد - مەقسەتلىرىنى تىلەپ ئۈزۈندىن - ئۈزۈن دۇئا قىلاتتى. ئامانىنىسا بۇ كېسەلمەن ئانىنىڭ بەدەنلىرىنى بەكمۇ كىر بېسىپ كەتكەنلىكىنى، ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلىرىنىڭ چىگىچلىشىپ، پاخپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، ياتىقىدىن چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، ئەتىر سوپۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، سۇ ئىسسىتىپ، ئانىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي داسقا چىلاپ، بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ پاكىز يۇدى. چاچلىرىنى تاراپ، سۆزگۈچ سالدى. جىگدە يېلىمى بىلەن پاتلاپ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. يۇيۇنۇپ، تارىنىپ، رەڭگىرويى خېلىلا تۈزۈلۈپ قالغان ئانا ئەكسىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ئامانىنىسانىڭ بويىنىغا ئېسىلدى. «قىزىم بولغان بولسىمۇ سىلىچىلىك قىلاتتى. خۇدا ئالتۇندەك قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن، قىزىم» دېگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى، يىغا - يىغىنى كەلتۈرەر دېگەندەك ئامانىنىسا ئانىغا تەسەللى بېرىۋېتىپ ئاخىرىدا ئۆزىمۇ بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇلار ئۇبدانلا ئېچەركىشىپ قالغانىدى. ئامانىنىسا ئابدۇنەبى ھاشاردىن قايتىپ كەلسە ئارتۇقچە ھەشەم قىلمايلا توي قىلىشۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۈگۈن ئەتىگەنكى ئىككى سائەتتە تۆۋەن يىللىقتىكى سىنىپقا دەرس ئۆتۈپ بولۇپ ئەمدىلا سىرتقا چىققان ئامانىسانىڭ تۇيۇقسىز يۈرىكى ئاغقاندەك قىلدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئوڭ قاپىقى لىپىلداپ تارتىشقا باشلىدى. بۇ ئالامەتتىن ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ ۋۇجۇدىغا بىر خاتىرجەمسىزلىك كىرىۋالدى. ئۇ، قىز بالىنىڭ ئوڭ قاپىقى تارتسا ياراشمايدۇ، دېيىشىدىكەن، ئىلاھىم ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەيسەن، دېگىنىچە ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىغا سۆيدى ـ دە، سۆيۈلگەن ئالىقىنىنى ئوڭ قاپىقىغا ئارقىمۇئارقا سۈردى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل بىئاراملىقى بېسىلمىدى. بىردىنلا خىيالىغا شەھەردە يالغۇز قالغان ئانىسى كېلىۋىدى، كۆڭلى تېخىمۇ بەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. ئامانىسا ئارىلىقتىكى شەنبە ـ يەكشەنبىدە شەھەرگە كىرىپ ئانىسىنى يوقلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق، ئابدۇنەبىنىڭ كېسەلمەن ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى قىيمىدى. ئەمدى ئابدۇنەبىنىڭ ھاشاردىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. خۇدا ئانامنىڭ تېنىنى سالامەت قىلغايسەن، دەپ پىچىرلىدى ئامانىسا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا.

— ئابدۇنەبىنى ھاشاردا تاش بېسىۋاپتۇ.
— ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىكەن.
— ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ.
— ئابدۇكېرىم پاڭنى قۇتقۇزىمەن دەپ شۇنداق بوپتۇ.
— ئۆيدەك يوغانلىقتىكى قورام تاش شۇنداق بىر دومىلاپ چۈشۈپتىكەن، ھەممەيلەن جېنىنى ياقىغا ئاپتۇ.
— ئابدۇكېرىم پاڭنى شۇنداق تۇۋلىسىمۇ ئاڭلىماپتۇ.
— پاڭ بولغاچقا ھاڭۋېقىپ قاراپلا تۇرۇپتۇ.
— ئابدۇنەبى يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئۇنى بىر يانغا

ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئۆزى دومىلاپ چۈشكەن تاشنىڭ تېگىدە قاپتۇ.

— بىچارە ئابدۇنەبى.

— ئەمدى بالىلىرىمىزنى كىم ئوقۇتۇپ بېرەر؟

— خۇدايىم سالامەت قىلار.

— تىنچ - ئامان ساقىيىپ كېتەر، ئىلاھىم.

— يۈرۈڭلار، شەھەرگە كىرىپ يوقلاپ چىقايلى.

كەچ پېشىن بىلەن قۇمقىسارغا يېتىپ كەلگەن بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامانىسا خۇددى تۇيۇقسىز يەر تەۋرىگەندەك شۇنداق چۆچۈدىكى، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، مېڭىسىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق بەدەن - بەدىنىگە تاراپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى. ئەتىگەندىن بېرى توختىماي تارتىۋاتقان ئۇلۇك قاپىقىمۇ شىپپىدە توختىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ياتىقىنىڭ ئىشىكىنىمۇ تاقىماي ئۇدۇل يېزا بازىرىغا قاراپ يۈگۈردى.

## 12

تۆمۈراخۇن شۇجى قاتارلىق كەنت كادىرلىرى ئابدۇنەبىنىڭ جەسىتىنى بامدات نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ قۇمقىسارغا ئېلىپ چىقىشتى.

پۈتكۈل ناھىيە بويىچە ھاشار قوزغاپ ئېلىنىۋاتقان ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئۆستىڭى تاغنىڭ يانباغرىنى بويلاپ چېپىلىۋاتاتتى. ئۆستەڭنىڭ بىر قىرغىقى تاغقا تۇتىشاتتى. تاغ چوققىسىدىن پات - پات تاش دومىلاپ چۈشۈپ، ئەمگەكچىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋېتەتتى. ئۆستەڭنىڭ ئورنى پۈتۈنلەي تاش - شېغىللىق ئىدى. ناھىيە بويىچە نەچچە ئونمىڭ ئادەم قاتناشقان

بۇ ئەمگەكتە قانچىلىغان كەتمەن، گۇرجەكلەرنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى، قانچىلىك ئادەملەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تاش يېرىۋەتكەنلىكىنى پارىدار بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئىش ھەقىقەتەن جاپالىق ھەم خەتەرلىك ئىدى. ئەمگەككە مەسئۇل بولۇپ تۇرغان ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىمۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ تۇراتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنە خەتەر چىقىپ تۇراتتى.

بۇ كۈنى قۇمقىسارلىقلار يېزىلىق ھۆكۈمەت تەقسىم قىلغان چامىنى ئاساسەن چېپىپ بولغانىدى. ئۆستەڭنىڭ تېگى ۋە ئىككى قاشىنى تەلەپ بويىچە تەكشىلەپ، سىلىقلىۋەتسىلا بولاتتى. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ تاغ تەرەپتىكى قىرغىقىدا چوقچىيىپ تۇرۇۋالغان يوغان بىر تاشنى قومۇرۇپ ئېلىۋېتىشى ھامانلا، تۇيۇقسىز تاغنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن بىرمۇنچە شېغىل تاشلار سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار دەسلەپ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىرنەچچە دەقىقە گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— قېچىڭلار، خەتەرلىك. تاغدىن تاش دومىلاپ چۈشۈۋاتىدۇ!

كىمدۇر بىرسىنىڭ ئەنسىز تۇۋلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن پاتىپاراق بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئەمما، قولىقى تۇغما گاس ئابدۇكېرىماخۇن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋاققىنىچە تۇرىۋەردى.

— ئابدۇكېرىماخۇن، تېز قېچىڭ!

— بولۇڭ دەيمەن، تاش چۈشۈۋاتىدۇ!

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ پاڭنىڭ تۇرۇشىنى.

ئابدۇنەبى تاغدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان تاشقا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈردى ـ دە، ئابدۇكېرىماخۇننى بىر تەرەپكە كۈچىنىڭ بارىچە ئىتتىرىۋەتتى. لېكىن، گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان قازاندەك چوڭلۇقتىكى تاش ئابدۇنەبىنىڭ مەيدىسىگە گۈپپىدە تەگدى. ئابدۇنەبى ئۆستەڭنىڭ قارشى قىرغىقىغا قاڭقىپ

بېرىپ يىقىلدى. قۇمقىسارلىقلار يۈگۈرۈشۈپ كەلگەندە ئابدۇنەبى يىقىلغان جايىدا مىدىرلىماي ياتاتتى. جاۋىغىسىدىن، بۇرنىدىن، قۇلىقىدىن قان ئېقىۋاتاتتى.

— ھوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ.

— كۆتۈرۈڭلار، دەرھال دوختۇرنىڭ قېشىغا ئاپىرايلى.

ئەمگەك مەيدانىغا قۇرۇلغان ۋاقىتلىق داۋالاش پونكىتىدىكى دوختۇرلار نىمجان ياتقان ئابدۇنەبىنى جىددىي تەكشۈرۈپ، تېزدىن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى بۇيرۇدى. ناھىيەنىڭ ئەمگەككە مەسئۇل بولۇپ چىققان مۇئاۋىن ھاكىمى كىچىك ماشىنىنى بۇيرۇپ بەردى. ئۇلار ئۇزاق يول بېسىپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە ئابدۇنەبى ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى.

ئابدۇنەبىنىڭ جەسىتى تاۋۇتقا سېلىنىپ، ئاشۇۋاقتى بىلەن قۇمقىسار مەسچىتى ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. مەسچىت ئالدىغا قېرى - ياش، ئەر - ئايال بارلىق قۇمقىسارلىقلار يىغىلغان بولۇپ، ئاياللار ئېخچىلا قوشاق قېتىپ ھازا ئېچىۋاتقان ئابدۇنەبىنىڭ ئانىسىغا تەسەللى بېرىشكىنىچە بىر چەتتە قارىشىپ تۇراتتى. ئەرلەر مۇزەپپەر ئىمامنىڭ ناماز باشلىشىنى كۈتۈپ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا باشلىرىنى سېلىشقىنىچە قاتار تۇرۇشاتتى.

مېيىت نامىزى تاماملانغاندىن كېيىن ئەرلەردىن تۆتى تاۋۇتنىڭ تۇتقۇچىنى تەڭ كۆتۈرۈپ دولىسىغا ئېلىپ، مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىكى مازارلىققا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇنەبىنىڭ ئانىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان ئامانىسا توختاڭلار، دەپ توۋلىغىنىچە تاۋۇت كۆتۈرۈپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى توستى.

تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي مۇزەپپەر ئىمامغا قارىدى. مۇزەپپەر ئىمام ئۇلارنى توختاشقا



www.uyghurkitap.com

شەرەتلىدى.

— ئىمام ئاخۇنۇم، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى، — دېدى ئامانىنىسا ئىمامنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— دەۋەرسىلە، قىزىم، قانداق تەلەپلىرى بار ئىدى؟ — دېدى ئىمام ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ.

— مەرھۇمنى مەكتىپىمىز كونا مەھەللىدە ئەھيا قىلغان باغقا دەپنە قىلساق، دېمەكچىدىم.

ئامانىنىسانىڭ بۇ تەلىپىگە ئىمام بىرنېمە دەپ بولغۇچە، ئەتراپتىكى جامائەت غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. بىر ئاز تەمتىرىگەن ئامانىنىسا مەدەت تىلەپ زاكىر بوۋايغا قارىدى.

— نېمە سەۋەبتىن شۇنداق دەيلا، قىزىم؟ — دېدى بوۋاي ئامانىنىساغا قاراپ.

— مەرھۇم قۇمقىسارنىڭ مائارىپى ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتى. قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تاقىلىپ قالماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا چوڭ رول ئوينىدى. ئاشۇ باغنىمۇ مەرھۇمنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئەھيا قىلغانىدۇق. ئۇنىڭ ئاشۇ قۇملۇقنى تىزگىنلەپ باغۇبوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسى بار ئىدى. شۇڭا، مەرھۇمنى ئۆزى ئەھيا قىلغان ئاشۇ باغدا يەرلىككە قويساق دەيمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئۇستازىنىڭ تۇپرىقىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرالايدۇ.

— بەندە ئۈچۈن ئاللانىڭ زېمىنىنىڭ قەيېرىدە ياتسا ئوخشاش، — دېدى مۇزەپپەر ئىمام ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — مېيىتنىڭ ئىگىسى قوشۇلسا مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق.

جامائەتنىڭ نەزىرى ئابدۇنەبىنىڭ ئانىسىغا بۇرالدى.

— ئامانىنىسا قىزىمنىڭ تەلىپىگە مەن رازى، — دېدى ئانا ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

— مەن قوشۇلمايمەن، — دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى

جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، — ھەر كىمنىڭ خالىغان يەردە مازارلىق پەيدا قىلىشىغا رۇخسەت يوق.

— بۇ خالىغانچە مازارلىق پەيدا قىلىش ئەمەس، — دېدى ئامانىنسا تۆمۈراخۇن شۇجىغا ئىمزاھات بېرىپ، — ئۇ يەرگە پەقەت ئابدۇنەبى مۇئەللىمنىلا دەپنە قىلىمىز. بىر ئادەمنى دەپنە قىلغانغا مازارلىق پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە ئابدۇنەبى مۇئەللىمنىڭ يېتىش ھەققى بار، — ئامانىنسا تۆمۈراخۇن شۇجىغا دادىل قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنىمۇ بىلىپ قالسىلا، تۆمۈراخۇن شۇجى، ئابدۇنەبى مۇئەللىمنىڭ بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشىدە سىلىنىڭمۇ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەتلىرى بار...

— نېمە؟ نېمە دېدىلە؟ — تۆمۈراخۇن شۇجى تۇيۇقسىز تېرىكىپ كەتتى، — مەن خەقنى تاشنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويمىدىم. ئاغزىلىرىغا بېقىپ گەپ قىلسىلا. ساراڭ بولۇپ قالدىلىمۇ نېمە؟

— راست، سىلى ئابدۇنەبى مۇئەللىمنى تاشنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويمىدىلا، — دېدى ئامانىنسا خاتىرجەملىك بىلەن ئۆزىنى تۇختىتىپ سۆزلەپ، — بىراق ئابدۇكېرىماخۇننىڭ گاس - مېيىپلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق خەتەر چىقىدىغان يەرگە ئەمگەككە ئەۋەتتىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى كۆزلىرىگە ئىلماي بىر ئوقۇتقۇچىنى زورلۇق ئىشلىتىپ ھاشارغا ھەيدىدىلە...

— نېمە دەپ كاپشىيدۇ ماۋۇ خوتۇن، گەپلىرى بولسا يۇقىرىغا ئەرز قىلسىلا! — تۆمۈراخۇن شۇجى جامائەت ئالدىدا لەت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پېشىنى قاققىنىچە كېتىپ قالدى.

ئامانىنسا ئۇنىڭ كەينىدىن بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى.

— ئەرز قىلماسمىكىن دەپ قالمىسىلا، ئەرز قىلىمەن. بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلدۇرماي قويمايمەن!

# 13

باھارنىڭ مەيىن شامىلى ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزىنى يۇمشاققىنا سىيپاپ، نازلىق ئەركىلەيتتى. تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ چاشقان قۇلىقىدەك يوپۇرماق چىقارغانىدى. بۇغدايلار غېرىچقا كەلگۇدەك ئۆسكەنىدى. قۇملۇق باغرىدىكى توغراق، يۇلغۇن، جىغان نوتىلىرىغىمۇ سۇ يۇگۇرۇپ ئوبدانلا كۆكىرىپ قالغانىدى. قومۇش، يانتاق، كۆكتىكەنلەرمۇ بىخلىنىشقا باشلىغانىدى. باغلاردىكى ئۆرۈكلەر ھۇپپىدە چېچەكلىگەنىدى. پۈتكۈل قۇمقىسار دالاسى يېشىل لىباس كىيگەنىدى.

مەكتەپ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى كىۋادرات مېتىر كەلگۇدەك يەرگە ئابدۇنەبى مۇئەللىمنىڭ قەبرىسى قاتۇرۇلغانىدى. ئامانىسا ناھىيە بازىرىدىن ئېلىپ چىققان ئەتىرگۈل كۆچەتلىرىنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە قەبرىنىڭ ئەتراپىغا تۇججۇپىلەپ تىكىپ چىقتى. زاكىر بوۋاينىڭ شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان ئوغلى قۇملۇقنىڭ باغرىغا يۈز مىڭ يۇەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ، موتور ئارقىلىق سۇ تارتىدىغان بىر قۇدۇق قازدۇرۇپ بەرگەنىدى. بۇگۈن ئاشۇ قۇدۇق پۈتۈپ يەر ئاستى سۈيى فونتاندەك ئېتىلىپ چىققانىدى. ئامانىسا ئابدۇنەبىنىڭ باغنى قۇملۇققىچە كېڭەيتىپ ئەھيا قىلىش پىلانىنىڭ پات يېقىندا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ چىن يۈرىكىدىن كۈلدى. ئاشۇ چەكسىز قۇملۇقنىڭ ئورنىدا ياپيېشىل بوستانلىق ھازىرلا پەيدا بولىدىغاندەك ھاياجانلاندى. قۇدۇق سۈيى ئۇنىڭغا ئۈمىد، خۇشاللىق، ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ زاكىر بوۋاي بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ مەكتەپ بېغىنى قۇملۇق تەرەپكە كېڭەيتىپ، ئۈزۈمتال بىلەن ئانار كۆچىتى سېلىۋاتاتتى.

— خۇدايىم ئەجىرلىرىنى بېرەر، قىزىم. مۇراد ـ

مەقسەتلىرىگە يەتكۈزەر، ــ دېدى زاكىر بوۋاي ئانار كۆچىتىنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەۋاتقان ئامانىسىغا قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ــ مەن تېخى سىلىنى بۇ يىل قىشلىق تەتىلدىن كېيىن قۇمقىسارغا چىقماسمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

ــ مەن ئۆزۈمنى ئاللىقاچان قۇمقىسارغا ئاتىۋەتتىم، ــ دېدى ئامانىسا كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ كەلگۈسىدە ئۆلۈپ تارتىپ قالسام ئوقۇغۇچىلىرىم مېنىمۇ مۇشۇ باغقا دەپنە قىلسا ئىكەن، دەيمەن.

ــ خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلار، قىزىم، ــ دېدى بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا، ــ نەبى رەھمەتلىكنى مۇشۇ باغقا دەپنە قىلدۇرۇپ ياخشى قىلدىلا. باللار ئوقۇتقۇچىسىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىدۇ. مەرھۇمنىڭ قەبرىسى تاشلىنىپ قالمايدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئامانىسا ئويچانلىق بىلەن، ــ ئوقۇغۇچىلار ئۇستازىنىڭ قەبرىسىنى قۇمغا يەم قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈنمۇ بولسا بۇ باغنى ئاسرايدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى يازدا باغقا سۇ قۇيۇۋېتىپ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرى ئەسلىرىدە بارمۇ؟

ــ قايسى ھېكايىنى دەيلا، قىزىم؟ ــ دېدى بوۋاي ئېسىگە ئالالماي.

ــ ھېلىقى ئوسمان قارچىغىنىڭ قۇملۇقتىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى ھېكايىچۇ؟

ــ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۇ ھېكايە ئەمەس، قىزىم، راست بولغان ئىش، ــ دېدى بوۋاي ئامانىسانىڭ گېپىگە تۈزىتىش بېرىپ، ــ رەھمەتلىك ئوسمان قارچىغا يالغان سۆزلەيدىغان ئادەم ئەمەس. ئەجەب بۇ ئىشنى سوراپ قالدىلىغۇ؟

ــ ئابدۇنەبى مۇئەللىم سىلىدىن شۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئوت كىرىۋالدى. ئولتۇرسا ـ قوپسا قۇمقىسارلىقلارنى بىرقانچە قېتىم كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان قۇملۇقنى تىزگىنلەپ، بېھىشتەك گۈزەل باغۇبوستانلىق بىنا

قىلىشنى ئويلايدىغان، چارە ـ ئامال ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغاندى. سىلى ئوغلۇمغا دەپ قۇدۇق قازدۇرۇپ بېرىمەن دېگەندىمۇ بەك خۇش بولۇپ كەتكەندى. ئەپسۇس، قۇدۇقتىن سۇ چىققىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمەي قالدى، — ئامانىنىسانىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى، لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — رەھمەتلىكنىڭ بۇ يىلدىن باشلاپ قۇملۇق تەرەپكە ئىچكىرىلەپ ئورمان سېلىپ، پەرۋىش قىلىش پىلانى بار ئىدى. دەرس ئارىلىقلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا يېشىللىق بەرپا قىلىپ، ئانا تۇپراقنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ تۇراتتى. ئۇ كەلگۈسى يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل ئىچىدە قۇمقىسارلىقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان زېمىنلىرىغىچە قۇملۇقتىن قايتۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىمەن.

— ياخشى تىلەك ئالتۇنغا تەڭ، — دېدى بوۋاي رازىمەنلىك بىلەن، — ئاللا بىزگە بۇ بىر پارچە زېمىننى بەخشەندە قىلىپ بېرىۋەتكەن. شۇڭا، بۇ زېمىننى قوغداش، ئاسراش، باغۇبوستانلىققا ئايلاندۇرۇش بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزلىرىمىزنىڭ بىرسى، ئادەملىكىمىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى. ئۆز زېمىنىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن، بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئەجدادىنىڭ قەبرىسىنى تاشلىۋەتكەن ئىنسان خارلىقتا قالىدۇ. ئاللانىڭ ھىدايىتىگە نائىل بولالمايدۇ.

— خانىم، ھاي ئامانىنىسا خانىم!

كىمدۇر بىرسىنىڭ توۋلىغان قوپال ئاۋازى زاكىر بوۋاي بىلەن ئامانىنىسانىڭ قىزغىن پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. ئامانىنىسا ئاۋاز چىققان تەرەپكە چۆچۈپ قارىدى. تۆمۈراخۇن شۇجى بىرقانچە كەنت كادىرلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ گىدىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئامانىنىسانىڭ قارىغىنىنى كۆرۈپ يەنە توۋلىدى.

— مەيەرگە كەلسىلە، سىلىگە دەيدىغان گەپ چىقىپ قالدى.

ئامانىسا زاكىر بوۋاي بىلەن بىللە شۇجىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭغىچە نېمە ئىش بولغانلىقىغا قىزىققان ئوقۇغۇچىلارمۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ئامانىسانىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئاڭلاپ قويسىلا، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارى، — دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى ھېچقانداق تۇزۇتسىزلا گەپ باشلاپ، — بىز ياچېيكىدا مۇزاكىرىلىشىپ بۇ باغنى كەنتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلدۇق.

— ئۇنداق قىلىشسىلا بولماسمىكىن، — دېدى ئامانىسا ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ، — بۇ باغ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرقانچە يىللىق مېھنىتى بەدىلىگە ئەھيا قىلىنىپ مۇشۇنچىلىك ھالغا كەلدى. ئەمدى تازا مېۋە بېرەي دەۋاتقاندا تارتىۋالسىلا قاملاشماس.

— باغنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھيا قىلغىنى راست، — دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — ئەمما زېمىن ھۆكۈمەتنىڭ. بىرقانچە يىلدىن بېرى باغنىڭ ئورنىنى ئوبدانلا تېرىپ پايدىلىنىۋالدىڭلار. كەنت بىر تىيىنمۇ ئىجارە ھەققى ئالمىدى.

— ھۆكۈمەتنىڭ تاشلاندۇق يەرلەرنى بىنەم ئېچىپ پايدىلانغانلاردىن ئىجارە ھەققى، ھەر خىل سېلىقلارنى ئالماسلىق ھەققىدە بەلگىلىمىسى بار، — دېدى ئامانىسا قىزىشىپ سۆزلەپ.

— ھەببەللى، شۇڭا بىز بىرنەچچە يىلدىن بېرى تەخىر قىلدۇق. ئەمدى باغنى كەنت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالساق تامامەن بولىدۇ. سىلىمۇ بىر ئوقۇتقۇچى بولغاندىكىن مەندىن ئوبدانراق بىلىلا. دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىشقا، ھەقسىز پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىشنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدا قارار قىلىپ بولدۇق. بۇ يالغۇز مېنىڭلا پىكرىم ئەمەس، — دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى كۆرەڭلىك بىلەن، —

شەھەردىن چىقىپ باغنى ھۆددىگە ئالىمىز دەيدىغانلار بار. ناۋادا باھاسىغا چىقىشالىسىلا سىلى ھۆددىگە ئالسىلىمۇ مەيلى. شۇنىمۇ بىلىپ قالسىلا، بۇ يالغۇز مەكتەپنىڭ بىغىغا قارىتا چىقىرىلغان قارار ئەمەس. ئومۇمەن قۇمئېرىق ئۆستىڭىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى كونا مەھەللىنىڭ زېمىنلىرىنى خالىغانچە ئىگىلەپ قىلىۋالغان باغلارنىڭ ھەممىسى كەنت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ. باغنى يەنىلا ئۆزۈم باشقۇرسام دەيدىغانلار بولسا، ھۆددىگە ئېلىش توغرۇلۇق كەنت بىلەن توختام تۈزىدۇ.

— نەچچە يىلدىن بېرى قۇم بېسىپ قاقاسلىشىپ كەتسە كارىڭ بولمىدى. تېخى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ بېرىۋالدىڭ. مانا ئەمدى بىر ئۇبدان باغ قىلىپ مېۋىگە كىرگۈزۈپ قويساق، كۆزۈڭ قىزارغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى زاكىر بوۋاي غەزىپىنى باسالماي، — سەن ئەڭ ياخشىسى بۇنداق نائىنسابلىق قىلما. باغ دېگەننى پەرۋىش قىلىپ، ھارام شاخلىرىنى پۇتاپ، تۈۋىنى يۇمشىتىپ تۇرمىسا ئوت بېسىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنچە جاپا بىلەن مىڭ تەستە ئەھيا قىلغان باغنى ۋەيران قىلاي دەمسەن نېمە؟ ھېلىمۇ بۇ باغلاردىن ياز بويى پايدىلىنىۋاتىسەن. ئۇ باشلىق، بۇ باشلىق دەپ باشلاپ ئاچىقىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتىسەن. سېۋەت ـ سېۋەتلەپ مېۋىلەرنى شەھەرگە توشۇغىنىڭدا سېنى بىرەر قېتىممۇ توسقان يېرىمىز يوققۇ؟ ئۇنداق قىلما، بۇ باغنى تارتىۋالىمەن دېمىگىن.

— سىلى ئۆلەي دەپ قالغان ئادەم، سىڭگەن نانلىرىنى يەپ ئارامخۇدا جانلىرىنى باقسىلا. قېرىغان ئادەم دەپ يول قويسا ئاقساقاللىق قىلىپ... — دېدى تۆمۈراخۇن شوجى بوۋايىنى سىلكىشلەپ.

— باغنى تارتىۋېلىپ باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىشكە سىلىنىڭ ھېچقانداق ھەققىلىرى يوق، — دېدى ئامانىنىسا خاتىرجەملىك بىلەن، — باغنى كىم ئەھيا قىلغان بولسا، شۇ باشقۇرىدۇ. يەرنىڭ ھەققىنى تۆلەشكە توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى

www.uyghurkitap.com

بويىچە ھەق تاپشۇرىمىز. سىلىنىڭ خالىغانچە بېكىتكەن ھەق ئېلىش ئۆلچەملىرى ھېساب ئەمەس، — ئامانىنىسا شۇنداق دېدى - دە، ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بۇيرۇق قىلدى، — يۈرۈڭلار ساۋاقداشلار، ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى.

— قېنى كۆرىمىز، — دېدى تۆمۈراخۇن شۇجى چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە.

## 14

ئامانىنىسا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە، ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە، ھەتتا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگىچە ئەرز سۇندى. ياش ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئابدۇنەبىنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىدىن تارتىپ تۆمۈراخۇن شۇجىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باغنى تارتىۋېلىپ باشقىلارغا ھۆددىگە بەرگىنىگىچە بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر ئىنكاس قىلدى. ھاكىم ئامانىنىسانىڭ ھەممە گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى ۋە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلماي شەخسەن ئۆزى چىقىپ ھەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى.

ئۆرۈك غورىسى قوي مايىقىدەك بولغان چاغدا تۆمۈراخۇن شۇجى پۈتكۈل قۇمقىسار تەۋەسىدىكى قۇملۇققا ياندىشتۇرۇپ ئەھيا قىلىنغان باغلارنى ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىپلا شەھەردىن چىققان باققاللارغا ھۆددىگە بېرىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشلارنى يېزا، ناھىيە مەسئۇللىرى چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىدۇ دەپ ئۈمىدلەنگەن قۇمقىسارلىقلار بارا - بارا ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار شۇنچە جاپا تارتىپ ئەھيا قىلغان باغلىرىنى ئەمدى مېۋىسىنى يەيدىغان ۋاقتىدا تارتقۇزۇپ قويۇپ، قورساق كۆپۈكى بولۇپ كېتىشكەنىدى.

— بۇ نەپسىگە بالا تەگكۈر بىلەن تەڭ بولۇپ يۇرگۈچە كېلەر يىلى يەنە قايتىدىن باغ قىلايلى. قۇمقىساردا بىكار يەر تولا.

قۇملۇقنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ زېمىنى. خاپا بولۇشمايلى تۇغقانلار. تۆمۈراخۇن شۇجى بېغىمىزنى تارتىۋالغان بىلەن قۇمقىساردىن يۆتكەپ ئەكەتمىدىغۇ؟ تۇرمامدۇ ئەينا كۆز ئالدىمىزدا، — دەيتتى زاكىر بوۋاي باغنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا دەردمەن بولۇپ كەتكەنلەرگە تەسەللى بېرىپ، لېكىن بوۋاي شۇنداق دېگىنى بىلەن باغنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى سەھەردىلا قۇمقىسارغا كەينىدىن بوراندەك توپا توزۇتقىنىچە ئۈچ كىچىك ماشىنا كىرىپ كەلدى. كەنت كومىتېتى قوروسىدىمۇ توختىماستىن ئۇدۇل قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدىكى باغقا كېلىپ، ئابدۇنەبى مۇئەللىمنىڭ قەبرىسىنىڭ تۈۋىدە توختىدى. ماشىنىلاردىن ياش ھاكىم قاتارلىق ناھىيە ۋە يېزىنىڭ رەھبەرلىرى بىر - بىرلەپ چۈشۈشتى. ئۇنىڭغىچە ھاكىمنىڭ ماشىنىسىنى تونۇغان تۆمۈراخۇن شۇجى دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ قارىماي ھاكىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ھال - ئەھۋال سورىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ھاكىمنى كۆرۈش بىلەن ئىچىگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى.

— بولسىلا، دەرھال ئۇقتۇرۇش قىلسىلا، بارلىق كەنت ئاھالىسى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى مۇشۇ يەرگە يىغىلسۇن، يىغىن بار، — دېدى ھاكىم تۆمۈراخۇن شۇجىغا.

ئۇنىڭسىزمۇ ھاكىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولغان قۇمقىسارلىقلار باغقا قاراپ ئېقىشقا باشلىغانىدى. ئامانىسامۇ ئوقۇغۇچىلارنى رەتلىك تىزىپ باغقا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئامانىسا ھاكىمنى نېرىدىن كۆرۈپلا، نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدىغا گۈررىدە يىغا ئولاشتى. كىرپىكلىرى نەملىشىپ، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى تۈزۈك ئىلغا قىلالمىدى. ھاكىم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپلا سالاملاشتى. يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

ھاكىم ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا قاراپ سۆزىنى باشلىدى. ئامانىسا ھاياجاندىن چۈش كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ

قالغانىدى. ئۇ ھاكىمنىڭ قۇمقىسارلىقلار تاشلاندۇق قۇملۇقتا ئەھيا قىلغان باغنى كەنت كومىتېتىنىڭ مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ باشقىلارغا ھۆددىگە بەرگەنلىكى قانۇنسىزلىق ئىكەنلىكى، باغنىڭ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى، شەھەردىكى باققاللار بىلەن تۈزۈلگەن ھۆددە ـ توختامنامىلەر بىكار قىلىنغانلىقى، شۇنداقلا تۆمۈراخۇن شۇجىنىڭ قۇمقىسار كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىنىمۇ خۇددى چۈش كۆرگەندەك تۇيغۇدا ئاڭلىدى. ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگىگەندە ياڭرىغان ئالقىش ساداسى ئۇنى بۇ خىيالىي تۇيغۇ قوينىدىن تارتىپ چىقاردى. ھاكىم قۇمقىسارلىقلارنىڭ قۇملۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ قاقاس چۆللۈكنى باغۇبوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتەك كاتتا روھىنى ماختىدى ۋە قۇملۇقتا ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىشقا مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇمقىسارلىقلارنىڭ قۇملۇقنى كۆكەرتىش ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا مەدەت بەردى.

— مەن ھۆددە قىلىمەن. مەكتەپنى بۈگۈندىن ھېسابلىغاندا بىر ئاي ئىچىدە يېڭىلاپ سىلىپ پۈتكۈزۈپ بېرىمىز، — دېدى ھاكىم ئامانىنىساغا قاراپ، — يەنە باشقا قىيىنچىلىقلار بارمۇ؟

— يوق، — دېدى ئامانىنىسا ھاياجانلانغان ھالدا، — مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى كەم، ئەمما...

ئامانىنىسا بۇنداق ياقا يۇرتقا كىممۇ چىقىشنى خالىسۇن، دېمەكچىدى، لېكىن گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، ئوقۇتقۇچىنىمۇ ئېلىپ چىقتۇق، — دېدى ھاكىم كۈلۈمسىرەپ، — قۇمقىسار مائارىپىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئەزىمەت يىگىتتىن بىرسى بىز بىلەن بىللە چىقتى، — ھاكىم شۇنداق دېگەچ بىر چەتتە تارتىنىپ قاراپ تۇرغان يىگىتنى شەرەتلىدى، — ئەسقەرجان، قېنى سىلە. قېچىپ تۇرماي يېقىنراق كەلمەمسىلە.

ئامانىسا ھاكىم شەرەتلىگەن تەرەپكە قاراپ، يۈرىكى ھاياجاندىن تېپچەكلەپ كەتتى. شەھەرنىڭ تېپىك مودا يىگىتلىرىگە خاس كىيىنگەن ئەسقەر ھاكىمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئامانىسانى قاراپ مەغرۇرانە كۈلۈمسىرىدى.

ئەسقەرنىڭ قۇمقىسارغا ئوقۇتقۇچىلىققا چىققىشى ئامانىسانى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم خۇشال قىلدى. ھاكىم ئامانىساغا قاراپ چاقچاق قىلدى.

— مانا بۇ يىگىت قۇمقىسار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ چىقتى. ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلغايسىز، سىڭلىم. مەن ئارتۇقچە سۆزلىمىسەممۇ ئۆزۈڭلارمۇ ئوبدان تونۇشىسىلەرغۇ دەيمەن، — ھاكىم ئەسقەرنىڭ دولىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ قويدى ـ دە، ئۆزى بىلەن بىللە چىققان كىشىلەرنى قۇمقىسارلىقلار قۇملۇقتا ئەھيا قىلغان باغلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشلاپ ماڭدى. خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان قۇمقىسارلىقلارمۇ ھاكىمنىڭ كەينىدىن دەمبەدەم قەدەم ئەگەشتى.

ئابدۇنەبىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئامانىسا، ئەسقەر ۋە ئوقۇغۇچىلارلا قالغانىدى. ئامانىسا يىگىتنىڭ مايلاپ پارقىرىتىۋالغان چېچىغا، قىزلارنىڭكىدەك سىلىق، يۇمران مەڭزىگە قاراپ ئىشەنچسىزلىك بىلەن پىچىرلىدى.

— قۇمقىسارغا ئوقۇتقۇچىلىققا چىققىنىڭ راستمۇ؟

— مانا ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەنغۇ، — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن.

— بۇ يەر شەھەرگە ئوخشىمايدۇ. شارائىتى سېنىڭ تەسەۋۋۇرىڭدىكىدىنمۇ ناچار. كۆنەلمەي پۇشايمان يەپ قالارسەنمىكىن.

— نېمە؟ مېنى يەنە قوغلىماقچىمۇ؟ — دېدى يىگىت سەل قىزارغان ھالدا، — سەن كۆنەلىگەن يەرگە مەنمۇ كۆنەلەيمەن، مەن قۇمقىسارغا بۇ يەرنىڭ تۇغراقلىرىدەك، يۇلغۇنلىرىدەك

www.uyghurkitap.com

يىلتىز تارتىپ كېتىمەن. ماڭا ئىشەن.

ئامانىنسانىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولدى. كۆزىگە ياش تولۇپ، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەر خىرەلەشتى، قالدى. بوغۇزىغا يىغا قاپلاشتى. ئۆزىنى تۇتالماي ئۇقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئەسقەرنىڭ بويىنىغا ئېسىلغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى؛

# ياشارغان يۇرەك

## مۇقەددىمە

ــ چوڭ ئانا، قارىغىنا، شەھەرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق.

ــ ھە راست، كېلىپ قاپتۇق. مۇھەممەد بالام، ۋايىيەي، بۇ شەھەر ئەجەب ئۆزگىرىپ كېتىپتۇيا ! بۇرۇنقى قىياپىتىدىن ھېچنېمە قالماپتۇ. ۋاي خۇدايىمەي، شەھەرلىكلەرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ يەر تېپىلمىغاندەك ئۆينىڭ تۆپىسىگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇپتۇيا.

ــ قەۋەت ئۆي دېگىنى ئاشۇ شۇ، چوڭ ئانا. مۇشۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى شەھەر ئىچىدە پۈتۈنلەي مۇشۇنداق ئۆيلەر سېلىنىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر ئۆيلىرىنى قەۋەت قىلىپ سالمىسا، ھۆكۈمەت ئۇنىماس ئىمىش.

ــ ھە، مۇنداق دېگىنە، مۇھەممەد بالام، ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. شۇنچە ئېگىز ئۆينىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ئادەم كىرىۋالسا ئۆرۈلۈپ كەتمەمدىغاندۇ؟ ــ سارىخان چوڭ ئانا بارماقلىرىنى پۈكۈپ نېمىنىدۇر ھېسابلىغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ شەھەرگە كىرمىگىلى ساپمۇساق ئون يىل بوپتۇ. ئۆتكەن قېتىم سېنى يوقلاپ كىرگەندە، خاپىچىلىقتا كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، شەھەرنىڭ ھېچ يېرىگە سەپسالماپتىكەنمەن. ئۆزگىرىش كارامەت چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم ئۆلۈپ قالمىسىلا نى ـ نى يېڭىلىقلارنى كۆرىدىكەن، ــ

www.uyghurkitap.com

ئانا نۇرسىز كۆزلىرىنى يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى كۆككە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك بىنالارغا، يولغا سايە تاشلاپ تۇرغان مەجنۇنتاللارغا، گۇللەرگە ھەۋەس بىلەن تىككىنىچە سۆزلەيتتى، — ئىلگىرى شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىن يۇندى ئاقاتتى. ھەممە يەردە دۆۋە - دۆۋە ئەخلەت - چاۋارلارنى كۆرگىلى بولاتتى. چىۋىن - پاشىلار مىغ - مىغ ئىدى. سىپسىقچىلىقتىن تىن تارتقىلى بولمايتتى. كوچىلاردا تىزىمىزغىچە توپا كېچىپ ماڭاتتۇق. مانا ھازىر ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپتۇ.

— ئۇ چاغدا مەن كىچىك ئىدىم، چوڭ ئانا.

— شۇنداق، سەن كىچىك ئىدىڭ، بالام. ئاغسىز ئىشتان كىيىپ ئويناپ يۈرىدىغان ۋاقتىلىرىڭ ئىدى، — سارىخان چوڭ ئانا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالسا، بولەكچىلا روھلىنىپ ھارماي سۆزلەپ كېتەتتى، — قىلىدىغان بولسام گەپ تولا، مۇھەممەد بالام، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرى بەك تولا. ئاددىيسى يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىشقا ئوخشاش ساۋابلىق ئىشلارنىمۇ ھارماي قىلىدۇ. بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىرى بىلەن ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىرى پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىرىغا بىز ئىشلەپ بېرەتتۇق. ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىرى بىزگە ئىشلەپ بېرىۋاتىدۇ. خۇدايىم شۇ توختى ھاكىم بالامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن. ئۇنىڭغا مەندەك قېرى سارەم ئانىسىنىڭ جېنى قۇربان بولسۇن.

— راست دەيسەن، چوڭ ئانا، توختى ھاكىم ئېسىل ئادەم.

— ئەۋلىيادەك ئادەم، — دېدى ئانا مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، — تۇۋا، زامان ياخشى بولسا، ئەمەلدارمۇ ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ، — ئانا نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ مۇھەممەدكە قارىدى، — ماڭا قارا، مۇھەممەد بالام، مېڭىۋەردۇق. ئاشۇ توختى ھاكىم بالامنىڭ ئۆيىنى بىرەرسىدىن سوراپ بېقىپىراق ماڭساق بولاتتى.

— شۇنداق قىلساق، چوڭ ئانا، مەن ھازىرلا سوراي.

— ياق، توختا، بالام، — ئانا مۇھەممەدنى توختىتىۋالدى، — ھاكىم بالامنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈم سوراي، — ئانا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋېلىسىپىتلىك كىشىنى توختاتتى، — ئەسسالام، بالام. ئۆزلىرىدىن سورايدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

ۋېلىسىپىتلىك كىشى دەرھال توختاپ، بۇ ناتونۇش مومايغا سالام بەردى ۋە ئەدەپ بىلەن دېدى:

— قېنى سوراۋەرسىلە، ئاپا.

— توختى ھاكىمنىڭ ئۆيى نەدىرەكتۇ؟

— مۇشۇ يولنىڭ تۇگەنچىسىگە بارغاندا ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلسىلا، ئۇدۇل توختى ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بارىلا.

— رەھمەت، بالام. خۇدايىم بىر جانلىرىغا مىڭ جان بەرسۇن. قېنى مۇھەممەد بالام، يولنى داۋاملاشتۇرايلى.

مۇھەممەد ئېشەك ھارۋىسىنى ئاستا ھەيدەپ ماڭدى. سارىخان ئانا بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ـ دە، يەنە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى.

— قارىغىنا، مۇھەممەد بالام، ھېلىقى كادىر بالامنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ سىلىقلىقىنى، ئاھ، نېمىدېگەن ياخشى زامانلار بولۇۋاتىدۇ ـ ھە ! سەن بىلمەيسەن، مۇھەممەد بالام، خۇدا بىر زامانىدىكى كادىر ـ ئەمەلدارلارنى ھەرگىز كۆرسەتمىسۇن. ھەممىسى قاپىقى يامان، مۇز تەلەت، ئادەم سىياقى يوق نېمىلەر ئىدى. ئۇلارنى توختىتىپ گەپ سوراش تۇگۇل يېنىدا كېتىۋېتىپ قاتتىقراق يۆتەلگىلىمۇ بولمايتتى. زامان ياخشى بولسا، ئادەملەرنىڭ خۇي ـ پەيلىمۇ ئۆزگىرىدىكەن. ئەنە كۆرۈۋاتىسەنغۇ، بايىقى كادىر بالامنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداق سىلىق، شۇنداق مۇلايىم، شۇ كادىر بالامنىڭ چارۋا ماللىرى ئىككىدىن تۇغۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى خامانلىرىغا پاتماي قالسۇن، ئىلاھىم.

— چوڭ ئانا، شەھەردىكى كادىرلار ئاشلىق تېرىمايدۇ، چارۋا مال باقمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۇھەممەد.

— ۋاي ئىسىم قۇرۇسۇن، — ئانا ئاغزىغا يەڭگىلگىنە شاپىلاقلاپ قويدى، — ئىشقىلىپ، ئاشۇ كادىر بالامنىڭ مال چارۋىلىرى، ئاشلىق زىرائەتلىرى بولمىسا، بالىچاقىلىرى، ئانا — ئانىسى باردۇ. ياراتقان ئىگەم شۇلارنىڭ تىنىنى سالامەت قىلىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكۈزەر، ئىلاھىم.

ئۇلار ئۇچرىغانلاردىن سوراپ يۈرۈپ، توختى ھاكىمنىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تاپتى.

— كەلدۇق، چوڭ ئانا، توختى ھاكىمنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئىكەن.

ئانا ئوغلى كۆرسەتكەن دەرۋازىغا قاراپ سەل تەئەججۇپلەندى. ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن كۆزىنى ئوغلىغا تىكتى:

— بۇ قانداقسىغا ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ئوخشىسۇن، مۇھەممەد بالام، بىز چوقۇم باشقا بىرسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغان ئوخشايمىز.

— كىشىلەر مۇشۇ ئۆيىنى توختى ھاكىمنىڭ ئۆيى دەپ كۆرسىتىپ قويغان تۇرسا.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، — سارىخان چوڭ ئانا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ، ئىشەنچسىزلىك بىلەن مۇھەممەدكە بۇيرۇق قىلدى، — شۇنداق بولسا، ئۆيىگە كىرىپ كۆرۈپ باقايلى، — ئانا ھارۋىدىن چۈشكەچ غودۇراشقا باشلىدى، — ۋاي! بۇ ئۆينىڭ نەرى ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ئوخشىسۇن. بىزنىڭ باغتوغراق كەنتىنىڭ باشلىقى مەخمۇتنىڭ ئۆيىمۇ بۇنىڭدىن ئېسىل، تۇۋا، توختى ھاكىم بالام مۇشۇنداق كىچىككىنە ئۆيدە ئولتۇرامدىغاندۇ؟ بىچارە كەڭ - كۇشادىرەك ئۆي سېلىپ ئولتۇرماي.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

ئۆيدىن قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ئىگىزگىنە، ئاق پوسىملاق، خام سىمىز كەلگەن ئايال چىقىپ سارىخان چوڭ ئانىغا سالام بەردى. ئانا ئايالنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىراپ سورىدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خانىم قىزىم. بىز توختى ھاكىم بالامنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق. بۇ ئۆي... ئۆزلىرى ...

— مەن توختى ھاكىمنىڭ ئايالى بولىمەن.

— ۋاي ئانامەي، بۇ كېلىنچەك قىزىم ئىكەنغۇ، — سارىخان چوڭ ئانا يۇگۇرۇپ دېگۇدەك كېلىپ ئايالنى قۇچاقلىدى. مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى، پېشانىسىدىن سۆيدى ۋە مۇھەممەدكە بۇيرۇق قىلدى.

— بول، مۇھەممەد بالام، ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى چۇشۇرۇپ ھويلىغا ئەكىر. دەرۋازاڭلارنى يوغانراق ياساتساڭلار بولمامدۇ. جېنىم قىزىم. قارىغا، ئېشەك ھارۋىسىمۇ پاتمايدىكەن. بىزنىڭ كەنت باشلىقى مەخمۇتنىڭ دەرۋازىسىدىن ھەر يوغان تىراكتورلارمۇ ئۇرۇلماي سىغىپ كېتىدۇ. توختى ھاكىم بالام نەگە كەتتى، قىزىم؟ ئۆزى سالامەتمۇ؟

ھاكىمنىڭ ئايالى بىردە ئالدىدىكى مۇنۇ شېرىن سۆزلۈك، پەرىشتە سۇپەت مومايغا، بىردە ھارۋىدىكى قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قاپاق، مېۋە - چىۋىلەرگە قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. موماي بولسا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ھويلىنىڭ، ئۆينىڭ كىچىكلىكىدىن، دەرۋازىسىدىن ئېشەك ھارۋىسىنىڭمۇ پاتمىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى.

— دەرۋازىسىدىن ئېشەك ھارۋىسى پاتمايدىغان، توخۇ كاتىكىدەك ھويلىسى بار ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئوماق كېلىنچىكىم، ئېيتىڭا، توختى ھاكىم بالام زادى نەگە كەتتى؟ ھەزرىتى ئەلىدەك قەددى - قامىتى، رۇستەمدەك بەستى سالامەتمۇ؟

— سالامەت، ئاغرىپ قالماي ياخشى تۇردى، چوڭ ئانا. ۋىلايەتكە مەجلىسكە كەتكەن. بۈگۈن كەلمەكچىدى. ھېلىغىچە كېلىپ قالار. قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە.

— ۋاي تىلىدىن قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىققۇر، ئوماق قىزىم، توختى ھاكىم بالامنىڭ پەرىشتىسى. خۇدا تېنىڭلارنى سالامەت

قىلىسۇن. ئۆزۈڭلارنى تېخىمۇ ئەزىز، مەرتىۋەڭلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلىسۇن!

www.uyghurkitap.com

## باغتوغراق

ناھىيە بازىرىدىن قىرىق نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ كەنتنى كىشىلەر باغتوغراق دېيىشىدۇ. كىچىك ـ كىچىك قۇم دۆڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇتىشىشىدىن شەكىللەنگەن ئويمانچاقلار، قوپۇق، قاراڭغۇلىشىپ ئۆسكەن، ئالدىغا نەچچە يۈز يىل، كەينىگە بىرنەچچە يىل بولغان توغراق، يۇلغۇن ئورمانلىرى بۇ كەنتنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى. سارىخان چوڭ ئانا سەكسەن نەچچە يىللىق ھاياتىنى مانا مۇشۇ كەنتتە، ئاشۇ شورىغا، قۇمغا، قۇرغاقچىلىققا، بورانغا چىداشلىق توغراقلار ئارىسىدا ئۆتكۈزدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ خۇددى ئاشۇ توغراقلارغا ئوخشاش چىداملىق، قەيسەر ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى توي قىلمىدى (بۇ تاكى ھازىرغىچە بىر سىر ئىدى). لېكىن، پۈتكۈل باغتوغراقلىق ئۇنى ھۆرمەت بىلەن سارىخان چوڭ ئانا دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيە، كوممۇنا، «ئۇچ ئۆز، بىر كۆتۈرە» مەزگىللىرىدە باغتوغراقلىقلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن بېقىپ بەردى. پۈتكۈل باغتوغراقلىقتىكى ئەللىك ـ ئاتمىش ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ ئارىسىدا كىچىك ۋاقتىدا سارىخان چوڭ ئانا تېگىنى قۇرۇقداپ، بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ، زاكىسىنى قۇرۇقدىمىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىر پۈتكۈل باغتوغراقتا ئۇنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى بار ئىدى.

مەسئۇلىيەت تۇزۇمىگە تايىنىپ باغتوغراقلىقلار تېزلا بېيىدى. دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا تايانمايدىغان، قۇربان ھېيتتا بىرەر قوي ئۆلتۈرۈپ يېيەلەيدىغان بولۇشتى. باغتوغراقلىقلارنىڭ ھويلىسىدىمۇ كالىلار مۆرەيدىغان، قويلار مەرەيدىغان بولدى. سارىخان چوڭ ئانا تولىمۇ خۇشال، تېتىك

ئىدى. كىشىلەر ئۇنى چوڭ ئانا دەپ چاقىرسا:
— كىم ئىكەن ئۇ چوڭ ئاناڭلار؟ مېنى ئەمدى ئۇنداق چاقىرماي سارىگۈل دەپ چاقىرىڭلار، ماڭقىمىلىرىم، ۋاي جېنىم شۇمتەكلىرىم، مەن ئىلگىرى قېرىپ بولغان، چوڭ ئانا، موما بولۇپ بولغان، زامان ئوڭشالغاندىن بېرى ياشىرىۋاتىمەن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى ياشىرىۋاتىمەن. بىلىپ قويۇڭلار، كۆز نۇرلىرىم، مەن سارىخان چوڭ ئانا ئەمەس، سارىگۈل بولىمەن. ها ـ ها ـ ها... — دەپ كۈلەتتى. چاقچاق قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ هازىر سەكسەن ياشتىن ئاشقان مومايلارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. كالا ساغاتتى، ئوتاق ئوتايتتى. ئاش ئېتەتتى، ھەتتا توي، مەشرەپلەردە ئۇسسۇل ئويناتتى. ھۆرۈنلارنى، قاششاقلارنى ئەيىبلەيتتى. ياخشى زاماننى، باغتوغراق كەنتىنى مەدھىيىلەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ باغتوغراقلىقلارنىڭ ئانىسى ئىدى.

## سايىم كېپەكنى تاپاي

— مۇھەممەد، ھاي مەمتىم، قېنى سەن ئوغلۇم؟
— مانا مەن، چوڭ ئانا، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ ئىككى كۈننىڭزى ئېتىز ـ ئاياغنىڭ ئىشىنى دەپ سېنى يوقلاپمۇ بارالمىدىم. قېنى ئۆيگە كىر، ئانا.
سارىخان چوڭ ئانا ئۆيگە كىردى. مۇھەممەدنىڭ باشلىرىغا مېھرى بىلەن قارىدى. قويۇق قاشلىرىغا، خەت تارتقان بۇرۇتلىرىغا، كەڭ يەلكىسىگە سەپسالدى.
— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ئوغلۇم؟
— هويلىنىڭ ئارقىسىدىكى تېرەكلەردىن ئىككى ـ ئۈچ تالنى كېسىپ، ئەكىرىپ ساتايمىكىن دەيمەن، چوڭ ئانا.
— ياغاچلارنى ساتىمەن دېگىن.

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، چوڭ ئانا. بۇغدايغا سۇ قويۇش بىلەنلا ئازراق خىمىيەۋى ئوغۇت چاچمىسام بولمايدۇ. كېۋەزنىمۇ تېرىشتىن ئاۋۋال چىگىت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سالىدىغانغا ئوغۇت كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېتىزغا ياپىدىغان يالىتىراقنىڭ، ئۇرۇقلۇق چىگىتنىڭ پۇلىنى تاپشۇرمىسام بولمايدۇ.

— قويىدىن ئىككى - ئۈچنى ساتىمەن دەۋاتىمەتتىڭ، مەسلىھەتىڭ ئەجەب...

— ھۆرىخان «ھازىر مال بازىرى بەك ئۆلۈك، قويلارنى ساتسىڭىز ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساغلىقلارنىڭ قوزىلايدىغان ۋاقتى ئاز قالدى. ھويلىنىڭ كەينىدىكى تېرەكلەرنى ئۆرۈپ سېتىڭ، ئەتىياز ۋاقتىدا ھەممە ئادەم ئۆي سالغاچقا ھەممىسى ياغاچقا موھتاج بولىدۇ، زىيان تارتمايسىز» دېگەنىدى.

— ۋاي ئەقلى بەرىكەت تاپسۇن ھۆرى قىزىمنىڭ. ئاغزىغا قەنت، ناۋات. ياخشى ئويلاپتۇ، — ئانا سۆزلىگەچ ھويلىغا كىردى. قولىدىكى ياغلىقنى سۇپىغا قويۇپ يەشتى. چىنىدىكى ئاشنى مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا قويدى، — ئازراق يەۋالغىن، بالام. ئازراق سوۋۇپ قاپتۇ. سېنى يېسۇن دەپ ئەكەلدىم. ئىككى كۈنىنىڭىزى قورۇق نان غاجاپ ئىچىڭ قۇرۇپ كەتكەندۇ ھەرقاچان...

— تۈنۈگۈن ھۆرىخان كېلىپ...

— قولى دەرد كۆرمىسۇن شۇ ئاپپاق قىزىمنىڭ. ئاش ئېتىپ بېرىپ كەتتى دېگىن. ھەي، شۇ قولىمىز ئۇزۇك بولمىغان بولسا، تويۇڭلارنى قىلىپ قوياتتۇق، بالام.

— ھۆرىخان... ئۇ... — مۇھەممەد قىزاردى. سارىخان چوڭ ئانىغا تىك قارىيالمىدى. بوغۇزىغا كەپلەشكەن ئاش بىلەن قوشۇپ غورتىدە يۇتۇۋەتتى.

— ھە، گەپ قىل، يىگىت بالام. قىزىرىش، تارتىنىش دېگەن يىگىتكە ياراشمايدۇ. سارىخان ئاناڭ سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن

قۇربان بولسۇن. گەپ قىلساڭچۇ، مەمىتىم. هۆرى قىزىم نېمە دەيدۇ؟

— دادىسى ئۇنى باشقا بىرسىگە بەرمەكچى بوپتۇ. تۇنۇگۇن ئاخشام ھەممە مەسلىھەتنى پۈتكۈزۈپ بوپتۇدەك.

— ھۆرى قىزىمغا ئۇقتۇرمايلا تويغا تەييارلىق قىلىپ بوپتۇ ـ دە؛

— هۆرىخان تېزرەك ئامال تاپساق بولاتتى، دەيدۇ.

— ھە نېمە دېدىڭ؟

— قەرز ئېلىپ...

— قەرز ئېلىپ توي قىلساڭ نە ۋاقىتچە قەرز قايتۇرىسەن، كۆز نۇرۇم؟

— هۆرىخانمۇ شۇنداق دەيدۇ.

— مېنىڭ ئۇ ئالتۇندەك ھۆرى قىزىم ئەلۋەتتە شۇنداق دەيدۇ، — ئانا ئەمدى غەزەپ بىلەن قاپىقىنى تۈردى، — خەپ ئاشۇ كەنت باشلىقى مەخمۇتنىڭ مال ـ دۇنيالىرى قۇرۇپ كەتسۇن. ئالتۇندەك بىر يىگىتنى كەمبەغەل كۆرۈپ قىزىنى بەرمىگەندىكىن، ئاشۇ مال ـ دۇنيالىرى قۇرۇپ كەتسۇن.

شارىخان چوڭ ئانا مۇھەممەدنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە، سولغۇن چىرايىغا، ئەندىشە چىقىپ تۇرغان لەۋلىرىگە كۆيۈنۈش بىلەن قارىدى.

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز، مۇھەممەد بالام؟ بىرىپ ئاشۇ نەپسانىيەتچى مەخمۇتنى، ھۆرى قىزىمنى ئۆزى خالاپ تاللىغان ئادىمىگە بەرمەي پۇلغا ساتامتىڭ جۇھۇت دەپ راسا تىللايمۇ؟ ۋاي شۇ مەخمۇتنىڭ ئىنسابىنى شەيتان ئوغرىلاپ كەتكەن بولغىيمىدى؟

— ھۆرىخان بىر ئامال قىلىپ توي خېتى ئېلىنۋالساق، ئىشىمىز ئاسانغا چۈشەتتى. دادامنىمۇ ئاسانلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەتتۇق، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

— نېمە؟ مۇشۇ گەپ مېنىڭ ئاشۇ ھۆرى قىزىمنىڭ ئاغزىدىن چىقتىما؟ — سارىخان چوڭ ئانىنىڭ يۈزلىرىدە خۇشاللىق ياللىدە يېنىپ كەتتى، — تىللىرىڭدىن قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقسۇن، ھۆرى قىزىم. سارىخان چوڭ ئاناڭ سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن قۇربان بولسۇن. بۇ ياخشى گەپ ئىكەن. سەن خاتىرجەم بولۇپ تېرىكىڭنى ئۆرۈۋەر، مەمتىم. مەن بېرىپ يېزا باشلىقى سايىم كېپەكنى تېپىپ بىر ئامالىنى قىلدۇراي. ھۆكۈمەت قىزىل قەغەز كېسىپ بەرسىلا، مەخمۇتباينىڭ ئون بېشى بولسىمۇ بىكار. قىزىل قەغەز كېسىپ بەردى دېگەنلىك، ھۆكۈمەت نىكاھ ئوقۇپ قويدى، دېگەنلىك. ھۆكۈمەت ئوقۇپ قويغان نىكاھنى ھېچكىم بۇزالمايدۇ. ۋاي شۇ دەردمەنىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، بىچارىلەرگە يار - يۆلەك بولىدىغان ياخشى ھۆكۈمەتكە مېنىڭ بۇ قېرى جېنىم قۇربان بولسۇن. بول، بالام، سەن ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن. مەن دەرھال يېزا باشلىقى سايىم كېپەكنى تاپاي. ئۇ بەك ئوبدان ئادەم، ئۆتىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، يېزىنىڭ ئادىل باشلىقى.

مۇھەممەد سارىخان چوڭ ئانىنىڭ سۆزلىرىدىن جانلاندى. كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى جىلۋىلەندى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، سارىخان چوڭ ئانىغا كۆيۈنگەن ھالدا قارىدى.

— توختىغىن، ئانا، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ بولغۇچە ھېرىپ قالىسەن، ھارۋىدا ئاپىراي.

— بولدى قوي ! — سارىخان چوڭ ئانا قەتئىيلىك بىلەن قول سىلكىدى، — سەن تېرىكىڭنى ئۆرۈۋەر. كېۋەزنىڭ ئىشى ئاقساپ قالسا بولمايدۇ. خاتىرجەم بول. سارىخان چوڭ ئاناڭ مۇشۇ مېڭىشىدا ھەرەمگىمۇ بېرىپ كېلەلەيدۇ تېخى. ئەنسىرىمە، كۆز نۇرۇم. مېنىڭ ئوبدان مۇھەممەد بالام. سارىخان چوڭ ئاناڭنىڭ بۇ قېرى جېنى سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن قۇربان بولسۇن ! مەن دەرھال سايىم كېپەكنى تاپاي.

# هۆرىقىز

باغتوغراقتا بىردىنبىر يۇقىرى مەلۇماتلىق ئادەم هۆرىقىز ئىدى. ئۇ ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مۇشۇ باغتوغراق كەنتىنىڭ ئىككى سىنىپلىق مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتى. كەنت باشلىقى مەخمۇت قىزىنىڭ يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇپ، هۆكۈمەتتىن ئايلىق ئالىدىغان ئىشتاتلىق ئادەم بولغانلىقىدىن ئالاھىدە پەخىرلەنسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردىن رازى ئەمەس ئىدى. ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى دەتالاش تۇنجى قېتىم هۆرىقىز دارىلمۇئەللىمىننى تاماملاپ، ئۆز يېزىسىغا خىزمەتكە تەقسىملەنگەن كۈنى باشلانغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ ئوقۇشۇم پۈتتى دېگىن، قىزىم، — دېدى مەخمۇت كېۋىر قىزى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۆيىگە كەلگەن كۈنى هاردۇق سوراشنىڭ ئورنىدا شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ تۇرۇپ، — خىزمەت تەقسىماتىڭ...

— خىزمەت تەقسىماتىمنى ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ، كەنتىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە يازدۇردۇم، دادا.

— نېمە؟ — دادىسىنىڭ شاپ بۇرۇتلىرى دىڭگايدى. قارچىغا كۆزلىرى چەكچەيدى، — نېمە دېدىڭ؟ باشلانغۇچ مەكتەپكە دېدىڭما؟

— شۇنداق، دادا، — هۆرىقىز خاتىرجەم جاۋاب بەردى، — ئوقۇتقۇچىلىق مېنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئارزۇيۇم ئىدى. شۇڭا...

— بۇ بولماپتۇ، — مەخمۇت كېۋىر غەزەپ بىلەن قولىنى سىلكىدى. دېھقانلارغا خاس مىس رەڭ چىرايى قارىدى، — ھەي ئىست، ئىست، ئۈچ يىل ئوقۇپ ئاخىر توختىغان يېرىڭ ئەتىدىن كەچكىچە تىنماي ۋاتىلدايدىغان ئەپەندىچىلىك بولدىمۇ ئەمدى؟

ئۇ قىزىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزسە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقىنى

خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەپەندىنىمۇ دۆلەت كادىرى دېگىلى بولامدۇ؟ بىلىدىغىنى ئەتىدىن كەچكىچە كاپشىپ بالا ئوقۇتۇش، تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق ئالغان تۆت تەڭگە ئايلىقىدىن باشقا ھېچقانداق پايدا تاپاۋەت قىلالمايدۇ. ئۆمۈربويى كىشىلەرگە ھاجەتمەن بولۇپ ئۆتسە ئۆتىدۇكى، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتا بولغان تونۇشى مانا مۇشۇنچىلىك ئىدى. شۇڭلاشقا، ھۆرنىقىزنىڭ ئوقۇتقۇچى بولدۇم دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ بەكمۇ بىئارام بولدى. بىرەر ـ ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى ئوغرىغا بېرىپ قويغان ئادەمدەك ھەسرەتلەنىدى. ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك بۇرۇقتۇرما بولدى. قانداقلا بولمىسۇن ھۆرنىقىزنى پايدىسى تەگمەيدىغان بۇنداق كەسىپتىن ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك، دېدى ئۇ ئىچىدە.

دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى سۆھبەت مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغان ھۆرنىقىز تولىمۇ خاپا قايتىپ كەلدى.

— يېزا باشلىقىغا نېمە دېدىڭىز، دادا؟ — دېدى ھۆرنىقىز ئۆيگە كىرىپلا غەزىپىنى زورغا بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، شەھلا كۆزلىرىدىن نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— ھە نېمە دەپتىمەن؟ — مەخمۇت كېۋىر ئوڭايسىز بىر ئەھۋالدا قىزىغا قارىماي قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى.

— ئۆزىڭىزگە ئايان، — ھۆرنىقىزنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، — سىز مېنىڭ خىزمەت ئىشىمغا ئارىلىشىۋالمىسىڭىز بولاتتى، دادا.

— نېمە، نېمە؟ — مەخمۇت كېۋىر قىزىغا ھۆركىرىدى، — سەن ئۆزۈڭچىلا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەم ئوخشىمامسەن؟ بىلىپ قوي، مەن دېگەن سېنىڭ داداڭ. نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. سەن تۆت تەڭگىلىك ئايلىقچى

بولدۇم دەپ تولا ساقلىمنى تارىما !
— بىلىپ قويۇڭ، دادا. مەن ئوقۇتقۇچى بولىمەن دەپ دارىلمۇئەللىمىندە ئۈچ يىل ئوقۇدۇم. مېنىڭ كەسپىم ئوقۇتقۇچىلىق، سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەتلىشىڭىزگە، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى پەسلەشتۈرۈشىڭىزگە ھەرگىز يول قويمايمەن. سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن كەنتىمىزدە تاكى ھازىرغىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى ئىسسىمىدى. كۆزىڭىز كۆرۈۋاتقاندۇ، ئۇلار بالا ئوقۇتۇۋاتقان ئاشۇ ئىككى ئېغىز دەرسخانىدىن سىزنىڭ ئاۋۇ ئېغىلىڭىز ياخشىراق. قاراپ تۇرۇپ كونىراپ كەتكەن دەرسخانىلارنى ياسىتىپ بەرمىدىڭىز. ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىش، يار - يۆلەك بولۇش، ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش تۇگۇل ئەكسىچە ھە دېسىلا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئۇلارنى ھاقارەتلىدىڭىز. ھۆرمەتلىمىدىڭىز. زورلاپ قىيىنچىلىق پەيدا قىلدىڭىز. جاھاندا ئوقۇتقۇچىلىقتىنمۇ شەرەپلىك، ئۇلۇغ كەسىپ يوق. ئوقۇتقۇچى جەمئىيەتنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇستازى. نادانلىقنىڭ، قالاقلىقنىڭ كۈشەندىسى...
— بەس، تولا ۋالاقلىما ! — مەخمۇت كېۋەر غەزەپتىن جالاقلاپ تىترىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىگە بۇنچىلىك گەپ ياندۇرۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئوشۇق گەپ تالىشىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرمەي، گەپنى كېسىپلا ئېيتتى، — نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. سەن تولا گەپدانلىق قىلماي ئىشىڭنى قىل. مائارىپقا مەسئۇل يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ قويدۇم. سېنى مۇۋاپىق باشقا خىزمەتكە يۆتكەپ قويىدىغان بولدى.
— مەنمۇ يېزا باشلىقى سايىم كېپەك ئاكام بىلەن ھازىرلا كۆرۈشۈپ كەلدىم، — دېدى ھۆرنىسا مەغرۇرلۇق بىلەن، — مەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايمەن. رەسمىيەتلىرىمنى مەكتەپكە يۆتكەپ بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

ئەتىدىن باشلاپ رەسمىي دەرس ئۆتىمەن.

— سەن !

— دادا، سىز...

— يوقال ! كۆزۈمدىن يوقال، ئىتنىڭ كۈچۈكى ! — مەخمۇت كېۋىر غەزەپتىن يېرىلاي دەيتتى. ھۆرنىقىزنى يەۋەتكۈدەك سىيەت چەكچىيەتتى، — خوتۇن خەقمۇ سەندەك گەدەنكەش بولامدۇ؟ ئاشۇ جىنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچىلىقىڭنىڭ گۆرىگە ئوت كەتسۇن، ئىلاھىم. ھۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ئىتنىڭ كۈچۈكى. قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلىق !

ھۆرنىقىز بۈگۈن مەكتەپكە كۈندىكىدىن سەھەررەك كەلدى. ئۇ ئىككى سائەت دەرسنى تولىمۇ ئالدىراپ ئۆتتى - دە، باشقا بىر ئوقۇتقۇچىغا ئۆزىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، ۋېلىسىپىتكە مىنگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بولدى، ئازابلاندى. دادىسىنىڭ قوپاللىقى، رەھىمسىزلىكىدىن رەنجىدى. ئانىسىغا شۇنچە چۇشەندۇرسىمۇ، قىلچىلىك ھېسداشلىق قىلماي دادىسى تەرەپتە تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئاغرىندى. كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز بۇلدۇقلاپ ياش ئاقتى. دادىسىنىڭ ئاخشامقى ھۆركىرەشلىرى قۇلىقى تۇۋىدە قايتا ئاڭلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىنىشىپ كەتتى.

— مەن بۇ توينى قەتئىي قىلمايمەن، دادا ! — دېدى ھۆرنىقىز ئاۋازىنى سىلىقراق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — سىز ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ، شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن بۇرۇنمۇ دېگەن. ھازىرمۇ دەيمەن. مېنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئادىمىم بار.

— ھە، بىلىمەن دۇم چۇشكەن ئۇ دىۋانەڭنى. خۇدايىم ئادەمگە چىراي بېرىپ، ئەقىل بەرمىسە بىكار، — دېدى مەخمۇت كېۋىر قىزىغا تەنە ئارىلاش گۈلىيىپ، — بىلەمسەن، مۇھەممەد كىم؟

رەخمىتۇللا كىم؟ مۇھەممەد دېگەن ئەتىگەنلىكىگە تاپسا چۈشلۈكىگە يوق، چاپىنى تىزىدىن ئاشمىغان يالاڭ تۆش، ئۆمۈربويى بېشىغا توپا سورۇپ، كەتمەن چېپىش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن كەتمەننىڭ قۇلى. ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان يېتىم ئوغلاق. رەخمىتۇللاچۇ؟ ئۇ دېگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ ئوغلى، ساڭا ئوخشاش مائاشلىق. ئۆيىدە ھەممە نېمىسى تەل، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدۇ...

— داداڭنىڭ گېپىگە ماقۇل دېگىن، قىزىم، — دېدى ئانىسى دەمدەك قاشلىق ئېتىۋالغان قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ تۈرۈپ، — رەخمىتۇللاغا تەگسەڭ، ھەممە ئادەم سېنى كىم دېسە يا شۇجىنىڭ كېلىنى دەپ ئىززەتكىنى قىلىشىدۇ. بىزمۇ دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا، قۇداڭ كىم دېسە پالانچى دەپ، مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرەلەيمىز. بىلىمەن، سەن رەخمىتۇللانى ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن دېمەكچى. ئۈچ قېتىم ئۆيلەنسە نېمە بوپتۇ؟ ئەر كىشى دېگەن خوتۇنى تولا خەق. پەقەت ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرنىڭمۇ خوتۇن كىشىنىڭ قېشىغا كەلمىگىنى يوق. ئەر كىشى دېگەن ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەندىمۇ قىز ئالىمەن دېسە ئالالايدۇ. رەخمىتۇللا ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بىلەن تېخى ياش، يېشى ئوتتۇزدىن ئاشمىدى.

— بىلىپ قويۇڭلار، ماڭا مال - دۇنيانىڭ، ھوقۇق - ئىمتىيازنىڭ كېرىكى يوق، — ھۆرنىقىز ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. سۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، يالۋۇراتتى، — مەن دېگەن ئادەم، ئادەم دېگەندە ئازراق ھېسسىيات، ۋىجدان بولۇشى كېرەك. بىلىمەن، سىلەرنىڭ كۆزلەۋاتقىنىڭلار مېنىڭ كۆڭلۈم، بەختىم ئەمەس، بەلكى قۇرۇق نام - ئاتاق، مال - دۇنيا، ئەمەل - مەرتىۋە. سىلەر مېنى يەمچۈك قىلىش ئارقىلىق شۇجىنىڭ قۇدىسى بولماقچى. شۇ ئارقىلىق

تېخىمۇ چوڭراق نام ـ ئاتاق، ئەمەل ـ مەرتىۋىگە ئېرىشمەكچى. دادا، ئاپا، ئەپۇ قىلىڭلار. مەن بۇ تويىنى ھەرگىز قىلمايمەن. مېنى بولسىمۇ غۇرۇر ۋە ۋىجدان بىلەن ياشىغىلى قويۇڭلار.

— ئاغزىڭنى يۇم شۇمتەك! — مەخمۇت كېۋىرگە قىزىنىڭ قىلغان گەپلىرى ئېغىر كەلدى. بىراۋ خۇددى يېغىرىنى تاتىلىغاندەك چىچاڭشىدى. يۈگۈرۈپ كېلىپ ھۆرىقىزنىڭ ئانار دەك چىرايلىق مەڭزىگە رەھىمسىزلىك بىلەن بىرنەچچە شاپىلاق سالدى، — ھۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن ھايۋان، پېسەندى!

— خوپ بولدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ئادەمگە تاياق تۇگۇل ئۆلۈممۇ ھەق، — دەپ خىرقىرىدى ئانىسى.

ھۆرىقىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىل ـ تاياقلىرىغا چىداپ تۇردى، كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئاتا ـ ئانىسى تىللاپ ھارغاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، يوتقانىنى بېشىغا چۈمكىۋېلىپ ئېسەدىگىنىچە تازا يىغلىدى. كۆز يېشى بىلەن ئاپپاق پەي ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى. كېچىچە ئويلا ـ ئويلا ئاخىر ئەتە ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈۋېتىپلا، يېزا باشلىقى سايىم كېپەكنى تېپىپ ئۇنىڭغا بارلىق ئەھۋالنى ئېيتماقچى، ئاتا ـ ئانىسىغا نەسىھەت قىلدۇرماقچى، ئۇلارنى پەيلىدىن ياندۇرماقچى بولدى.

«سايىمكام ياخشى ئادەم. قابىلىيەتلىك رەھبەر، ئەتە سايىمكامنى تېپىپ، بارلىق ئەھۋاللارنى ئېيتىمەن. مۇھەممەد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى دېيىمەن. مەيلى، خەق نېمە دېسە دېسۇن. پەقەت بولمىسا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن نىكاھ قەغىزى ئېلىۋېلىپ، مۇھەممەد بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرىۋېرىمەن. ئارىسالدى بولۇپ يۈرسەم بولمايدۇ. مېنىڭ بەختىم پەقەت مۇھەممەد بىلەنلا ئېچىلىدۇ. مەن ئۆز بەختىم ئۈچۈن ھەرقانداق ئازابقا چىدايمەن. كۆز يېشى قىلىش، تەقدىرگە باش ئېگىش

نادانلىقنىڭ ئىپادىسى.» ئۇ كىچىچە ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كۆزىگە بىر ئازمۇ ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئۇ مۇھەممەد بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئوينىاپ چوڭ بولغان. قوم دۆڭلىرىدە، توغراقلارنىڭ سايىلىرىدا غەمسىز بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن. تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغانىدى. يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە ھەر كۈنى بىللە بېرىپ، بىللە قايتىپ كېلەتتى. كېيىنچە بارا - بارا ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدە بىر - بىرىگە نىسبەتەن تاتلىق سېزىملار ئويغىنىشقا باشلىدى. ھۆرنىقىز مۇھەممەدنىڭ توغراق تۈۋىدە تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرۇپ ئېيتقان تۇنجى ئاشىقلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش بىلەن يۈتكۈل ۋۇجۇدى قورقۇش ۋە خۇشاللىقتىن تىترىگەن، ئوقۇشى پۈتۈپ، مۇھەممەد يېزىغا، ئۆزى ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا، مەڭگۈ ئايرىلماي بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەنىدى. ئۇ ساددا، ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، ئاق كۆڭۈل يېزا يىگىتى مۇھەممەدنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۈچ يىللىق دارىلمۇئەللىمىن ھاياتىدا ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرغان سۆيگۈ خەتلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغانىدى.

دېھقان بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەنمۇ دېھقان بالىسىغۇ ئاخىر. ماڭا ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتى بولسىلا بولدى. ئۇنىڭسىز ھەرقانداق دۇنيا - دەپىنەنىڭ كېرىكى يوق، دەيتتى ئۇ ھەر دائىم مۇھەممەدنى ئېسىگە ئالسا.

— ئەسسالام ھۆرنىقىزىم، يولۇڭ قەيەرگە؟

ھۆرنىقىز چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردى، سارىخان چوڭ ئانىنى كۆرۈپ، ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشتى. قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى. پېشانىسىنى چوڭ ئانىسىغا سۆيدۈردى. تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. سارىخان چوڭ ئانا ھۆرنىقىزنىڭ غەمكىن، سولغۇن چىرايىغا، زىلۇا قامىتىگە ئىچ

كۆيەرلىك بىلەن تىكىلدى.

— نەگە ماڭدىڭ، كۆز نۇرۇم، گۆھىرىم؟ چىرايىڭ ئەجەب سولغۇنغۇ؟ ئېيتقىنا، نېمە بولدى ساڭا، قىزىلگۈلۈم؟

ھۆرنىقىز سارىخان چوڭ ئانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۇمچەيدى. ئۆزىنى باسالماي چوڭ ئانىنىڭ باغرىغا ئېتىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلاۋەرمەي شۇ چىرايلىق ئاغزىڭ بىلەن، بۇلبۇلدەك ئاۋازىڭ بىلەن چۈشەندۈرسەڭچۇ، كۆز نۇرۇم. مېنى قىينىمىساڭچۇ، ئوماق قىزىم، سېنىڭ شۇ چىرايلىق جامالىڭغا چوڭ ئاناڭ قۇربان بولسۇن. نېمە بولدى ساڭا؟ غۇنچىدەك قامىتىڭگە، ئاشۇ سۇمبۇل چاچلىرىڭغا، ئاشۇ كىچىك كۆزلىرىڭگە نېمە دەرد كەلدى، ئالتۇن قىزىم، جاۋاب بەرگىنە، قىزىلگۈلۈم، — سارىخان چوڭ ئانىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىدى، ھۆرنىقىزنى باغرىغا باستى. مەڭزىگە، پېشانىسىگە، كۆزىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى، — گەپ قىلغىنا، ئاپپاق قىزىم، قۇربانىڭ بولاي، بىر ئېغىز گەپ قىلغىنا، تاتلىق قىزىم. سېنى خاپا قىلغان ئادەمنىڭ خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر!

ھۆرنىقىز ئاخشام بولغان ئىشلارنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تىل - تاياقلىرىنى، ئۆزىنىڭ ھازىر نېمە ئۈچۈن يېزا باشلىقى سايىم كېپەكنى ئىزدەپ ماڭغانلىرىغىچە بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. سارىخان چوڭ ئانا ھەممىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كەنت باشلىقى مەخمۇتنى تىللىدى. قارغىدى. بېرىپلا، ھوي مەخمۇت، ھوي مەخمۇت، ئېشەك! سەن قىزىلگۈلدەك ھۆرنىقىزىمغا تىل تەگكۈزدۈڭمۇ؟ ئاشۇ ئىپلاس قوللىرىڭ بىلەن قىزىمنىڭ ئالمىدەك مەڭزىگە ئۇرغۇچى بولدۇڭمۇ؟ قولۇڭ قۇرۇپ كەتكىر ئىلاھىم دېگۈسى كەلدى. ئاچچىقىغا ھاي بەردى. ھۆرنىقىزنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى. تەسەللى بەردى.

— ياخشى ئويلاپسەن، ھۆرنىقىزىم، — دېدى ئانا ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى روملى ئىچىگە تىقىپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ تۇرۇپ، ـــ داداڭ مەخمۇت ھەرقانچە چوڭ كەنت باشلىقى بولۇپ كەتكىنى بىلەن يەنىلا سايىم كېپەكتىن چوڭ ئەمەس. سايىم كېپەك يېزىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ كادىرى، ئۇ چوقۇم بىز تەرەپتە تۇرىدۇ. داداڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. ۋاي بېشىنى يېگۇر مەخمۇت، ھۆرنىقىزىمنى ئۇرغان شۇ ئىپلاس قوللىرىڭ، تىللىغان شۇ مەينەت تىللىرىڭ قۇرۇپ كېتەر، ئىلاھىم. يىغلىما، ھۆرنىقىزىم. ماڭىمۇ ئەتىگەن مۇھەممەد بالام بۇ گەپنى قىلغانىدى. شۇ مېڭىشىمدا سايىم كېپەكنى تاپماقچىدىم. ھوي سايىم، سەن يېزا باشلىقىمۇ، ئەمەسمۇ؟ مەن سېنىڭ زاكاڭنى يۇغان، بۆشۈكۈڭنى تەۋرەتكەن سارەك ئانىڭ ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا مەخمۇتقا ئوخشاش مۇتتەھەمنى ئۇچۇقداپ قويمايسەن؟ قارىغىنا، ئۇ ھۆرنىقىزىمنىڭ ئالمىدەك مەڭزىگە ئۇرۇپتۇ، ئۇنى ھارغۇچە تىللاپتۇ، شۇ مەخمۇت دېگەن ھەددىدىن بەكلا ئېشىپ كېتىپتۇ. كونا ھۆكۈمەتنىڭ زالىم باي ـ بەگلىرىگە ئوخشاش ئەسكىلىشىپ كېتىپتۇ دەيمەن. سايىم كېپەك سارەك ئانىسىنىڭ گېپىنى يېرمايدۇ. سېنىڭ ئاشۇ كەنت باشلىقى ئەسكى داداڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. رەنجىمە، ئوماق قىزىم. كۆڭلۈڭنى بۇزما. ھۇ تىلىغا قاغا چىچقۇر مەخمۇتباي، ۋاي ئۆلۈكى ئىتقا نېسىپ بولغۇر. جۇر، قىزىم، ھەممە ئىشنى ھۆكۈمەتكە دەيلى. ھۆكۈمەت بىزنىڭ دەردۇھالىمىزغا يېتىدۇ. مەخمۇتباينى جازالايدۇ. ۋاي مېنىڭ قىزىلگۈلۈم. جەننەتتىن چىققان ھۆرنىقىزىم. مۇشۇ تۇرقۇڭنى شۇ مۇھەممەد بالام كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ غەم قىلما، مېنىڭ بۇ قېرى جېنىم سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن، ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىڭ ئۈچۈن قۇربان بولسۇن!

## «ساۋاب» سېلىقى

ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرغان سارىخان چوڭ ئانا بىلەن مۇھەممەد سىرتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگىنىچە

www.uyghurkitap.com

بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ـــ چىق، ئوغلۇم، ئەتىگەندە ئىشىك تۈۋىگە كەلگەن مېھماننى ئۆيگە باشلا. ئولتۇرۇپ بىللە ناشتا قىلايلى.

مۇھەممەد ئىچىۋاتقان چېيىنى قويۇپ، دەرھال تالاغا چىقتى. سارىخان چوڭ ئانىمۇ ئىشىك تۈۋىگە مېھمان كەلسە ئالدىغا چىقماي، ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ئار كۆردى بولغاي، دەرھال مۇھەممەدنىڭ كەينىدىن سىرتقا چىقتى.

دەرۋازا ئالدىدا كەنت باشلىقى مەخمۇت، كەنتنىڭ ئىمامى ھېسامىدىن غوجا، مەزىنى ھېيتەك پوقاق قاتارلىق بىرمۇنچە جامائەت قاراپ تۇرۇشاتتى.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەت، تىنىچ ـ ئامان تۇرۇشلىمۇ؟ ـــ سارىخان چوڭ ئانا ئۇلاردىن تىنىچ ـ ئامانلىق سورىدى. ئۆيگە كىرىپ ناشتا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ـــ قېنى ئۆيگە كىرىشسىلە، جامائەت، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەچ ناشتا قىلايلى.

ـــ خوش، رەھمەت، ـــ دېدى ھېسامىدىن ئىمام گېلىنى سەل قىرىپ قويۇپ، چىرقىراق ئاۋازدا، ـــ ناشتىنى باشقا بىر كۈنى كېلىپ قىلارمىز. بۈگۈن بۇ ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە ئىشىكلىرى تۈۋىگە كېلىشىمىزنىڭ ۋەجى شۇكى، مەسچىت خۇدانىڭ ئۆيى، خۇداغا شۈكۈر، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، خېلى ياخشى كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت مەسچىت ـ خانىقالارنى سېلىشىمىزغا يەر، مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىپ، كونا مەسچىتلىرىمىزنى يېڭىلاپ، بەزىلىرىنى يېڭىدىن سېلىپ بەردى. خۇداغا شۈكۈر، باغتوغراقلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىمانى كامىل مۇسۇلمانلاردۇر، ـــ ئىمام گويا ئۆزۈن بىر نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك، ئالدىرىماي، ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىشقا تىرىشىپ سۆزلەيتتى، ـــ كەنتىمىزدىكى چوڭ مەسچىتنى ئۆتكەن يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل بىلەن ئۆزىمىز ئازراق يىغىش قىلغان پۇلغا پۈختىلاپ ياسىۋالغان بولساقمۇ،

لېكىن دىلىغا ئىمان نۇرلىرى چېچىلىپ، كۆڭدىن ـ كۆڭگە كۆپىيىۋاتقان نامازخانلار مەسچىتكە پاتمايۋاتىدۇ. شۇڭا، مەخمۇت سۇڭجاڭ ۋە باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ، بارلىق نامازخانلاردىن ئازراق ياغاچ ـ تاش، پۇل ـ پۇچەك يىغىپ، مەسچىتنى مۇشۇ قۇربان ھېيت كېلىپ بولغۇچە چېقىپ باشقىدىن كېڭەيتىپ ياساپ چىقايلى دېيىشكەن. بىرى خېلى كۆپ جامائەت مەسچىتكە ئاتىغان بىرمۇنچە ياغاچ ـ تاش، پۇل ـ پۇچەكلىرىنى بەردى، — ئىمام چېقىر كۆزلىرى بىلەن بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان مۇھەممەدكە لاپپىدە قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بالىمىز مۇھەممەد ئاخۇن مەسچىتكە چىقمايدىغان، ئىمانى سۇسراق بالا بولسىمۇ، لېكىن ياۋاش، مۆمىن ئادەم بولدى. دادىسى رەھمەتتى مۇسۇلمانچىلىقى چاڭ، ئاجايىپ دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. ھايات بولغان بولسا مەسچىت ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمىغان بولاتتى. مەسچىت ياسىماق، مەسچىتكە مال ـ دۇنيا ئىئانە قىلماق ساۋاب ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ساۋاب. قېنى ئوغلۇم مۇھەممەد ئاخۇن، ئاشۇ خۇدانىڭ ئۆيىنى ياسايدىغان چوڭ ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكۈڭدىن قانچىلىك زاكات ئايرىيسەن؟ — ئىمام ھويلىنىڭ تېمىغا يانداش تىزىپ قويۇلغان سەككىز تال ياغاچقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن بىر قارىۋالدى ـ دە، مۇغەمبەرلەرچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە ئەسلىدە بۇ ياغاچلارنى ئاللىبۇرۇن كېسىپ تەخلەپ قويغان دېگىنە. ئىمانىڭ سۇس بولغىنى بىلەن بەرىبىر ئاتا بالىسى ـ دە، سەن، — ئىمام ھاسىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، — قېنى جامائەت، خۇدانىڭ شۇ ئاسىي بەندىسىنىڭ بەش ۋاخ نامازنى خۇدانىڭ ئۆيىدە دائىم ئۆتەپ تۇرۇشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىمان ـ ئىنسابىغا بىر دۇئا قىلىۋېتەيلى...

— ئىمام ئاخۇنۇم... بۇ ياغاچلارنى... — مۇھەممەد سەل ھودۇقتى، ئۆزىگە نەشتەردەك تىكىلگەن ئىمامنىڭ چېقىر كۆزلىرىدىن تەمتىرىدى، دۇدۇقلاپ تولىمۇ قىينىلىپ سۆزلىدى، —

بۇ ياغاچلارنى ئەتە شەھەرگە ئەكىرىپ ساتقىلى تەييارلاپ قويغان. ئۇغۇت، يالتىراق، ئۇرۇقلۇق ئالماقچىدىم.

— بالام، — ئىمامنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلىدى. مۇھەممەدكە ياسالما مېھرىبانلىق كۆرسەتتى، — بالام مەمتاخۇن، بۇ ئالەم ئامانەت ئالەم، بىز بۇ دۇنياغا خۇددى مېھمان كىشىدەك كېلىپ كېتىمىز. شۇڭلاشقا، بۇ ئالەمدە مال ـ دۇنياغا بېرىلمەي، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلساڭ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا رىيازەت تارتمايسەن. بۇ دۇنيانىڭ ئېمىتىگە ئىنتىلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى. ئى جامائەت ! — ئىمام دەرھال جامائەتكە يۈزلەندى. ھاسىسىنى قولتۇقىغا يەنە قىستى. ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلىدى، — ئى جامائەت بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاتائالا ئىگەم، بەندىلىرىم مېنى ياد ئەتسە، مېنىڭ يولۇمدا بىر تەڭگىلىك ساۋابلىق ئىش قىلسا، ئۇ ئالەمگە بارغاندا مىڭلاپ ياندۇرىمەن. دوزاخ ئازابى كۆرسەتمەيمەن، دېگەن. بۇ ئامانەت دۇنيا، بۇ دۇنيادا خۇدا يولىدا كۆپرەك ساۋابلىق ئىش قىلىۋالساق، ئۇ ئالەمدە باياشات، ھالاۋەتتە ياشايمىز. دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلىمىز، — ئىمام ئەمدى مۇھەممەدكە يۈزلەندى. ھاسىسىنى قولتۇقىدىن ئېلىپ تاياندى، — قاراپ تۇرما، مۇھەممەد بالام. بۇ دېگەن ياخشى پۇرسەت. يەنە كېلىشەرمەيدۇ. ئۇ ئالەمگە بارغاندا مەسچىتكە قويغان بىر كاللەك لېيىڭ، بىر تال ۋاساڭ، بىر تال ياغىچىڭمۇ زۆۋانغا كېلىپ، ئاللاتائالا ئىگەمدىن گۇناھىڭنى تىلەيدۇ.

— بەرھەق، بەرھەق، — گەپكە لوقما سالدى ھېيتەك مەزىن ئۆچكە ساقاللىرىنى تىترىتىپ، چىلگىدەك چوكۇلۇقتىكى پوقىقىنى گىلدىڭلاتقىنىچە سۆزلەپ، — خۇدانىڭ ئۆيى ئۈچۈن بىرنەچچە تال چوكىنىڭ مېھرىدىن كېچىشتىنمۇ ساۋابلىق ئىش يوق بۇ ئالەمدە، سەن مەسچىتكە بىر تال ياغاچ بەرسەڭ ئاللاتائالا ئىگەم ساڭا مىڭ تال ياغاچ بېرىدۇ. قېنى گەپ قىل، بالام. ئىمام ئاخۇنۇمنى ساقلاتما، ئاللا ئىگەم ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ

تۇرغۇچى. بۇتتەك قاراپ تۇرساڭ ياخشى ئەمەس، ــ ھېيتەك مەزىن دەرھال ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ جامائەتكە مۇراجىئەت قىلدى، ــ قېنى جامائەت، ئامىن دەيلى. شۇ مۇھەممەد بالىنىڭ ياشلىقىدا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھىنى تىلەيلى. مەسچىتكە بەرگەن شۇ ياغاچلىرىنىڭ ساۋابىنى مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىناتىغا ئاتايلى، ئامىن.

مۇھەممەد قۇلاق ـ بويۇنلىرىغىچە خورازنىڭ تاجىدەك قىزىرىپ كەتتى. بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئۇن ـ تىنىش چىقارمىدى. ئۇنىڭ بىچارە كۆزلىرى تام تۈۋىگە تىزىلغان، بىر قېتىملىق «ئامىن» نىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ياغاچلىرىغا تەلمۈرەتتى. كىملەردىندۇر مەدەت تىلەپ ئەتراپىغا قارايتتى. قەددى پۈكۈلۈپ بىر غېرىچ بولۇپ قالغانىدى. گويا ھېسامىدىن ئىمامنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرى تەسىر قىلغاندەك قېتىپلا قالغانىدى.

ــ توختىسىلا چوڭلىرىم، سەل تەخىر قىلىشسىلا، ــ سارىخان چوڭ ئانىنىڭ بۇ ئاۋازى تۇرغانلارغا تۇيۇقسىز پارتلىغان بومبىدەك تەسىر قىلدى. جامائەت ياغاچتەك قېتىپ قېلىشتى. ئىمام چۆچۈگىنىچە چېقىر كۆزلىرىنى ئانىغا تىكتى. ھېيتەك مەزىن ئەمدى ئەپلەشكەن ئىشنى بۇزماقچى بولغان بۇ كاسكى مومايغا گۆلەيدى. بىراق، سارىخان چوڭ ئانىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ نەپرەتلىك، غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئۇلارغا مىختەك قادىدى. بۇ قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىمام بىلەن مەزىن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئانا مەغرۇرانە قىياپەتتە مەسخىرە ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى، ــ ئەپۇ قىلسىلا، ھۆرمەتلىك ئىمام ئاخۇنۇم، بۇ ياغاچلارنى مەسچىتكە بېرەلمەيمىز. ئىشى بار ياغاچلار بۇ. ھەرقايسىلىرى خاپا بولۇشماي ئاستا كېتىۋېلىشسىلا. ئالدىلىرىدا بەكمۇ خىجىل مەن. بايا ئۆزلىرى ۋەدە قىلغان ئۇ ئالەملىك تاغدەك، ئالتۇندەك ساۋابلار ھازىرچە نېسىگە تۇرۇپ تۇرسۇن. قېنى ئاستا كېتىۋېلىشسىلا. يوللىرى

ئۈچۈق، خۇدايىمغا ئامانەت.

— بۇ.. بۇ... نېمە گەپ ئۆزى؟ — ئىمام تامدەك تاتاردى. بەزگەكتەك تىترىدى. مەدەت كۈتۈپ چېقىر كۆزلىرىنى كەڭ باشلىنقى مەخمۇتقا تىكتى.

— مەسچىت كەنتنىڭ مەسچىتى، پوتكۇل باغتوغراقتىكى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەسچىت ياساش ۋەزىپىسى بار، — دېدى مەخمۇت كېۋىر ھەيۋە قىلىپ، جامائەتنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، — ياغاچنى چىرايلىقچە بەرسەڭ بەر، بولمىسا ئېلىپ كېتىۋېرىمىز.

— نېمە؟ ئېلىپ كېتىۋېرىمىز؟ ۋاھ، گېپىڭ چوڭغۇ، مەخمۇتباي! — سارىخان ئانا مەخمۇتقا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، — نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن ھوي ئىنسابسىز ئېشەك؟! ئەكېتىپ باققىنا قېنى. بىلىپ قوي، بۇ دېگەن سېنىڭ خالىغىنىڭچە كېسىپ كېتىۋېرىدىغان باغتوغراقنىڭ توغراقلىقى ئەمەس. ھېلىمۇ سېنىڭ كاساپىتىڭدىن باغتوغراقتا باغتوغراق دېگەنگە تۈشلۈق كەتمەنگە ساپ بولغۇدەك توغراق قالمىدى. ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى ۋاقتىدا سېزىۋېلىپ، دەرھال ئورمان باقىدىغان ئادەم ئەۋەتمىگەن بولسا، پوتكۇل باغتوغراقنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇۋېتەتتىڭ. سەن باغتوغراققا چۈشكەن مىتە. ئىلگىرى بۇ يۇرت قىشمۇ ياز توغراق بىلەن يۇلغۇن پۇرايتتى. سەن ھايۋان يېزىمىزنىڭ كۆركىنى تۈگەتتىڭ، دەپ باقە، قېنى، ھوي مەخمۇت دېگەن ئېشەك. ھازىر مەسچىت زۆرۈرمۇ ياكى بۇغدايمۇ؟ چاچىدىغان ئۇغۇت، كېۋەزگە ياپىدىغان يالتىراق، ئۆرۈۋقلۇق چىگىت زۆرۈرمۇ؟

— تىلىڭنى يىغ، ھوي ئىمانسىز خوتۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئىمام غەلۋىردەك سەللە يۆگىۋالغان بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — بىر ئۇبدان مۆمىن مۇسۇلماننى خالىغانچە ھاقارەتلىمە، خۇدا جاجاڭنى بېرىدۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا... — سارىخان چوڭ ئانا تىزىغا شاپىلاقلاپ

شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، تۇرغانلار بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى، — ھوي ئىمام، ھوي ھېسامىدىن غوجا، شۇنچە ياغاچ ـ تاشلاردا پۈتمەيدىغان قانداق مەسچىت ئىكەن ئۇ؟ خۇدا ئاۋۋال ساڭا ئوخشاش يالغانچى، مۇناپىقنى جازالايدۇ. مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن مۇناپىق! — ئانا ئىمامنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى، — ئۆتكەن يىلى مەسچىت ياسايمىز دەپ يىغقان شۇنچە كۆپ ياغاچ ـ تاش، پۇل ـ پۈچەكلەر نەگە كەتتى؟ شۇ نەرسىلەر بىلەن ئون مەسچىت بولسىمۇ ياسىغىلى بولاتتىغۇ؟ بىلمەيدۇ دېمە ئىمام ئاخۇنۇم، خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭ بىر دەپ باقە، شۇ نەرسىلەر نەگە كەتتى؟ ھوي، گەپ قىلماي تۇرىسەنغۇ! شەھەردىكى ئايۋان ـ سارىيىمنى ياسىدىم دېسەڭچۇ تايىنلىق، ئەمدى باغتوغراقتىكى گۆرۈڭ تارلىق قىلىۋاتامدۇ ساڭا. مەسچىتنى كېڭەيتىپ ياسايمىز دەپ، ئاشۇ ئوت كەتكۈر ئۆيۈڭنى باشقىدىن ياسىماقچىمۇ سەن؟ ئىنساب قىل، ئىمام. خۇدادىن قورق، — ئانا ئەمدى مەخمۇتقا قاراپ قولىنى شىلتىدى، — ھوي مەخمۇت، سەن ھۆكۈمەت كادىرى تۇرۇپ مۇشۇنداق يالغانچى، كاززاپلارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچە ئۆلسەڭچۇ! ئىسسىت ساڭا بەرگەن تۇزۇم، بۆشۈكۈڭنى تەۋرەتكەن كۈچۈم. يوقىلىش، دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىش، يەر يۇتقۇرلار. سەنلەرگە ھېلىغۇ بىر تال ياغاچ ئىكەن، چىش كولايدىغان بىر تال شىشىق ئالدۇرىدىغان بولسام سارەك بولماي كېتەي. يوقال دەيمەن دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇرلار.

ئانا غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى. مەخمۇتنى، ئىمامنى، مەزىننى يەنە ئاللىكىملەرنى تىللايتتى، قارغايتتى.

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى يوققا چىقتى. سارىخان چوڭ ئانىدىن دەشنىمىنى يەپ، سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك شۈمشىيىشتى. ئانىنىڭ ئالدىدا مەخمۇتنىڭ ھەيۋىسى، ئىمامنىڭ سۆلىتى كارغا كەلمىدى. ئۇلار ئانىنى ئىمانسىز، كاپىر دەپ

ئەيىبلەشتى. مەسچىتكە بەرمىگەن شۇ ياغاچلارغا ئوت كەتسۇن دەپ قارغاشتى. مۇھەممەدكە ئاخىرەت سوئال ـ سوراقلىرى بىلەن يەتكۇچە دوق ۋە پوپوزا قىلىشتى ـ دە، يوللىرىغا ئاستا راۋان بولۇشتى.

## بىچارە مۇھەممەد

يېزا مەركىزىگە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق يول بىلەن توغرىسىغا سوزۇلغان مەھەللە يولى باغتوغراق كەنتىنى خۇددى قوشۇش بەلگىسىگە ئوخشاش تەپمۇتەڭ تۆت بۆلەككە بۆلىدۇ. بۇ يوللارنىڭ ئىككى چېتىگە باغتوغراقلىقلارنىڭ ئارامگاھلىرى جايلاشقان.

باغتوغراقنىڭ ئاساسىي قىسمىنى قۇم بىلەن توغراق قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن باغتوغراقلىقلارنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرىدىن بىرەر تۈپمۇ توغراق تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەقىللىك باغتوغراقلىقلار قۇمساڭغۇ، قۇرغاق تۇپراقلارغا تىككەن توغراقلىرىنىڭ تۈتۈپ، ئەي بولۇش ئۈنۈمىنىڭ بەك تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، توغراققا تېرەك ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققاندى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن باغتوغراقتىمۇ ئاسمانغا بوي سوزغان سۆۋادانلار، ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، شاپتۇل ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ئانار ۋە ئۈزۈملەر بولسا باغتوغراقلىقنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرىنىڭ تەڭ نىسبىتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن قۇم، توغراقلار بىلەن قورشالغان بۇ كەنت خەلقى باغۋەنچىلىككىمۇ خېلى ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

ئىككى چوڭ يولنىڭ دەل كېسىشكەن جايى كەنت مەركىزى. بۇ يەرگە كەنت ئىشخانىسى، مەكتەپ، مەسچىت جايلاشقان. شۇڭلاشقا، بۇ يەر ئالاھىدە ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە پۈتۈن كەنت خەلقىنىڭ جۇغلىشىپ پاراڭ سېلىشىدىغان ئورنىغا ئايلىناتتى.

بۈگۈن باغتوغراقلىقلار ناشتىمۇ قىلماستىن، سەھەردە خۇددى كېلىشىۋالغاندەك مەسچىت ئالدىدىكى سەيناغا جەم بولۇشتى ۋە قاق سەھەردە ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى بىر ـ بىرلىرىگە يەتكۈزۈشتى. ئۆزئارا پىچىرلىشىپ ۋە ۋارقىرىشىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشتى، تالاشتى...

— بىچارە مۇھەممەدنى...

— كېچىدىن ئۇرۇۋېتىپتۇ.

— غولدا، كالتەكلەر بىلەن...

— مۇھەممەد ئۇشۇق ـ تۆشۈك گېپى يوق يېتىم ئىدى.

— كالتەك بىلەن ئۇرۇپ...

— قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

— كەنت باشلىقى مەخمۇت كېچىدە ئادەم باشلاپ بېرىپ شۇنداق ئۇرۇپتۇكى...

— ھەي... شۇ مەخمۇت كېۋىرمۇزە...

— بىچارە مۇھەممەد، خوش بولاي، مېنى ئۇرماڭلار، دەپ شۇنداق يالۋۇرسىمۇ ئۇنىماپتۇ.

— قورۇق پاراڭنى قوي، تۇغقىنىم. مۇھەممەدنى كەنت باشلىقىمىز ئۇرمىدى.

— ئەمىسە كىم؟ قايسى ئەسكى شۇ بىچارە مۇھەممەدنى دۇمبالاپ ئۇندەك ئېزىۋەتتى؟

— ھۇ قولى قۇرۇپ كەتكۈرلەر !

— بىچارە مۇھەممەد...

— بىلمەمسىلەر، ھېچكىم ئۇرمىدى.

— ئەمىسە ئەجەب...

— مۇھەممەد خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى. تۆت ـ بەش تال بادىرىسىنى مەسچىتكە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، پەرىشتىلەر كېچىدە كېلىپ ئۇنىڭ جازاسىنى بەردى.

— ھېسامىدىن غوجامنىڭ قارغىشىغا كەتتى.

— كېچىدە پەرىشتىلەر كېلىپ مۇھەممەدنى جازالىغىنى

ھېسامىدىن غوجامنىڭ چۈشىدە ئايان بوپتۇ. ئەتىگەن مەسچىتتىن چىقىۋېتىپ ئاشۇنداق دېدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ھېسامىدىن غوجام ئۇلۇغ ئاپاق غوجامنىڭ ئەۋلادى. غوجا ئەۋلادىغا تىكىلىپ قارىغۇلۇق ئەمەس.

— غوجا ئەۋلادىنى ھاقارەتلىگەن، ھۆرمىتىنى قىلمىغان، گېپىنى ئاڭلىمىغان كىشىنىڭ...

— تىلى قۇرۇيدۇ.

— كۆزى ئاقىدۇ.

— قولىقى گاس بولىدۇ.

— پالاكەت باسىدۇ.

— ئىش - ئوقىتى ئىلگىرى باسمايدۇ.

— قويلىرى قوزىلىمايدۇ.

— كالىلىرى موزايلىمايدۇ.

— كېچىدە پەرىشتىلەر كېلىپ جازالايدۇ.

— ئاھ، شۇ ھېسامىدىن غوجام...

— ئۇلۇغ غوجىمىز ھېسامىدىن ...

— باغتوغراقلىقلارنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى.

— باشپاناھى.

— خۇدا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

— ھەي، شۇ بىچارە يېتىم مۇھەممەد.

— خوپ بولدى ئۇ ئەسكىگە.

— غوجامنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغاندىكىن، پەرىشتىلەر جازالاپتۇ.

— يالغان، مۇھەممەدنى پەرىشتىلەر جازالىمىدى.

— كىم جازالىدى ئەمىسە؟

— تۈنۈگۈن ھۆرنىمىز بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ توي خېتى ئېلىۋاپتۇ. شۇڭلاشقا، كەنت باشلىقى مەخمۇت، قىزنىمى يولدىن چىقاردىڭ، ئازدۇردۇڭ دەپ، كېچىدە ئادەم باشلاپ ئۇرۇۋېتىپتۇ.

— ۋاي، بىچارە مۇھەممەد...
— ھۆرنىقىز بىلەن توي خېتى ئېلىنىۋاپتىما؟
— ئاخىر باغتوغراقنىڭ پەرىشتىسىگە ئىگە بولۇۋاپتۇ - دە !
— ئۆلگۈچە تاياق يېسىمۇ بىر خوتۇنغا ئىگە بوپتۇ.
— ئىگەكىم ھۆرنىقىز ئۈچۈن تاياق يېمەك تۇرماق، ئۆلسىمۇ مەيلى ئىدى.
— شۈكۈر قىل، خوتۇن تالاق !
— دەيمىنا ئەمدى، شۇ مۆرىمەس مۇھەممەدنىڭ خوتۇن ئۈچۈن تاياق يېگىنىگە ئىچىم كۆيۈپ...
— تالاشماڭلار، سارىخان چوڭ ئانا كېلىۋاتىدۇ.
قىزىق تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلار گۇرىرىدە قاراشتى. سارىخان چوڭ ئانىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى. سارىخان چوڭ ئانا شۇنداق تېز ماڭاتتىكى، ھەربىر قەدىمىنى ياش چوكانلاردەك ئالاتتى. يەرگە گۈس - گۈس دەسسەيتتى. تاپىنى ئاستىدىن پۇر - پۇر توپا توزۇيتتى. كىشىلەر توپىغا يېقىنلىشىشى بىلەن ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.
— ۋاي مېنىڭ شۇ بىچارە مەمتىم. كۆز نۇرۇم، باغرىم، ئۇنى قايسى قولى قۇرۇپ كەتكۇر ئۇردى؟ خالايىق، گەپ قىلمامسىلەر؟ مېنىڭ قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش مەمتىمنى قايسى دوزىخى ئۇردى؟ — ئانا ئەتراپىنى تىكىلىپ قارايتتى، سوئال سورايتتى. غەزەپلىنىڭ ئالىياتتى، — ئەي، ئوماق بالىلىرىم، جىگەرلىرىم، كۆز نۇرلىرىم، سارىخان چوڭ ئاناڭلارنىڭ سارەكنىڭ شۇمتەكلىرى، بىر گەپ قىلساڭلارچۇ؟ كىچىككىنىلاردا پوق - سۈيدۈكۈڭلارنى ئادالاپ، بۆشۈكۈڭلارنى تەۋرىتىپ قويغىنىمنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر گەپ قىلىڭلار. ئاشۇ بىچارە مەمتىمنى كىم دۇمبالىدى؟
— ھېسامىدىن غوجامنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، كېچىدىن پەرىشتىلەر... — دېدى بىرسى دۇدۇقلاپ.

— ھا ـ ھا ـ ھا... نېمە دېدىڭ، ھوي تىلىڭغا قاغا چىچقۇر، ھېسامىدىن غوجامنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، ھا ـ ھا ـ ھا... — سارىخان ئانا ئەسەبىيلىك بىلەن قاقاھلاپ كۈلدى. قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، — ۋاي ئېشەكلەرەي. يەر يۇتسۇن شۇ ئېشەك غوجاڭنى. ماڭا قاراڭلار، شۇ گەپكىمۇ ئىشەندىڭلارمۇ، بالىلىرىم؟ ئاشۇ ئېشەك غوجا ھېسامىدىن قارغىسا، پەرىشتىلەر مېنىڭ مۇھەممەد بالامنى جازالاپتىمۇ؟ بىلىپ قېلىڭلار، شۇمتەكلىرىم. مۇھەممەد بالامنى مەخمۇتباي ئۇردى. كېچىدىن ئادەم باشلاپ بېرىپ، خۇددى قوناق سوققاندەك دۇمبالىدى. ھېسامىدىن دېگەن ئېشەكنىڭ غوجىسى مەخمۇتباينىڭ بۇ جىنايىتىنى يېپىش ئۈچۈن، مۇھەممەد بالامنى مەسچىتكە ياغاچ بەرمىگىنى ئۈچۈن خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ جازالاتقۇزدى، بۇ ئىش چۈشۈمگە ئايان بولدى دەپ، يالغاندىن ئىغۋا تارقاتتى، — ئانا ھېسامىدىن غوجىنى، كەنت باشلىقى مەخمۇتنى تىللايتتى، قارغايتتى، — ھۇ يەر يۇتقۇر ھېسامىدىن غوجا، گۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپار، ئىلاھىم، — ئانا كەنت ئىشخانىسىغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — ھوي مەخمۇتباي، ئاڭلاپ قوي! مۇشۇنداق زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، ھۆكۈمەت سېنىمۇ مۇشۇ باغتوغراقنىڭ زومىگىرى تالىپ باينى جازالىغاندەك جازالايدۇ. سەن ئۆزۈڭچە ئۆز خان، ئۆز بەگ بولۇپ كەتمە. ھۆكۈمەت بار، كومپارتىيە بار. خەپ توختاپ تۇر. مۇھەممەد بالامنىڭ، ھۆرىقىزىمنىڭ دەردىنى سەندىن ئالماي قويمايمەن، — ئانا ئەمدى نەزىرىنى ئەتراپىدىكىلەرگە يۆتكىدى، — ۋاي مېنىڭ مۇھەممەد بالام. سىلەر بىلىسىلەرغۇ، بالىلىرىم، مەن ئۇنى تۇغمىغىنىم بىلەن مۇشۇكىنىڭ ئاسلىنىدەك ۋاقتىدىن تارتىپ باققان، پەۋەداچىلىق قىلغان ئەمەسمىدىم. ئۇنىمۇ خۇددى سىلەرنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتىم ئەمەسمۇ، بالىلىرىم، قېنى مېنىڭ شۇ مۇھەممەد بالام؟ مېنىڭ شۇ كۆز نۇرۇم قېنى؟ ئاشۇ چىرايلىق

بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان مۇھەممەد يالام نەدە؟ گەپ قىلىڭلارچۇ، باللىرىم!

سارىخان چوڭ ئانىنىڭ بۇ سوئالى بىلەن كىشىلەر دەرھال مۇھەممەدنى ئەسكە ئېلىشتى. ئەتىگەندىن بېرى ھەممىسى شۇ مۇھەممەد توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلاپ بۇ يەرگە يىغىلىپ پاراڭ سېلىشقىنى بىلەن ھېچكىم مۇھەممەدنىڭ تاياق زەربىسىدىن ئىمە بولغانلىقىنى، يارىسىنىڭ يەڭگىل ياكى ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ كېلىشنى ئېسىگە كەلتۈرمىگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلاردىن بىردىن - بىردىن سوراپ كەلسە، ھېچكىممۇ كېچىدىن مۇھەممەدنى بىراۋنىڭ ئۇرۇۋېتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىدى. ھەتتا ئۇلار بۇ شۇم خەۋەرنى ئەڭ ئاۋۋال كىم يەتكۈزگەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. سارىخان چوڭ ئانىمۇ ھۆرنىسىزنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان باش - ئاخىرى يوق سۆزلىرىگە ئاساسەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ھەممەيلەن بىر - بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى. سارىخان چوڭ ئانىغا خىجىللىق بىلەن تەلمۈرۈشتى. ئانىنىڭ كۆزىگە قارىيالماي دەرھال يەرگە قاراشتى.

— ئاھ، مېنىڭ كۆز نۇرۇم، بىچارە مۇھەممەد بالام! — سارىخان ئانا يۇگۇرگىنىچە مۇھەممەدنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

## قارا باسقان كېچە

مۇھەممەت بۈگۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن ھۆرنىسىز بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ پەتتە كەستۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقىدىن تېپىرلايتتى. تىترىگەن قوللىرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرى تامغا بېسىپ تەييارلاپ بەرگەن قىزىل تاشلىق گۇۋاھنامىنى ئېلىپ سىنچىلاپ قارايتتى. مېھرى بىلەن سىلايتتى. ئۆزى بىلەن ھۆرنىسىزنىڭ ئىسمىغا بىللە چۈشكەن

سۇرىتىگە قارايتتى.

— خۇدايىم تەڭ قېرىشقا نېسىپ قىلسۇن، — دېدى مەسئۇل خادىم بەختىتىن قانات ياساپ ئۇچقۇدەك ھالغا كەلگەن بۇ قوشماقلارغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈن كەچ مۇھەممەد بىلەن ھۆرىقىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزا باشلىقى سايىم كېپەكتىن تەپسىلىي ئاڭلىغانىدى، — ماڭا پەتتە كېسىش خىزمىتىنى قىلغىلى بەش يىل بوپتۇ. تا بۈگۈنگىچە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىشىنىپ پەتتە كېسىپ بەرگەن قوشماقلار پەقەت سىلەر ئىككىڭلار بولدۇڭلار، — مەسئۇل خادىم قاتتىق ھاياجانلانغانىدى، — ھەر شەنبە كۈنى پەتتە ئېلىش ئۇچۇن نەچچە ئون جۈپ ياشنى ئاتا - ئانىلىرى ئىشخانىغا ئېلىپ كېلىشىدۇ. قارىساڭ ئۇلارنىڭ باشقا شەرتلىرى تولۇق يېشىمۇ توشمىغان. يېشى توشماپتۇ دېسەم، تېخى ئەمدىلا ئون بەش - ئون ئالتە ياشقا كىرگەن باللار يىگىرمە - يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردى دەپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋېلىشىدۇ. يالغاندىن ئىسپات تېپىشىدۇ. تېخى ھەممىدىن ئادەمنى بىزار قىلىدىغىنى توي قىلىدىغان ئاشۇ قىز - يىگىتلەر، ئۇلاردىن توي قىلىشقا رازىمۇ سىلەر دەپ سورايدىغان بولساڭ، ھەر ئىككىلىسى ئەلەملىك ئۇھسىنىپ، تىرناق تاتىلىغىنىچە «ھەئە» دەپلا جاۋاب بېرىشىدۇ. بەكرەك سىنچىلاپ قارايدىغان بولساڭ، قىزنىڭ كۆزىنىڭ تېگىدە تاشايلا دەپ تۇرغان دەريا - دەريا ياش، يىگىت بولسا خۇددى ئۆلۈم خېتى ئالىدىغاندەك بەكمۇ مەيۈس. ئىككىڭلارغا ئوخشاش مۇھەببەت باغلاپ، بىر - بىرىمىزنى چۈشەنگىلى مۇنچە يىل بولدى دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىدىغان ئادەمدىن بىرسى تېپىلمايدۇ. تۈنۈگۈن سايىم ئاخۇن شاڭجاڭ سىلەرنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭلارنى ئېيتتى. بۇنداق ياشلار يېزىمىزدا ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ، ئۇلار ئەتە كەلسىلا ھايال قىلماي توي خېتى كېسىپ بېرىڭ دەپ تاپىلىغانىدى. خۇدا بەختىڭلارنى بېرەر، باللىرىم. ئىشىنىمەن، ئىككىڭلار چوقۇم ئىناق ئەر - خوتۇن بولۇپ



www.uyghurkitap.com

ئۆتەلەيسلەر. ھېلىقى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىغا سېلىپ، زورلاپ توي قىلىپ، خېتى كەستۈرۈۋالغانلارغا ئوخشاش بوگۇنى توي قىلىپ، ئەتىسىلا ئاجرىشىمىز دەپ، ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتمايسىلەر، بېرىڭلار، بالىلىرىم، خۇدايىم ھەر ئىككىڭلارنى يۈز ياشقا كىرىشكە نېسىپ قىلار.

— رەھمەت، ئاكا، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، — دېدى ھۆرنىقىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — بىز تويىمىزنى ھەشەمەتلىك قىلمايمىز. شۇنداق بولسىمۇ بېرىپ بىرەر پىيالە چېيىمىزغا داخىل بولۇپ كېلەرلا.

— بولىدۇ، بولىدۇ، چوقۇم بارىمەن، تويۇڭلارغا سوۋغا قىلغۇدەك چوڭ نەرسەم يوق، ئىككى مېتىر قىزىل تاۋىرىم بار. قېرىپ قالغان بولسامۇ، يىگىتلەرنىڭ قاتارىدا مۇھەممەد بالامنىڭ بېلىگە باغلاپ قويمىسام بولماس.

ئۇلار ئىشخانىدىن خۇشال چىقىشتى. بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت بىلەن بېقىشتى. يېزا بازىرىدىن ئايرىلىپ كەنت يولىغا چۈشكەندە، مۇھەممەد يۈرىكىدىكى ھاياجىنىنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، ھۆرنىقىزدىن شوخلۇق بىلەن سورىدى:

— قېنى، ھۆرمەتلىك مەلىكەم، جاۋاب بېرىپ باقسىلا، توي خېتىنىغۇ خۇپپىيانە ئالدۇق، ئەمدى تويىنىمۇ خۇپپىيانە قىلىمىزمۇ ياكى...

— ھۆرمەتلىك، شاھزادەم، — دېدى ھۆرنىقىزمۇ شوخلۇق بىلەن مۇھەممەدنى دوراپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرى مۇشۇنداق بەختىيار زاماندىمۇ ئانارخان بىلەن قۇرباننى دوراپ، نىكاھنى پىچاققا ئوقۇيلى دەۋاتامىلا نېمە؟

— بۇ... بۇ ... — مۇھەممەد سەل دۇدۇقلىدى، — ھۆرمەتلىك مەلىكەم بۇ... دادىلىرى...

— خاتىرجەم بولسىلا، شاھزادەم. مەخمۇتبەگ ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەل ـ يۇرت بار ئەمەسمۇ.

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، ئۇنداق بولسا توي كۈنىنى قايسى

www.uyghurkitap.com

كۈنگە توغرىلىساق بولار؟

— بۇ قۇتلۇق كۈننى ئۆزلىرى تاللىسىلا، شاھزادەم، دېدەكلىرى پەرمانلىرىغا بويسۇنىدۇ.

ھۆرنىقىز گەپنى قىلىپ بولۇپلا ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ مۇھەممەدكە تەزىم قىلدى ۋە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇھەممەدمۇ قىزغا قوشۇلۇپ كۈلدى. ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قىزغا تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دانا مەسلىھەتلىرىنى بىر ئاڭلاپ باقاي، سۆيۈملۈك مەلىكەم.

— ھۆرمەتلىك شاھزادە، ھەرقانداق پەرمانلىرى باش ئۈستىگە.

— ئۇنداقتا توينى بۈگۈنلا قىلايلى، — مۇھەممەد شۇنداق دېگىنىچە ھۆرنىقىزنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى.

— ھۇي ئىزا تارتمايدىغان قېلىن، — ھۆرنىقىز چاقچاقلىق بىلەن مۇھەممەدنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى — دە، كەينىگە ئىككى قەدەم شوخشۇدى.

مۇھەممەد قىزغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ نېمە قىلغانلىرى، سۆيۈملۈك مەلىكەم؟ شاھزادىنىڭ بۇيرۇقى باش ئۈستىگە ئەمەسمىدى؟

— نومۇس قىلىڭا، مۇھەممەد، — دېدى ھۆرنىقىز كۈلكىسىنى جىددىي تۇختىتىپ، — كۈپكۈندۈزدە ئىزامۇ تارتمايدىكەنسىز، — ئۇ بىلىكىدىكى سائەتكە شۇنداق قاراپلا مۇھەممەدنى ئالدىراتتى، — ۋاي، مېنىڭ دەرسكە كىرىدىغان ۋاقتىمغا يەنە ئون بەش مىنۇت قاپتۇ. بولۇڭ، تېزرەك ماڭايلى.

مۇھەممەد بۈگۈن خۇددى شاراب ئىچكەن كىشىدەك مەست بولغانىدى. ھۆرنىقىز مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىنمۇ ھاياجىنىنى پەقەتلا باسالمىدى. توي خېتىنى يانچۇقىدىن ئالاتتى. تەلمۈرۈپ قارايتتى. يانچۇقىغا سالاتتى، يەنە ئالاتتى، يەنە قارايتتى. سۇپىغا چىقاتتى، يەرگە چۈشەتتى. ھويلىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەيتتى.

قاقاهلاپ كۈلگۈسى، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى. كۆزىگە تەڭ كېچىگىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. ھۆرلىقىنى، لەززەتلىك تۇي كېچىسىنى خىيال قىلدى. ھۆرلىقىز بىلەن خىيالەن مۇڭداشتى. قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى... بىر چاغدا ھويلا ئىچىدە بىردىنلا «گۈپ» قىلغان ئاۋازدىن سەل ئېسىگە كەلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ چىراغنى ياقماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۆينىڭ ئىشىكى جالاققىدە ئېچىلىپ، يۈزىنى تېڭىۋالغان ئالتە گەۋدە مۇھەممەدكە شىددەت بىلەن تاشلاندى ۋە نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان يىگىتنىڭ ئاغزىغا كۆڭلىكىنى كەپلىدى. قولىنى قايرىپ باغلىدى، كۆزىنى تاڭدى، ئاندىن كېيىن مۇھەممەدنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە گۈپۈلدىتىپ تېپىشكە باشلىدى. مۇھەممەد ئۇستىخىنىغا تەگكەن ھەربىر تېپىكتىن تولغىناتتى، تۈگۈلەتتى، ۋارقىرايتتى. لېكىن، ئاغزىغا كەپلەنگەن لاتا ئاۋازىنى سىرتقا چىقارمايتتى. يامغۇردەك ياغقان تېپىكلەر ئاخىر ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزدى. ئەنە شۇ چاغدا ھېلىقى ئالتە گەۋدە ئۆز ئارا شەرەتلىشىپ، نېمىنىدۇر مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بىر دۆۋە گۆشكە ئايلانغان مۇھەممەدنى ئۆيدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، يولنىڭ چېتىگە تاشلاشتى. ئۆيىگە كىرىپ خېلى ئۇزاق ئاختۇرۇپ، مۇھەممەد تېخى تۆت سائەت ئىلگىرى ئالغان نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ كەتتى. كېچىنىڭ قاپقارا پەردىسى مۇھەممەدنىڭ نىمجان گەۋدىسى بىلەن بۇ ئالتە نەپەر جىنايەتچىنىڭ گەۋدىسىنى ئاستا ـ ئاستا يوشۇردى.

## ھاكىم

توختى ھاكىم ئىككى كۈندىن بېرى ناھىيەنىڭ چەت ـ يىراق يېزىلىرىنىڭ كېۋەزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن سەھەردىلا باغتوغراق كەنتىگە يېتىپ كەلگەنىدى.

كەينىدىن قويۇق توپا ـ چوڭ تۇزۇتۇپ كەتتى ئىشخانىسىغا كېتىۋاتقان پىكاپنىڭ ئىچىدە بۇ كەڭرى توغراقلىق زېمىنغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ھاكىم بىردىنلا يولنىڭ چېتىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ، ئالدىراشلىق بىلەن شوپۇرنى پىكاپنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. شوپۇر پىكاپنى دەرھال توختاتتى. پىكاپ ئىچىدىكىلەر ھاكىمغا تەئەججۇپلىنىپ قاراشتى. ھاكىم ئۈن ـ تىنسىزلا پىكاپتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا باردى. مىدىرلاتتى، نەپەس ئېلىشىنى تىڭشىدى. ئۇنىڭ كالتە ئىشتاندىن باشقا ھېچنېمە يوق بەدىنىدىكى كۆك ۋە ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرىنى كۆرۈپ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، پىكاپتىكىلەرنى چاقىردى.

— ھاي بولۇڭلار، تېزدىن ماشىنىغا چىقىرىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

پىكاپتىكىلەر دەرھال كېلىشتى. ھوشسىز ياتقان كىشىنى پەم بىلەن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ پىكاپقا چىقىرىشتى. ھاكىم شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇدۇل ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭ. قېنى تېز ھەيدەڭ. ماشىنا ھەرگىز قاتتىق سىلكىنىپ كەتمىسۇن. بۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز كېرەك. قېنى تېز !

— يېزىلىق ھۆكۈمەتكە... — شوپۇر ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— بولدى، سىز كېتىۋېرىڭ، — ھاكىمنىڭ چىرايى تولىمۇ جىددىي ئىدى. ئۇ قولىنى كەسكىنلىك بىلەن سىلكىپ ۋارقىرىدى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتكە پىيادە بارساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

پىكاپ ئورنىدىن تېزلا قوزغالدى. كەينىدىن چاڭ ـ توزانلار پۇرقىرىدى. قالغانلار غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

— بۇ نېمە ئىش؟

— بىچارە قاتتىق تاياق يەپتۇ.

— بىرسى راسا دۇمبالاپ يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىققا

تاشلىۋېتىپتۇ.

— نېمە بولۇپ شۇنچىۋالا تاياق يېگەندۇ؟

— يالىڭاچ تۇرغىنىغا قارىغاندا، — دېدى بىرسى سەل ئويلىنىۋېلىپ، — كېچىدىن بىر يەردە قىمار ئويىنىغان بولسا، ئۇتتۇرۇۋېتكەن پۇلنى بېرەلمەي كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئايرىلىپ تاياقنى ئۆلگۈدەك يېگەن، كېيىن بۇ يەرگە تاشلىۋېتىلگەن... شۇ !

— بەلكىم...

— ھەي، بىچارە يىگىت.

— بۇ كەنتتىكى ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ؟ بىر ئادەم ئۆلگىلى ئاز قاپتۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتىغۇ؟

— بەلكىم...

— بەلكىم كەنتتىكىلەرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقتۇ.

— راست، ئەمدىلا تاڭ سۈزۈلگەن تۇرسا، تېخى بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەندۇ.

— بەلكىم بىرسى خوتۇنى بىلەن تۇتۇۋالغان بولسا...

— راست، ئۇنىمۇ ئېھتىمالغا يىراق دېگىلى بولمايدۇ.

ھاكىم خىيالغا پاتقاندى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەتراپتىكىلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشى كىرىپ چىقمايتتى. بۇ يىگىت كىمدۇ؟ ئۇنى كىم، نېمە ئۈچۈن شۇنچە قاتتىق ئۇرۇۋەتكەندۇ؟ مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئىشنى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك. ھاكىم خىيالدىن ئاستا باش كۆتۈردى ـ دە، تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى.

— يولداشلار، بولدى، بۇ ھەقتە ئۇشۇق تالاشمايلى. ئۇ ساقايسىلا، ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ. بىز ھازىر ئىتتىك ئايرىلىپ مېڭىپ دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىلغۇسىغا تەييارلانغان يەرلىرىنى كۆرگەچ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارايلى. ئەسلىي پىلانىمىز بويىچە يېزا ـ كەنت باشلىقلىرى بىلەن بۈگۈن سائەت ئوندا ئاچىدىغان يىغىنىمىزنى تۈگىتىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا ئىشلارنى

مەسلىھەتلىشەرمىز.

ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ھەممەيلەن توغراقلار بىلەن قورشالغان ئېتىزلىققا قاراپ ماڭدى.

## شەھەردىن چىققان كادىر

سارىخان چوڭ ئانا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ ئۇدۇل مۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئىشىك ھاڭگىرقاي ئوچۇق ئىدى. ئۆي ئىچى قالايمىقان، نەرسە - كېرەكلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. سارىخان چوڭ ئانا ھەممە ئۆيلەرنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ ھويلىغا، ئېغىلغا قارىدى. ھويلا ئەتراپىنى، باغنى ئىزدىدى. مۇھەممەد ھېچ يەردە يوق ئىدى. ئانىنىڭ ئەندىشىسى كۈچەيدى. يۈرىكى ئات چاپقاندەك دۈپۈلدىدى. ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىدى، ماغدۇرسىزلاندى. بىردەمدىلا ئون ياش قېرىپ كەتتى. ئانا ھېلى ئۆيگە كىرەتتى. ھەممە ئۆينى ئاختۇراتتى. ھېلى ھويلىغا چىقاتتى، ئېغىل، سامانلىقلارغا قارايتتى. ھېلى سىرتقا چىقاتتى. ئۆينىڭ ئەتراپىنى، باغلارنى، ھەربىر تۈپ تېرەك، ھەربىر تۈپ گىياھنىڭ تۈۋىگىچە سەپسالاتتى. پەقەتلا بولدى قىلمايتتى. كىرەتتى، چىقاتتى، ئايلىناتتى. نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ھەممە ياقلارغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى. ئۆز - ئۆزىگە توختىماي پىچىرلايتتى.

مەمتىم، مېنىڭ ئوبدان مۇھەممەد بالام گەپ قىلساڭچۇ؟ سارىخان چوڭ ئاناڭنى بۇنداق ئىزدەتمە، بالام، قارىغىنا، چوڭ ئاناڭنىڭ ئىشى تۈگىدى. كەل، تېزرەك كەل، بالام. خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ياكى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك چوڭ ئاناڭنىڭ ئالدىدا پەيدا بولساڭچۇ، كۆز نۇرۇم، مۇناپىق مەخمۇت ئوغرى سېنى ئۇرۇپ نەگە ھەيدىۋەتتى؟ خۇدا شۇ مەخمۇتنىڭ جاجىسىنى بېرەر، ئىلاھىم. بۇ باغتوغراقتىن، ياق بۇ دۇنيادىن يوق قىلىۋېتەر. ئاھ، مەمتىم، كەلگۈڭ كەلمەيۋاتامدۇ، بالام.

www.uyghurkitap.com

بوپتۇ كەلگۈلۈك كەلمىسىمۇ مەن بۇ يەردە، دەپ بىر ئىغىز تۈۋلىۋەتكىن، كۆز نۇرۇم. سارەك ئانائ ھازىرلا قېشىڭغا بارىدۇ، ھەتتا جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە بولساڭمۇ بارىدۇ. ئاشۇنداق تاش يۈرەك مەخمۇتبايلار قوغلاپ كەتسۇن، ئىگەكىم. بۆشۈكىنى تەۋرەتكىنىمگە، پوق ـ سۈيدۈكىنى ئادالاپ، زاكىسىنى يۇغىنىمغا، نان چاينىلپ بەرگىنىمگە ھەرگىز رازى ئەمەس مەن. شۇ مۇھەممەد بالامنى ئۇرغان قوللىرى قۇرۇپ كەتسۇن...

سارىخان چوڭ ئانا سۆزلەيتتى، ھويلىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگۈلەيتتى. يىغىنە ئىزدىگەندەك ئىزدەيتتى، قارغايتتى.

ـــ مۇھەممەد ئاكامنى ئىزدەملا، چوڭ ئانا؟

بېشىدىكى شاپاق دوپپىسى كىرلەشكەن، ئۈچىسىدىكى كۆڭلەك، تامبىلى نىمكەش، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ بۇ كىچىككىنە ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ، سارىخان چوڭ ئانا ئېرەنشىمىگەن ھالدا توختىدى. ئۇنىڭ ھازىر ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكۈسى، سۆزلەشكۈسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بالىنىڭ سوئالىغا سەل تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

ـــ شۇنداق، مۇھەممەد ئاكاڭنى، مېنىڭ شۇ كۆز نۇرۇم مۇھەممەد بالامنى ئىزدەۋاتىمەن، يىگىت بالام، ـــ سارىخان چوڭ ئانا بالىغا قاراپ بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. بالىغا قايتىدىن سەپسالدى. كۆڭلىگە نېمىنىدۇر پۈكتى. بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن يۈز ـ كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى، ـــ سەن كىمنىڭ بالىسى بولىسەن، يىگىت بالام؟

ـــ ئەيسا چوكىنىڭ، ـــ دېدى بالا كۆزىنى چىمىلدىتىپ.

ـــ ئەيسا چوكىنىڭ دېگىن. ھە ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئەيسا چوكىنىڭ ئۆتكەن يىلى خەتنىسىنى قىلغان بالىسى سەنمۇ؟

ـــ مەن شۇ، چوڭ ئانا، ـــ دېدى بالا سارىخان چوڭ ئانىنىڭ كۆزىنى تونۇغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ـــ سىلى شۇ چاغدا ماڭا يىگىلى بىرمۇنچە پىششىق تۇخۇم، بېشىمغا كىيگىلى بىر بادام دوپپا ئېلىپ كەلگەنىدىلە، چوڭ ئانا.

سارىخان چوڭ ئانا خۇشال بولدى. بالىنى باغرىغا باستى، سۆيدى.

— دېگىنە، قوزام، سەن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟

— ئەتىگەن قوي چىقارغانىدىم. ئۆيگە كەتكىلى بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتسام، سىلىنى كۆرۈپ قالدىم. ھەرقاچان مۇھەممەد ئاكامنى ئىزدەپ كەلدىمىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى.

— ۋاي مېنىڭ ئوماق قوزام، ئەقىللىك پاقلىنىم، — ئانا بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۈمىدلەندى، — ئېيتە، سارىخان چوڭ ئاناڭنىڭ مۇھەممەدنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى نەدىن بىلىۋالدىڭ، چىرايلىق قوزام؟

— مەن كۆرگەن، — بالا ئەمدى بىر ئاز ھودۇقۇپراق جاۋاب بەردى، — ئەتىگەن قوي ھەيدەپ كېتىۋاتسام، ئاۋۇ يولنىڭ چېتىدىكى قېرى توغراقنىڭ تۈۋىدىن مۇھەممەد ئاكامنى كۆتۈرۈپ ئېلىشتى. پىكاپقا سېلىپ ئەكەتتى.

سارىخان چوڭ ئانىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشتى. كاللىسىدىكى نۇرغۇن سوئالنىڭ جاۋابىنى تېزرەك بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىدى.

— كىم؟ مۇھەممەد ئاكاڭنى كىم ئەكەتتى، بالام؟ راستلا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟

— ھازىر تېخى خېلىچىخان ئاچام بىلەن مەسۇم ئاكام مۇھەممەت ئاكامنى كېچىدىن پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇرۇپتۇ. ھېسامىدىن ئىمام قارغاپتىكەن دەيدىغۇ، چوڭ ئانا؟

— شۇنداق، پەرىشتىلەر ئۇرۇپتۇ، — ئانا ئالدىرايتتى، تەقەززا بولاتتى، — سەن چاققانراق گەپ قىلە، بالام. مۇھەممەد ئاكاڭنى قايسى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى؟

بالا بەخىرامان سوئال سورايتتى. قارىقاتتەك سەبىي كۆزلىرى بىلەن مومايغا قارايتتى.

— پەرىشتىلەر ئەسكىمۇ، چوڭ ئانا؟ نېمىشقا مۇھەممەد ئاكامنى ئۇردىۇ؟ مەھەللىدىكى باللار مېنى بوزەك ئەتسە،

مۇھەممەد ئاكام دائىم ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. بىر كۈنى سەمەت ئېشەك كامالىكىمنى تارتىۋالغاندا مۇھەممەد ئاكام ئېخى ماڭا بىر كامالەك ياساپ بەرگەنىدى.

ئانا تولىمۇ تىت ـ تىت بولدى، غەزەپلەندى.

— پەرىشتىلەر... قۇرۇسۇن ھېسامىدىن غوجا دېگەن ئېشەك... ماڭا قارا، چىرايلىق بالام. مۇھەممەد ئاكاڭنى كىم ئەكەتتى؟ تېزرەك دەپ بەرسەڭ، مۇھەممەد ئاكاڭ كەلگەندە ساڭا كامالەكتىن بەشنى، خالىساڭ ئونىنى ياساتقۇزۇپ بېرىمەن، چىققىنا قۇشقاچ، ياۋا توشقانلارنى ئېتىپ ئوينايسەن. دېگىنە، مۇھەممەد ئاكاڭنى كىم ئەكەتتى؟

— راستىما؟ ماڭا راستىلا بەش دانە كامالەك ياساتقۇزۇپ بېرەمسىز؟ — بالىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى.

— راست، چوقۇم ياساتقۇزۇپ بېرىمەن، بالام، قېنى چاققان دېگىنە، مۇھەممەد ئاكاڭنى كىم ئەكەتتى؟

— تونۇمايمەن، چوڭ ئانا.

بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئانا لەسسىدىلا بولۇپ قالدى. ئۈمىدسىزلىك بىلەن بالىغا قارىدى. بالا بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزلىدى:

— مەن ئۇلارنى يىراقتىن كۆردۈم. مۇھەممەد ئاكامنى كۆتۈرۈپ پىكاپقا سالدى. پىكاپ كەتتى. قالغان ئاكىلار ئېتىزلىقلارنىڭ ئىچى بىلەن كېتىپ قېلىشتى.

— ئۇ ئاكىلارنىڭ تەق ـ تۇرقى قانداقراق ئىكەن بالام، دەپ بېرەلەمسەن؟

— ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى، — بالا خېلى ئۇزاق باش قاتۇرغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى، — ھەممىسى كادىرغا، شەھەردىن چىققان كادىرغا ئوخشايدىكەن.

— قايسى تەرەپكە كېتىشتى؟

— بازار تەرەپكە.

سارىخان چوڭ ئانا بالىنىڭ جاۋابى تۈگەش بىلەن ئۇدۇل

يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. شەھەردىن چىققان كادىرلار مۇھەممەد بالامنى ئېلىپ كېتىپتۇ. پىكاپقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى پىيادە مېڭىپتۇ، ھازىر كادىرلار نېمىدېگەن ياخشى ــ ھە! ھەممىسى ئالتۇندەك، دەرھال بارىمەن. ئاشۇ كادىر باللىرىمدىن مۇھەممەد بالامنى سورايمەن. ئاشۇ كادىر باللىرىمغا مېنىڭ بۇ قېرى جېنىم قۇربان بولسۇن، خەپ مەخمۇتباي، ئاشۇ كادىر باللىرىمغا دەپ، تانابىڭنى قىرىق گەز تارتقۇزمايدىغان بولسام. يالۋۇرغۇزۇپ، ئاياغلىرىمنى سۆيدۇرمىسەم قاراپ تۇر، ئىسسىت، سېنىڭ كادىر بولۇپ قالغىنىڭ. ھۆكۈمەت سەندەك ئادەمنىمۇ ئىشتىنىپ كادىر قىپتىكەن. پەيلىڭ نېمىدېگەن يامان. خۇددى بۆرۈنىڭ زومگەر تالىپ بايدەك. ھۇ گۆرىگە سۇ كىرىپ كەتكۇر!

## باغتوغراق شادلاندى

باغتوغراق تەۋرەندى. ئېگىز ــ ئېگىز قوم دۆڭلەر، مىڭ يىللىق قېرى توغراقلار، بوۋاي، مومايلار، ياشلار، باللار... ئىشقىلىپ، پۈتكۈل باغتوغراق خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بىر ــ بىرىگە قارىشاتتى، ئويلىناتتى، خىيال سۈرۈشەتتى. چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، تاتلىق خىيال سۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇدا ئىدى.

ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى توختى مۇھەممەد باغتوغراققا كەلگەنىدى. لېكىن، پۈتكۈل باغتوغراقنىڭ شادلىق ۋە ھەيرانلىق ئارىلاشقان خۇشاللىقى بۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. مۇشۇ سەككىز ــ ئون يىلدىن بېرى باغتوغراققا ھاكىملار ئەمەس، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشلىقلارمۇ كەلگەنىدى. باغتوغراق زېمىنىدىن يىلىغا نەچچە ئون قېتىملاپ پىكاپلار ئۆتۈپ تۇراتتى. خالىسا باغتوغراقتا توختايتتى. كەنت باشلىقلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، سېمىز پاقلان گۆشلىرىنى،

سەرخىل مېۋىلەرنى يېيىشەتتى ـ دە، يەنە پىكاپىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ قالاتتى. باغتوغراقلىقلار بولسا ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا كېلىپ، قايسى ۋاقىتتا كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىلا ئاڭلايتتى. ئۇلارنى نېرىدىن، پىكاپلىرىنىڭ كۆزنەكلىرىدىن غىل ـ پاللا كۆرۈشەتتى. ئاشۇ دۆلەتمەن كاتتا كىشىلەرنىڭ توپا تۇزۇتۇپ غايىب بولغان پىكاپلىرىنىڭ كەينىدىن ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. ئۇششاق باللار پىكاپنىڭ كەينىدىن خېلى بىر يەرگىچە چاڭ ـ توزانلارنىڭ ئارىسىدا چۇرقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ قالاتتى. شۇڭلاشقىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا باغتوغراقلىقلارنى، يۇقىرىدىن باشلىق كەپتۇ دېگەن خەۋەر پالانچىنىڭ ئۆيىگە پوكۇنى يەردىن مېھمان كەپتۇ، دېگەن خەۋەرچىلىكمۇ قىزىقتۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئىككى كۈندىن بېرى باغتوغراقلىقلارنىڭ بۇ ئادىتى تۇساتتىن ئۆزگەردى. چۈنكى، ھاكىم باغتوغراققا كەلگەن، كەلگەنلا ئەمەس، ئېتىزلىققا چىقىپ، باغتوغراق زېمىنىدا كەتمەن چاپقان، باغتوغراقلىقلار بىلەن مۇڭداشقان، قېتىققا زاغرا تۇگۈرۈپ بىللە يېيىشكەنىدى. شۇڭا، باغتوغراقلىقلار بىر يەرگە كەلسىلا شۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى، تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى.

— توۋا، ھاكىمنىڭ شۇنداقلىرىمۇ بولىدىكەن.

— خۇددى خىزىر دەك.

— كەتمەن چېپىشلىرىچۇ تېخى.

— بەئەينى ئوتتۇز يىللىق دېھقانغا ئوخشايدۇ.

— ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان باشلىققا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن.

— بىلەمسىلەر، ھاكىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىزگە ئوخشاش دېھقان ئىمىش.

— شۇڭا دېھقانغا ئامراق ئىكەن ـ دە.

— ھەي ئىسىت. باشلىق بولغانلارنىڭ ھەممىسى دېھقاننىڭ باللىرى بولۇپ قالسىچۇ.

www.uyghurkitap.com

— يېزا باشلىقى سايىم كېپەكنىڭ ئۇرۇق ـ ئەجدادىدىن تارتىپ دېھقان خەق بولغاچقا، بىر ئوبدان دەردى ـ ھالىمىزغا يېتىدىغۇ؟

— شۇ مۇھەممەدنىڭ كېۋىزىنىڭ ھەممىسىنى ھاكىم بىلەن يېزا باشلىقى تېرىپ چىقتى.

— خۇدايا توۋا، بىر ئادەمنى شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ، بىچارە مۇھەممەدنىڭ قولى بىلەن ئىككى تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

— ھەي، شۇ كەنت باشلىقى مەخمۇتنىزە...

— بۇ جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. ھۆكۈمەت بار، پارتىيە بار، قانۇن بار. يېتىم ـ يېسىرلارنى يۆلەيدىغان ئادەم بار.

— توختى ھاكىم قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، مەن بۇ ناھىيەگە ھاكىم بولۇپلا تۇرىدىكەنمەن، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خەلق بەرگەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بوزەك ئېتىشىگە يول قويمايمەن. بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، كەنت باشلىقى مەخمۇتتەك كادىرلاردىن قانچىسى بولسا، ھەممىسىنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلايمەن. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، پارتىيە خەلقنىڭ پارتىيەسى. كىمدىكىم پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىدىكەن، قاتتىق چارە كۆرۈش كېرەك، دەپتۇ. يەنە تېخى مەخمۇتتەك ئادەملەرنىڭ كەنت باشلىقى بولۇش سالاھىيىتى يوق، دەپتۇ.

— ۋاي بۇ ھاكىم پەرىشتىمۇ نېمە؟ ساپلا قەلبىمىزدىكى گەپنى تېپىپ دەپتۇيا.

— سارىخان ئانا ھاكىمغا ئەرز قىپتۇ، مەخمۇتنى كەنت باشلىقلىقىدىن چاققانراق ئېلىۋەتمىسەك بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، ئۇ زومىگەرلىكتە تالىپ بايدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى دەپتۇ.

— شۇ سارىخان چوڭ ئانامنىڭ تېنىنى خۇدا سالامەت

قىلىسۇن.

— ھاكىم تېخى دىندىن پايدىلىنىپ، خەلققە خالىغانچە سىلىق سالغان دەپ ھېسابلىمىدىن غوجامنىمۇ تاقىلاپتۇ.

— ۋاي، ئەجەب ئوبدان بوپتۇ.

كىشىلەر دېيىشىۋاتقان بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي راست ئىدى. توختى ھاكىم باغتوغراقتا بارى ـ يوقى ئىككى كۈنلا تۇردى. مۇھەممەدنىڭ كېۋىزىنى تېرىدى. باغتوغراقلىقلار بىلەن ئىتتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. باغتوغراقلىقلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئاڭلىدى. تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتىنى چۈشەندۈردى. دېھقانلارنى ھېچنېمىدىن قورقماي يەرگە كۆپرەك مەبلەغ سېلىشقا، بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشقا ئۈندىدى. نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى يوقلىدى. كەنت باشلىقىغۇچ مەكتىپكە بېرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سورىدى. باغتوغراقلىقلار ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي رازى بولدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، سارىخان چوڭ ئانا، سايىم كېپەك ۋە ھۆرنىقىزلارنى ئېلىپ، شەھەرگە مۇھەممەدنى كۆرگىلى كىردى.

ئۇلار دوختۇرخانىغا كىرگەندە بىلىكى داكا بىلەن تېڭىلغان مۇھەممەد ئازادە ياتاقتا خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇ ھاكىمنى كۆرۈپ تېڭىرقىدى. سارىخان چوڭ ئانىنى، سايىم كېپەكنى، ھۆرنىقىزنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— بىچارە بالام، كۆز نۇرۇم، مەمتىم، — دەپ كۆز يېشى قىلدى سارىخان چوڭ ئانا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ. ھۆرنىقىز بولسا ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى، كۆزلىرى بىلەن يىگىتنىڭ باش ـ كۆزىگە سۆيەتتى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى سايىم كېپەك مۇھەممەدنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، — دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىقساڭلا ئۆزۈم باش بولۇپ تويۇڭنى قىلىپ بېرىمەن. توي خېتىنى سېنى

ئۇرغانلار كۆيدۇرۇۋېتىپتىكەن، يىغلاپ ئېلىپ قويدۇم. سەن دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى پۈتكۈل باغتوغراقلىقلار تۇي ئوينايدۇ.

مۇھەممەد يېزا باشلىقىغا مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى. كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى. ھۆرنىقىزغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— تويلۇق... ھازىرچە تۇرۇپ تۇرايلى. كۆزلۈك كېۋەزنى سېتىپ...

— بولدى، سۆزلىمەڭ مۇھەممەد، — ھۆرنىقىز قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى، — ماڭا ھېچقانداق زىبۇ - زىننەت، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ كېرىكى يوق. سىز ساقايسىڭىزلا بولدى.

ھۆرنىقىزنىڭ مەردانە سۆزلىرى ھەممەيلەننى ھاياجانلاندۇردى. سارىخان چوڭ ئانا يۈگۈرۈپ كېلىپ ھۆرنىقىزنى قۇچاقلىۋالدى.

بىر ئايدىن كېيىن باغتوغراق كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزدى. تويغا ھاكىم، يېزا باشلىقىمۇ قاتناشتى. باغتوغراقنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ياش يىگىتلەرنىڭ قاتارىدا مۇھەممەدنىڭ بېلىگە تاۋار پوتا باغلىدى. باغتوغراقلىقلار پۈتۈن بىر كېچە مەشرەپ ئويناپ چىقتى. ھەممەيلەن خۇشال بولدى. سارىخان چوڭ ئانا ئۇسسۇل ئوينايتتى، كۈلەتتى...

## خاتىمە

ئامىنە خانىم سارىخان چوڭ ئانا بىلەن مۇھەممەدنى مېھمانخانىغا باشلاپ ئالدىغا داستىخان سالدى.

— قېنى چايغا باقسىلا، چوڭ ئانا.

سارىخان چوڭ ئانا مۇزدەك سوغۇق چايدىن راھەتلىنىپ ئىككى پىيالە ئىچىۋەتتى. ئامىنە خانىم پەرىشتىدەك پاكىز قېرىغان موماينىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىغا، چۆرىسىگە ئۇششاق قورۇقلار چۈشكەن، مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان

كۆزلىرىگە قارايتتى. ئۇ موماينىڭ پىيالىسىگە ئۈچىنچى قېتىم چاي جىقلىۋېتىپ ئەدەپ بىلەن سورىدى:

— ئۆزلىرى باغتوغراقتىكى سارىخان چوڭ ئانىمىز بولامىلا؟

— شۇنداق، قىزىم، — دېدى سارىخان چوڭ ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن قېتىم مۇھەممەد بالامنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كىرگەندە، توختى ھاكىم بالام، ئۆيگە بارىلى، دەپ تۇتۇۋالغانىدى، كېيىن تېرىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالغاچقا، ئۆزرە قويغانىدىم. مۇھەممەد بالام بىلەن ھۆرىقىزىمىنىڭ تويىغا ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپتە مۇھىم ئىشلىرى چىقىپ قېلىپ چىقالماي قالغانلىرىنى توختى ھاكىم بالامدىن ئاڭلىدىم. مانا خۇدايىم دىدار كۆرۈشۈشكە بۇگۈن نېسىپ قىپتۇ.

— رەھمەت، ئانا، كۆپ ئاۋارە بوپىلا، — دېدى ئامىنە خانىم خىجىللىق بىلەن، — ئەسلىدە ئالدىلىرىغا ئۆزۈم چىقىپ باشلاپ ئەكەلسەم ياخشى بولاتتى. خىزمەت بىلەن بولۇپ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ھەر نېمە بولسا ئۆزلىرى كەپلا. شۇنىڭغا ئالدىلىرىدا تولىمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىم. ھۆكۈمەت ئىشىنى ئۆز ۋاقتىدا قىلمىسا بولمايدۇ.

— ھۆرىقىز كىرمەپتىغۇ، چوڭ ئانا؟

— ھەي... شۇ قىزىممۇ سىلىگە ئوخشاش مۇئەللىمچىلىك قىلىدۇ، قىزىم. ئەتىگەن بىللە ماڭايلى، دېسەم، ئىككىگىلار ئالدىدا مېڭىۋېرىڭلار، مېنىڭ چۈشتىن بۇرۇن ئۆتىدىغان ئىككى سائەتلىك دەرسىم بار، دەرسىمنى ئۆتۈۋېتىپلا كەينىڭلاردىن كىرىمەن، دېگەنىدى، ھېلىغىچە كېلىۋاتىدىغاندۇ، — ئانا سۆزلىگەچ ئىشىككە قاراپ خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىۋەتتى، — ئەنە ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى. ۋاي تېخى توختى ھاكىم بالامۇ بار ئىكەن.

سارىخان چوڭ ئانىنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە ئىشىكتىن ئاۋۋال ھۆرىقىز، ئاندىن توختى ھاكىم كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ

بىلەن ئۆي ئىچى يەنە قايتىدىن جانلاندى. ئامىنە خانىم ھۆرىقىز بىلەن ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، پىيالىگە چاي قۇيۇپ قويۇپ، تاماق ئېتىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

— ئىككىڭلار نەدە ئۇچرىشىپ قالدىڭلار، بالىلىرىم؟ — دېدى سارىخان چوڭ ئانا توختى ھاكىم بىلەن ھۆرىقىزغا قاراپ.

— يولدا، — دېدى ئىككىيلەن تەڭلا.

يېرىم سائەت ئۆتمەيلا ئامىنە خانىم بىر قاچىدىن تاشلىغان سۇيۇقئاش ئېلىپ كىردى. ئۇلار تاماق يېگەچ قىزغىن پاراڭلاشتى. سارىخان چوڭ ئانىنىڭ گەپلىرى تۈگىمەيتتى. باغتوغراقلىقلارنىڭ شادلىقىنى سۆزلەپ ھارمايتتى. ئۇ بىردەمدىلا ئامىنە خانىمنىمۇ «سىلى» دېيىشتىن «سەن» لەشكە ئۆتتى. ئامىنە خانىم سارىخان چوڭ ئانىنىڭ شۇنچە تېتىك، جۇشقۇن، مۇڭداشقاق، خۇش چاقچاقلىقىغا ھەيران قالدى.

— بۇ يىل قانچە ياشقا كىرگەنلا، چوڭ ئانا؟ — دېدى ئۇ ئەدەپ بىلەن.

— بۇ يىل... — ئانا بىرھازا تورۇسقا قاراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى، — يېشىمنى تۈزۈك ھېسابلىيالمايمەن. ئىشقىلىپ، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە قىرىق ياشتىن ئاشقانلىقىم ئېسىمدە.

— ئۇنداقتا سەكسەن ياشتىن ئېشىپتىلا، چوڭ ئانا، — دېدى ئامىنە خانىم تېزلا ھېسابلاپ، — توۋا، تۇرقىلىرىغا قارىغان ئادەم سىلىنى سەكسەن ياشقا كىردى دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، ئاۋازلىرىنى، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم سىلىنى چوقۇم قىرىق ياشقا كىرگەنمىكىن دەپ قالىدۇ، ساغلام تۇرۇپلا، ئانا.

— ئەمىسە يۈز ياشقا كىرىپتۇ دەپ قالسا بولامتى، قىزىم، — دېدى سارىخان چوڭ ئانا شوخلۇق بىلەن، — تالىپ باينىڭ قورۇسىدا ئاش ئېتىپ، نان يېقىپ، يۇندىپۇرۇشلۇقىنى قىلغان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى خۇددى سەكسەن ـ توقسان ياشقا كىرىپ قالغان مومايدەك سېزەتتىم.

— ھە، ئېمىشقا بوۋاي يوقكىن دېسەم، شۇڭا ئەرگە تەگمەي ئولتۇرۇۋېتىپكەنسىز ـ دە، چوڭ ئانا، — دېدى ھۆرنىسز شوخلۇق بىلەن.

— ئاھاي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەنكىن؟ — دېدى ئانا ھۆرنىسزغا يالغاندىن ئاچچىقلانغان بولۇپ، — مانا ھازىر ياشىرىۋاتىمەن، سەكسەن ياشتىن ئاشقىنىمغا پەقەتلا تەن بەرگۈم كەلمەيدۇ.

— ئىم، ئەتە قوپۇپ ئەرگە تېگىمەن دەپ تۇرۇۋالماڭ ئەمدى.

ھۆرنىسزنىڭ چاقچاق قىلىپ ئېيتقان بۇ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. سارىخان چوڭ ئانىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، خۇشاللىق كۆز ياشلىرىنى لېچەكنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

— سەن شاخشاق بار يەردىغۇ گەپكە گەپ قولاشمايدۇ، — دېدى ئانا ھۆرنىسزنىڭ پېشانىسىدىن نوقۇپ تۇرۇپ، — يېڭى زامان، ياخشى كۈنلەر بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلدى. مانا مەن ھازىر باغتوغراقتىكى مىڭ ياشقا كىرىپ تۇرۇپمۇ بىخ چىقىرىۋاتقان توغراقلاردەك ياشىرىۋاتىمەن. توختى ھاكىمدەك بالام بار. شۇڭلاشقا، ھېچنېمىدىن غېمىم يوق. زامان مۇشۇنداق باياشات، مەمۇرچىلىق بولىدىغان بولسا، سارىخان چوڭ ئانىڭلار مەڭگۈ مۇشۇنداق ياش تۇرىدۇ. يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ھەممىڭلار مېنى چوڭ ئانا دەپ چاقىرماي، سارىگۈل، دەپ چاقىرامسىلەر تېخى. مانا، يۈرىكىم كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىۋاتىدۇ.

ئانىنىڭ مەغرۇر سۆزلىرى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇ كۈلكىلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ ياش قىزلارنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق كۈلكىسى باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سۆيگۈ قىرىمايدۇ

مۇھەببەت — ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان يۈرەك جەۋھىرى.

— ئابدۇللا قادىرى

## مۇقەددىمە

ھاياتتا ئىنسان بېشىغا بەختسىزلىكلەرنىڭ قاتمۇقات كېلىۋېرىشىگە سەنمۇ ئىشەنمەيتتىڭ. چۈنكى، سەن ئىنسان ھەرقانچە بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولسىمۇ ھامىنى بىر كۈنى ئاشۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى بەخت، شادلىق ئىگىلەپ، ئۆزى كۈتكەن، تەلپۈنگەن ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يېتىدۇ؛ ھاياتلىق ئالىمىدە ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بەخت بىلەن بەختسىزلىك مەڭگۈ مۇتلەق بولمايدۇ، بەلكى نىسپىي بولىدۇ. بەخت بىلەن بەختسىزلىك بىرسىنىڭ ئورنىنى بىرسى ئىگىلەپ، ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايتتىڭ.

سەن قاتمۇقات بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرۇپمۇ يۇقىرىدىكى كۆزقاراشلىرىڭدىن بىر ئازمۇ گۇمانلانمىدىڭ.

سەن تەتۈر قاينام بولۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالغان ئادەمدەك، كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ ھەيۋەتلىك ئېقىنىنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭنى ھاياتلىق، بەخت قىرغىقىغا ئاچىقالماي چۆرگۈلەپلا قالغانىدىڭ. سەن تەتۈر قاينام ئىچىدىكى بۇ بەختسىزلىكنىڭ چاڭگىلىدىن

قۇتۇلۇپ، بەخت قىرغىقىغا چىقىش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈڭنى، ئەقىل - ئىدراكىڭنى ئىشقا سېلىپ تىرىشاتتىڭ، تىرمىشاتتىڭ، ئەمما ھەيۋەتلىك تەتۈر قايىنام بولسا سېنى ئۆز قوينىغا — بەختسىزلىك ئىچىگە سۆرەيتتى، چۆرگۈلەتتى، قىينايتتى... سەن ئاشۇ رەھىمسىز تەتۈر قايىنام بىلەن ئېلىشاتتىڭ، تىركىشەتتىڭ، ھاياتلىق قىرغىقىغا، بەخت قىرغىقىغا تەلپۈنەتتىڭ. ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمايتتىڭ. چۈنكى، سەن ھامان بىر كۈنى بۇ تەتۈر قايىنامدىن قۇتۇلۇپ، ھاياتلىق، بەخت قىرغىقىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىڭ.

1

سەن ئىككى بالىغا دادا بولغان ۋاقتىڭدىمۇ رازىيەنى پەقەتلا ئېسىڭدىن چىقىرالمىدىڭ، كېچىلىرى ئايالىڭنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا ئۇخلاۋېتىپمۇ رازىيەنى چۈشەيتتىڭ. تەڭ كېچىلەردە ئويغىنىپ كەتسەڭ، رازىيە بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتىڭ. ئەنە ئاشۇنداق ئۇيقۇسىز كېچىلەردە ھېچنېمىنى تۇيماي يەڭگىل پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئايالىڭنىڭ دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كۆرۈنگەن ئومىاق چېھرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ تۈگىمەس شېرىن خىياللارغا، ئەزگۈ ھېسلارغا ئەسىر بولاتتىڭ. ئايالىڭنىڭ ناگان - ناگاندا ئۇيقۇلۇق جۆيلۈشلىرى تەسىرىدىن خىياللىرىڭ ئۈزۈلۈپ قالغاندا، ئون يىل بىر ياستۇققا باش قويۇپمۇ يۈرىكىڭدىن ھەقىقىي ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان گۈزەل، بىچارە ئايالىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتىڭ، ھېسداشلىق قىلاتتىڭ. شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بىر ئۆيدە ياشاپ، بىر ياستۇققا باش قويۇپمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرەلمىگەنلىكىڭ، ھەقىقىي ئەرلىك ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان مېھىر - مۇھەببىتىڭنى تەقدىم قىلالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى

ئەيىبلەيتتىڭ. لېكىن، زىبا قامىتىنى تۇتقىلى، بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن توم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى بولمايدىغان، ئەمما كۆزۈڭگە داۋاملىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان رازىيەنىڭ سىيماسى ئايالىڭنى ياخشى كۆرۈشۈڭگە، كۆڭۈل بېرىشىڭگە يول قويمايتتى. قەلب قەسرىڭنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ ئايالىڭنىڭ ئۇ مۇقەددەس جايدىن ئورۇن ئېلىشىغا يول قويمايتتى. سەن ئاشۇ زىبا قامىتىنى تۇتقىلى بولمايدىغان، كۆكرىكىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان بىر تال توم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى بولمايدىغان سىيماغا قاراپ تۈنى تاڭغا ئۇلايتتىڭ.

مانا بۈگۈنمۇ سەن ئاۋۋال ئاخشامدىن تارتىپ شېرىن خىياللار، تۈگىمەس ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇدۇڭ. بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋالقى ۋاقىتنى؛ يىگىرمە ئۈچ ياش ۋاقتىڭدا سەندىن ئون ياش چوڭ بولغان گۈزەل چوكان رازىيەنى ۋە ئۇنىڭ ئىشقىدا رىيازەت چەككەن كۈنلەرنى ئەسلىدىڭ. ئاشۇ دەم شېرىن، دەم ئاچچىق، دەم گۈزەل، دەم ئازابلىق كارتىنىلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىڭدىن ئۆتكۈزدۈڭ. شۇ ۋاقىتتا تۈن تەڭ بولغانلىقىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەيتتىڭ. بىر جۈپ كۆزۈڭ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر يەڭگىل پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقان ئايالىڭ بىلەن ئىككى بالاڭدا بولغىنى بىلەن پۈتكۈل پىكىر ـ خىيالىڭ رازىيەدە، قەلب قەسرىڭنىڭ ئاشۇ يېگانە ئىگىسىدە ئىدى.

سەن شۇ ئىسكەتتە خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ ـ دە، ھەردائىم قۇلۇپ سېلىنىپ تۇرىدىغان، ئاچقۇچنى يېنىڭدىن پەقەتلا ئايرىمايدىغان ئىشكاپ تارتمىسىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، خاتىرە بېتىگە قىستۇرۇلغان تۆت سۇڭ چوڭلۇقتىكى بىر پارچە سۈرەتنى قولۇڭغا ئالدىڭ. سۈرەتتىكى ئايالنىڭ قويۇق كىرپىكلىرىگە، ساڭا نېمىلەرنىدۇر ئۇقتۇرماقچى بولغاندەك تەلمۈرۈپ تۇرغان يوغان، دۈگىلەك كۆزلىرىگە، سىزىپ



www.uyghurkitap.com

قويغاندەك ئىنچىكە قىشىغا، خۇددى ئۇستا ھەيكەلتىراش چىرايىغا پار كەلتۈرۈش ئۈچۈن يونۇپ ياساپ قويغاندەك چىرايلىق قاڭشارىغا، ساڭا تەييارلاپ قويغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزىنى ھازىرلا تۆكۈپ تاشلايدىغاندەك يېرىم يۇمۇلغان لەۋلىرىگە، كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان توم ئۆرۈمە چېچىغا تولۇن ئاينىڭ دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇرىدا تەلمۈرۈپ قارىدىڭ. ئىختىيارسىز ھالدا لېۋىڭگە ئەسەبىيلەرچە باستىڭ. كۆزۈڭگە سۈرتتۈڭ. يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدۈڭ. شۇ ھامان كۆز ئالدىڭدا سۈرەتتىكى چوكان چوڭىيىپ گۈزەل بىر سىيماغا ئايلاندى. سەن بۇ سىيماغا سېغىنىش، ئىنتىزارلىق، تەشنالىق ئىلكىدە تەلمۈردۈڭ. گەرچە بۇ سىيمانى باغرىڭغا بېسىش، قۇچاقلاش، كۆكرىكى ئۈستىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان توم ئۆرۈمە چېچىنى ئالىقانلىرىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، بارماقلىرىڭغا يۆگەش ئۈچۈن سەل - پەللا ھەرىكەتلەنسەڭ، مىدىرلىساڭ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كۆزۈڭدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسەڭمۇ، لېكىن كۈچ - قۇدرىتىڭنى يىغىپ، ئۈمىد - ئىشەنچىڭنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ئالدىڭدا — سەندىن پەقەت يېرىم مېتىرلا يىراقلىقتا تەلمۈرۈپ تۇرغان سىيماغا تاشلاندىڭ. بىر تال توم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىنىڭدا، بۇ سىيمانىڭ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر غايىب بولۇپ كەتمىگەنلىكىدىن ھەيران قالدىڭ. لېكىن، سەن بۇ مۆجىزىدىن ئۇشۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرمىدىڭ. ھاياجان ۋە بەختتىن كۆزۈڭ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە يېرىم يۇمۇلغانىدى. سەن بۇ گۈزەل سىيمانىڭ چوغدەك لەۋلىرىگە چوغدەك لېۋىڭنى ياقتىڭ، قويۇق كىرپىكلىرىگە، گۈزەل، يارىشىملىق قاڭشارىغا، ئالمىدەك مەڭزىگە قانماي سۆيدۈڭ... تومۇرۇڭدا قىيان ياساۋاتقان بىر شېرىنلىكنىڭ سىرتقا ياۋايىلىق بىلەن ئۇقچۇپ ئېقىشىدىن مەست بولدۇڭ. ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇڭ.

— ئاستىراق... باللار ئويغىنىپ كەتمىسۇن يەنە...

سەن بۇ تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ ئېسىڭنى يىغدىڭ. كۆزۈڭنى

يوغان ئاچتىڭ. باغرىڭدا ئېرىپ ياتقان ئۇز ئايالىڭنى كۆرگىنىڭدە ئاتەشتەك تېنىڭ مۇزلاشقا باشلىدى. سەن تېنىڭگە مەھكەم گىرە سېلىنغان ئايالىڭنىڭ نازۇك، يۇمشاق بىلەكلىرىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ ئاجرىتىۋەتمەكچى بولدۇڭ ـ يۇ، لېكىن دەرھال ئۇنداق قىلالمىدىڭ، چۈنكى سەن شۇ دەقىقىدە مەجبۇرىيىتىڭنى، مېخانىكىلىق ھالدا بولسىمۇ ئادا قىلمىشقا تېگىشلىك ئەرلىك ۋەزىپەڭنى ئېسىڭگە ئالغانىدىڭ. سەن ھېلىقى زىبا قامىتىنى تۇتقىلى، كۆكرىكىدە ئويناپ تۇرغان بىر تال تۇم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى بولمايدىغان گۈزەل سىيمانى قېشىڭدىن قوغلىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولغان، كۆزۈڭگە ئىلتىجا ئارىلاش خۇمارلىق تىكىلگەن ئايالىڭنىڭ بىچارە كۆزىگە قاراپ ۋەزىپەڭنى ئورۇنلاشتىن باش تارتىشقا ئامالسىز قالدىڭ ـ دە، مەجبۇرىي ھالدا لەۋلىرىڭنى ئايالىڭنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدۈڭ. شۇ دەقىقىدە سەن ھېلىقى گۈزەل سىيمانىڭ كۆز ئالدىڭدىن غايىب بولغىنى بىلەن ئاللىبۇرۇن قەلب قەسرىڭگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئايالىڭنىڭ يۈزىگە قارىتىپ زەرب بىلەن ياپقانلىقىنى، ئايالىڭنىڭ تىنىقىمۇ كىرەلمىگۈدەك قىلىپ مەھكەم تاقىۋالغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدىڭ. شۇ دەقىقىلەردە ئايالىڭنىڭ يۇمشاق قۇچىقىدا تۇرۇپ ئېغىر ـ ئېغىر ھاسىراشلىرىڭدىن ئېتىلىپ چىققان «رازىيە، رازىيە» دېگەن بۇ مۇقەددەس ئىسىمنى پەقەت سەن ئۆزۈڭلا ئاڭلىيالايتتىڭ.

سەن ئايالىڭ بىلەن ھېلىقى زىبا قامىتىنى تۇتقىلى، كۆكرىكىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان بىر تال تۇم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى بولمايدىغان گۈزەل سىيمانىڭ ئارىلىقىدا ياشايتتىڭ.

بىرسى پەقەت تېنىڭگىلا ئىگە بولۇپ، قېشىڭدىن يەنە بىرسىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى، يەنە بىرسى دىلخاناڭغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ يەنە بىرسىنىڭ تىنىقىنىمۇ كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن، قەلب قەسرىڭنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋالغانلىقىنى پەقەت سەنلا بىلەتتىڭ.

## 2

سەن بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭدا بىرەر قىز ساۋاقدىشىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغانلىقىڭدىن، قىز ساۋاقداشلىرىڭدىن بىرەرسىنىڭمۇ دىلخاناڭنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، قەلب قەسرىڭدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىدىن ھەيران ئىدىڭ. سەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئاتا ـ ئاناڭ، دوست ـ ئاغىنىلىرىڭنىڭ تېزرەك توي قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ، ئائىلە قۇرۇپ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈش توغرۇلۇق بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىغىنىڭدا، شۇ چاغقا كەلگۈچە بىرەر قىزنى نىشان قىلىپ تاللاپ قويمىغانلىقىڭدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىڭ. بەش يىللىق مەكتەپ ھاياتىڭدا دەرس ئۆگىنىش، بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئەتراپىڭدىكى قىز ساۋاقداشلىرىڭغا نەزەر كۆزۈڭنى سېلىپ قويمىغانلىقىڭدىن ئۆكۈندۈڭ. قەلب قەسرىڭنى چېكىشكە ئۇرۇنغان، چېكىپ باققان قىزلارغا پەرۋامۇ قىلماي يۈرگەنلىكىڭگە پۇشايمان يېدىڭ. لېكىن، سەن ئانچە كۆپ ھەسرەت چېكىپ كەتمىدىڭ، چۈنكى ھېلىھەم جەمئىيەتتىن ياخشى، ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن قىزلاردىن بىرەرسىنى ئاۋارە بولمايلا تاپالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىڭ. گەرچە سەن ئاشۇنداق ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۆزۈڭنى بەزلەپ، كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرغان بولساڭمۇ، لېكىن كېچىلىرى ياتاق ئۆيۈڭدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ، خاتىرە يېزىپ ھارغىنىڭدا يەنىلا مەكتەپ ھاياتىڭنى، سىنىپىڭدىكى ئاياللار تائىپىسىگە مەنسۇپ بولغان ئون سەككىز نەپەر قىز ساۋاقدىشىڭنى خىيال قىلاتتىڭ. ئۇلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىڭدىن ئۆتكۈزەتتىڭ. ساۋاقداشلىق ئالبومىڭنى ۋاراقلايتتىڭ. ئاشۇ ئون سەككىز نەپەر قىز ساۋاقدىشىڭنىڭ سۈرىتىگە تىكىلگىنىڭدە، نەزىرىڭ گۈلزارنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۈرىتىگە قارىماسلىقتا، نەزىرىڭنى ئۇنىڭ سۈرىتىدىن باشقا ساۋاقداشلىرىڭنىڭ سۈرىتىگە تېزرەك ئاغدۇرۇشقا تىرىشساڭمۇ، لېكىن يەنىلا كۆزۈڭنى ئۈزەلمەيتتىڭ، بىرنەچچە دەقىقە ئارتۇقراق قاراشقا مەجبۇر بولاتتىڭ. گۈلزارنىڭ ئېقى كۆپ كەلگەن يوغان بىر جۈپ كۆزىنىڭ سېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ساڭا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك تۇرغانلىقىنى ئۆزۈڭچە ھېس قىلاتتىڭ-دە، شۇ ھامان ۋۇجۇدۇڭنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولۇپ دەرھال ئالبوم ۋاراقلىرىنى ئۆرۈيتتۇڭ. ئالبومنىڭ يەنە بىر ۋارىقىغا چاپلانغان گۈلزارنىڭ تۆت سۇڭ چوڭلۇقتىكى يالغۇز چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرۈپ يۈرىكىڭ بىر دەقىقە توختاپ قالغاندەك بولاتتى. كۆزلىرىڭنى مەجبۇرىي يۇماتتىڭ، ھەسرەت بىلەن ئىچىڭگە تىناتتىڭ. بۇ چاغدا قولۇڭدىكى ئالبومنىڭ ۋاراقلىرى جىم تۇرغىنى بىلەن خىيال ئالبومىڭنىڭ ۋاراقلىرى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىشقا باشلايتتى...

شۇ كۈنى سەن قايسىبىر مەكتەپتىكى بىر يۇرتلۇق دوستلىرىڭنى يوقلاپ بېرىپ ئازراق ھاراق ئىچكەنىدىڭ. گەرچە سەن ئولتۇرۇش تارقىغۇچە خۇش چاقچاق بىلەن ياخشى كەيپىياتتا ئولتۇرغان بولساڭمۇ، لېكىن سورۇندىكى دوستلىرىڭنىڭ قىزلار ھەققىدە، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مۇھەببەتلىشىپ بىللە يۈرۈۋاتقان قىزلىرى ھەققىدە ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلىشقان پاراڭلىرى كەيپىڭنى خېلىلا ئۇچۇردى-دە، پاراڭغا ئارىلاشماي جىمجىت تۇرۇۋالدىڭ. ئۇلار سېنىڭ تېزدىنلا ئۆزگەرگەن بۇ كەيپىياتىڭنى كۆرۈپ، تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى:

— ئېزىز، جىمىپلا كەتتىڭغۇ؟

— سەنمۇ يۈرگىنىڭنىڭ پارىڭىنى سېلىپ بەرە، ئاداش.

— ياكى شۇ چاغقىچە مۇھەببەتلەشكۈدەك بىرەر قىز تاپالماي يۈرۈۋاتامسەن يا؟

— گەپ قىلە، ياكى بىرەر قىزنىڭ پەشۋاسىغا ئۇچرىدىڭمۇ؟

— كېرەك يوق، ئېزىز ئاداش، بۇنچە ھەسرەت چېكىپ كەتمە، بىرسى تەلىپىڭنى رەت قىلسا، يەنە بىرسى رەت قىلمايدۇ. قىزلاردىن بىرەرسىنى قولۇڭغا چۈشۈرۈۋېلىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بولغۇچە كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ ئۆتمەمسەن.

سەن ئۇلارنىڭ بۇ سوئاللىرىغا ئۇلارنى قايىل قىلغۇدەك بىر ئېغىز جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي خېلىلا قىينالدىڭ ـ دە، چاقچاققا پۇتلاپ قىلىنغان بۇ شاڭخولارغا چىداپ ئولتۇردۇڭ. گەرچە سەن ئۇلارغا پالانى يۇرتلۇق بىر قىز بىلەن يۈرۈۋاتىمەن، مۇھەببەتلەشكىلى مۇنچىلىك ۋاقىت بولدى، دەپ يالغان سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ شاڭخولىرىدىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلىغان بولساڭمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يالغان سۆزلىگۈڭ كەلمىدى. لېكىن، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا، ئەتىدىن قالدۇرمايلا بىرەر قىز ساۋاقدىشىڭغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ، بۇ مەمەدان دوستلىرىڭغا ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى كۆڭلۈڭگە پۈكتۈڭ. چۈنكى، سەن شۇ چاغدا بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، سىردىشىپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق يامان ئىش ئەمەسلىكىنى بارا ـ بارا ھېس قىلغانىدىڭ. ۋۇجۇدۇڭدا ئاستا ـ ئاستا يېتىلىۋاتقان فىزىيولوگىيەلىك تەلەپلەرمۇ بۇ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭغا ماسلىشىۋاتاتتى.

سەن دوستلىرىڭنىڭ كەچ بولۇپ كەتتى، قونۇپ قېلىپ ئەتە كەتكىن دەپ تۇتۇشلىرىغا قۇلاقمۇ سالماستىن يولغا چىقتىڭ. چۈنكى، سەن «ئۆگىنىش ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ دەرستە قانداقراق كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سوئال سورىماي، قىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى سوراپ يۈزۈڭنى قىزارتىپ قويغان بۇ مەمەدان دوستلىرىڭنىڭ قېشىدا قونۇپ قېلىشنى خالىمىغانىدىڭ.

سەن يول بويى ھەرخىل خىياللارنى قىلىپ ماڭدىڭ. مۇشۇ مېڭىشىڭدا مەكتەپكە بېرىپلا ئۇدۇل قىزلار ياتاق بىناسىغا كىرىپ تونۇش قىزلاردىن بىرەرسىگە قەلبىڭنى ئىزھار قىلماقچىمۇ بولدۇڭ، ئاۋۋال ياتىقىڭغا كىرىپ، ئالدىرىماي

ئولتۇرۇپ بىر پارچە سۆيگۈ مەكتۇپى يېزىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆزۈڭ مۇۋاپىق دەپ بىلگەن قىزلاردىن بىرەرسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچىمۇ بولدۇڭ. ياتاقتىكى يېقىن دوستلىرىڭدىن بىرەرسىگە كۆڭۈل سىرىڭنى بايان قىلىپ، خالىغان قىزلاردىن بىرەرسى بىلەن ئوتتۇرىڭدا يول ماڭدۇرماقچىمۇ بولدۇڭ. لېكىن، سەن مەكتەپكە كىرىپ ياتاق بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈككە كەلگەندە، يۇقىرىدىكى خىياللىرىڭنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كەچتىڭ.

سەن گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا كۆكتىكى تولۇن ئايغا ۋە ئاينىڭ ئەتراپىدىكى كۈمۈش چاچقۇلاردەك جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ساۋاقدىشىڭ گۈلزارنى كۆرگەنىدىڭ، ئاياغ شەپەڭدىن گۈلزار چۆچۈپ كەينىگە قارىدى ـ دە، سېنى كۆرۈپ خاتىرجەملىك بىلەن كۈلدى ۋە:

ــ كېچىدە بۇ ياققا كېلىپ قاپسىزغۇ، ئېزىز؟ ــ دەپ سورىدى.

سەن ئۇنىڭ سوئالىدىن بىرئاز تەمتىرىدىڭ. خۇددى بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭنى قىز ئالدىنئالا بىلىۋالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ ھودۇقتۇڭ. لېكىن، دەرھاللا ئېسىڭنى يىغىپ، ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال ئارقىلىق جاۋاب بەردىڭ:

ــ سىزمۇ بۇ كېچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟

بۇ سوئالىڭغا ئۇ بەخىرامانلا جاۋاب بەردى:

ــ يالغۇزچىلىقتا ئاي بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇم، شۇ.

قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، سەن دەرھال غەيرەتكە كەلدىڭ. كاللاڭنى تېزدىن ئىشقا سالدىڭ. كۆكرىكىڭدە ئات چاپقاندەك دۈكۈرلەۋاتقان يۈرىكىڭنى ئارامىغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردۇڭ.

ــ مەنمۇ سىزنى ھەرقاچان يالغۇزغۇ دەپ ئويلاپ، سىزگە ھەمراھ بولغاچ سىرداشقىلى ئاتايىن كېلىشىم.

دەل جايىغا تەگكۈزۈپ بەرگەن جاۋابىڭنى ئاڭلاپ قىزنىڭ خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇڭ. ۋۇجۇدۇڭدىكى ھودۇقۇشلار تاراپ ئۆزۈڭنى ئەركىن ـ ئازادە سېزىشكە باشلىدىڭ. شۇ دەقىقىدە سەن گۈلزار بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى كۆڭلۈڭدە مۇقىملاشتۇرۇپ بولغانىدىڭ.

سەن بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا گۈلزارنىڭ تانسا ئويناۋېتىپ «ئېيىز، مۇھەببەتلەشكەن قىزىڭىز يوقمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىنى بىردىنلا ئېسىڭگە ئالدىڭ ـ دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىڭ.

— گۈلزار، بىر چاغدا تانسا ئويناۋېتىپ سورىغان سوئالىڭىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

ئۇ سوئالىڭنى ئاڭلاپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، چىرايىڭغا چۈشىنىكسىز بىر خىل نەزەردە قارىدى. بۇ ۋاقىتتا سەن بىرئاز تەمتىرىگەن بولساڭمۇ يەنىلا غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ سورىدىڭ.

— گەپ قىلىڭا، گۈلزار، ئاشۇ سوئالىڭىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

سېنىڭ قايتىلاپ سورىغان بۇ سوئالىڭغا ئۇ بىرئاز خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ئۇ سوئالنىڭ ھازىر ئېسىمدە بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

سەن ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن رازى بولمىدىڭ. ھازىر ۋۇجۇدۇڭدا ئارتىنىش ـ تەمتىرەشلەرنىڭ ئىزىمۇ قالمىغانىدى. ئىچكەن ھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر قىزغا بىزەڭلىك بىلەن بېپىشىپ سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇردۇڭ.

— «نېمە ئالاقىسى» دېگەنمۇ گەپمۇ، گۈلزار، — سەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇردۇڭ، — بوپتۇ، شۇ سوئالىڭىزنى ئەمدى مەن سىزدىن

www.uyghurkitap.com

سوراي. شەرتىم شۇكى، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك. ئېيتىڭا، مۇھەببەتلىشىۋاتقان يىگىتىڭىز بارمۇ؟

سەن دەيدىغىنىڭنى دەپ بولۇپ قىزغا تەلمۈرۈپ قارىدىڭ. ئۇ بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ساڭا قىيا قارىدى ـ دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى. سەن ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتىڭ. جاۋاب كۈتەتتىڭ. ئۇنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك جاۋاب بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. سەن خېلىلا كۈتتۈڭ، ئاخىر قىزدىن ھېچبىر سادا چىقمىغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ يۇمشاق، ئىنچىكە بارماقلىرىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزۈڭگە قارىتىشقا تىرىشىپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدىڭ.

ــ ئادەمنى تولا قىينىماي جاۋاب بەرسىڭىزچۇ، گۈلزار؟

سورىغان سوئالىڭغا ئۇنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى ۋە قولىنىمۇ ئالىقانلىرىڭ ئارىسىدىن تارتىۋالماي ئىختىيارىڭغا تاپشۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر قولۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىدىڭ ـ دە، لېۋىڭنى ئۇنى قولىقىغا يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدىڭ:

ــ نېمىلا بولمىسۇن بىر گەپ قىلىڭا، گۈلزار.

ــ بۇنداق سوئالنى سوراش ھاجەتسىز، ئېزىز.

سەن ئۇنىڭ تولىمۇ تەستە، ئىنتايىن پەس ئاۋازدا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن ئۆزۈڭنى يوقىتايلا دەپ قالدىڭ. سەن ئىككى قولۇڭنىڭ ئۇنىڭ نازۇك بېلىدە، ئۇنىڭ بوستان چاچلىرىنىڭ مەيدەڭدە يېيىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزگىنىڭدە، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭغا تىزگىنلىگۈسىز بىرخىل شادلىق يامرىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، مەڭزىگە، بويىنىغا، چاچلىرىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدۈڭ. شۇ دەقىقىدە ۋۇجۇدۇڭنىڭ بىر يەرلىرى قىمىرلاشقا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەك سۈركىلىشكە ئىنتىلەتتى... ئۇ تولىمۇ تاتلىق بىر چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك جۇپلەشكەن كىرپىكلىرىنى لاپپىدە ئاچتى ـ دە، ساڭا قاراپ نەپرەتلىك چەكچەيدى.

سەن بۇ نەپرەتلىك ئاۋازدىن چۆچۈپ ئېسىڭگە كەلدىڭ ــ دە، ئۇنىڭ قويىنۇڭدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ياتاق بىناسى تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭدە، ئاي نۇرىدا يەلكىسىدە بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇرغان بوستان چاچلىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىڭ. مانا مۇشۇ قېتىمقىسى يىگىت بولغىنىڭدىن بېرى ئايال زاتىنى تۇنجى قېتىم سۆيۈشۈڭ، تۇنجى قېتىم لەززەتلىنىپ قۇچاقلىشىڭ ئىدى.

سەن بارا ــ بارا سوۋۇشقا باشلىغان لەۋلىرىڭدە يۇقۇندىسى قېلىپ قالغان شېرىنلىكلەرنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۈمۈرگىنىڭچە ياتىقىڭغا قاراپ ماڭدىڭ.

## 3

سەن ئايالىڭ بىلەن ھېلىقى زىبا قامىتىنى تۇتقىلى، بىر تال تۈم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى، بۇلۇت يارغان ئايدەك جامالىنى كۆرگىلى بولمايدىغان گۈزەل سىيمانىڭ ئارىلىقىدا ياشايتتىڭ.

سەن ساۋاقداشلىق ئالبومىڭنىڭ بەتلىرىنى مەجبۇرىي ياپالىغىنىڭ بىلەن، كۆڭۈل، خىيال ئالبومىڭنىڭ بەتلىرىنى يېپىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدىڭ. شۇڭلاشقا، سەن پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىۋاتقان كۆڭۈل ئالبومىڭنىڭ بەتلىرىگە قىستۇرۇلغان يارقىن كارتىنىلارغا قاراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىڭ.

سەن ئەتىسى ئەتىگىنى سىنىپقا چىقىپ، گۈلزارنىڭ نەپرەتلىك كۆز ئالايتىشىدىن خىلىلا تەمتىرىدىڭ. بۇنىڭدىن بۇرۇن ھەردائىم ساڭا جىلمىيىپلا قاراپ تۇرىدىغان، سەندىن گەپ تەمە قىلىدىغان، بىرەر ئېغىز گەپ سوراپ قويساڭ، ساڭا ياققۇدەك پاراڭ قىلىش ئۈچۈن دېگىلى گەپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىغان گۈلزارنىڭ بۈگۈنكى بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ بىرئاز گاڭگىرىدىڭ. سەن ئۇنىڭ ئاخشامقى شۇنچە مۇلايىم، رايىشلىقىنى ۋە ھازىرقى قىساسكارلاردەك قوپال، قەھرلىك

ئەلپازىنى كاللاڭدا خېلى ئۇزاق سىلىتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىپمۇ، ئۆزۈڭدە ئۇنى رەنجىتكۈدەك ھېچقانداق سەۋەبلىكنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىڭ ـ دە، دادىللىق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدىڭ:

ـــ نېمە بولدىڭىز، گۈلزار؟ ئەجەب بۈگۈن ئاشۇ ئۇماق كۆزلىرىڭىز ماڭا قارىسىلا لامپۇچكىدەك يېنىپ، چەكچىيىپ كېتىۋېلىۋاتىدۇ؟

ـــ ئىزا تارتىسىزچۇ، ئېزىز، سىزنىڭ ماڭا يەنە قارىغۇدەك يۈزىڭىز بارمۇ؟

سورىغان سوئالىڭغا ئۇنىڭ سىلىق، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن بەرگەن بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدىڭ. ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنچىۋالا رەنجىپ كەتكۈدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلەلمەي قىينالدىڭ. ئاخشامقى تولىمۇ تاتلىق، گۈزەل كارتىنىنى ئېسىڭگە ئېلىپ، تېخى ئەتىگەندىن بېرى يۈيۈۋېتىشكە قىيمىغان لەۋلىرىڭنى يالىدىڭ.

سەن چۈشكە يېقىن گۈلزاردىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىڭ، خەتتىكى: «سىزگە ئۇزاقتىن بېرى يوشۇرۇن كۆيگەن، ياخشى كۆرگەن گۇناھىمنىڭ جازاسىنى ناھايىتىمۇ ياخشى بەردىڭىز، سىزنىڭ بۇنچىۋالا قۇۋ، ھىيلىگەر ئىكەنلىكىڭىزنى، قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە، پاك كۆڭلىگە بۇنچىۋالا پەسكەش مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. بىلىپ قويۇڭ، ئېزىز، سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق پەسكەش قىزلاردىن ئەمەس مەن. مېنى كىمنىڭىزگە ئوخشىتىۋاتىسىز؟ بولدى. ھازىردىن باشلاپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەڭ، خۇدايىم سىزگە قورچاق قىلىپ ئوينىسىڭىزمۇ ياق دېمەيدىغان ئاررۇيىڭىزدىكىدەك قىزدىن بىرنى نېسىپ قىلار...» دېگەن قۇرلارنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ، ئاخشام گۈلزارنىڭ تۇيۇقسىزلا «قىلمىقىسىز، ياۋايى» دەپ ئاچچىقلاپ كېتىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاندىن بىلدىڭ.

سەن گۇلزارنى تېپىپ، ئاخشام ئەسلىي ئۇنداق يامان مەقسىتىڭنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇڭ ـ يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ خىيالىڭدىن تېزلا يالتايدىڭ. تېخى ئاخشام قىلغان شۇ قىلىقلىرىڭ ئۈچۈن خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەنە گۇلزاردىن رەنجىدىڭ. چۈنكى، سەن بىر قىسىم دوستلىرىڭنىڭ مۇھەببەتلەشكەن قىزلىرى بىلەن قىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم ئىشلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ئىدىڭ. «ئەجەبا دوستلىرىڭنىڭ مۇھەببەتلەشكەن قىزلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، گۇلزار شۇنچىۋالا ھايالىقمىدۇ؟» سەن ئەمدىلا مۇھەببەت دېڭىزىغا تاشلىغان سۆيگۈ قېيىقىڭنىڭ بىرقەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا كىچىككىنە دولقۇننىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈندۇڭ.

سەن شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ئوقۇش پۈتكۈزگىچە ھېچقانداق بىر قىزغا سۆيگۈ تەلىپى قويمىدىڭ. ھەرخىل ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ كاللاڭدا پەيدا بولۇشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆگىنىشكە ئۆزۈڭنى ئەسەبىيلەرچە ئۇردۇڭ. گۇلزار بىلەن نورمال ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىڭنى ساقلاشقا تىرىشتىڭ. ئاخشاملىرى كارىۋىتىڭدا يېتىپ تاتلىق خىياللار قاينىمىغا غەرق بولغىنىڭدا، تومۇرلىرىڭدا بىر شېرىن ئېقىن قىيان ياسىغاندا، بۇنداق تەلۋە تۇيغۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال قولۇڭغا كىتاب ئالدىڭ ياكى تاپشۇرۇق ئىشلىدىڭ. لېكىن، ھەر قېتىم گۇلزارغا قارىغىنىڭدا، لەۋلىرىڭنىڭ تاتلىق كۆيۈشۈشلىرىنى پەقەت سەن ئۆزۈڭلا بىلەتتىڭ.

سەن ئەمدى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىۋاتقان كۆڭۈل ئالبومىڭنىڭ بەتلىرىگە قارىمايلا قويىدۇڭ. چۈنكى، سەن ھازىر ئۇ ئەسلىمىلەرنىڭ ھېچنېمىگە يارىمايدىغانلىقىنى، گۇلزارنىڭمۇ خىزمەت تەقسىماتىنى ئۆز يۇرتىغا قىلدۇرۇپ، ساڭا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالغانلىقىنى ھېلىغىچە ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقانىدىڭ.

بىراق، بۇ ئەسلىمىلەر كۆڭۈل ئالبومىڭنىڭ بەتلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشكە، يوقىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، سەن كۆڭۈل ئالبومىڭنىڭ بەتلىرىنى يەنە يېڭىدىن گۈزەل، ئۇنتۇلماس كارتىنىلار بىلەن بېزەشكە ئالدىرايتتىڭ. ئالدىرىمىساڭمۇ بولمايتتى، چۈنكى ھازىر ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بېشىڭنى ئىككى قىلىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالغانىدى. كۆزلىرىڭ مانا ئەمدى يات جىنسلارغا دوستلىرىڭ ئالدىدا مەنمەنچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكىم ۋۇجۇدۇڭدا يېتىلىۋاتقان باشقىچە بىر ھېسسىياتىڭ تۈرتكىسىدىن تىكىلىشكە باشلىغانىدى.

سەن گەرچە خىزمەت ئورنۇڭدا كەسپداشلىرىڭنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگىنىڭ بىلەن، بەزى خىياللار دىققىتىڭنى، زېھنىڭنى چاچاتتى، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى يالغۇزچىلىقلاردىن غېرىبسىناتتىڭ. ئارامىڭ بۇزۇلاتتى. كېچىلىرى سەن ئۈچۈن ئۇيقۇ ھارام ئىدى. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىدارەڭدىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى تېخى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمىغان تونۇش قىزلارنى كۆز ئالدىڭدىن ئۆتكۈزەتتىڭ. تەنھا ئولتۇرۇپ شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلار قوينىغا شۇڭغۇيتتۇڭ. سەن بارا ـ بارا بۇ قۇرۇق ئارزۇ ـ ئارمانلاردىن زېرىكتىڭ، بىزار بولدۇڭ. سايەڭنى جۈپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدىڭ.

توپتوغرا بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىدارەڭدىكى قىزلارنى بىرمۇبىر كۆزىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پەزىلەتنى ئوۋ نىشانى قىلىپ تاللىدىڭ ـ دە، ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ يېقىنلىشىپ كۆڭلىنى ئۇتۇش ھەققىدە پىلان تۈزۈشكە كىرىشتىڭ.

پەزىلەت بىلەن قانداق يېقىنلىشىش كېرەك؟ سەن بۇ ھەقتە خېلى كۆپ باش قاتۇردۇڭ. ئۇنىڭغا خەت يازماقچى بولدۇڭ ـ يۇ، لېكىن تېزلا يالتايدىڭ. چۈنكى، سەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قېلىش، ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدىڭ. پەقەت قىزىقىش،

ئىتتىلىش نۇقتىسىدىنلا ئۇنى دىققەت مەركىزىڭگە ئالغانىدىڭ. ئۇنىڭ بىلەن شۇ چاغقىچە تۇزۇكرەك بىرەر - ئىككى ئېغىز پاراڭ سېلىشىپ باقمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنى بىراقلا كىنو - تانسىغا تەكلىپ قىلىشنى بىئەپ كۆردۇڭ. سەن ئوۋنى ئىشانغا ئېلىش ئۈچۈن ئەپلىكرەك جاي تاپالمايۋاتقان نائۇستا ئوۋچىغا ئوخشاپ قالغانىدىڭ.

سەن «ئوۋ»نىڭ ئۆز ئايىغى بىلەنلا ئالدىڭغا كېلىدىغانلىقىنى ھەرگىز خىيال قىلىپ باقمىغانىدىڭ.

— ئۆيدە ھەدە - سىڭىللىرىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ، ئېزىز؟

سەن بۇ سوئالدىن چۆچۈپ بېشىڭنى كۆتۈردۇڭ. ئالدىڭدا پەزىلەت بىر ئىستاكان چاينى تۇتۇپ ئۆرە تۇراتتى.

— يوق، ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدىڭ سەن ئەجەبلەنگەن ھالدا.

ئۇ ئەجەبلىنىش ئارىلاش بەرگەن جاۋابىڭنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى - دە، چاڭىلداپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— سىز مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئىككى قېتىم كىيىم ئالماشتۇردىڭىز، لېكىن ھەر قېتىم ئالماشتۇرغان كىيىملىرىڭىز ئوخشاشلا كىر، پۇرلەش كىيىملەر. شۇنىڭغا قاراپ ئۆيدە تۇرمۇشىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كىيىملىرىڭىزنى يۇيۇپ، دەزماللاپ بېرىدىغان بىرەرسى يوق ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم.

سەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىجىللىق بىلەن كىيىملىرىڭگە بىر قۇر نەزەر سېلىۋالدىڭ - دە، ئاستا جاۋاب بەردىڭ.

— توغرا پەرەز قىپسىز. ئانامنىڭ قولىغا جاراھەت چىقىپ قاپتىكەن. بىر ئايدىن بېرى كىر يۇيۇش تۇگۇل تاماقمۇ ئېتەلمەيۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە مەن يالغۇز بالا.

— قاراڭ سىزنى، ئەھۋال ئاشۇنداق بولغاندىكىن، مانىڭ يولى ماۋۇ ئىدى دەۋەتسىڭىز بىز يۇيۇپ بەرمەمتۇق. چۈشلۈك دەم ئېلىشتا كىيىملىرىڭىزنى ئالغاچ كېلىڭ، مەن يۇيۇپ بېرەي.

بۇنداق ۋەيرانە يۈرسىڭىز بىز نومۇس قىلىدىكەنمىز.

سەن ئۇنىڭ چاقچاق ئارىلاش قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدۇڭ. «رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ» دەيدىغان گەپلەرنى قىلمىدىڭ. كۆڭلۈڭدە ئىشلىرىڭنىڭ ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كەتكىنىگە خۇش بولدۇڭ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەزىلەت تۇرمۇشۇڭنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. ئايدىڭ كېچىلەردە زېمىنغا جۈپ سايە تاشلىيالايدىغان بولدۇڭ. زېرىكىش، ئىچ پۇشۇقى تارتىش دەيدىغان سۆزلەرنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىڭ. بىر ئۆمۈر ئەنە ئاشۇنداق ئۆتكەن بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى ــ ھە! ئەپسۇس...

سېنىڭ بۇنداق غەمسىز، بەختلىك ھايات مۇساپەڭ ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى. پەزىلەت ساڭا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانداق تېز يېقىنلىشىپ، بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىكى ھاياتىڭغا قانداق تېز شادلىق بېغىشلىغان بولسا، سەندىن يەنە شۇنداق تېزلا يىراقلىشىپ، ۋۇجۇدۇڭدىكى يېڭىدىن پەيدا بولغان شادلىق، ئازادىلىكنىڭ ئورنىغا ئىلگىرىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىقنى بەخشەندە قىلىپ قويدى.

سەن پەزىلەتكە تەلمۈرەتتىڭ، يېقىنلىشىشقا ئۇرۇناتتىڭ، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە تىرىشاتتىڭ. ئەپسۇسكى، پەزىلەت ساڭا قارىمايلا قوياتتى. سەندىن ئوۋچىدىن قاچقان توشقاندەك قاچاتتى. كۆزۈڭگە كۆرسىتىپلا باشقا يىگىتلەر بىلەن چاقچاقلىشاتتى، چاقىلداپ كۈلەتتى. بۇ كۈلكىلەر سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى تىترىتەتتى، جان ــ جېنىڭدىن ئۆتەتتى، ئازابلايتتى.

سەن ئاخىر پەزىلەتنىڭ ئالدىنى توسۇپ سورىدىڭ:

ــ سىزگە نېمە بولدى، پەزىلەت؟ ئېيتىڭا، مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ؟

ئۇ سوئالىڭغا جاۋاب بەرمەي كۆزۈڭگە مەنسىتمەسلىك، كەمسىتىش، چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇق بىلەن تىكىلدى. سەن بۇ

قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالدىڭ.

— كەچۈرۈڭ، ئېپىز، مەن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغان بولۇپ قالدىم...

— نېمىشقا؟

سەن ئۇنىڭ سۆزىنى شۇ سوئالىڭ بىلەن چورتلا كېسىپ تاشلىدىڭ. شۇ ھامان ۋۇجۇدۇڭ تىترىدى، نەپسىڭ قىسىلدى. خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان يىگىتلىك غۇرۇرۇڭ ۋۇجۇدۇڭدا غەلىيان كۆتۈرمەكتە ئىدى.

— شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ، ئېپىز؟ — ئۇ سوئالىڭغا پەرۋاسىزلىق بىلەن خۇشياقمىغان ھالدا جاۋاب بەردى، — مەن دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىكەنمەن، ئۆزۈمگە سىز دىنمۇ ئېسىل، سىزدىنمۇ باي، سىزدىنمۇ مەرتىۋىلىك خېرىدارنىڭ چىقىشىغا ئىشەنچ قىلالمىغانىكەنمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى ئەمدى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. ئەپسۇسكى، سىز ئەمدى مېنىڭ خېرىدارىم بولۇشقا يارىمايسىز.

ئۇ ساڭا كۆز ـ كۆز قىلغاندەك قولىغا يېڭىدىن سېلىۋالغان قوش ئالتۇن ئۈزۈكنى ئويناپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن ۋە قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكتىن ھەممىنى چۈشەندىڭ. تومۇرلىرىڭدىكى قان بىردىنلا يۈزۈڭگە تەپتى.

— ۋىجدانسىز ! — دېدىڭ سەن ئۇنىڭغا نەپرەتلىك ئالىيىپ.

ئۇ سېنىڭ بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ـ دە:

— بىلىپ قويۇڭ، بۇ دۇنيادا مەن ۋىجدان گادىيى بولۇپ ئۆتسەم ئۆتىمەنكى، ھەرگىز پۇل، مال ـ دۇنيا گادىيى بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمايمەن، — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

سەن ئۇنىڭ بارا ـ بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قامىتىگە قاراپ، ئورنۇڭدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىڭ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەن ھەممە نەرسىدىن بىزار بولدۇڭ. ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلەندىڭ. ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتىڭ،

www.uyghurkitap.com

خىزمەتنى قولۇڭنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەيتتىڭ ــ دە، دەردىڭنى هاراقتىن چىقارماقچى بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى قاۋاقخانىلارنى ئاخىرقى مەنزىلىڭ قىلىپ سىرتقا چاپاتتىڭ.

بۈگۈنمۇ سەن قاۋاقخانىدا ئۆزۈڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا هاراقنى تۈگىتىپ ئىچتىڭ ــ دە، غەرق مەست هالەتتە كوچىغا چىقىپ، ئېگىز ــ پەس دەسسەپ ماڭغىنىڭچە، ئاۋازىڭنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشا توۋلىدىڭ، كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتقان قايسىبىر قىزغا سۆز تاشلىدىڭ، قاش ئاتتىڭ، ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن هاقارەتلىدىڭ، كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ. سەن شۇ تۇرقىدا ئۆزۈڭنىڭ قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىڭنىمۇ بىلمەيتتىڭ. قايسى كوچىغا بۇرالما، قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭما پەقەتلا توختىمايتتىڭ. ناخشا توۋلايتتىڭ، قىزلارغا ئەپسانە چاقچاقلارنى قىلاتتىڭ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇراتتىڭ.

سېنىڭ يېڭىدىن شەكىللەنگەن، بىراۋلارغا ئارىلىششنى خالىمايدىغان، يالغۇزچىلىقنى خالايدىغان بۇ تەرسا، غەلىتە مىجەزىڭ كوچىلاردا مانا مۇشۇنداق يالغۇز تېنەپ يۈرۈشۈڭگە سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى، سەن دوستلىرىڭنىمۇ ئۆزۈڭدىن بارا ــ بارا تەزدۈرۈشكە باشلىغانىدىڭ. ئۇلارمۇ سېنى هېيت ــ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىزدىمەيدىغان، ئولتۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىشلارغا چاقىرمايدىغان بولۇشقانىدى. سەن هازىر ئايالLARنى پەقەتلا كۆزۈڭگە ئىلمايتتىڭ. ئۇلارغا پەقەت پەزىلەتنىڭ سۆزلىرى بويىچىلا باها بېرەتتىڭ. ئۇلارنى ئۆز قىممىتىنى پۇل، بايلىق بىلەن ئۆلچەيدىغانلار دەپ قارايتتىڭ. شۇڭلاشقىمۇ ئايالLAR بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۇلاردىن قىممىتىنى، باهاسىنى سورايتتىڭ. سورىغان سوئالىڭنى چۈشەنمەي ئەجەبلەنگەن، بۇنداق سوئاللارنى ئۆزىگە نىسبەتەن هاقارەت هېس قىلىپ رەنجىگەن ئاياللاردىن ئەپۇمۇ سوراپ قويمايتتىڭ. ساڭا بىرەڭلىك بىلەن يېپىشقان، ئۆزىگە تارتىمايلا باها قويغانلارغا تالاشمايلا دىگىنىنى بېرەتتىڭ.

ئايال‌لارغا بولغان بارلىق غەزەپ ـ نەپرىتىڭنى ئاشۇلاردىن ئالاتتىڭ. ئۇلارنى قىينايتتىڭ، چەيلەيتتىڭ، قىلچىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمايتتىڭ. سەن مانا مۇشۇنداق دوستسىز، ئۈلپەتسىز، سىرداشسىز يالغۇز ئۆتەتتىڭ. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بولسا بىر ئۆزۈڭلا بىلەتتىڭ.

سەن ئەنە ئاشۇنداق يېگانىلىك، يالغۇزچىلىقتا ياشايتتىڭ. بىكار ۋاقىتلىرىڭنى ھاراق ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزەتتىڭ. مەستچىلىكتە يالغۇز ئولتۇرۇپ ناخشا توۋلايتتىڭ. سەن ساراڭ بولغانىدىڭ، تەلۋە بولغانىدىڭ، سەۋدايى بولغانىدىڭ. تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇۋاتقان بۇ غەلىتە خۇيۇڭدىن ئاتا ـ ئاناڭ ۋە دوستلىرىڭنىڭ قايغۇرۇپ، ئەنسىرەپ يۈرۈشلىرىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەيتتىڭ.

سەن بۈگۈن ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپلا ئۆزۈڭنى يات بىر ئۆيدە كۆرۈپ ئەجەبلەندىڭ. ئەتراپىڭغا سەپسېلىپ بۇ ئۆينى دوستلىرىڭدىن، تونۇشلىرىڭدىن ۋە تۇغقانلىرىڭدىن قايسىبىرىنىڭ ئۆيىگە ئوخشىتىپ باقتىڭ ـ يۇ، لېكىن جەزملەشتۈرەلمىدىڭ. بۇ ئۆيگە قانداقسىغا كېلىپ قالغانلىقىڭنى، بۇ يەرگە كىمنىڭ ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى شۇنچە باش قاتۇرۇپمۇ ئويلاپ يېتەلمىدىڭ. مۇلاھىزە قىلدىڭ، لېكىن ئۆزۈڭ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىدىڭ. تۈنۈگۈنكى ئىشلىرىڭنى ئەسلەشكە تىرىشتىڭ، لېكىن كوچا دوقمۇشىدىكى قاۋاقخانىدا ئۆزۈڭ يالغۇز ھاراق ئىچكىنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدىڭ.

سەن ئويلا ـ ئويلا ئېسىڭنى يىغىپ، بۇ ناتونۇش ئۆيدە بۇنداق ئۇزۇن يېتىۋېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ ـ دە، ئورنۇڭدىن تۇرماقچى بولدۇڭ. لېكىن، شۇنداقلا مىدىرلىشىڭغا پۇت ـ قول، ئۇستىخانلىرىڭ ئاغرىپ كەتتى. سەن ئاغرىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىڭراپ تاشلىدىڭ. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئورنۇڭدىن تۇرۇشقا تىرىشتىڭ.

— مىدىرلىماڭ، جىم يېتىڭ.

سەن سەل بۇيرۇق تۇسىنى ئالغان، لېكىن تولىمۇ مېھرىبانلارچە ئېيتىلغان بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئاغرىق ئازابىدىن مەھكەم يۇمۇۋالغان كۆزلىرىڭنى ئاچتىڭ-دە، كارىۋاتنىڭ يېنىدا ساڭا مېھرىبانلارچە قاراپ تۇرغان قوي كۆزلۈك، ئاقپىشماق، قوڭۇر رەڭ چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ ئالدىغا تاشلىۋالغان ناتونۇش چوكانىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئەجەبلەندىڭ. ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان گۈزەل چېھرىگە تارتىنىش، خىجىللىق بىلەن قارىدىڭ. ئۇ قولىدىكى ئاش ئۇسۇلغان چىنىنى ساڭا تەڭلىدى.

— مەڭ، قىزىقىدا ئىچىۋېلىڭ.

سەن تولىمۇ قىينالغان ھالدا ياستۇققا يۆلىنىپ چىنىنى قولۇڭغا ئالدىڭ - يۇ، لېكىن قولۇڭ تىترەپ قوشۇقنى جايلاپ تۇتالمىدىڭ.

— ئەكېلىڭ، مەن ئىچۈرۈپ قوياي.

— ياق، سىزنى ئاۋارە قىلىپ...

سەن توخۇ گۆشى توغراپ ئېتىلگەن شوۋىگۈرۈچنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىشكە باشلىدىڭ. قېشىڭدا تاماق يېيىشىڭگە قاراپ ئولتۇرغان بۇ گۈزەل چوكانغا ئەجەبلىنىپ قارايتتىڭ. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئۇنى ئىلگىرى نەدە كۆرگەنلىكىڭنى ئەسلەپ بېقىشقا تىرىشاتتىڭ. لېكىن، سەن ئۇنى بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچ يەردە كۆرۈپ باقمىغانىدىڭ.

ئۇ سېنىڭ قاراشلىرىڭدىن بىرنېمىنى سەزگەن بولسا كېرەك، قانداقسىغا بۇ ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىڭنىڭ، بىر كېچە قونۇپ قالغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. سەن ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئاخشامقى مەستچىلىكتە ئىز قالدۇرغان كوچىلارغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدىڭ.

ئاخشام سەن شۇ ئېغىر مەستچىلىكتە ئۆيۈڭگە ماڭمىدىغان يولدىن ئاداشقانىدىڭ. سەن بېشىڭ چۆشكەن كوچىغا ئېگىز -

پەس دەسسەپ، ئاۋازىڭنى قويۇپ بىرىپ بولدى دېگۈچە ناخشا توۋلاپ، ئاخىر مۇشۇ ئۆي جايلاشقان كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە ئالدىڭدا كېتىۋاتقان قىزغا يېپىشتىڭ. قورقۇپ كەتكەن قىزنىڭ ئەنسىز توۋلىشىدىن سەن بىلەن تەڭدىمەتلىك بىر نەچچە يىگىت يېتىپ كەلدى ـ دە، نېرى ـ بېرىنى سورۇشتۇرمەيلا سېنى يېتىلاپ ئورۇشقا باشلىدى. بۇ تاياق ـ تېپەكلەردىن ئۆزۈڭنى قوغدىغۇدەك ماجالىڭ يوق ئىدى. سەن ھەربىر مۇشت، ھەربىر پەشۋاغا ئۆزۈڭنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇپ بەردىڭ، لېكىن بۇ تاياقلارغا غىڭ قىلىپمۇ قويمىدىڭ. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سېنىڭ بۇ تاياقلارنى سەزگۈدەك ھوشۇڭ يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئېشەك دۈمبالىغاندەك بۇنچىۋالا تاياقنى يەۋاتقانلىقىڭنىمۇ بىلمەيتتىڭ. ھەتتا ھېلىقىلار سېنى بولدى دېگۈچە دۈمبالاپ ھارغاندا بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيمىدىڭ. ھەممە ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان قېشىڭدىكى بۇ چوكاننىڭ ساڭا رەھمى كېلىپ، ھاياتىڭدىن خەۋپسىرەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنىمۇ سەزمىدىڭ. سەن كارىۋاتتا يېتىپ بىرنەچچە ئېغىز چۈشىنىكسىز جۆيلۈدۈڭ ـ دە، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىڭ.

سەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، نومۇسلۇق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك خىجىل بولدۇڭ. قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئارانلا رەھمەت ئېيتالىدىڭ ـ دە، ئۇنىڭ بىردەم ئارام ئېلىپ ئاندىن مېڭىڭ دەپ تۇتۇشلىرىغا ھەشقاللا ئېيتىپ كەتمەكچى بولدۇڭ.

ـــ قارالڭ، شۇنچە ئۇزاق پاراڭلىشىپتۇق، لېكىن بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى سوراپمۇ قويماپتىمىز. مېنىڭ ئىسمىم ئېزىز، سىزنىڭ ئىسمىڭىز...

ـــ ئىسمىم رازىيە، رازىيە ئاچا دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ. تىككۈچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمەن. ئاتا ـ ئانام بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەن، ھازىر ئىچىم كۆيگۈدەك ئورۇق ـ تۇغقانلىرىم

يوق. ئېرىمدىن ئاجرىشىپ تۇل ئولتۇرغىلى بەش يىل بولۇپ قالدى.

سەن ئۇنىڭدىن سوراشتىن خىجىل بولىدىغان، لېكىن بىلىۋېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان بۇ تەپسىلاتلارنى ئۇ خۇددى كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ قالغاندەك سورىمىساڭمۇ تەپسىلىي دەپ بەردى.

— رەھمەت، رازىيە (نېمە ئۈچۈندۇر رازىيە ئاچا دېگۈڭ كەلمىدى)، سىزنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم، سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىزدەپ تۇرسام باشقا پىكرىڭىز يوقتۇ؟

— كېلىۋېرىڭ، ئىشىكىم ھەرقاچان سىز ئۈچۈن ئوچۇق، لېكىن بىرلا شەرتىم بار، ھاراق ئىچكەن ۋاقتىڭىزدا كەلگۈچى بولماڭ.

سەن رازىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشىغا رازىمەنلىك بىلەن بېشىڭنى لىڭشىتتىڭ. ھازىر ۋۇجۇدۇڭدىكى ئاغرىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدىڭ. ئۆزۈڭنى پەيدەك يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىڭ. نېمە ئۈچۈندۇر ناخشا ئېيتقۇڭ، بارلىق ئاۋازىڭ بىلەن توۋلاپ ئېيتقۇڭ، قاقاھلاپ كۈلگۈڭ كېلەتتى. كۆزۈڭگە ھەممە نەرسە سۆيۈملۈك، گۈزەل كۆرۈنەتتى. ۋۇجۇدۇڭدا تۈنۈگۈنكى ھەممىدىن بىزار بولۇش، بۇرۇقتۇرمىلىق، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىدىن ئىزمۇ قالمىغانىدى. سەن يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزۈڭنى كۈتمىگەندە بىر بەخت دەرياسىغا چۆمۈلۈپ چىققاندەك سەزدىڭ.

4

ئۆزۈڭنى قايتىدىن ئەسلىي ھالىتىڭدە ياراتتىڭ، خىزمەتداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ بىلەن ئىزدىشىدىغان بولدۇڭ. قاۋاقخانىغا يۈگۈرۈشنى تاشلىدىڭ. ئىلگىرىكى خۇش چاقچاقلىقىڭ، چىقىشقاقلىقىڭ، ئوچۇق خۇي - مىجەزىڭ ئەسلىگە كەلدى.

سەن رازىيەنىڭ ھاياتىڭدا بۇرۇلۇش، ئىلگىرىلەش ياسىغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭدىكى بارلىق پاسكىنىچىلىقلارنى تازىلاپ پاكىز ئادالىغانلىقىنى، قاغجىراپ، سولىشىپ، سارغىيىپ نابۇت بولۇشقا باشلىغان ياشلىق گۈلۈڭنى قايتىدىن ياشنىتىپ كۆكەرتكەنلىكىنى، باراقسانلاتقانلىقىنى، بەرق ئۇرغۇزغانلىقىنى، يوقالغان ئۈمىد، ئىشەنچ، ئارزۇ - غايىلىرىڭنى قايتىدىن تىكلىگەنلىكىنى، ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ.

بارا - بارا رازىيەنى پەرىشتىدەك كۆرۈشكە باشلىدىڭ. ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئاشۇ پەرىشتىگە تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى، ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، دىلخاناڭدا ئاشۇ پەرىشتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ.

سەن بوش ۋاقىت تاپساڭلا رازىيەنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدۇڭ. ھەر قېتىمدا رازىيەنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا، كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتىڭ. رازىيەنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشىنى، چۈشەنمەيلا تويلىشىپ قالغان قارا كۆڭۈل، قىمارۋاز ئېرىنىڭ سالغان جەبىر - زۇلۇملىرىنى، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى غەيۋەتخور، كۆنلەمچى ئاياللارنىڭ ھاقارەت، كەمسىتىشلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ ئۆتكۈزگەن تۇللۇق ھاياتىنى، قىسقىسى، سەن رازىيەنىڭ بارلىق كەچۈرمىشىنى، دەرد - ئازابلىرىنى ۋە ھازىرقى تەنھالىقتا ئۆتكەن ھاياتىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ھەممە - ھەممىنى بىلدىڭ. سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىڭنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىڭ.

سىرداشىش، چۈشىنىش ۋە ئورتاق ئارزۇ - ئارمانلار ھەر ئىككىڭلارنىڭ دىل رىشتىنى خۇددى پولات ئارقاندا چاتقاندەك مەھكەم چاتقانىدى.

سەن ھەر قېتىم كەلگەندە رازىيەنىڭ دەملىگەن چېيىنى قانغۇچە ئىچەتتىڭ، رازىيەنى كۆرمىسەڭلا چاي خۇمارىڭ تۇتاتتى. سەن ئۇنىڭ ناۋات سالمايلا دەملىگەن چېيىغا خۇمار بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالغانىدىڭ.

«سىز دەملىگەن چايغا خۇمار بولۇپ قاپتىمەن، رازىيە» دەيتتىڭ سەن چاقچاق قىلىپ ۋە شۇ ھامانلا رازىيەنىڭ چاقچىقىڭغا تۇزىتىش بېرىپ «مەن سىزدىن كەم دېگەندە ئون ياش چوڭ، ئىنىم. شۇڭا، مېنى ‹رازىيە› دېمەي رازىيە ئاچا دەپ چاقىرىڭ» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغىنىڭدا، ئۇنىڭ بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان، كۆكرىكىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان توم ئۆرۈمە چېچىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتىڭ. لېكىن، بۇ كۈلكەڭ تولىمۇ ياسالما ئىدى. ئۇنىڭغا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ئىچكى قارشىلىق ۋە ئازاب يوشۇرۇنغانىدى. سەن نېمە ئۈچۈندۇر رازىيەنىڭ ئۆزۈڭدىن ئون ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتىڭ، ئېتىراپ قىلغۇڭمۇ كەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈلكەڭدە بىر خىل ئىچكى قارشىلىق ئىپادىلىنەتتى. سەن رازىيەنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئون ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، مەن بىلەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئارىغا مەلۇم بىر توسۇق سالماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىڭ. شۇڭا كۈلكەڭگە بىر خىل ئازاب، ھەسرەت يوشۇرۇنغانىدى.

سەن مۇشۇ ئون دېگەن رەقەمدىن بەكمۇ ھېيىقاتتىڭ ھەم بىزار ئىدىڭ، ئۈچ ئىدىڭ. رازىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ رەقەمنى پات ـ پات پەش قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قىينىلاتتىڭ، ئازابلىناتتىڭ.

سەن رازىيەگە كۆيۈپ قالغانىدىڭ.

سەن ھەر قېتىم رازىيە بىلەن كۆرۈشكەندە يۈرىكىڭدە بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان، پۈتكۈل جىسمىڭنى كېچە ـ كۈندۈز قىيناپ، ئازابلاپ كېلىۋاتقان، ئارامىڭنى بۇزۇۋاتقان بۇ يۈرەك سىرىڭنى بىراقلا ئېچىپ تاشلىماقچى بولاتتىڭ. لېكىن، ئاشۇ ئون دېگەن خەتەرلىك توسۇق جۈرئىتىڭنى يوقىتاتتى، ئېغىز ئېچىشىڭغا توسقۇنلۇق قىلاتتى.

ھەردائىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆزلىرىڭدە يېنىۋاتقان ئىشق ئۇچقۇنلىرىنىڭ شولىلىرىنى كۆرەرمەنمىكىن دەپ تەلمۈرەتتىڭ. جىنەستىدەك چىرايلىق، قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدەك يۇمران لەۋلىرىگە قەلب ئارزۇيۇمغا ئىجازەت بېرىدىغان بىرەر سادا چىقارمىكىن دەپ ئۈمىدلىنىپ قارايتتىڭ. ئۇماق قوشۇملىرىدىن زېرىكمىش، بىزار بولۇش تۇيغۇلىرى ئىپادىلىنىپ قالارمىكىن دەپ تەشۋىشلىنەتتىڭ، يۈرىكىڭدىكى ئاشۇ نازۇك، مۇقەددەس سىرنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالماي رەللە بولاتتىڭ. چاڭقاپ كەتكەن ئادەم ئالدىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پىيالە سۇنى ئېلىپ ئىچەلمىگەندەك تۇكۇرۇكۇڭنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتىڭ ـ دە، دەردلىنىپ، مۇڭلىنىپ قىيىمغان ھالدا قايتىپ چىقاتتىڭ. لېكىن، يولدا كېتىۋېتىپ غەيرەتلىك بولالماي، يۈرەك سىرىڭنى ئاشكارىلىيالمىغىنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئەيىبلەيتتىڭ. يەنە بىر قېتىم كەلگەندە چوقۇم جۈرئەتلىك بولىمەن دەپ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ۋەدە بېرەتتىڭ. بىراق، يەنە بىر قېتىم كەلگەندە يەنىلا يۈرەك سىرىڭنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتىڭ. قارغىش تەگكۈر ئۇن دېگەن خەتەرلىك توسۇق ئاغزىڭنى مەھكەم تۇۋاقلاپ قويارتتى.

سەن رازىيەنى بىر دەملىك ھېسسىياتىڭ تۈرتكىسىدىن ئەمەس، بەلكىم ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىڭ. لېكىن، رازىيەنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايتتىڭ. سەن ياشتىكى پەرقنىڭ سۆيگۈگە ھېچقانداق توسقۇنلۇق قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىڭ، ئەمما رازىيەنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى پەش قىلىپ سۆيگۈڭنى قوبۇل قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتىڭ.

ئاخىر رازىيەگە قەلب سىرىڭنى ئىزھار قىلدىڭ. شۇ كۈنى سەن دوستۇڭنىڭ تويىغا قاتناشقان ۋە يىگىت قولدىشى بولغانىدىڭ. سەن تاكى قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ بولغۇچە ناھايىتىمۇ خۇشال يۈردۈڭ. دوستۇڭنىڭ ۋە سورۇننىڭ كەيپىنى

كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەم ئالماي قىزىق پاراڭ ۋە چاقچاقلارنى قىلدىڭ، گىتتار چېلىپ بولدى دېگۈچە ناخشا توۋلىدىڭ. ھاراق ئىچتىڭ... بىراق، قىز بىلەن يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنى بىردىنلا يالغۇز ھېس قىلدىڭ. ھاياتىڭدا تۇنجى قېتىم مۇقەررەر ھالدا يۈز بېرىدىغان بۇ خۇشاللىق ۋە بەختلىك كۈننى تەسەۋۋۇر قىلدىڭ — دە، رازىيەنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولىدىغان تويۇڭنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باقتىڭ.

سەن ئەنە ئاشۇنداق شېرىن ئارمانلار بۆشۈكىدە تاتلىق چۈشلەرنى كۆرۈۋېتىپ، تېخى ھازىرغىچە رازىيەگە بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ ئېچىپ باقمىغانلىقىڭنى ھېس قىلدىڭ — دە، يۈرىكىڭ پىژژىدە ئېچىشتى. ۋۇجۇدۇڭ كۆيۈشكەندەك بولدى. بۈگۈندىن قالدۇرمايلا يۈرەك سىرىڭنى ئاشكارىلاشقا، ۋۇجۇدۇڭدا تىنىمسىز قوتراپ، ئارامىڭنى بۇزۇۋاتقان مۇقەددەس سۆيگۈڭنى ئىزھار قىلىشقا بەل باغلاپ قەدىمىڭنى تېزلەتتىڭ.

سەن تويدا ھاراقنى خېلىلا كۆپ ئىچكەنىدىڭ. ھاراق مانا ئەمدى تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

سەن كېلىپلا رازىيەنىڭ ئىشىكىنى «گۇم — گۇم» قاقتىڭ، رازىيە ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىكنى ئاچتى — دە، بۇنچىۋالا كېچىدە كېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. سەن ئۇنىڭ ئەجەبلىنىش، تەئەججۇپ ۋە جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆز ۋە لەۋلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدىڭ. چۈنكى، كۆزۈڭ رازىيەنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان بىر تال تۇم ئۆرۈمە چېچىغا چۈشكەنىدى. سەن كۆزۈڭنى رازىيەنىڭ كۆزىدىن پەقەتلا ئۈزەلمىدىڭ، ھاراق ۋە ھاياجانىڭ تەسىرىدە ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتىڭ.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، مەن چاي دەملەي.

سەن رازىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئېسىڭنى يىغدىڭ. نەزىرىڭنى ئاستا ئۇنىڭ چىرايىغا ئاغدۇرۇپ، ئالمىدەك قىزارغان

مەڭزىگە، دۈگىلەك يوغان كۆزىگە، نۇقسانسىز قاڭشىرىغا، ئاپپاق مەرمەردەك بويۇن ۋە يەلكىسىگە تەلمۈرۈپ قارىدىڭ.

سەن شۇ دەقىقىدە بارلىق ئىختىيارىڭنى ۋۇجۇدۇڭنى غىدىقلاپ، ھېسسىياتىڭنى ئويغىتىپ، قانلىرىڭنى دەريا سۈيىدەك ئۆركەش ياساتقۇزۇۋاتقان تاتلىق بىر سېزىمنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇۋەتكەنىدىڭ. شۇڭلاشقا، سەن ھازىر ئاشۇ تاتلىق سېزىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدىڭ.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، رازىيە، دەملىگەن چېيىڭىز يۈرىكىمنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ. ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاڭ. بىلەمسىز، مەن سىزدىن ئۆمۈرلۈك تەشنالىق سوراپ كەلدىم.

سەن سۆزلىگەچ بىرىپلا ئۇنىڭ يۇمشاق ئاپپاق بىلەكلىرىدىن تۇتتۇڭ. ھاياجاندىنمۇ ياكى ھېسسىياتىڭنىڭ زىيادە ئۆرلەپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزۈڭدىن بۇلدۇقلاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى. سەن جۈرئەتلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى باغرىڭغا باستىڭ ـ دە، پىچىرلىدىڭ:

— سىزنى ياخشى كۆرىمەن رازىيە، بىز بۇنداق تۇرىۋەرمەيلى، توي قىلايلى، ئەبەدىي ئايرىلماي بىللە ئۆتەيلى.

سەن رازىيەنىڭ قۇچىقىڭدىن چىقىشقا تىرىشىپ، باساققا چۈشكەن توشقاندەك تېپىرلاشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايتتىڭ. شۇ تۇرقىدا ئۇنى باغرىڭغا سىڭدۈرۈۋەتمەكچى، بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ كەتمەكچى بولغاندەك تېخىمۇ بەك قۇچاقلايتتىڭ.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئېزىز، مەن...

سەن رازىيەنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە قۇلاقمۇ سالمىدىڭ. بارلىق يۈرەك سۆزۈڭنى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلىغانلىرىڭنى، ھېس قىلغانلىقىرىڭنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىڭنى يۈزۈڭنى ئۇنىڭ چوغدەك بويىنىغا، مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدىڭ:

— بولدى سۆزلىمەڭ، رازىيە، بىلىمەن، مەن سىزدىن ئون ياش چوڭ، توي قىلساق بولمايدۇ دېمەكچىمۇ؟ سىز ئون ياش

چوڭ بولسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ مەن ئۆزۈمدىن ئون ياش چوڭ بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ، چىن قەلبىمدىن سۆيۈپ توي قىلسام بولمامدىكەن؟ بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار، رازىيە؟ بىلىمەن، سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرىسىز. ئەمما، ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرۇۋاتىسىز. يېشىڭىزنى پەش قىلىپ ئوتتۇرىمىزغا تام – توسۇق سالماقچى، ئارىلىق پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. بىز ئۆزىمىزنى، ئۆز بەختىمىزنى ئويلايلى، رازىيە...

سەن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز مەڭزىڭگە، لەۋلىرىڭگە، ئەمدى مايسا بولغان بۇرۇتلىرىڭغا چوغدەك قىزىق، ئاجايىپ تاتلىق بىر لەۋنىڭ چىڭ – چىڭ بېسىلغانلىقىنى سەزدىڭ – دە، سەنمۇ ئاشۇ لەۋلەرگە ئەسەبىيلەرچە سۆيدۇڭ. ئاشۇ لەۋلەردىكى شېرىنلىكلەرنى قانماي شورىدىڭ.

## 5

سەن ئەتىسى ئۆيگە كېلىپلا ئاتا – ئاناڭغا رازىيە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىڭنى جاكارلىدىڭ. ئۇلارغا رازىيەنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى، ھەتتا ئۆزۈڭدىن ئون ياش چوڭ ئىكەنلىكىدىن تارتىپ، بىر قېتىم توي قىلغانلىقىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىڭ. ئاتا – ئاناڭنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بىر – بىرىگە «ئوغلىمىز ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟» دېگەن مەنىدە كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغانلىقىنىمۇ سەزمىدىڭ. ئاناڭنىڭ غەزەپلىنىپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا، داداڭنىڭ ئۈزمەي تاماكا چېكىشىگىمۇ دىققەت قىلمىدىڭ.

سەن ئۇلارغا رازىيەنى بىر پەرىشتىنىڭ سىياقىدا سۈپەتلەپ بەردىڭ. ئەمما، دەل شۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا رازىيەنىڭ ئوبرازى سېنى سېھىر – جادۇ ئىشلىتىپ، ئەس – ھوشۇڭنى يوقىتىپ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان ئالۋاستى، جادۇگەر سىياقىدا پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.

سەن ئۇلارغا پەقەت رازىيە بىلەنلا ھاياتىڭنى بەختلىك،

كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىڭنى، ھەرقانداق ئەرسىنىڭ رازىيەنىڭ مۇھەببىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتىڭ. لېكىن، شۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ سەندەك بىر تاللا ئوغلىغا قىز تېپىلمىغاندەك، بىر نىكاھلىق بولغان، يەنە كېلىپ ئون ياش چوڭ بولغان بىر خوتۇننى تويلاپ بېرىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئىناۋەت - ئابرۇيىنى قانچىلىك دەرىجىدە تۆكۈۋالىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ، كۆڭلىدە چوت سوقۇپ ئولتۇرغانلىقىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدىڭ.

سەن رازىيە بىلەن توي قىلىش ھەققىدە ئاتا - ئاناڭغا ئاغزىڭنىڭ بىرقات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە سۆزلىگەن، لېكىن ئۇلاردىن قوشۇلغان ياكى قوشۇلمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن بولساڭمۇ مەيۈسلەنمىدىڭ. چۈنكى، سەن ئۇلارنى ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە قۇرۇش جەھەتتە تاللىشىڭغا، كۆڭۈل خاھىشىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ دەپ ئويلايتتىڭ.

سەن بەخت قۇچىقىدا، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، رازىيەنىڭ مۇقەددەس سۆيگۈ بۆشۈكىدە پەقەت بىر ھەپتىلا قانغۇچە ئۇخلاپ، تاتلىق - تاتلىق چۈشلەرنى كۆرەلىدىڭ. پەقەت بىر يۈز ئاتمىش سەككىز سائەتلا خۇددى ئىنتايىن قىسقا داۋاملاشقان شېرىن چۈش كۆرگەندەك سۆيگۈ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالىدىڭ. سەن بۇ تاتلىق چۈشنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. ئەمما، چۈشۈڭ باشلىنىپ بولغۇچە ئويغىتىۋېتىلدىڭ، چۆچۈپ ئويغاندىڭ - يۇ، خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەندەك ئوڭ - سولۇڭنى پەرق ئېتەلمىدىڭ. ئېسىڭنى يىغقىنىڭدا ئۆزۈڭنى گۈزەل، بەختلىك بىر رەڭدار دۇنيادىن قاباھەت دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىڭ.

سەن رازىيەنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئاچقان بەخت دەرۋازىسىنى يەنە ئۆز قولى بىلەن يۈزۈڭگىلا ياپقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە

قىلارىڭىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىڭ.

— بۇگۈندىن باشلاپ مېنى ئىزدىمەڭ، ئىززىم، بىز توي قىلالمىغۇدەكمىز. سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن. شۇڭلاشقا، سۆيگۈڭىزنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، توي قىلىش توغرۇلۇق ھەرگىز ئېغىز ئاچماڭ. توي قىلىمەن دېسىڭىز سىزگە جەمئىيەتتە ياخشى قىزلار تېپىلماي قالامتى، مېنى دەپ ئىستىقبالىڭىزنى نابۇت قىلىۋەتمەڭ. ھېسسىياتىڭىزنى بېسىۋېلىڭ.

سەن رازىيەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىڭ. ھەپتە ئاۋۋالقى ئۆزى خالاپ لەۋلىرىڭگە لەۋ ياققان رازىيە شۇمۇ، ئەمەسمۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا قايتىدىن تىكىلدىڭ. يۈرىكىڭ بىر دەقىقە توختاپ قالغاندەك، پۈتكۈل جىسمىڭ مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. سەن ئېتىلىپ بېرىپ رازىيەنىڭ يەلكىسىدىن قاماللاپ تۇتتۇڭ ـ دە، سىلكىشلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىڭ.

— نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن؟!

سەن ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ مەھكەم يۇمۇلغان چىرايلىق لەۋلىرىگە تەلمۈردۈڭ. بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك ياشلىنىپ تۇرغان يوغان، دۈگىلەك كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىڭ. لېكىن، ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىڭ ـ دە، ئاستا ـ ئاستا بوشاشتىڭ. ئىككى قولۇڭ ئۇنىڭ يەلكىسىدىن لەسسىدە چۈشۈپ كەتتى. يۈرىكىڭنى بىر قۇرت ئارامسىز غاجىلايتتى. تىت ـ تىت بولاتتىڭ. مېڭەڭ پارتلاپ كېتىدىغاندەك ۋىڭىلدايتتى. شۇ دەقىقىدە تۆت تامدىن سادا چىقسا چىقاتتىكى، رازىيەدىن سادا چىقمايتتى. سەن ئۆزۈڭنى كارىۋاتقا تاشلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتىڭ.

سەن يىغلاش بىلەنلا ئاۋارە ئىدىڭ. ئەمما، شۇ دەقىقىدە رازىيەنىڭ دەردلىك يۈرىكىنىڭ مۇڭ، ئازاب ئىلكىدە دەريا ـ دەريا ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. پەقەت ساڭىلا تەئەللۇق بولغان ئاشۇ يۈرەكنىڭ ئاشۇ تال ـ تال بوستان

كىرپىكلەر قورشاپ تۇرغان يوغان دۈگىلەك كۆزلەرنىڭ، كۆكرىكى ئۈستىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان بىر تال توم ئۆرۈمە چاچنىڭ، توننىلاپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەم، ھاقارەت ـ كەمسىتىشلەرگە مىجىلىپ كەتمەي ئۆرە تۇرغان ئاشۇ ئوماق زىبا قامەتنىڭ پەقەت سېنى دەپلا بارلىق ئازابلارغا چىداۋاتقانلىقىنى، كەلكۈن سۈيىدەك يامراۋاتقان دەريا ـ دەريا ياشلارغا تۇسۇق سېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەن پەقەتلا بىلمەيتتىڭ.

رازىيەنىڭ يۇمشاق، ئىللىق ئالىقانلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىڭنى مېھرىبانلارچە سۈرتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ يىغاڭنى توختاتتىڭ. ئۇنىڭ بىر كۈندىلا شۇنچىۋالا جۈدەپ كەتكەن، سارغايغان چىرايىغا، بەخت نۇرلىرى ئۆچكەن، پاتمانلاپ ئازاب ـ ھەسرەتلەر يوشۇرۇنغان كۆزىگە ئىلتىجالىق بىلەن قارىدىڭ. ئۇنىڭ قىڭراقتەك سىپتا چىرايلىق قاڭشىرىنىڭلا ھېچقانداق ئۆزگەرمەي ئەسلى ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈڭ. ئاشۇ چىرايلىق قاڭشارنىڭ، ئاشۇ تاتلىق لەۋلىرىنىڭ، ئاشۇ ئاجايىپ سېھىر گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بىر تال توم ئۆرۈمە چاچنىڭ، ئاشۇ زىلۋا قامەتنىڭ ئەمدى ساڭا تەئەللۇق بولماي قېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىڭگە ئېلىپ يەنە ئۆكسۈشكە باشلىدىڭ. سەن شۇ دەقىقىدە راستلا ئۆزۈڭنى بەزلەشكە، تۇتۇۋېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدىڭ.

— بولدى يىغلىماڭ، ئېزىز، ئەركەككە راستلا يىغا ياراشمايدىكەن.

سەن رازىيەنىڭ سۆزىگە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ، ئۇنىڭغا خۇددى كىچىك بالا ھەدىسىگە دادلىغاندەك دادلاشقا باشلىدىڭ.

— ئەمىسە نېمىشقا بايىقىدەك گەپ قىلىسىز؟ مەن...

لېكىن، سەن يەنىلا رازىيەنىڭ ئاغزىغا قاراشقا مەجبۇر بولدۇڭ. رازىيەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ساڭا ئېيتىش ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن خېلىلا پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋالغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.

سەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بىر ـ بىرىدىن قاباھەتلىك سۆزلەرگە چىداپ تۇرۇپ قۇلاق سالدىڭ.

— ھېسسىياتىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئېزىز. سىزگە راست سۆزلەۋاتىمەن. سىزنى ياستۇقدىشىم ئورنىدا ھەرگىز ياخشى كۆرەلمەيمەن. ئىلگىرىكى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىڭ...

— ياق، ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس، — سەن رازىيەنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدىڭ، — سىز يالغان سۆزلەۋاتىسىز، مېنى ياخشى كۆرىسىز، ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ، رازىيە.

ئۇ سېنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالەڭگە پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— سىزنى ئالدىمىدىم، ئېزىز، مەن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم. ئۇ بەكمۇ ياخشى ئادەم. سىز چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىسىز.

رازىيەنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆتكۈر خەنجەر بولۇپ يۈرىكىڭگە سانجىلدى. سەن ھالسىزلانغان ھالدا بوشلا پىچىرلىدىڭ:

— مۇمكىن ئەمەس، رازىيە، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، بەلكىم قىيامەتلىك رەقىبىم، دۈشمىنىم بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭغا خۇدادىن بالا ـ قازا، ھەتتا ئۆلۈم تىلەيمەن. سىز مېنىمۇ ھەم ئۆزىڭىزنىمۇ ئالداۋاتىسىز.

سەن رازىيەگە ئۈمىدلىنىپ قارىدىڭ. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ كۆز يېشىڭ بىلەن پاكىز يۇيۇلغان مەڭزىڭنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، «رەنجىمەڭ، ئېزىز، بايىقى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى چاقچاق، سىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن دېيىلگەن گەپلەر، مەن سىزنىڭ، مەڭگۈ سىزنىڭ» دېيىشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. باشتىكى سۆزلىرىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى، بۇزۇلغان چۈشۈڭ بولۇپ قېلىشىنى ئارمان قىلاتتىڭ. رازىيەنىڭ مەڭگۈ ئۆزۈڭنىڭ بولۇشىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلماي مەڭگۈ بىللە

ياشاشنى ئۇمىد قىلاتتىڭ.

ئەپسۇس، ناھايىتتىمۇ ئەپسۇسكى، سەن ئۇنىڭدىن ئارزۇيۇڭدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىڭ. رازىيەنىڭ راستلا بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى، بۇ قاراردىن ئەمدى ھەرگىز يانمايدىغانلىقىنى چۈشەندىڭ ـ دە، تەقدىردىن، پېشانەڭنىڭ شورلۇقىدىن، تەلىيىڭنىڭ تەتۈرلۈكىدىن قاقشىدىڭ. لېكىن، تەقدىردىنمۇ ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىڭ.

سەن ئېچىنىشلىق نالەڭدىن رازىيەنىڭ يۈرىكىنىڭ ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئېزىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، سەندىنمۇ بەكرەك تەقدىرگە نالە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ. شۇ دەقىقىدە سەن پەقەت ئۇنىڭ تاشتەك، ياغاچتەك قاتقان، مۇزدەك سوۋۇغان تاشقى قىياپىتىنىلا كۆرەلەيتتىڭ. ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈشكە، بىلىشكە قادىر ئەمەس ئىدىڭ.

سەن رازىيەنىڭ «بىزنىڭ بىرىپ ـ كېلىشمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئەمدى مېنى مەڭگۈ ئىزدەپ كەلمەڭ» دېگەن ئۆتۈنۈشىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدىڭ. ئۇنىڭ ئۆيىدىن تولىمۇ روھسىز ھالدا يېنىپ چىقتىڭ. قەدەملىرىڭ جانسىز ئىدى، سەل ـ پەللا شامال چىقسا ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتىڭ.

سەن يولدا كېتىۋېتىپ ئالدىڭدىن، ئارقاڭدىن، يېنىڭدىن سىگنال بىرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان نە ماشىنا، نە موتوسىكلىت، نە ۋېلىسىپىتكە پەرۋا قىلمايتتىڭ. ئۆپچۆرەڭدىكى ئادەملەرگىمۇ قارىمايتتىڭ. قۇلىقىڭ تۇۋىدە رازىيەنىڭ «سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدەپ كەلمەڭ» دېگەن ئاۋازىلا جاراڭلايتتى. كۆزۈڭگە رازىيەنىڭ سىماسىلا كۆرۈنەتتى. رازىيە ھازىرلا كەينىڭدىن قوغلاپ كېلىدىغاندەك، ئەپۇ سورايدىغاندەك بىلىنەتتى.

سەن كېتىۋېتىپ ئۆزۈڭگە ئۆلۈم تىلىدىڭ. سەن ھازىر

ھاياتتىن، بۇ دۇنيادىن، ھەممە ـ ھەممىسىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىڭ. شۇ تۇرقىدا ئەگەر بىرسى سېنى ئۆلۈمگە چاقىرغان بولسا شەك ـ شۈبھىسىز يۈگۈرگەن، ئەجەلنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان بولاتتىڭ.

سەن تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلەرچە قىلغان چاقچىقىغا يەنە بىر قېتىم دۇچ كەلگەنىدىڭ.

سەن ھازىر رازىيەدىنلا رەنجىيتتىڭ، ئەمما تۇنۇگۈن ئاناڭنىڭ رازىيەنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ رازىيەنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ تۇرۇپ ئانىلىق نامىنى، ساڭا بەرگەن ئاق سۈتىنىڭ ھۆرمىتىنى، سېنى تەۋەللۇت قىلىش جەريانىدا تارتقان ئاچچىق تولغاق ئازابىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئۇنى سەن بىلەن توي قىلماسلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن يېلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىقى، كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغان بىچارە رازىيەنىڭ ئاناڭنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا چىداپ تۇرالماي ئۆز سۆيگۈسىدىن كېچىشكە، ئۇنى قۇربان قىلىشقا رازى بولغانلىقى ھەم شۇ يەردىلا ئاناڭغا ۋەدە بەرگەنلىكى ساڭا پۈتۈنلەي سىر ئىدى.

سەن ئاناڭنى ھۆرمەتلەيتتىڭ. ياخشى كۆرەتتىڭ. ئۇنى ئۇلۇغلۇقتا پەيغەمبەر بىلەن تەڭ ئورۇندا قوياتتىڭ. ئەمما، ئاشۇ ئۇلۇغ ئانا ساڭا: رازىيەگە بولغان سۆيگۈڭدىن ۋاز كەچ، دەپ بۇيرۇق قىلسا، سەن بۇ بۇيرۇققا ھەرگىز بويسۇنمايتتىڭ. سەن ئاناڭنىڭ كېچە ـ كۈندۈز غېمىڭنى يەپ، بەختىڭنى ئويلاپ بىر دەقىقىمۇ ئارام تاپمايدىغانلىقىدىن قىلچىمۇ شەكلەنمەيتتىڭ، گۇمان قىلمايتتىڭ. ئەمما، ئاناڭنىڭ ھازىر بەختىڭنى، ھاياتىڭنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتىڭ. ھەتتا رازىيەنىڭ سەن بىلەن ئاناڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك، رەنجىش پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاناڭنىڭ دېگەن ـ قىلغانلىرىدىن بىر ئېغىزمۇ تىنماي، مۇھەببىتىڭنى قوبۇل قىلماسلىقىدىكى بارلىق گۇناھنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنىمۇ ھەرگىز بىلمەيتتىڭ.

شۇڭلاشقىمۇ سەن رازىيەدىن قاتتىق رەنجىدىڭ.

سەن بىردەمدىلا ساراڭ، تەلۋە بولغانىدىڭ. بىرسى بىلەن پۇخادىن چىققۇچە مۇشتلاشقۇڭ كېلىپ تۇراتتى. كۆزۈڭگە ھەممە ـ ھەممە نەرسە سەت كۆرۈنەتتى. سەن گاراڭ، خامۇش ھالەتتە قەدىمىڭنى تەستە يۆتكەپ ئۆيۈڭگە يېنىپ كەلدىڭ ـ دە، ئۆزۈڭنى كارىۋاتقا تاشلاپ، كۆزۈڭنى تورۇسقا تىككىنىڭچە بەئەينى مۈردىدەك جىمجىت ياتتىڭ.

## 6

سەن بىرنەچچە كۈن ئۆزمەي ئويلانغاندىن كېيىن، ۋۇجۇدۇڭنى چىرمىۋالغان ئۆلۈۋېلىش ئارزۇسىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلدىڭ. ھاياتقا، رېئاللىققا قايتىدىن نەزەر تاشلىدىڭ.

سەن رازىيە بىلەن توي قىلىپ ياشاش ئارزۇيۇڭغا يېتەلمىگەن بولساڭمۇ، لېكىن رازىيەنىڭ سۆيگۈسىنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ، بىر ئۆمۈر تەنها ياشاش نىيىتىگە كەلدىڭ — چۈنكى سەن بەختىڭنى، ھاياتىڭنى رازىيەسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىڭ — شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن رازىيەنىڭ توي قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپمۇ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويمىدىڭ. گەرچە بۇ خەۋەر ئىچىڭدىن بىر تۇپ ئازغاننى سۇغۇرۇۋالغاندەك پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭنى ئېچىشتۇرغان، ئاچچىق تىترەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالدىڭ. چانقىڭدا لىغىرلاپ تۇرغان ئاچچىق كۆز يېشىڭنى زورىغا سىڭدۈرۈۋەتتىڭ. چۈنكى، سەن بۇنىڭدىن كېيىن بېشىڭغا كېلىدىغان بارلىق روھىي ئازابلارنى ئالدىن پەرەز قىلغان ۋە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىڭ.

سەن رازىيەنىڭ تويى بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندىڭ. خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئەمدى رازىيەنى ئىزدىمەسلىك، يېڭىدىن قۇرغان تىنچ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى بۇزماسلىق قارارىغا كەلدىڭ. سەن بۇ قارارنى رازىيەنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى مەڭگۈ

ئېسىڭدىن چىقارماسلىق ئۈچۈنلا چىن كۆڭلۈڭدىن خالىمىساڭمۇ ماقۇللىغانىدىڭ. شۇڭا، رازىيەنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى قانداقلا بولمىسۇن سورىۋېلىپ، مەڭگۈ يېنىڭدىن ئايرىماي ساقلاشنى كۆڭلۈڭگە پۈكتۈڭ.

سەن رازىيەنى توي بولۇپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالدىڭ. ھەر ئىككىڭلارنىڭ كۆزى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا توقۇنۇشتى.

سەن رازىيەنى كۆرۈپلا ھېچنېمە بولمىغان، ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن قىياپەتتە كۆرۈنۈشنى ئويلىغان بولساڭمۇ، لېكىن تومۇرلىرىڭدىكى قانلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىردىنلا يۈزۈڭگە تەپتى. كۆزۈڭگە مۆللىدە كەلگەن ياشنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرالمىدىڭ. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭغا كەلكۈن سۈيىدەك يامراۋاتقان يىغىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ تولىمۇ قىينالغان ھالدا رازىيەدىن ئەھۋال سورىدىڭ.

— ياخشىمۇ سىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ سالامەت تۇرۇۋپسىز؟

سەن رازىيە ئەھۋال سورىغۇچە بولغان ئارىلىقتا دەرھال كۆز يېشىڭنى سۈرتۈۋالدىڭ ۋە ئۇنىڭ ياشقا تولغان دۈگىلەك يوغان كۆزىگە، چىرايلىق قاڭشىرىغا ۋە ئوماق، تاتلىق لەۋلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدىڭ. ئاشۇ جايلارنى كۆزۈڭ ئارقىلىق سۆيدۈڭ، لەۋلىرى ئارىسىدىن چىققان تىنىقلىرىنى قانماي پۇرىدىڭ. سەن شۇ تۇرقىدا كوچىدىكى ئويان - بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدىڭ. كۆزۈڭگە رازىيەدىن باشقا ھېچكىم، ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— مەن ئالدىرايمەن، ئۆيگە مېھمان كەلگەنىدى، كۆكتات ئالغىلى چىققانىدىم، خوش، ئېزىز.

سەن ئۇنىڭ تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قېشىڭدىن ئاستا كېتىپ قالماقچى بولغانلىقىنى سەزدىڭ - دە، دەرھال ئېسىڭنى يىغدىڭ. ئۇنىڭدىن ئۆتۈنگەن ھالدا سورىدىڭ:

— يالغۇز چۈشكەن سۈرىتىڭىزدىن بىر پارچە بېرەرسىزمۇ، رازىيە؟ خۇش بولاي، مېنىڭ بۇ ئۇمىدىمنى يەردە قويمىسىڭىز.

ئۇ بۇ تەلىپىڭنى ئاڭلاپ، ئەتراپىغا ئالاقزەدىلىك بىلەن قارىدى. سەن ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىغا پەرۋامۇ قىلمىدىڭ. ئەمما، ئۇنىڭ سورىغان نەرسەڭنى بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرىدىڭ. بىراق، تەلىپىڭگە ئۇ ئاسانلا ماقۇل بولدى.

— ماقۇل، ئېزىز، ھەپتىدىن كېيىن مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

سەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمدۈڭ. ئۇنى دەرھال قۇچاقلىۋالغۇڭ، سۆيگۈڭ كېلىپ كەتتى.

رازىيە سەن بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە بۇرالدى. دەل شۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ تېقىمىغىچە چۈشۈپ تۇرغان ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان چېچىنى كۆرۈپ كۆزلىرىڭگە ئىشەنمىگەن ھالدا بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدىڭ ـ دە، دەرھاللا ئۇنى توۋلاپ توختاتتىڭ. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ساڭا ھەيرانلىق ۋە ئالاقزەدىلىك بىلەن تىكىلدى. سەن ئۇنىڭ كۈچلۈك سوراق مەنىسى ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىڭ:

— نېمىشقا چېچىڭىزنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالدىڭىز؟

ئۇ سوئالىڭنى ئاڭلاپ ئاستا يەرگە قاراپ، چىرايلىق لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئۈن چىقماي تۇرۇۋالدى. چىرايىغا بىر قىزىل ئېقىم تېزلا يامرىدى. سەن بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ سۆزۈڭنى ئاستا داۋاملاشتۇردۇڭ:

— ماڭا بېرىدىغان سۈرەتكە چېچىڭىزنى چوقۇم بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئالدىڭىزغا تاشلاپ چۈشۈڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن چېچىڭىزنى ھەرگىز ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈمەڭ. مەن يىراقتىن بولسىمۇ سىزنىڭ ئاشۇ بىر تال چېچىڭىزنى كۆرۈپ تۇراي.

سەن تەلىپىڭگە ئۇنىڭ بېشى ئارقىلىق ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئاستا كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇڭ. شۇ تۇرقىدا كۆزۈڭدىن ئېتىلىپ چىققان ئاچچىق

ياشنىڭ مەڭزىڭ بويلاپ تامچىلاۋاتقانلىقىنى پەقەتلا سەزمەيتتىڭ.

سەن تۇيۇقسىزلا ئىدارە باشلىقىڭدىن يىراق يېزىغا ئىككى يىللىق خىزمەتكە بارىدىغانلىقىڭ توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدىڭ.

سەن تۇرۇپلا يىراق - يىراق جايلارغا كېتىشنى، تونۇشمايدىغان يات كىشىلەر ئارىسىدا ھايات كەچۈرۈشنى ئويلايتتىڭ. تۇرۇپلا بۇ شەھەردىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيتتىڭ. بۇ شەھەردىن بىر مىنۇت ئايرىلىشقىمۇ كۆزۈڭ قىيماي قالاتتى، لېكىن سەن روھىي ھالىتىڭدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ قارىمۇقارشى ئوي - خىياللارنىڭ پەقەت رازىيەنى دەپلا پەيدا بولغانلىقىنى چۈشىنەتتىڭ.

سەن پەقەت رازىيە ئۈچۈن، رازىيەنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە، ھەرقانداق دەھشەتلىك ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشكە رازى ئىدىڭ.

سەن رازىيە بىلەن يولغا چىقىشقا بىر كۈن قالغاندا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەنىدىڭ. سەن ۋەدىلەشكەن جايغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭ - دە، ھىلال ئاينىڭ كۈمۈش نۇرىدا ئۆزىنى مەجنۇنتالنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇرغان رازىيەنى ۋە ئەتلەس كۆڭلىكى ئۇستىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان بىر تال توم ئۆرۈمە چېچىنى كۆرۈپ ھاياجىنىڭنى باسالماي قالدىڭ، لېكىن بەڭباش ھېسسىياتىڭغا ھاي بېرىپ مەيدە يانچۇقۇڭدىكى، رازىيەنىڭ تەلپى بويىچە ئالغاچ كەلگەن يالغۇز چۈشكەن تۆت سۈڭلۈك سۈرىتىڭنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاستا تەڭلىدىڭ. ئۇ قولۇڭدىكى سۈرەتنى ئېلىۋېتىپ ئاستاغىنا پىچىرلىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئەتە ماڭىدىغان بولدىڭىزمۇ؟

رازىيەنىڭ سوئالىغا بېشىڭنى لىڭشىتىپ جاۋاب بەردىڭ. گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىڭنى ئاچساڭلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك بىلىنىپ لەۋلىرىڭنى مەھكەم يۇمۇۋالدىڭ. ئەگەر رازىيە «بولدى، بارماڭ، ئېرىز، مۇشۇنداق يات - يات كۆرۈشۈپ تۇرايلى» دەپ

بىر ئېغىز گەپ قىلسا، ئەتىدىكى سەپەرنى ھېچنېمىگە قارىمايلا بىكار قىلىۋېتىشكە رازى ئىدىڭ. شۇڭلاشقىمۇ سەن ئەنە شۇنداق تەمەدە ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۈمىدلىنىپ قارىدىڭ، لېكىن ئۇنىڭدىن كۈتكىنىڭدەك جاۋابقا، ھەتتا بىرەر چىراي ئىپادىسىگىمۇ ئېرىشەلمىدىڭ.

ھەپتە ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئىككى يىللىق يىراق يېزىغا خىزمەتكە بارىدىغانلىقىڭنى ئېيتقىنىڭدا، ئۇنىڭ خۇشاللىق بىلەن: «بوپتۇ، ئېزىز، بېرىڭ. بۇ سىز ئۈچۈن دەل ۋاقتىدا كەلگەن ياخشى پۇرسەت بوپتۇ. ئۇيان ـ بۇيانلارنى كۆرۈپ بىر قىسىم ئىشلارنى ئاسانراق ئۇنتۇپ قالارسىز» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ لەسسىدە بولۇپ قالدىڭ.

— خوش، ئېزىز، ئاقيوللۇق بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

سەن رازىيەنىڭ خوشلاشماقچى بولۇپ دېگەن بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قولىنى كاپپىدە تۇتتۇڭ ـ دە، يەنە بىر قولۇڭ بىلەن بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىدىڭ. ئۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن سەل چۆچۈدى بولغاي، قۇچىقىڭدىن بوشىنىشقا تىرىشتى ۋە يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— ئۇنداق... ئۇنداق قىلماڭ، ئېزىز، سەت تۇرىدۇ، ئۆتۈنۈپ قالاي...

رازىيەنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماستىن ئۇنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلاپ تاتلىق لەۋلىرىگە، دۇگىلەك يوغان كۆزلىرىگە، مەرمەردەك ئاپپاق بويۇنلىرىغا قانماي سۆيۈشكە باشلىدىڭ. رازىيە بىر ئاز قارشىلىق كۆرسىتىپ باققاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ئىختىيارىڭغا قويۇۋەتتى.

سەن قۇچىقىڭدا سىمابتەك لىغىرلاۋاتقان رازىيەنى خۇددى قۇچاقتا ئۇخلاپ قالغان كىچىك بالىنى ئۇيقۇسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋايلاپ ياتقۇزغاندەك مەجنۇنتال ئاستىدىكى چىملىققا ئاۋايلاپ ياتقۇزدۇڭ.

www.uyghurkitap.com

## 7

سەن ئىككى يىللىق خىزمەت جەريانىدىمۇ رازىيەنى پەقەتلا ئېسىڭدىن چىقىرالمىدىڭ. گەرچە بىر قىسىم روھىي ئازابلاردىن قۇتۇلغان بولساڭمۇ، لېكىن ھاياتنى قايتىدىن باشلاش ھەققىدە ھېچقانداق پىلان تۈزمىدىڭ. ھەرقانداق بىر ئايال زاتىنىڭ قەلبىڭگە سىڭىپ كىرىشىگە يول قويمىدىڭ.

سەن ئىككى يىل جەريانىدا ئۆزۈڭنى خىزمەتكىلا زورلىدىڭ. باشقا ھېچقانداق ئويۇن ـ تاماشىلارغا بېرىلمىدىڭ. خىزمەتداشلار بىلەن قويۇق ئارىلاشمىدىڭ. شۇڭلاشقىمۇ ئىككى يىللىق ھاياتىڭ كۆل سۈيىدەكلا تىپتىنچ ئۆتتى.

سەن ئىككى يىللىق خىزمەتتى تاماملاپ قايتىپ كەلگىنىڭدە، بىرخىل ئاغرىتىشلىرىغا كۆنۈپ قالغان يۈرەك ياراڭنىڭ يەنە بىر قېتىم تاتىلىنىدىغانلىقىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىڭ. ئەپسۇسكى، رېئاللىق يۈرەك ياراڭنى رەھىمسىز تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ ئېچىۋەتتى.

سەن قايتىپ كېلىپلا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ تويۇڭنى قىلىپ قويۇش توغرىسىدىكى تۈگىمەس تەلەپلىرىگە دۇچ كەلدىڭ. ئۇلارغا ھازىرچە توي قىلماي تۇرۇش ھەققىدە ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ باقتىڭ، لېكىن ئۇلارنى قايىل قىلالمىدىڭ.

ئۆيلىنىشىڭ توغرۇلۇق ھەر قېتىم مەسلىھەت بولغاندا كۆز ئالدىڭغا رازىيەنى كەلتۈرەتتىڭ. رەھىمسىز رېئاللىقتىن، رازىيەنىڭ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن — بۇ تاكى ھازىرغىچە سېنىڭ كۆزقارىشىڭ ئىدى — باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىۋالغانلىقىدىن قاقشايتتىڭ، ھەسرەتلىنەتتىڭ، ئازابلىناتتىڭ.

ھەر قېتىم تەڭتۇشلىرىڭنى ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن

ئۇچراتقىنىمىزدا ياكى ئۇلارنى ئۇيان ـ بۇيانغا كېتىۋاتقان ھالەتتە كۆرگىنىمىزدە، ئىچىمىزگە پەسەيتكۈسىز بىر ئوت كىرىۋالاتتى. بۇ ئوت سىنى خىلى كۈنلەرگىچە قىيىنايتتى، ئۇخلاتمايتتى، ئارامىمىزنى بۇزاتتى. ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا رازىيە بىلەن توي قىلىشنى، ئوماق بالىلىرىمىزنىڭ بولۇشىنى، ئۇلار بىلەن كۆڭۈلۈك تارتقان جايلارغا بېرىپ ئويناپ كېلىشنى خام خىيال قىلاتتىڭ. لېكىن، ئاشۇ خام خىياللىرىڭنىڭ ئەمدى ئەبەدىي ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە ئالغىنىمىزدا تەقدىرىڭنىڭ كاجلىقىدىن زارلىناتتىڭ. ئوڭ كۆزىدە قاراپ باقمىغان تەقدىر ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتىڭ.

سېنى ھەممىدىن بەك تەتۈر قىيىنايدىغىنى رازىيەنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرى ئىدى. سەن رازىيەنىڭ: «تولا جاھىللىق قىلماي توي قىلىۋېلىڭ، ئېزىز، تەقدىر ئاشۇنداق پۈتكەن ئوخشايدۇ، بىز ئەمدى ھەرگىز قوشۇلالمايمىز. بۇنداق يۈرۈۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىۋېتىسىز. بىچارە ئاتا ـ ئانىڭىزغىمۇ ئۇۋال، ئۇلار سىزنىڭ غېمىڭىزنى تولا يەپ تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمىسىمۇ ئاشۇلارغا بولسىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مېنى خۇش بولسۇن دېسىڭىز، مەلۇماتلىق، ئەخلاقلىق قىزدىن بىرەرسى بىلەن دەرھال توي قىلىۋېلىڭ. ئىنسان ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر قىسىم ئوڭۇشسىزلىقلارنى قوبۇل قىلىشنىمۇ بىلىشى كېرەك» دېگەن نەسىھەتلىرىنى ھەر قېتىم ئېسىڭگە ئالغىنىڭدا نېمە دېيىشىڭنى، نېمە قىلىشىڭنى بىلەلمەي قۇمغا چىقىپ قالغان بېلىقتەك تولغىناتتىڭ، لېكىن سەن بۇ تەتۈر تەقدىرنى ئۆزگەرتىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، بويتىلا دەپ قوبۇل قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ.

سەن داداڭنىڭ نەسىھەت، تەنبىھ، پوپوزىلىرىغا پەرۋامۇ قىلمىدىڭ. ئەمما، بىر يىل ھەرقانچە كاجلىق قىلىپ، تىركىشىپ باققان بولساڭمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئاناڭنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا،

كۆز يېشىغا چىداپ تۇرالمىدىڭ. قەلبىڭدە مەڭگۈ ئورۇن ئالغان ئانىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئەقىدە ئاشۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ كۆز يېشىغا چىداپ تۇرالمىغان ۋىجدانىڭنىڭ خىتابى بىلەن يىغلىشىپ ئاخىر سېنى تىز پۈكتۈردى.

— بوپتۇ، ئانا، سىز خۇش بولىدىغان ئىش بولسا توي قىلسام قىلاي، — دېدىڭ سەن ئاخىر.

بۇ جاۋابىڭنى ئاڭلاپ ئاناڭنىڭ خۇشاللىقتىن چۆرگۈلەپ كەتكىنىنى، چىرايىدا بىر يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ھەقىقىي بىر كۈلكىنىڭ بالقىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىڭ.

ئاناڭنىڭ مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى تاللىۋالغىن بالام دەپ، ئالدىڭغا قويغان قىزلارنىڭ بىرنەچچە سۈرىتىنى كۆرۈپ، بىردىنلا رازىيەنىڭ ھېلىقى تۆت سۇڭگۈلۈق سۈرىتىنى ئېسىڭگە ئالدىڭ، يۈرىكىڭ داغمال ياققاندەك ۋاژژىدە ئېچىشتى.

سەن بۇ سۈرەتلەرنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن رازىيەنىڭ سۈرىتىنى پەقەتلا تاپالمىدىڭ. كۆزۈڭ ھە دەپ رازىيەنىڭ سۈرىتىنى ئىزدەيتتى. شۇڭلاشقا، سۈرەتتىكى قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆزۈڭ چۈشمەيتتى، بارلىق ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بىر تال ئۆرۈمە چېچىنى ئالدىغا تاشلاپ چۈشكەن گۈزەل سىيمانى ئىزدەيتتىڭ، ئىزدەيتتىڭ...

— ئېيتقىنا، كۆز نۇرۇم، ساڭا بۇ قىزلاردىن زادى قايسىسى ياردى؟

سەن ئاناڭنىڭ بۇ سوئالىدىن چۆچۈپ ئېسىڭنى يىغدىڭ. بۇ سۈرەتلەرنى يۈزمىڭ قېتىملاپ ئاختۇرۇپمۇ قەلب قەسىرىڭدىكى مۇقەددەس پەرىشتىنىڭ سىيماسىنى ھەرگىز تاپالمايدىغانلىقىڭغا ئىشەندىڭ — دە، بىچارە يۈرىكىڭ دەرد — ھەسرەتتىن ئېزىلىپ كەتتى، ۋۇجۇدۇڭ مۇڭلانغان ھالدا ئۈنسىز داد — پەرياد كۆتۈرەتتى.

ئاناڭنىڭ تېخىچىلا جاۋاب كۈتۈپ، تەقەززالىق بىلەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خامۇشلۇق بىلەن جاۋاب بەردىڭ.

— ئۆزىڭىز تاللاڭ، ئانا. ئۆزىڭىزگە ئەڭ ياخشى كېلىن بولالايدىغان قىزنى تاللاڭ. ماڭا بەرىبىر، ماڭا ئادەملا بولسا بولىدى.

سەن شۇ جاۋابنى بېرىۋېتىپ چانىقىڭدا لىغىرلاپ تۇرغان كۆز يېشىڭنى توختىتالمىدىڭ.

سەن ئىززەت بىلەن توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئۈچۈن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا پەقەت ئىككى قېتىملا يۈز كۆرۈشتۈڭ. سەن ئۇنى بىرىنچى قېتىمدا، رەسمىيەت ئۈچۈن ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن ئىززەتنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن چاي ئېلىپ بارغاندا كۆردۈڭ. ئىككىنچى قېتىمدا، توي قىلىش گۇۋاھنامىسىگە چاپلاشقا سۈرەتكە چۈشكىلى بىللە بارغاندا كۆردۈڭ. سەن ئۇنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل ھۆسن ـ جامالىغا پەقەتلا قىزىقمىدىڭ. ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىڭ. ئۇنىڭ تارتىنچاقلىقى، كەم سۆزلۈكىدىن، تولا گەپ سوراپ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلمىغانلىقىدىن خۇش بولدۇڭ.

مانا ھازىر سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئۈچۈن بىللە كېتىۋېتىپمۇ خۇددى تونۇشمايدىغان يات كىشىلەردەك جىملا ماڭدىڭ. ۋۇجۇدۇڭدا خۇشاللىق، بەخت، شوخلۇقنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، ھەرقانداق يىگىتلەرنىڭ ھېسسىياتىدا بولىدىغان ئۆزگىرىش ۋە باشقا ئۆزگىچە ئالامەتلەرنى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايتتى. سەن ھېسسىياتى ئۆلگەن گاچىغىلا ئوخشاپ قالغانىدىڭ. يولدا بىر گۈزەل نازىنىن بىلەن توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغىلى ئەمەس، ئۆزۈڭ يالغۇز بازار ئايلانغىلى ماڭغاندەك كېتىۋاتاتتىڭ.

سەن بۈگۈن بەئەينى تىلسىز، زۇۋانسىز، گاچا ئىدىڭ.

سەن توي خېتى كېسىپ بېرىشكە مەسئۇل خەلق ئىشلىرى خادىمىنىڭ سورىغان ھەربىر سوئالىغا پەقەت «ھەئە»، «شۇنداق»

دېيىش بىلەنلا كۇپايىلەندىڭ.

سەن خەلق ئىشلىرى خادىمىنىڭ، سېنى ئىززەت بىلەن مەڭگۇ بىر ياستۇقتا باش قويۇپ تەڭ قېرىشىڭنى، بىر ئۆمۈر بەختلىك هايات كەچۈرۈشۈڭنى تىلەپ تۇرۇپ ئۇزارتقان تويى قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاهنامىسىنى رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ «رەهمەت» دەپ قويماي قولۇڭغا سوغۇقلا ئالدىڭ ـ دە، چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ قېتىپلا قالدىڭ.

سەن رازىيە بىلەن بۇ يەردە بۇنداق هالەتتە ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىڭ.

رازىيەمۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ، سېنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى ۋە تامدەك ئاتاردى.

سەن رازىيەنىڭ كۆزىگە ئەجەبلىنىش، هەيرانلىق نەزىرىڭ بىلەن تىكىلدىڭ. ئۇنىڭ سېزىلەرلىك دەرىجىدە تېترەۋاتقان ئازۇك قەددىگە، مۇشت، ئاياق زەربىدىن كۆكەرگەن، زېدە بولغان سولغۇن، ئۇماق جامالىغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قاراپلا قالدىڭ. چۇۋۇلۇپ، پاخپىيىپ كەتكەن بىر تال ئۆرۈمە چېچىنى كۆرۈپ يۈرىكىڭ ۋىژژىدە ئېچىشتى ـ دە، ئۇنىڭ قېشىدا هاكاۋۇرلارچە گىدىيىپ تۇرغان، پاكىز كىيىنگەن ئوتتۇز بەش ـ قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەمگە نەپرەت بىلەن قارىدىڭ.

سەن رازىيەنىڭ كۆزى ئارقىلىق «چىقىپ كېتىڭ» دەپ قىلغان ئىشارىتىگە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ، ئىككى مۇشتۇمۇڭ مەهكەم تۈگۈلگەنىدى.

سەن رازىيەنىڭ ئېرىنىڭ شىكايىتىگە قۇلاق سالدىڭ. ئۇ خەلق ئىشلىرى خادىمىغا ئايالى ـــ رازىيەنىڭ يېنىدىن ئاشنىسىنىڭ ـــ بۇ سۆز قۇلىقىڭغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلاندى ـــ سۈرىتىنى تېپىۋالغانلىقىنى ۋە ئايالىنىڭ تويى قىلغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە هەر كېچىسى ئاشنىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ جۆيلۈپ چىقىدىغانلىقىنى، بۈگۈن ئاشۇ

سۈرەتتىن ئىبارەت پاكىتنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بىر تالاي دادلىدى. ئۇ ھەربىر سۆزىنىڭ ئارىلىقىدا رازىيەنى «بۇزۇق»، «شەرمەندە» دېگەندەك يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى. بۇ ھاقارەتلەر سېنىڭ يۈرىكىڭگە خەنجەر بولۇپ سانجىلاتتى. ئەمما، سەن يەنىلا ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا، بەختىيارلىقتا چۆمدۈڭ. يۈرىكىڭگە تاتلىق، ھارارەتلىك بىر ئېقىم ئېقىپ كىرگەندەك راھەتلەندىڭ. بىر چەتتە ئۈنسىز سۈكۈت قىلىپ تۇرغان رازىيەگە چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تەلمۈردۈڭ.

سەن ئىززەتنىڭ كېتەيلى دەپ پات ـ پات نوقۇپ قويۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، تۇرغان جايىڭدىن قىمىرلىماي تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىدىڭ. رازىيەنىڭ سۈرەتنى ئېرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنى رازىيەنىڭ يوشۇرمايلا ئېتىراپ قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رازى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئاڭلىدىڭ. لېكىن، رازىيەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قولۇڭدىكى ھازىرلا ئالغان توي قىلىش گۇۋاھنامەڭگە شۇنداقلا قارىدىڭ ـ دە، كۆڭلۈڭ خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. سەن بارلىق دەرد ـ ئەلىمىڭنى قولۇڭدىكى نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىدىن ئالماقچى بولغاندەك، كۈچلۈك بارماقلىرىڭ بىلەن قاتتىق مۇجۇدۇڭ.

سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قولۇڭدىكى بۇ نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى قايتۇرۇۋېتىپ، يېڭىباشتىن رازىيە بىلەن توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىڭ. ئەپسۇسكى، رېئاللىقنىڭ، ئاشۇ رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئارزۇيۇڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ.

سەن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭنى قىيناۋاتقان ئازاب ۋە ئۆكۈنۈشلەرنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى خادىمى بىلەن رازىيەنىڭ

سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىڭ.

— ئېرىڭىزنىڭ دېگەن گەپلىرى راستمۇ، سىڭلىم؟

— راست.

— سۈرەتتىكى ئۇ يىگىت كىم؟

— قەلبىمنىڭ ئىگىسى.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىدىڭىز؟

— بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىمەن.

— سىز بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايالنىڭ ئىككىنچى بىر ئەرگە مۇھەببەت قويۇشىنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇن مىزانىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ئەخلاق بىلەن قانۇن يۈرەككە، ۋىجدانغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ!

— ئۇ يىگىتنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن.

سەن رازىيەنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىڭ. شۇ دەقىقىدە ئۆزۈڭنى جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ بەختلىكى دەپ ھېسابلىدىڭ. رازىيەنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېيىلگەن بۇ سۆزلەر ۋۇجۇدۇڭغا ئاجايىپ تاتلىق بىر لەززەت بەخش ئەتتى. يۈرىكىڭ ھاياجان بىلەن دۈپۈلدەشكە باشلىدى.

رازىيە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپلا، چىرايىڭغا قاراشتىن نومۇس قىلغاندەك، يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئىشخانىدىن چىقتى - دە، ۋېلسىپىتىگە مىنىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. سەن ئۇنىڭ كەينىدىن بېلىدە شوخلۇق بىلەن تولغىنىپ تۇرغان، بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن توم ئۆرۈمە چېچىغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدىڭ.

سەن قېشىڭدا ساڭا ھېيىقىش بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىززەتكە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ. ھازىرلا ئالغان نىكاھلىنىش گۇۋاھنامەڭنىڭ بارماقلىرىڭ ئارىسىدا مۇجۇلۇپ، تىتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن ئايالنىڭ بىلەن زىبا قامىتىنى تۇتقىلى بولمايدىغان، ئاي جامالىنى، بىر تال توم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى بولمايدىغان بىر گۈزەل سىيمانىڭ ئارىسىدا ياشايتتىڭ.

بىرسى تېنىڭگىلا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭدىن يەنە بىرسىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى، بىرسى دىلخاناڭغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ، يەنە بىرسىنىڭ تىنىقىنىمۇ كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قەلب قەسرىڭنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋالغانلىقىنى پەقەت سەنلا بىلەتتىڭ.

## 8

سەن ئىززەت بىلەن توي قىلىشتىن بىر دىنلا يالتىيىۋالدىڭ. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتتىڭ.

سەن توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغىلى بارغان كۈنى، رازىيەنىڭ خەلق ئىشلىرى خادىمىغا تەمكىنلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىقىڭدىن پەقەتلا نېرى كەتمەيتتى. سەن ئىززەت بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، رازىيەنىڭ ئالدىدا كەچۈرگىلى بولمىغۇدەك چوڭ بىر گۇناھلىق ئىش قىلىپ سالغاندەك ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئەيىبلەيتتىڭ. رازىيەنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭدىن گۇناھىڭنى تىلىمەكچى، ئەپۇسىغا، كەچۈرۈشىگە ئېرىشمەكچى بولدۇڭ، لېكىن سەن رازىيەنى تولۇق بىر ئاي ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدىڭ. ھەر قېتىم ئىزدەپ بارغىنىڭدا ئىشىككە سېلىنغان يوغان قارا قۇلۇپ سېنى ئۈنسىز قارشى ئالاتتى. قوشنىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى توغرۇلۇق قىلچىلىك ئۇچۇر ئالالمىدىڭ. سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنسېرى ھەسرەتلىنەتتىڭ، تىت ـ تىت بولاتتىڭ، ئاناڭنىڭ تويۇڭنى تېزرەك قىلىۋېتىش توغرۇلۇق تولا يالۋۇرۇپ تۆككەن كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، تەڭقىسلىقتا تېخىمۇ بەك قىينىلاتتىڭ.

ساڭا ئىززەت بىلەن قىلىدىغان تويىدىن يېنىۋېلىشقا ھېچقانداق ئورۇن، سەۋەب قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويىنىڭ بارلىق چوڭ ـ كىچىك تەييارلىقلىرى پۈتۈپ بولغانىدى.

سەن كەينىڭگە خېلىلا تارتىشقاندىن كېيىن توي كۈنىنى ئاخىر بېكىتىپ بەردىڭ ـ دە، خىزمەتداشلىرىڭ ۋە دوستلىرىڭغا خالا ـ خالىماس باغاق يازدىڭ.

سەن توي كۈنى ئاتا ـ ئاناڭ ۋە دوستلىرىڭنىڭ زورلىشى بىلەن چاچ ـ ساقاللىرىڭنى بىر قۇر ياساتقان بولدۇڭ. سەن بەئەينى نائۇستا ھەيكەلتىراشنىڭ قولىدىن چىققان ناچار لاي ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغانىدىڭ. چىرايىڭ، كۆزۈڭ، لەۋلىرىڭدىن ھېسسىيات دېيىلگەن نەرسىنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بارلىق يىگىتلەرگە ئوخشاش توي كۈنىدىكى خۇشاللىق، بەخت ساڭا پۈتۈنلەي يات ئىدى. دوستلىرىڭنىڭ ئارىغا ئېلىۋېلىپ گىتار چېلىپ، ناخشا تۇۋلاشلىرى، قىزىق ـ قىزىق چاقچاقلارنى قىلىشلىرى پەقەتلا قۇلىقىڭغا كىرمەيتتى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىڭنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ قىلغان چاقچاقلىرىنى جاۋابسىز قالدۇراتتىڭ. چۈنكى، ئۆزۈڭ ئۆيدە ئولتۇرغىنىڭ بىلەن خىيالىڭ رازىيە بىلەن غايىۋى دۇنيادا سەيلە قىلاتتى.

سەن قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشكىمۇ خۇددى بىرسى بويىنۇڭدىن قىل ئارغامچىدا باغلاپ سۆرىگەندەكلا باردىڭ. موللام ئىززەت بىلەن نىكاھىڭنى ئوقۇشقا باشلىغاندا دوستلىرىڭنىڭ: «تويىنىڭ قىزىقچىلىقى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، موللام نىكاھىڭنى ئوقۇپ قىزنى ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ دەپ يەتتە قېتىم سورىغاندا ئاندىن ئالدىم دېگىن» دەپ ئۆگىتىشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماستىن، بىرىنچى قېتىمدىلا «ئالدىم» دەپلا جاۋاب بېرىۋەتتىڭ. لېكىن، سەن شۇ ۋاقىتتا ئىچىڭدە «رازىيەنى نىكاھىمغا ئالدىم» دېگىنىڭنى ئۆزۈڭدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى.

سەن قىزنى يۆتكەپ ئەكەلگەندىن كېيىن قىز قولداشلىرىنىڭ قاتتىق تەلىپىگە ئاساسەن، بولغۇسى ئايالىڭنى ھۇجرىغا

قۇچىقىڭدا كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن بولساڭمۇ، لېكىن ۋۇجۇدۇڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش، ھاياجانلىنىش يۈز بەرمىدى، سەن ھۆجرىدىن چىقىپ دوستلىرىڭنىڭ قېشىغا يەنىلا ئاۋۋالقى سوغۇق، بىپەرۋا، ھېسسىياتسىز كەيپىياتتا يېنىپ چىقتىڭ. دوستلىرىڭنىڭ چاقچاقتا پۈتلاپ يىگىتلىك غۇرۇرۇڭغا تېگىدىغان سۆزلىرىنى قىلىپ ئاغزىڭنى تاتىلاشلىرىغا، كەيپىڭنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىغا، كىملەرنىڭدۇر توي كېچىدىكى «جەڭ»نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشقا تېگىشلىك ھۆجۇم قىلىش، تاكتىكا ئىشلىتىش ھەققىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمىدىڭ.

دوستلىرىڭ توي ھارىقىنى تۈگىتىپ ئىچىشكەندىن كېيىن يەنە قىزىقچىلىق قىلىشقا رايى بارماي قايتىشتى. سەن ئۇلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئۇزىتىپ قويدۇڭ.

شۇ دەقىقىدە قىز ھۆجرىسى سەن ئۈچۈن تەرىپلەپ بەرگۈسىز قورقۇنچلۇق بىر جاي ئىدى. سەن ئۇ يەرگە مەڭگۈ كىرمەسلىكنى ئارزۇ قىلاتتىڭ، لېكىن يىگىتلىك غۇرۇرۇڭ بۇ ئارزۇيۇڭغا يول قويمايتتى. سەن ھۆجرىغا كىرىپلا ئىمزەتنىڭ ئورنىدا رازىيەنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭ بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن تۇم ئۆرۈمە چېچىنى پۇراشنى، يۈزۈڭگە، كۆزۈڭگە سۈرتۈشنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. ئەمما، رېئاللىق بۇ شېرىن ئارزۇيۇڭنىڭ ئەكسىچە ئىدى.

سەن خامۇشلۇق، بىزارلىق، مەيۈسلۈك ئىلكىدە خۇددى ئۈستۈڭگە تاغ يۈكلىۋالغاندەك قەدىمىڭنى ناھايىتىمۇ تەسلىكتە ئېلىپ، ھۆجرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باستىڭ...

سەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رازىيەنى توپتوغرا ئون يىل كۆرەلمىدىڭ. كۆرەلمىدىڭلا ئەمەس، ئۇتمىڭ قېتىم ئىزدەپمۇ تاپالمىدىڭ. خەت ـ خەۋىرىنىمۇ ئالالمىدىڭ.

سەن ئاشۇ ئون يىل ئىچىدە خىزمىتىڭدە زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدىڭ. خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈڭ. چۈنكى، سەن سۈبھى ئاقىرىش بىلەن تەڭلا ئىدارەڭگە بېرىۋالساڭ تاكى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە كېلەتتىڭ. سەن شەخسىي تۇرمۇشۇڭدىكى بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى، ئازاب، دەرد ئەلەملەرنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خىزمەت، كەسپىڭگە ئەنە ئاشۇنداق قاتتىق ئۇراتتىڭ. دەم ئېلىش، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدىمۇ دەم ئالماي ئىشلەيتتىڭ. كۆپ ۋاقىتلاردا كېچە - كېچىلەپ ئىشخاناڭنىڭ چىرىغى ئۆچمەيتتى.

سەن ئۆيۈڭگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بارماسلىققا تىرىشاتتىڭ. ئايالىڭنىڭ مۇھەببەت ئىزدەپ تەلمۈرۈشلىرىگە، سۈركىلىشلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايتتىڭ. سەن ئەرلىك مەجبۇرىيىتىڭنى پەقەت ھېسسىياتسىز، كۆڭۈلسىز ھالدا ئۆزۈڭ خالىمايدىغان بىر ئىشقا مەجبۇرلانغاندەك مېخانىكىلىق كەيپىياتتا ئورۇنلايتتىڭ. سەن ئۈچۈن ئائىلە ھاياتىڭ ئەنە ئاشۇنداق مەنىسىز ئىدى.

سەن پەقەت خىيالىڭدىكى، يۈرىكىڭدىكى رازىيە بىلەن بىللە ياشايتتىڭ، مۈڭدىشەتتىڭ، خىيالىي، ساماۋى دۇنيادا سەيلە قىلاتتىڭ. ئائىلە ۋە خىزمەتتە ئۇچرىغان ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق، كۆڭۈل رەنجىشلىرىنى پەقەت خىيالىڭدىكى ئاشۇ رازىيەگىلا تۆكەتتىڭ ھەمدە شۇ خىيالىڭدىكى دىلكەشىڭدىنلا تەسەللى تاپاتتىڭ.

سەن ئايالىڭنى، ئارقىمۇئارقا دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتىڭنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتىڭ. ئايالىڭغا ئەرلىك ئىشق - مۇھەببەت، بالىلىرىڭغا ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببەت بەرمەيتتىڭ، بېرىشمۇ ئېسىڭگە كەلمەيتتى.

سەن ئاشۇ بۇرۇقتۇرمىلىق، خامۇشلۇق، زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئون يىللىق لەززەتسىز ئائىلە ھاياتىڭدا ئايالىڭنىڭ ئېغىزىدا نامدا ئەر، بالىلىرىڭنىڭ ئېغىزىدا نامدا ئاتا، لېكىن ھەر

ئىككىسىنىڭ نەزىرىدە ياتلا بىر ئەركەك بولۇپ قالغانلىقىڭنى پەقەتلا سەزمەيتتىڭ. ئايالىڭنىڭ چىرايىدىكى، شەھلا كۆزلىرىدىكى، ئۇماق لەۋلىرىدىكى مۇھەببەتلىك قاراش، تەلمۈرۈش ئىپادىلىرىنىڭ بارا ـ بارا زېرىكىش، بىزار بولۇش، خالىماسلىق، ۋاز كېچىش، قىزىقماسلىق ئىپادىلىرىگە ئالمىشىۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىڭنىڭ سەندىن بارا ـ بارا ياتلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇرۇنقىدەك ئەركىلىمەيدىغان، ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ چىقمايدىغان، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن بوينۇڭغا ئېسىلمايدىغان، ئۈنى ـ بۈنى سورىمايدىغان، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئېيتمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى پەقەتلا سەزمەيتتىڭ.

سەندە بۇ ئۆزگىرىش، ئالامەتلەرنى كۆرگۈدەك كۆز، سەزگۈدەك سەزگۈ يوق ئىدى. سەن ئۇنى رازىيە بىلەن تەڭلا يوقاتقانىدىڭ. سېنىڭ پۈتكۈل ئەس ـ يادىڭ يەنىلا رازىيەدە، ئاشۇ دۇگىلەك چوڭ كۆزلەردە، ئۇماق، تاتلىق لەۋلەردە، كۆكسىدە يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن توم ئۆرۈمە چاچتا ئىدى.

سەن ئايالىڭ بىلەن زىبا قامەتنى تۇتقىلى بولمايدىغان، بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن توم ئۆرۈمە چېچىنى سىلىغىلى بولمايدىغان بىر گۈزەل سىيمانىڭ ئارىسىدا ياشايتتىڭ. ئۆزۈڭ ئالدىنقىسىنىڭ قېشىدا، پىكىر ـ خىيالىڭ يەنە بىرسىنىڭ قېشىدا ئىدى. سەن روھىڭ بىلەن تېنىڭنى ئەنە ئاشۇنداق بۆلۈۋەتكەنىدىڭ.

## 9

سەن ئايالىڭنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىپ، بۇنداق بۇرۇقتۇرما، زېرىكىشلىك، كۆڭۈل، ھېسسىيات بىرلىكى بولمىغان ئائىلە ھاياتىنى؛ ئىشق ـ مۇھەببەتتىن مۇستەسنا

ھالەتتە داۋاملىشىۋاتقان مېخانىكىلىق ئەر - خوتۇنچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش تەلىپىنى ئاڭلاپ دەسلەپ بىر ئاز گاڭگىرىدىڭ، بۇنداق تەلەپنى ئۆزۈڭ بۇرۇنراق قويمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئېچىڭ ئېچىشتى. خورلانغاندەك، كەمسىتىلگەندەك ھېسسىياتقا كەلدىڭ، لېكىن شامال كىرگۈدەكمۇ يوچۇق قالدۇرماي پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىلىپ، ئۇزاق مۇددەت قاراڭغۇ تۇرغان دىلخاناڭغا، تاقاقلىق روجەكلىرى ئېچىلىپ، پەردىلىرى قايرىلىپ ئاستا - ئاستا يورۇقلۇق چۈشكەندەك، يورۇتۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىڭ.

سەن ئايالىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن تارتىپ، ھەر كېچىسى داۋاملىق «رازىيە» دەپ جۆيلۈپ چىقىدىغانلىقىڭنى، داۋاملىق تۈن نىسپى بىلەن تەڭ رازىيەنىڭ ھېلىقى سۈرىتىگە قاراپ مۆڭگىنىپ، خىيال سۈرۈپ، ھەسرەتلىنىپ تۈننى تاڭغا ئۇلايدىغانلىقىڭنى بىلىپ قالغان ئايالىڭنىڭ سېنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزىگە قارىتىشقا كۆزى يەتمىگەندە، سۈرۈشتۈرۈش، كۈندىلىك خاتىرەڭنى، خەت - چەكلىرىڭنى ئوغرىلىقچە كۆرۈش ئارقىلىق رازىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى بىلىۋالغانلىقىنى ۋە بىرنەچچە يىل توختىماي سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق رازىيەنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا سەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، رازىيەنى يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى، سەن بىلەن قايتىدىن يارىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتىڭ.

سەن بۇ ئىشلارنى ئايالىڭدىن سىر تۇتقانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنىمۇ، ئۇنىمۇ ۋە رازىيەنىمۇ توپتوغرا ئون يىل قىينىدىڭ.

مانا ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئايالىڭنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ ھەيران قالدىڭ. ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن، مەردلىكىدىن خۇشاللاندىڭ، ئەمما سەن ئايالىڭنىڭ دىلخاناڭنىڭ ئىشىك، دېرىزە، روجەكلىرىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنى دىلخاناڭدىكى ئاشۇ قاراڭغۇلۇققا،

پىنھانلىقتا بەند قىلغان رازىيەگە يورۇقلۇق، كۈن نۇرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىمۇ ئازادلىككە، ھېسسىيات، كۆڭۈل پۈتۈنلۈككە ئېرىشمەكچى، مېخانىكىلىق ئەمەس، ھەقىقىي ئەرلىك سۆيگۈسىدىن بەھرىمەن بولماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ.

سەن ئايالىڭنىڭ سېنى رازىيە بىلەن مۇرادىڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇن يىل ئەجىر سىڭدۈرگەن، پەرۋىش قىلغان، كۆيۈنۈپ تۇتقان ئۆيىدىن؛ خەقلەرنىڭ نەزىرىدە نىكاھتىن ئاجراشقان دېگەن يامان ئاتاقتا قېلىشتىن قورقمىغانلىقىدىن تەسىرلەندىڭ، لېكىن ئايالىڭنىڭ بۇنداق قىلىشتا يالغۇز رازىيە بىلەن سېنىڭ بەختىڭنىلا كۆزلەپ ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ بەختىنى، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال تونۇشۇپ، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەن، بىر - بىرىگە دىل قەسىرىنىڭ ئىشىكىنى داغدام ئېچىپ بېرىشكەن، تېنىگە سېنى ئىگە قىلىپ قويۇپ، يۈرىكىنى، ھەقىقىي ئاياللىق كۆڭلىنى، ھېسسىياتىنى تولۇق بېرىۋەتكەن خىزمەتدىشى بىلەن ھاياتىنى قايتىدىن باشلاش ئۈچۈن ئەنە ئاشۇنداق مەردلىك، ئالىيجانابلىق، باتۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سەن ھەرگىز بىلمەيتتىڭ.

لېكىن، سەن ئايالىڭنىڭ شۇ ئالىيجانابلىقى، مەردلىكى ئارقىلىق سېنى، رازىيەنى ۋە ئۆزىدىن ئىبارەت ئۈچ تەننىڭ، ئۈچ روھنىڭ، ئۈچ يۈرەكنىڭ بارلىق ئازابلىرىنى بىراقلا تۈگەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتىڭ.

سەن ئايالىڭدىن رازىيەنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى، قانداقراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدىڭ، لېكىن ئايالىڭ بۇ سوئالىڭغا نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغان كۈنى جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەلىپىڭنى رەت قىلدى.

سەن ئاتا - ئاناڭ ۋە ئىدارەڭگە، ئۇلارنىڭ نەسىھەت ۋە

قارشىلىقلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي ئايالىڭ بىلەن قەتئىي ئاجرىشىدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. ئايالىڭمۇ سەندىن قەتئىي ئاجرىشىمەن دەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارتۇق قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى ۋە تەلەپىڭلارنى رەت قىلىۋېتەلمىدى.

سەن ئايالىڭ بىلەن ئاسانلا ئاجراشتىڭ. نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئايالىڭ قولۇڭغا بىر تال باغاقچىنى تۇتقۇزدى ـ دە، مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— مانا ئېلىڭ، بۇ رازىيەنىڭ ئادرېسى، ئۇن يىلدىن بېرى كۆيۈپ ـ پىشقىنىڭىز ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتىمىكىن دېسەم بىر قېرى زات ئىكەنغۇ.

سەن ئىززەتنىڭ بۇ مەسخىرىلىك تەنىسىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدىڭ. تومۇرلىرىڭدىكى قانلىرىڭ بىردىنلا يۈزۈڭگە تەپتى، پۇت ـ قوللىرىڭ، لەۋلىرىڭ تىترىدى، سەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىڭ:

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، ئۇنى ھاقارەتلەشكە ھوقۇقىڭىز يوق. بىلىپ قويۇڭ، سىزدەكتىن يۈزنى يۇغۇرسىمۇ ئۇنىڭدەكتىن بىرسى پۈتمەيدۇ.

سەن باغاقچىدىكى ئادرېستىن رازىيەنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدىڭ. سەن پەقەت شۇنىلا بىلدىڭ. ئەمما، رازىيەنىڭ سېنى، سېنىڭ بەختىڭنى دەپ، ئاناڭنىڭ ئارزۇسى، تەلەپىگە كۆنۈپ بۇ سەھراغا كۆچۈپ چىقىپ ھىجران ئازابىدا ئون يىل يەككە ـ يېگانە ياشىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتىڭ ۋە ئۇنىڭ بۇ يەردە توپتوغرا ئون يىل تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىنىڭ بىرسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىڭ.

سەن رازىيەنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ۋېلىسىپىتىڭنى تېز ـ تېز ھەيدەپ ماڭدىڭ. خىيالىڭدا رازىيەنىڭ قانداق قىياپەتتە ئالدىڭغا چىقىدىغانلىقىنى، سېنى قانداق ھالەتتە قارشى ئالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىڭ. كۆز ئالدىڭدا ئۇنىڭ ئون يىل

ئاۋۋالقى گۈزەل سىيماسى پەيدا بولۇپ ۋۇجۇدۇڭنى تولسمۇ تاتلىق بىر سېزىم غىدىقلايتتى. خىيالىڭدا يېڭىدىن ـ يېڭى گۈزەل ئارزۇلار، ئارمانلار قانات قاقاتتى.

سەن كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ رازىيەنىڭ ئۆيىنى تاپتىڭ. ئىچىگە تۇرلۇك گۈللەر تېرىلغان چاققانغىنا ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىدى. سەن يۈرىكىڭنىڭ ئارامسىز تېپچەكلەشلىرىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ دەرۋازا زەنجىرىنى شاراقلاتتىڭ. ھايال ئۆتمەي ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ رازىيە چىقىپ كەلدى ـ دە، سېنى كۆرۈپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

سەن رازىيەنى كۆرۈپ ھويلىنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىردىڭ ـ دە، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدىڭ ۋە چۈرسىگە ئۇششاق قورۇقلار چۈشكەن دۈگىلەك يوغان كۆزلەرگە، بۇ كۆزلەردىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغا، ئون يىل ئاۋۋالقى ئوماقلىقنى، جەلپكارلىقنى تېخىچىلا يوقاتماي شۇ پېتىچىلا تۇرغان چىرايلىق قاڭشىرىغا، بىر ئاز قورۇق چۈشكەن جاۋغايلىرىغا، قىزىللىقنى يوقىتىپ خىلىلا ئاقارغان لەۋلىرىگە، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چۈشۈپ بىر ئاز ئىنچىكىلەپ قالغان بىر تال ئۆرۈمە چېچىغا، ئاندا ـ ساندا ئاق ئارىلىغان چېكە چاچلىرىغا تويماي قارىدىڭ.

ــ رازىيە... رازىيە ... ــ دەيتتىڭ سەن ھاياجانلانغان ھالدا.

ــ بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، ئىزىز؟ ــ دەيتتى ئۇمۇ ساڭا ياشلانغان كۆزى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ.

سەن ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ قالغان، مانا ئەمدى يۈرىكىڭنى لەرزىگە سېلىپ تۇرغان بىر ئىچكى كۆچنىڭ تەسىرىدە رازىيەنىڭ بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ باغرىڭغا باستىڭ. بۇنىڭغا ئۇ تېزلا قارشىلىق كۆرسەتتى.

ــ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئىزىز، مەن ھازىر بۇرۇنقى ياش، گۈزەل چوكان ئەمەس. يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. يىللار

قېرىتتى، چىرايىمغا قورۇق سالدى، ئەمدى مەن قېرىپ قالدىم.

سەن رازىيەنىڭ بۇ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالمىدىڭ.

— ياق، رازىيە، ئادەم قېرىغان بىلەن يۈرىكى ۋە ئاشۇ يۈرەكتىن مەڭگۈلۈككە ئورۇن ئالغان سۆيگۈسى قېرىمايدۇ.

سەن شۇلارنى دەۋېتىپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، يۈز - كۆزلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيدۇڭ. بىراۋنىڭ ئايرىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدىڭ...

1991- يىلى فېۋرال - ئاپرېل، يەكەن

# ئاچچىق ـ چۈچۈك خەتلەر

**1**

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن؟ مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى بۇ بىر يىل ئىچىدە ساڭا بىر پارچىمۇ خەت يازالمىدىم.

مانا ھازىر سېنى غايىبانە، دوستلارچە قۇچاقلاپ، سۆيۈپ، مۇڭدىشىپ، ئەپۇ سوراپ بۇ خېتىمنى يېزىۋاتىمەن، نەچچە يىلدىن بېرى ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەن، پىنھان ساقلاپ ئاغزىنىمۇ ئاچمىغان سىر ساندۇقۇمنى ئاچتىم:

بىزنىڭ تۇنجى قېتىم تونۇشقان ۋاقتىمىز ئېسىڭدىمۇ؟

ــ سىز نەدىن؟

ــ يەكەندىن، ئۆزىڭىزچۇ؟

ــ غۇلجىدىن، ئىسمىڭىز نېمە؟

ــ ياسىنقارىي، سىزنىڭ؟...

ــ مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇسالام، قىسقارتىپ سالام دەپ چاقىرسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئىسمىڭىزنىڭ «قارىي» سىنى ئېلىۋېتىپ ياسىن دەپ چاقىرسام رەنجىمەيدىغانسىز؟

ــ ياقەي، رەنجىمىدىغان.

بۇ دىيالوگلارنىڭ تۇنجى قېتىم تونۇشقانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكى سېنىڭمۇ ئېسىڭدە بولسا كېرەك. سېنىڭ چىقىشقاق، ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزىڭ بىزنى مانا مۇشۇنداق ئاسانلا يېقىنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن سەن نېمە ئۈچۈندۇر كۆزۈمگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈندۈڭ. سېنىڭ بۇ ئوچۇق ـ

يورۇق، كىچىك پېئىل مىجەزىڭنى مەيلى ئەمەس، بەلكى سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداشلار ياقتۇراتتى. چىقىشقاقلىق، كەمتەرلىك، قىزغىنلىق سىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىڭ بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن ھەقىقىي يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. گەپىڭ ئوچۇقنى ئېيتسام، سېنى ئۆزۈم ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەر قاتارىدا ساناپ كەلدىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ئۇزىتىۋېتىپ: «بالام، ياقا يۇرتقا كېتىۋاتىسەن، ئۆزۈڭگە مەھكەم، ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بول. ياقا يۇرتلۇقلار بىلەن بەك يېقىن بولۇپ كەتمە. ئىلاجى بار بىر يۇرتلۇق باللار بىلەن ئارىلاشقىن. ئۆز يۇرتلۇقۇڭ بىلەن دوست بول. باشقا يۇرتلۇقنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلگىلى بولمايدۇ...» دېگەن نەسىھەتلىرىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم. توۋا، ھازىر ئويلىسام ئاتا ـ ئانامنىڭ شۇ گەپلىرى ئۇچۇن كۆلگۈم كېلىدۇ.

ھە راست، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئىككى ئاي ئىلگىرىكى يازغان خېتىڭدە «ئاتا ـ ئانام نېمە ئۇچۇن سائادەت بىلەن توي قىلىشىمغا چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشى تۇرىدىغاندۇ؟» دەپ يېزىپتىكەنسەنغۇ؟ مانا مەن ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سائادەت بىلەن توي قىلىشىڭغا شۇنچىۋالا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمۇ يىغىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ يۇرتۋازلىقنىڭ روشەن مەھسۇلى. سەنمۇ بەلكىم ھېس قىلغانسەن، مەزھەپۋازلىق، يۇرتۋازلىق خۇددى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە ئوخشاش كاللىسىغا ۋە تېنىدىكى ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە خېلى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باشقا يۇرتلۇققا قىز بېرىش ياكى باشقا يۇرتلۇقتىن كېلىن ئەكىرىشى ئاسانلىقچە مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس.

ھە راست، ئىشىڭلار زادى قانداق بولدى؟ ئاتا ـ ئاناڭ ئازراق يۇمشايدىغاندەك قىلامدۇ؟ ساڭا قېيىنئانا ۋە قېيىنئاتا بولغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشقا بولغان كۆزقارىشى قانداق ئىكەن؟ سېنىڭ ئىرادەڭچۇ؟ جۈرئەتلىك بول، دوستۇم. ئۈچ يىللىق پاك

مۇھەببىتىڭنى ئاشۇ يۇرتۋازلىق كۆزقارىشىنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمىگىن.

ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈر ئىشىمغا كەلسەم تېخىچە بويتاق مەن. خىزمەتكە چىقىپ ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز، ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغان ئوشۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ روھىي ھالىتىمدە بىر يۈز سەكسەن گىرادۇس ئۆزگىرىش بولدى. ھاياتىم تا بۈگۈنگىچە پۇشايمان، ھەسرەت، پىغان، ئىزا ـ ئەلەم بىلەن پۈچىلىنىپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مەكتەپتىكى شوخ، غەمسىز، كەپسىز چاقچاقچى، تانسىكەش، ھاراق خۇمار، چىرايلىق كۆرۈنگەن قىزلارنىڭ كەينىدىن ھارماي سوكۇلدايدىغان ياسىن ھازىر پەقەتلا يوق. قىزلارغا قاراشتىن نومۇس قىلىمەن. بىرەر قىزنى كۆرسەملا، مەكتەپتە قىلىپ قويغان ئىپلاسلىقلىرىم، مۇناپىقلىقىم، نامەردلىكىم ئېسىمگە كېلىدۇ ـ دە، ئۆزۈمنى بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك جورا بولۇش سالاھىيىتىم يوقتەك ھېس قىلىمەن، پۈچىلىنىمەن، تولغىنىمەن، ئازابلىنىمەن، تۇۋا، ۋىجدان سورىقى، ۋىجدان ئازابى دېگەن گەپلەرنى تولا ئاڭلىغانىدىم. مانا، جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئازابنىڭ يوقلۇقىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىم. ئاشۇ ئۈچ يىللىق مەكتەپ ھاياتىمنى ئەسلىسەم، ۋۇجۇدۇمدا قانداق تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ساڭا قەلەم ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئەسلەپ باقسام، ئاشۇ ئۈچ يىل جەريانىدا دەرس، كەسىپتىن كۆپرەك مۇھەببەت باغلاشنى، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى، قىزلارغا يېقىملىق كۆرۈنۈشنى، تانسا ئويناشنى، ھاراق ئىچىشنى، تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپتىمەن. ئۆگىنىش قىلىشقا سەرپ قىلغان ۋاقىتتىن تانسا ئويناشقا، كىنو، تىياتىر كۆرۈشكە، ئولتۇرۇشلارغا بېرىشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىم كۆپ بوپتۇ. كىشىلىك تۇرمۇش، ھايات، غايە، كەلگۈسى ھەققىدە ئەمەس، باياشات تۇرمۇشى، چىرايلىق

جورا، ئېسىل يەپ ـ ئىچىش، يۇقىرى ئورۇن ـ مەرتىۋە ھەققىدە كۆپرەك پىلان تۈزۈپتىمەن. ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟ ياكى ئۇلارمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى ۋاقىتنىڭ بىلىمنىڭ، ياخشى شارائىتنىڭ ۋە ئالتۇندەك چاغلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىپ كەلگۈسى ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتامدىغاندۇ؟ ئەگەر مۇمكىنلا بولۇپ قالسا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بىرقانچە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنى نۇقتىلىق ئارىلاپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىردىشىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇم، ئۇلارغا ئالتۇندەك چاغلىرىنى قەدىرلەپ ئىلىم ـ مەرىپەت دېڭىزىغا قەيسەرلىك، تىرىشچانلىق بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ، ئەڭ ئېسىل دۇردانىلەرنى سۈزۈپ چىقىشقا دەۋەت قىلغۇم بار. بىلەمسەن دوستۇم، يۇقىرىدىكى بۇ سۆزلەر مېنىڭ پۇشايماندىن كېيىنكى تاپقان ئەقلىمنىڭ مەھسۇلى. مېھرى ئاتەش مەكتىپىمنىڭ، كۆيۈمچان ئۇستازلىرىمنىڭ، تەڭداشسىز ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىنىڭ ئەڭ سېخىي، ئەڭ جۇشقۇن، ئەڭ گۈزەل، باھارغا ئوخشاش ئالتۇندەك چاغلىرىمنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكىمنىڭ پۇشايمانلىق، ھەسرەتلىك، نادامەتلىك نىداسى.

بەلكىم سەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئەجەبلىنىۋاتقانسەن، ھەيران بولۇۋاتقانسەن، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي گاڭگىراۋاتقانسەن، چوڭقۇر خىيالغا پاتقانسەن. راست، مېنىڭ ئۇ چاغدىكى ساختىلىق، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق بىلەن چانمىغۇدەك قىلىپ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن پەردازلىغان ئەپتىم، گەرچە شۇ چاغدا شۇنچە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەن بولساڭمۇ مېنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشىڭغا، توغرا باھا بېرىشىڭگە پەقەتلا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، ئىلغار سىنىپ كادىرى، ئاكتىپ، تىرىشچان، ئالىيجاناب، سادا-



www.uyghurkitap.com

قەتمەن، ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى ئىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقۇم ھەقىقەتەنمۇ چانمىغۇدەك پەردازلانغانىدى. شۇڭلاشقا، تېزلا مەكتەپتىكى پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسىگە ئايلاندىم، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدۇم، گەرچە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم قۇرتلاپ كەتكەن گەندىدەك سېسىپ كەتكەن، ۋۇجۇدۇمدىن گۇپۇلدەپ سېسىق بەتبۇي پۇراق تارقاپ تۇرسىمۇ، لېكىن سىلەرنىڭ سەزگۈلىرىڭلارغا ئالىي دەرىجىلىك ئىپاردەك خۇش پۇراق پۇرايتتىم. شۇڭلاشقا، مەن مەيلى ئوقۇتقۇچىلىرىمنى، مەيلى ساۋاقداشلىرىمنى، مەيلى كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان قىزلارنى ئۆزۈمگە ئاسانلا ئىشەندۈرەلەيتتىم، ئاسانلا رام قىلالايتتىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، ئۇ چاغدا مەن مەكتىپىمنى، ئۇستازلىرىمنى، ئاق كۆڭۈل ساۋاقداشلىرىمنى، قىزلارنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئەمەس، پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى ئالدىغانىكەنمەن.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، ھېلىمۇ سەن خېلىلا سەزگۈر ئىكەنسەن. ئېسىڭدىمۇ، «ياسىن، سېنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، كۆزۈمگە بەكمۇ مۇرەككەپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن. شۇنداق سەپسالسام قىلغان ئىشلىرىڭ پۈتۈنلەي ئوچۇق ـ ئاشكارىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئاشۇ ئاشكارىلىقنىڭ ئارقىسىدا ئادەم تېگىگە يېتىپ بولغىلى بولمىغۇدەك مۇرەككەپ سىرلار يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ. كۆزۈمگە خۇددى ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىر قاپاقنىڭ ئىچىگە سېلىپ كولدۇرلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىسەن. خىلمۇخىل خۇي ـ ئادەتلەرنى چىقىرىۋالدىڭغۇ» دېگەن سۆزلىرىڭ مېنىڭ شۇ چاغدىكى يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز، خۇي ـ ئادەتلىرىمگە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا ساۋاقداشلاردىن يەنە قانچىسى ساڭا ئوخشاش گۇمانىي كۆز بىلەن قارىغان بولغىيدى؟! مەن ئېزىزنىڭ بەرگەن باھاسىغا ھازىر رەسمىي قايىل بولدۇم. بىلىسەنغۇ ئۇ خوتەنلىك قارىۋاينىڭ گەپدانلىقىنى، «سىلىنى ياسىنقارىي دېمەي، ياسىن سۇيۇقئاش دېسەك بولغۇدەك ئاداش» دەپ چاقچاق

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى. مەن بۇ گەپنى ئۆز ۋاقتىدا بىر قېتىملىق چاقچاق دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتىكەنمەن، مانا ئەمدى ئويلاپ باقسام، بۇ ئېزىزنىڭ، ياق، پۈتكۈل ساۋاقداشلارنىڭ ماڭا بەرگەن باھاسى ئىكەن. «سۆيۈقئاش»، «سۆيۈق كۆڭۈل»، «يۇندى»... ئاھ، بۇ سۆزلەر يۈرىكىمنى گال پىچاقتا كەسكەندەك ئېچىشتۇرىدۇ، ۋىجدانىمنى ئازابلايدۇ.

— ياسىن، مانا ئۈچ يىل ۋاقتىمىزمۇ توشۇپ قالدى، سەن ماڭا ئېچىڭدە ساقلىغان سىرلىرىڭ بولسا سۆزلەپ بەرمەمسەن؟

— ماقۇل، ئاداش، بىراق بۈگۈن ئەمەس، سەنمۇ ئەتە غۇلجىغا ماڭىمەن دەپ، مەنمۇ ئەتە يەكەنگە ماڭىمەن دەپ سەپەر تەييارلىقىمىز پۈتكەن ئاخشىمى بىر كېچە پاراڭلىشايلى. ساڭا ھەممە سىرلىرىمنى چوقۇم سۆزلەپ بېرىمەن.

يۇقىرىدىكى مانا بۇ ئىككى دىيالوگنىڭ بىرسى سىنىپنىڭ ماڭا قويغان ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىنىڭ، يەنە بىرسى مېنىڭ ساڭا بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋەدەم ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ چاغدا ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلغۇم كەلمىدى. بەلكىم رەزىللىكلىرىمنى، ئىپلاسلىقلىرىمنى يوشۇرغان نىقابىمنى ئېلىۋېتىشنى خالىمىغاندىمەن ياكى شۇ نىقابنى ئېلىپ تاشلىغۇدەك كۈچ-قۇدرىتىم، جۈرئىتىم يوق بولغىيدى. مانا ھېلىھەم بولسا ئاشۇ نىقاب ئاستىغا يوشۇرۇنغان سىرلىرىمنى ساڭا ئېچىپ تاشلىماقچىمەن، ئاۋۋال قايسىسىنى سۆزلىسەم بولار؟

زۇلپىيە، رابىگۈل، ماھىرە... قاتارلىق قىزلار بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم بولارمۇ؟ ياكى ئابلىكىمدىن يېگەن تاياقلىرىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ قانداق قىلىپ ئۈچ يىلغىچە ئەلاچى، ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولالىغىنىمنى، قانداق قىلىپ سىنىپ باشلىقلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىمغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىمنى سۆزلەيمۇ؟ ۋە ياكى ھەپتە ئارىلاپ كېچىلىرى سىرتتا قونۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى، بىلىكىم ۋە يوتامدىكى تاتۇقلارنىڭ تارىخىنى چۈشەندۈرەيمۇ؟

بولدىلا، ئەڭ ياخشىسى، سىر ساندۇقۇمنى ئالدىڭغا قوياي. ئۆزۈڭ خالىغانچە كۆر. 80 ـ يىللاردىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ هاياتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، توغرا، ھەققانىي باھا بەر. لېكىن، بىرلا تەلىپىم، بۇ سىرلىرىمنى ئۆزۈڭنىڭ سىر ساندۇقىڭغىلا يوشۇرۇۋالماي، پۈتكۈل خەلقئالەمگە تارات. جاكارلا، ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللارغا ئىبرەت ئالدۇر. ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە قىل!

يازغان ھېكايىلىرىڭنى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن كۆرۈپ تۇردۇم. قابىلىيەت، ماھارىتىڭگە قايىل بولدۇم. مۇۋەپپەقىيىتىڭگە تەشەككۈر، ئالقىش ياغدۇراتتىم. قىسقىسى، سەندەك بىر يازغۇچى ساۋاقدىشىمنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلەندىم. «ياشلىق چاقماقلىرى» ناملىق پوۋېستىڭ جەمئىيەتتە ناھايىتى ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ھازىرمۇ جەمئىيەتتە شۇ پوۋېستىڭ بېسىلغان ژۇرنالنى ئىزدەپ سوراپ تېپىپ ئوقۇۋاتىدۇ. ياز، دوستۇم، تىرىشقىن، توختاپ قالما. خەلق ياقتۇرىدىغان، جەمئىيەت ئالقىشلايدىغان، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جاراھىتىگە مەلھەم بولىدىغان تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشقا بەل باغلا، بىزنىڭمۇ بالزاك، مۇپاسسان، تولستوي، ئايتماتوف، ياشار كامال، نەجىپ مەھپۇزلىرىمىز بولسۇن. ئۇلار ياراتقان نادىر ئەسەرلەرنى بىزمۇ پەخىرلىنىپ، ھوزۇرلىنىپ، سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئوقۇيلى.

بايا سىرلىرىمنى پۈتكۈل جاھانغا تارات دېدىمغۇ؟ ئۇنى ھەرگىزمۇ رادىيو، تېلېۋىزور، كانايلاردا سۆزلەپ كىشىلەرگە ئېيتىپ يۈرگىن دېگىنىم ئەمەس. دەل ھېلىقى ئېسىل، ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز، دۇنيادىكى ھەممە بايلىققا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، ئۇلۇغ ھۇنىرىڭ ــ يازغۇچىلىققا تايىنىپ ئەڭ ياخشى بىر پوۋېست يېزىپ چىق. يازغىنىڭ ئوقۇرمەنلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، ئالىي بىلىم باغچىلىرى

بوسۇغىسىغا قەدەم باسقان ياش ئۇكا ـ سىڭىللار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، ئوقۇغاندىمۇ ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولىدىغان، ۋەتىنى، مىللەتنى، خەلقنى، ئىستىپاقلىق، باراۋەرلىكنى سۆيىدىغان، تىرىشىپ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىدىغان، باياشات، گۈزەل دەۋرنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولسۇن!

خەير، دوستۇم، خېتىمنى ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ قوياي. ئەگەر يۇقىرىدىكى تەلىپىمنى ئورۇنلۇق ھېس قىلساڭ، دەرھال جاۋاب خەت ياز، ساڭا بارلىق يۈرەك سىرلىرىمنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە بايان قىلىپ بېرىمەن.

سېنى سېغىنىپ دوستلارچە قۇچاقلاپ

دوستۇڭ: ياسىنقارى

## 2

ئەسسالام قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام. يازغان خېتىڭدىن سالامەت ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. تەلىپىمنى قوبۇل كۆرگىنىڭگە رەھمەت. مەن كەچۈرمىشلىرىمگە گەرچە يالغاننى قوشمىساممۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەدەبىي تۈس بېرىپ يېزىشقا تىرىشىمەن، قالغىنىنى پوۋېست قىلىپ يېزىش جەريانىدا خالىغانچە بەدىئىي توقۇلما قوشساڭ بولىۋېرىدۇ.

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان ئازادە سىنىپنى، تۆتتىن ئىككى رەت قىلىپ تارتىلغان سەككىز دانە نەي لامپا يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى. مەن سىنىپقا تارتىنىپقىنا كىردىم ـ دە، مۇنبەردىكى ئاقپىشماق، قوشۇما قاش، ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، سېمىزغىنا، ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان مۇئەللىمنى ۋە ئۈچ رەت قىلىپ تىزىلغان پارتىلاردا رەتلىك ئولتۇرغان ساۋاقداشلارنى كۆرۈپ تەمتىرىدىم.

بىر ىپلا مۇئەللىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئالدىمغا ئىككى قەدەم چامدىدىم ـ يوْ، لېكىن مۇئەللىم بىلەن بۇنداق شارائىتتا كۆرۈشۈشنى ئۆزۈمچە ئەپسىز ھېس قىلىپ ھەم تارتىنىپ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالدىم. خۇددى ئەيىبكارلاردەك بېشىمنى تۆۋەن سالدىم، يۈزۈمنىڭ ئوت كەتكەندەك قىزىرىپ، ۋۇجۇدۇمنى قارا تەر باسقانلىقىنى بىلىپ تۇردۇم.

ــ كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟

مۇئەللىمنىڭ سورىغان بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ بېشىمنى دىڭگىدە كۆتۈردۈم ـ دە، يەنە تېزلىك بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

ــ سىنىپنى تاپالماي ھەممە قەۋەتلەرنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتىم...

گېپىم تۈگىمەيلا سىنىپنى گۈرررىدە كۈلكە قاپلىدى. مەن خىجىللىق ۋە ئىزادىن تېخىمۇ بەك تۈگۈلدۈم. كۆزۈمگە غىللىدە ياش كەلدى.

ــ ھە، نېمە بولدۇڭلار؟ كۈلگۈدەك گەپ بولمىدىغۇ بۇ يەردە، ــ مۇئەللىم ساۋاقداشلارنى جىملىغەندىن كېيىن مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ــ بىرىپ ئولتۇرۇڭ، ئۇكام، بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىلىپ قالماي سىنىپقا ياتاقداشلىرىڭىز بىلەن بىللە چىقماڭ، كېچىكىپ قالماڭ ـ ھە!

ــ ماقۇل.

مەن ئۇستۇمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك چوڭقۇر بىرنى تىندىم ـ دە، ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. ئىككى قەدەم چامدا ـ چامدىمايلا يەنە تەمتىرىدىم. كۆزۈمگە ئۈچ گۇرۇپپا قىلىپ تىزىلغان ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەم باردەك، بىرمۇ بوش ئورۇن يوقتەك كۆرۈنۈپ، ھېلى ئۇ گۇرۇپپىغا، ھېلى بۇ گۇرۇپپىغا بويۇنداپ قاراپ غەلىتە ئەھۋالدا قالدىم. ھودۇقۇش، تەمتىرەش، خىجىللىقتىن بولسا كېرەك،

كۆزۈمگە ھېچنېمە ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. مېنىڭ بۇ قىياپىتىمنى كۆرگەن ساۋاقداشلار يەنە پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئارىدا بىرسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاۋازىنى قويۇۋەتتى. قۇلىقىم ئاڭلاۋاتقىنى مەسخىرىلىك پىچىرلىششلار، كۆزۈم كۆرۈۋاتقىنى مەسخىرىلىك چىرايلار. ھودۇققىنىمدىن پۈتكۈل ئەزايىمغا تىترەك ئولاشتى.

— كېلىڭ، مېنىڭ يېنىمدا بوش ئورۇن بار.

مەن بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئىگىسىگە چۆچۈپ قارىدىم ـ دە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۈچىنچى گۇرۇپپا تۆتىنچى رەتتىكى ئورۇندۇقتا، چىرايلىق ئۆرۈمە چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا يۆگىۋالغان، سوزۇنچاق يۈز، ئىنچىكە قارا قاش، قارا كۆز، بوستان كىرپىك، قاڭشارلىق، جىنەستىدەك لەۋلىرى سەل ئۈچلۈقراق كەلگەن زىلۋاغىنا بىر قىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. «ئۇ راستىلا مېنى توۋلاۋاتامدىكىنە؟» مەن ھېسسىياتسىز ھالدا، ئاغزىمنى كامارەك ئېچىپ قېتىپلا قالغانىدىم.

— قېنى بېرىپ ئولتۇرۇڭ.

قۇلىقىم تۇۋىدە ئاڭلانغان مۇئەللىمنىڭ سىلىق ئاۋازى مېنى ئەسلىمگە كەلتۈردى. مەن چۆچۈپ ھوشۇمنى يىغدىم ـ دە، ھېلىقى قىزنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدىم. ھاياجاندىنمۇ، قورقۇنچتىنمۇ ياكى تەمتىرەشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزۈمگە قەدەملىرىم ئالمىشىپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى يۇمشاق بىر نەرسىنىڭ تۆپىسىدە كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. نېمە بولغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە يوق، قىزنىڭ قېشىغا كەلگەندە پارتىنىڭ پۇتىغا پۇتلاشتىممۇ ياكى ساۋاقداشلارنىڭ بىرەرسى شوخلۇق قىلىپ پۇتلىدىمۇ ۋە ياكى ئۆزۈمنىڭ پۇتۇمغا ئۆزۈم پۇتلاشتىممۇ خۇددى بىرسى گەجگەمدىن ئىتتىرگەندەك بولۇپ، يان تەرەپكە شىددەت بىلەن يىقىلدىم. ئەگەر ھېلىقى قىز چاققانلىق بىلەن يۆلىۋالمىغان بولسا، قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھازىرمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن

ھېچكىمگە، ھەتتا يېنىمدىكى ھېلىقى قىزغا قاراپمۇ قويماستىن (يۆلىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىش ئېسىمگىمۇ كەلمەپتۇ) ئورۇندۇققا چاپلىشىپ ئولتۇردۇم ـ دە، كۆزۈمنى خىجىللىق بىلەن يەرگە تىكتىم، سىنىپتىكى بارلىق كۆزلەر خۇددى ماڭىلا تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. مېنى شۇنچىۋالا ئىزا ـ مەسخىرىگە قويغان كالانپاي پوتۇمنى يەتكۈچە قارغىدىم. كۆزۈمدىن قانداقسىغا ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ سەزمەپتىمەن، ۋۇجۇدۇمنى قارا تەر باسقان بولسا كېرەك، بېشىم، يۈز ـ كۆزۈم ۋە ئۇستىخانلىرىمدىن سۇ قۇيۇلاتتى.

ــ مەڭ، تەرلىرىڭنى سۈرتۈۋېلىڭ.

يېنىمدىكى ھېلىقى قىز تۇرقۇمغا سەپسالغان بولسا كېرەك، تىزىمنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان، قاردەك ئاپپاق بىر قول ياغلىقنى قويۇپ قويدى.

ــ ياق... بولدى... رەھمەت.

مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن بىر قارىۋالدىم ـ دە، قول ياغلىقنى ئاستاغىنا ئېلىپ يۈزۈمنى سۈرتتۇم. قول ياغلىقتىن گۈپۈلدەپ كۈچلۈك ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. بەلكىم ئەتىر پۇرىقى دىمىقىمنى غىدىقلىغان بولسا كېرەك، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئارقىمۇئارقا بىرقانچىنى چۈشكۈرۈپ تاشلىدىم.

ــ ئەپچۈش ! ئەپچۈش ! ئەپچۈش !

چۈشكۈرۈكۈم بىلەن تەڭلا سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى، ياق، يېنىمدىكى ھېلىقى چىرايلىق قىزدىن باشقىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇئەللىمنىڭ گېپىمۇ قاق بېلىدىن ئۈزۈلدى.

ــ دىققەت، دىققەت قىلىڭلار، ساۋاقداشلار، ــ دېدى مۇئەللىم.

مەن دەرھال بېشىمنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدىم. دەل شۇ دەقىقىدە مۇئەللىم بىلەن كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن كۆچلۈك نارازىلىق ئالامەتلىرىنى سەزدىم ـ دە، دەرھال يەرگە قارىۋالدىم. يەنە چۈشكۈرۈپ سالماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى قاتتىق تورمۇزلىدىم.

— ھە، ساۋاقداشلار، ئەمدى بىر قۇر تونۇشۇپ چىقساق قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى مۇئەللىم ساقداشلارنىڭ جىم بولغىنىنى كۆرۈپ، — مېنىڭ ئىسمىم مۇھەممەتجان شاكىر، مۇھەممەتجان مۇئەللىم دېسەڭلار بولىۋېرىدۇ، مەن سىلەرنىڭ سىنىپ تەربىيەچىڭلار بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئەھۋالغا يولۇقساڭلار مېنى ئىزدىسەڭلار بولىدۇ، قولۇمدىن كېلىدىغانلا ياردىمىم بولسا ئايىمايمەن. قېنى ئەمدى تونۇشتۇرۇش نۆۋىتى سىلەرنىڭ، تونۇشۇشنى ئاۋۋال بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلاردىن باشلايلى. ئىسمىڭلارغا يۇرتۇڭلارنى قوشۇپ ئېيتىپ بەرسەڭلار بولىدۇ. قالغان تەرەپلىرىنى كېيىن ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇۋالىمىز، ھە ئۇكام، قېنى ئاۋۋال سىز باشلاپ بېرىڭ.

— ئىسمىم مارجانگۈل، ئۈرۈمچىدىن.

— ئىسمىم ئاينۇر، قەشقەردىن.

— ئىسمىم گۈلقىز، خوتەندىن.

— ئىسمىم چىمەنگۈل، يەكەندىن.

— ئىسمىم ئەركىن، مەكىتتىن.

— ئىسمىم ئېلى، ئاتۇشتىن.

— ئىسمىم رابىگۈل، بورتالادىن.

— ئىسمىم ئەنۋەر، قومۇلدىن.

— ئاتىم مارۇشى، ئالتايدىن.

— ... ...

ئەنە شۇ تەرتىپتە ساۋاقداشلار بىر ـ بىرلەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، «يېنىمدىكى مۇنۇ چىرايلىق قىزنىڭ ئىسمى كىم بولىدىكىنە؟ ئۆزى قايسى يۇرتلۇقتۇ؟ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندىمۇ جەنۇبلۇقتەك قىلمايدۇ» مەن ئۆزىنى

تونۇشتۇرۇۋاتقان ساۋاقداشلارنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، يۇقىرىدىكى سوئال ئۈستىدە باش قاتۇراتتىم.

— ئىسمىم زۇلپىيە، غۇلجىدىن.

يېنىمدىلا كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. قىزنىڭ گۈزەل چىرايىغا يەنە بىر قېتىم هاڭۋېقىپ قارىدىم. ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن.

— هە ئۇكا، نۆۋەت سىزگە كەلدى.

مۇئەللىمنىڭ بۇ ئاۋازىدىن دەرهال ئېسىمگە كەلدىم. ئەمتىرەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ ئاغزىم پەقەتلا گەپكە كەلمىدى.

— گېپىڭىزنى ئاڭلىيالمىدۇق، ئۇكا، ئۈنلۈكرەك دەڭ، — دېدى مۇئەللىم ماڭا مەدەت بېرىپ.

— ئەجەبمۇ مۆڭ ئاداشكىنە بۇ، — دېدى كەينىمدە ئولتۇرغانلاردىن بىرسى نارازى بولۇپ.

— شۇنى دەڭلا، تازىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن هاڭۋاقتى بىلەن ساۋاقداش بولىدىغان ئوخشايمىز.

— بولدى، بولدى، ئاستىراق سۆزلەڭلار.

ئەتراپىمدا بولۇنۇۋاتقان بۇ پاراڭلاردىن تېخىمۇ بەك ئىزا تارتتىم ۋە غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

— ئۆزۈم يەكەندىن، ئىسمىم ياسىنقارىي.

— ئوهوي، ئارىمىزدا قارىي - قۇرئان، موللام - ئۆلىمالاردىنمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟

قايسىبىر ساۋاقداشنىڭ مەسخىرىلىك ئېيتقان بۇ سۆزلىرى بىلەن تەڭ ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن خىجىللىق بىلەن ئاستا ئولتۇردۇم. بۇ قېتىممۇ پەقەت زۇلپىيەلا مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلمەي جىملا ئولتۇرغانىدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام، ئۇ غەزەپلەنگەن هالدا قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ

تۆرقىدىن ئۆزۈمگە چوڭ بىر تەسەللى تاپقاندەك بولدۇم. هاياجاندىن بولسا كېرەك، كۆزۈمگە مۆللىدە ياش كەلدى. ھېلىقى قول ياغلىق بىلەن چاندۇرماي يېشىمنى سۈرتتۈم - دە، ئۈنىڭدىن تارقالغان خۇش پۇراقتىن يەنە چۈشكۈرۈپ سالماسلىق ئۈچۈن دەرھال يانچۇقۇمغا سېلىۋالدىم.

— ھازىر تاماق ۋاقتىغا ئاز قاپتۇ، — دېدى مۇئەللىم سائىتىگە قارىۋالغاندىن كېيىن، — تۈنۈگۈن تاماق بېلىتىڭلارنى ئاچقىپ ئايرىپ قويغان. ھەممىڭلار ئورنۇڭلاردىن قوزغالماي ئولتۇرۇڭلار. مەن سىلەرگە تاماق بېلىتى تارقىتىپ بېرىمەن، — مۇئەللىم ئۈستەل ئۈستىدىكى سومكىدىن بىر كىشىلىكتىن قىلىپ ئايرىپ قويغان بېلەتنى ھەربىرەيلەنگە بىردىن تارقىتىپ بەردى.

— ئەمدى تاماققا چىقساڭلار بولىدۇ، — دېدى مۇئەللىم بېلەتنى تارقىتىپ بولۇپ.

مۇئەللىمنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ئۆشۈكتەك ھەرىسىدەك چۇۋۇلۇپ سىنىپتىن چىقىشقا باشلىدى. مەن خىيال بىلەن ئولتۇرۇپتىمەن.

— تۇرۇڭ، ياسىنقارىي، بىزمۇ تاماققا چىقايلى، — زۇلپىيەنىڭ بۇ گېپى بىلەن دەرھال خىيالدىن باش كۆتۈردۈم. قارىسام سىنىپتا ئىككىيلەنلا قاپتىمىز. مەن ئورنۇمدىن تۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇمۇ ئورۇندۇقتىن چىقالماي ئىلاجسىز مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. سىنىپتىن بىللە چىقتۇق. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئىسمىمنى «ياسىنقارىي» دەپ ئاتىشى قۇلىقىمغا باشقىچە يېقىملىق ئاڭلاندى. ئىچىمدە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم. بىنادىن چۈشۈۋېتىپ ئۇنىڭ قامىتىگە يوشۇرۇنچە نەزەر تاشلىدىم، ئېگىز بوي، زىلۋا كەلگەن بۇ قىز كۆڭلەك كىيمەي، ئىشتان - چاپان كىيىۋالغان بولسىمۇ كۆزۈمگە ئانچە غەلىتە كۆرۈنمىدى. چۈنكى، ئۈرۈمچىدە

قىزلارنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىمەي، ئىشتان بىلەن چاپان كىيىۋالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم.

— ياتاققا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقامسىز؟

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال خىياللىرىمنى يىغىشتۇردۇم. قارىسام، قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمىز.

— رەھمەت، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ۋاقتىڭىز يەتكەندە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىڭ - ھە، ياتىقىمىنىڭ نومۇرى ئىككى يۈز ئون ئىككى.

— ماقۇل...

ھاياجان بىلەن ئوغۇللار ياتاق بىناسىغا قاراپ قەدەم تاشلىدىم. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇش پىچىم گۈزەل سىماسى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. ياتاققا كىرىپلا ئۇنىڭغا ئەدەپ - قائىدە يۈزىسىدىن بولسىمۇ ياتىقىمىنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بەرمىگىنىمگە پۇشايمان يېدىم، ئەپسۇسلاندىم، ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. لېكىن، پەيت ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۇنجى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم مانا مۇشۇنداق باشلاندى. مەن ساۋاقداشلىرىمغا تېزلا ئىچەركىشىپ كەتتىم. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا دەسلەپكى تارتىنچاقلىقىم، جىمغۇرلۇقۇم، كالانپايلىقىم، قورقۇنچاقلىقىم ۋە مۆرىمەسلىكىمگە يات ھالدا شوخلۇقۇم، سۆزمەنلىكىم، گەپدانلىقىم، ئەركىنلىكىم باشلاندى. خاراكتېرىمدە ئېپادىلەنگەن «چاقماق تېزلىكى»دىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ئەڭ ئاۋۋال زۇلپىيە دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئەجەبلىنىش تۈيغۇسىدا قاراپ قوياتتى. نېمە ئۈچۈندۇر باشقا قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا قىلغان چاقچاقلىرىمنى، شوخلۇق، ئەركىنلىكلىرىمنى ئۇنىڭ ئالدىدا قىلالمايتتىم، ھەرقانچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

بولسامۇ ئۇ قېشىمغا پەيدا بولسا، خۇددى قاپناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىمىپ قالاتتىم. لېكىن، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ۋۇجۇدۇمغا يەنە بىر ھەسسە خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىكى قوشۇلاتتى. ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن تۇتاتتى، قېشىمدا كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەيپىياتىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمايتتى. مۇئامىلىسى ھەممە ساۋاقداشلارغا بىر خىل ھەم سىلىق ئىدى. ئۇ بار يەردە جىملا ئولتۇرۇپ، كۆلگەندە ئىككى مەڭزىدە تەڭلا پەيدا بولىدىغان زىننىخىغا تويماي قارايتتىم. كۆزلىرىمىز پات - پاتلا ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمەي، باشقا ئوغۇل ساۋاقداشلار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشسە ئىچى تارلىقىم كېلەتتى. كۆڭلۈم چۈشىن يەۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ قالاتتىم، ئىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭدىن بىرەر نۇقسان تاپقۇم كېلەتتى. لېكىن، پاشنىڭ قانىتىچىلىكمۇ نۇقسان تاپالمايتتىم، گەپ - سۆزى، يۈرۈش - تۇرۇشى، چىرايى، فىگۇرىسى كۆزۈمگە پۈتۈنلەي نۇقسانسىز كۆرۈنەتتى. بىز مەكتەپكە كېلىپ يىگىرمە كۈنلەردىن كېيىن بولسا كېرەك، كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. سىنىپقا كىرسەم زۇلپىيە يوق. سىنىپتىكى ساۋاقداشلاردىن سورىغىلى نومۇس قىلىپ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇراتتىم. قىز ساۋاقداشلاردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭ ئۇستىدە پاراڭ سېلىشىپ قالدى. مەنمۇ تاسادىپىيلا شۇ پاراڭغا قوشۇلۇپ قالدىم - دە، ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇنى سۈپەتلەشكە باشلىدىم.

— زۇلپىيە ھەقىقەتەن ياخشى قىز ئىكەن جۇمۇ. ئەخلاق - پەزىلەت دېسە پەرىشتىدەك، چىراي دېسە پەرىزاتتەك...

— ھىم، زۇلپىيە چىرايلىق ئىمىش تېخى، ئېشەك تېزىكى ئاي كۆرۈنۈپتۇ دېگەندەك گېپىنى بۇنىڭ. ئالدىغا ئون سانتا پۈسكىيىپ چىققان ئۈچلۈق تۇمشۇقى كۆزۈڭگە كۆرۈنمىگەن ئوخشايدۇ، — دەپ گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى رەيھان سەپكۈنلۈك يۈزىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ، مەنسىتمىگەن ھالدا دىمىقىنى

قىقسىپ.

— ئاغزى تەرىپىنىڭ ئۇچلۇقلۇقىنى قانداقسىغا زۇلپىيەنىڭ چىرايىدىكى نۇقسانى دېگىلى بولسۇن؟ — دېدىم مەن ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا تالىشىپ، — سەنمۇ كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ قاراپ باقە. ئاغزىنىڭ ئۇچلۇقلۇقى سوزۇنچاق يۈزىگە شۇنداق ماسلاشقان، خۇددى سۈرەتتەكلا، توۋا، چىراي ئۆلەشتۈرگەندە ئۇ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا بىرىنچىتىكىن. مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا «غېرىب - سەنەم» كىنوسىدىكى سەنەمجان قانداقسىغا بىزنىڭ ئارىمىزغا پەيدا بولۇپ قالغاندۇ، دەپ ھەيران قالغانىدىم.

— ئىككىڭلار ئۇرۇمچىگە كەلمەي تۇرۇپلا، نەدە كۆرۈشۈپ كېلىشىۋالغان بولغىيدىڭلار، ياسىنقارىي؟ — دېدى قەشقەرلىك قىز ئاينۇر ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، — زۇلپىيەمۇ ياتاقتا سىلىنى ياسىنقارىي «غېرىب - سەنەم» كىنوسىدىكى غېرىبجانغا شۇنداق بەك ئوخشايدىكەن دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، مانا ئەمدى سىلى ئۇنى سەنەمجانغا ئوخشاتقىلى تۇردىلىغۇ؟

ئاينۇرنىڭ بۇ گېپى بىلەن زۇۋانىم تۇتۇلدى. ئەتراپىمدىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. «راست، زۇلپىيە مېنى شۇنداق دەپ يۈرگەنمىدۇ؟ توۋا، بۇ نېمىدېگەن دەل جايىدا توغرا كېلىپ قېلىش - ھە !» گەرچە ئاينۇرنىڭ بۇ گېپىگە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جايىدا ئىككى ئېغىز گەپ تېپىپ بېرەلمىدىم. يۈزۈم ئاناردەك قىزاردى، ۋۇجۇدۇمغا تاتلىقلىقنى بىر سېزىم تارالدى.

— ھاڭۋېقىپلا قالدىڭغۇ، ياسىن، گەپ قىلمامسەن؟ تىلىڭنى قاغا چوقۇلاپ ئەپقاچتىمۇ يا؟

رەيھانىنىڭ مەسخىرە ئارىلاش قىلغان گېپى جان - جېنىمدىن ئۆتتى. لېكىن، تەڭلىكتە قالدىم. «دەرھال گەپ قىلىپ رەددىيە

بىرەلمىسەم زۇلپىيەنىڭ نۇقسانى بارلىقىغا قايىل بولغان، ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالمايمەنمۇ» دېگەنلەرنى كاللامدىن ئۆتكۈزۈپ تېپىرلاپ كەتتىم. «ئەگەر مۇشۇنداق شارائىتتا مېنىڭ ئورنۇمدا زۇلپىيە بولغان بولسا قانداق قىلغان ۋە نېمەدەپ جاۋاب بەرگەن بولغىيدى ــ ھە؟! ياق، ياق، خۇشخۇي، چاقچاقچى ئۇ قىز ھەرگىزمۇ گەپتە ئۇتتۇرۇپ ماڭا ئوخشاش گۆشىيىپ تۇرمايتتى. مۇنۇ رەيھان كاسكىنىڭ زۇۋانىنى بىر ئېغىزلا گەپ بىلەن تۇۋاقلاپ قويالايتتى. ئۇيات ياسىن، ئوغۇل بالا تۇرۇپ گەپ تاپالمىغىنىڭغا ئۇيات».

ــ ئىشقىلىپ، زۇلپىيە ھەممىڭلاردىن چىرايلىققۇ زادى، ــ دېدىم كېكەچلەپ تۇرۇپ.

ــ چىرايلىققۇ زادى، ــ دېدى رەيھان مېنى دوراپ تۇرۇپ.

ــ چىرايلىق بولماتتىكىن ئەمىسە، چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق ــ ھە، ياسىن.

ــ شۇڭىمۇ بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى غېرىب بىلەن سەنەمگە ئوخشىتىپ يۈرگەن گەپ. مۇھەببەت باغلاشتا ئەجەبمۇ چاققان چىققىشتىغۇ بۇ ئىككىسى.

ئايتۇرنىڭ رەيھانغا بولۇشۇپ ئېيتقان بۇ سۆزىگە رەسمىي ئاچچىقىم كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارغا:

ــ سىلەر نېمانداق تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرسىلەر، ــ دەپ قاتتىق زەردە قىلدىم ــ دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، پارتا ــ ئورۇندۇقلارنى ئىتتىرىۋېتىپ سىرتقا ماڭدىم. ئىشىكنىڭ تۇۋىگە كېلىشىمگە ئارقامدىن گۇررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئىشىكنى زەرب بىلەن يېپىتىم ــ دە، يىنادىن ئۇچقاندەك چۇشۇپ كەتتىم...

3

ئەسسالام قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام. يازغان قىممەتلىك خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. خېتىڭنى ئوقۇپ، سائادەت بىلەن تويى

قىلىشىغا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قوشۇلمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندىم. ياقا يۇرتلۇق كېلىننى كۆزىمىز كۆرمىسۇن دەپ، نەۋرە سىڭلىڭ بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىدىن تولىمۇ ئېچىندىم. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق بولسا كېرەك. ئۇلار: «بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇيىمىز، ئۆتۈنۈشىمىز، لەۋزىمىز، ئىككى ئالەملىك تەلىپىمىز. چوڭ ئاناڭنىڭ ۋەسىيىتى، چوڭ داداڭنىڭ ئۆمىدى بىزنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رازى قىل، بالام. دۇئا قىلايلى، خۇش بولايلى» دەپ قىز ـ ئوغۇللىرىغا، ئىمكان بار ئۇرۇق ـ تۇغقان، جەددى ـ جەمەتى ئىچىدىن لايىق ئىزدىشىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ كۆڭلى، ئارزۇسىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆمرىدە خىيالىغا، ھەتتا چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان لايىقلار بىلەن توي قىلىشقا زورلايدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ تاپقان لايىقلىرىنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىدۇ، نۇقسان تاپىدۇ. ھەر خىل قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئۆزى باشلىغان كېچىككە كىرىشكە زورلايدۇ. ئۇنىمىسا تەھدىت سالىدۇ، ئۇرىدۇ، ھەتتا ئاتا ـ بالىلىقتىن كېچىشنى پەش قىلىدۇ. ئاناڭنىڭ: «غۇلجىدىن قىز چىقمىغاندەك، قومۇلغا قىز سوراپ بارىمەنمۇ؟» دېيىشلىرى، داداڭنىڭ: «قومۇللۇق قۇدا ـ باجىلارنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىز بىلمىسەك، خۇي ـ پەيلىنى چۈشەنمىسەك، ئاتايىن ئاشۇ قومۇلدەك يەرگە توي تارتىپ بارىمىزمۇ ئەمدى؟! بۇنداق قىلساق ئۇرۇق ـ تۇغقانلار رەنجىمەمدۇ؟! سەن ئەڭ ياخشىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرسىنى تاللىغىن» دېيىشلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي قۇرۇق بىر باھانە ـ سەۋەب. كاللىسىغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتۋازلىق، جەمەتۋازلىقنىڭ روشەن ئالامىتى. چۈنكى، «ئۆز يۇرتلۇق، ياقا يۇرتلۇق»، «شەھەرلىك، سەھرالىق»، «تۇغقان، يات» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگە خۇددى قاندەكلا سىڭىپ كەتكەن. بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. مەن سېنىڭ

ئورنۇڭدا سائادەتتىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپ باقاي. بۇ ئىشقا سائادەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆز قارىشىنى بىلىپ بېقىپىراق بىر ئامال تاپايلى. قانداق دەيسەن؟..

قەدىرلىك دوستۇم، ساڭا كەچمىشلىرىمنى بىر كېچىدە قانچىلىك يازالىسام، شۇنچىلىك يېزىپ ئەتىسى پوچتىدىن سېلىۋېتەي دېگەن قارارغا كەلدىم. مۇنداق قىلسام، سەنمۇ يازماقچى بولغان پوۋېستىڭنىڭ خام ماتېرىيالى بىلەن بىر باشتىن تونۇشقاچ، پىكىر يۇرگۈزگەچ پىششىقلاپ ئىشلىگەچ تۇرىسەن، مەنمۇ ياخشى ئويلىنىۋېلىپ، ئالدىرىماي، تولۇق يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلالايمەن. سېنىڭچە، بۇ ئويلىغانلىرىم قانداقراق؟

قەلىمىڭ توختاپ قالمىغاي، ئىجادىيىتىڭگە خۇدايىم ئۆزى مەدەت بەرگەي. بۇ ھەقتىكى گەپلىرىمنى قىسقىراق قىلىپ، ئەسلىدىكى مەقسەتكە ــ ساڭا دېمەكچى بولغان گېپىمگە نەق ئۆزىگە كېلەي.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام. مەن تانسىنى ئۇرۇمچىگە كېلىشتىن ئىلگىرى، يۇرتۇم يەكەندە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە بىرقانچە قېتىم كۆرگەن ھەمدە بۇ ئۇسسۇلنى ئۆگىنىپ ئويناشقا ئوتتەك ھەۋەس قىلغانىدىم. ئۇرۇمچىگە كېلىپلا بۇ ھەۋىسىم خۇمارغا ئايلاندى. بەلكىم سېنىڭمۇ ئېسىڭدە بولسا كېرەك. بىز مەكتەپكە كېلىپلا ھەرقايسى يۇرتلۇقلار بويىچە (ۋىلايەتنى بىر گەۋدە قىلىپ)، مەسىلەن، قەشقەرلىك، غۇلجىلىق، قۇمۇللۇق، خوتەنلىك، ئاقسۇلۇق... دېگەندەك ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۈنا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان زىياپەت، ئولتۇرۇشلىرى بەس ـ بەس بىلەن باشلاندى. گەرچە يۇرتۋازلىق تۈسىنى ئالغان بۇ كۆڭۈل ئېچىش سورۇننى مەكتەپ تەشكىلى قاتتىق چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ھالدا مەخپىي ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. چۈنكى، قايسى يۇرتلۇق

ئوقۇغۇچىلار بۇنداق كۆتۈۋېلىش زىياپەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرالمىسا، باشقا يۇرتلۇقلار ئالدىدا يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلگەن، يۇرتىنىڭ شەنىگە داغ چۈشكەن ھېسابلىنىدىكەن ھەمدە باشقا يۇرتلۇق ساۋاقداشلارنىڭ قاتتىق كەمسىتىشىگە ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرايدىكەن. بىزنىمۇ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن كۈتۈۋېلىشتى، كونا - يېڭى بولۇپ سەكسەنگە يېقىن ئوقۇغۇچى كونا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپىغا يىغىلدۇق، مەن زىياپەت سورۇنىغا كىرىپلا، بۇ كۈتۈۋېلىشنىڭ ئادەتتىكىچە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. راستىنى ئېيتسام، ئىلگىرىمۇ بۇنچىۋالا ئادەم يىغىلغان زىياپەتكە قاتنىشىپ باقمىغانىدىم. شۇڭلاشقا، بۇ كۈتۈۋېلىشنى بىرەر تالدىن كەمپۈت شۇمۇپ، ئانچە - مۇنچە گازىر - پۇرچاق چاقىقاچ، ئۆزئارا تونۇشۇۋېلىش دەپ چۈشەنگەنىدىم. كۈتۈۋېلىش سورۇنىغا كىرىپلا ئەمەلىيەتنىڭ ئويلىغىنىمدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، تامنى چۆرىدەپ ئىككى رەت قىلىپ تىزىلغان پارتىلارنىڭ ئۈستى تەخسە - تەخسىلەپ گازىر، خاسىڭ، كەمپۈت، پېچىنە، خام سەي، قورۇما، نان، كونسېرۋا، پىۋا، شامپان، ئۈزۈم ھارىقى ۋە ئاق ھاراقلار بىلەن رەتلىك بېزەپ تولدۇرۇلغانىدى.

يېڭى ئوقۇغۇچىلار تارتىنىپ، قورۇنۇپراق، كونا ئوقۇغۇچىلار ئەركىن - ئازادىرەك جاي - جايىمىزدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كونا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى (باش ساھىبخانا) كىملەرنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ياكى تەكلىپ قىلىنماي قالغانلار بار - يوقلۇقىنى سوراپ، كۈتكۈچىلەرگە بىر قىسىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، قىسقىغىنا زىياپەت نۇتقىنى باشلىدى.

— دوستلار، ساۋاقداشلار، ئىنى - سىڭىللار، — دېدى بۇدۇر چاچ، ئېگىز بوي، ئورۇقچىنا كەلگەن يۈزىنى دانىخورەك باسقان، بەستلىك يىگىت كانىيىنى قىرىپ قويۇپ، — بۈگۈن بىز مەكتەپتىكى قەشقەرلىك كونا ساۋاقداشلار قەشقەر ۋىلايىتى

تەۋەسىدىن مەكتەپىمىزگە يېڭىدىن ئوقۇشقا كەلگەن ساۋاقداشلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۆزئارا تونۇشۇۋېلىش يۈزىسىدىن ئاددىي بولسىمۇ بۇ سورۇننى تەييارلىدۇق. گەرچە بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ ھەممىمىز قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئون ئىككى ناھىيە ۋە بىر شەھەردىن كەلگەن بولساقمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر ۋىلايەتلىك، چوڭ دائىرىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، بىر يۇرتلۇق ياكى قەشقەرلىك دېسەكمۇ بولىۋېرىدۇ، — ئۇ ئوتى ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىغا ۋاژژىدە قىلىپ سەرەڭگە يېقىپ، قاتتىق - قاتتىق ئىككى شورىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ بۇ يەردە يېڭى كەلگەن ئۇكىلارغا دەيدىغان ئاساسلىق گېپىم شۇكى، بىز بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە، قان قېرىنداش دېگەن سۆز، شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە ھەممەيلەننىڭ بىر - بىرىمىزگە ياردەم بېرىش، دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇش، يۇرتىمىزنىڭ ئابرۇيى - ئىناۋىتىنى قوغداش بۇرچىمىز بار. بەلكىم يېڭى كەلگەن ئۇكىلار بىلمىسە كېرەك، مەن شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، ھەممىڭلارنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، بۇ دېگەن ئۈرۈمچى. بىزنىڭ بۇ مەكتەپ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى يۇرت - يۇرتلاردىن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن دوستلارنىڭ ماكانى. شۇڭلاشقا، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ بوزەك ئېتىشىگە، كەمستىشىگە ئۇچرىمايمىز. ھەرگىز ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ، ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ باشقا يۇرتلۇق باللارغا تاماشا قىلىپ بەرمەيلى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا سورۇندا قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. مەن ئەتراپىمدىكىلەرگە ئاستا سەپسالدىم. ئۇنىڭ قىسقىغىنا بۇ نۇتقى بىر قىسىم ساۋاقداشلارنى ھاياجانغا سالغان، بىر قىسىملارنى ھەيران قالدۇرغان، بىر قىسىملارنى ئويغا سالغاندى. ئومۇمەن، كۆزۈمگە ھاياجانلانغان، قايىل بولغانلار

كۆپرەك كۆرۈندى.

— ئەمدى يېڭى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىنىمۇ سۆزگە تەكلىپ قىلساق قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى ئۇ خۇددى داھىيلاردەك، ئىككى ئالىقىنىنى بېشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ ھەممەيلەننى جىم بولۇشقا ئۈندەپ، — قېنى ئۇكىلار، ئۆزۈڭلار دەپ بېقىڭلار، قايسىڭلار سۆزلەيسىلەر؟ تارتىنماڭلار — ھە، ھەممەيلەن ئۆزئارا ئەمەسمۇ؟ تارتىنماڭلار، خۇددى بىر ئاتا — ئانىنىڭ بالىلىرىدەك، تارتىنماي كەڭ — كۇشادە ئولتۇرايلى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سورۇننى بىر پەس تىمتاسلىق قاپلىدى. ئۇ ئۈمىد بىلەن ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ نەزىرى ماڭا ئاغدۇرۇلغاندا، بىر — ئىككى دەقىقە ئۇزۇنراق قاراپ تۇردى — دە، نەزىرىنى ئاستا باشقا ساۋاقداشلار تەرەپكە يۆتكىدى. ھېچكىم مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي دەپ قول كۆتۈرمىدى، ھەممەيلەن بىر — بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشاتتى.

— ھوي، جىملا بولۇپ كەتتىڭلارغۇ؟ تارتىنىۋاتىسىلەرغۇ ھەرقاچان، — ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ھەممەيلەنگە يەنە بىر قېتىم تېزلىك بىلەن قاراپ چىقتى — دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماقۇل، ئۇنداق بولسا ئۆزۈم كۆرسىتەي، ھەممەيلەن مەكتەپ قارىسى كۆرگەن ئادەملەرغۇ؟ ئارىمىزدا ئىككى ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرالمايدىغانلار چىقماس ھەرقاچان. قانداق دېدىم — ھە! قەشقەرلىك دېگەن ھەرقانداق يەردە بوش كەلگەن ئەمەس، — ئۇ سۆزلىگەچ نەزىرىنى ماڭا بىردىنلا ئاغدۇردى — دە، كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېنى ئۇكا، سىز سۆزلەپ باقامسىز؟ ھە، تۇرۇڭ. سۆزلەڭ، قارىسام غەيرەتلىك، جىگەرلىك بالىدەك قىلىسىز، — دېدى.

مەن ئىلاجسىز ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. باياتىن بېرى ئارىمىزدا بىرەرسىنىڭ سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئۆزۈم سۆزلەرمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم. شۇڭلاشقىمۇ بۇ كۈتۈلمىگەن تەكلىپتىن

ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. خىجىللىق ۋە ھاياجاندىن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق قانلىرىم يۈزۈمگە ئۆرلەپ چىقتى.

— مەن... مەن...

— ھودۇقماڭ، ئۇكام، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. دادىللىراق سۆزلەڭ، تارتىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇنىڭ مەدەت بېرىپ ئېيتقان سۆزلىرى ۋۇجۇدۇمغا ئازراق غەيرەت بېغىشلىدى، گەرچە سورۇندىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا قارىماسلىققا، ئاۋازىمنى ئۇنلۇكرەك چىقىرىشقا تىرىشىپ سۆزلەشكە باشلىدىم.

— بايا ئاكىمىز مۇھەممەت ئېلىجان (ئۇ بىزگە ئىسمىنى ئاشۇنداق دەپ تونۇشتۇردى) كۆڭلىدىكى بارلىق گەپلەرنى دېدى. مەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن قاملاشمىسىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ باقاي، شۇنداق، مۇھەممەت ئېلىجان ئاكىمىز ئېيتقاندەك بىز ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كېلىپ، بىلىم ئېلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتنى نىشان قىلىپ بۇ مەكتەپكە كەلدۇق. بىز پەقەت بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلار بىلەنلا ئىتتىپاقلىشىپ قالماي، باشقا يۇرتلۇق ساۋاقداشلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشىمىز، قەشقەرلىك، ئاقسۇلۇق، غۇلجىلىق دەپ ئولتۇرماي، خۇددى ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ئىناق، ياغ بىلەن بۆرەكتەك، گۆش بىلەن سۆڭەكتەك...

— بولدى، بولدى گېپىڭىز يەتتى، خاپا بولماي ئولتۇرۇۋېلىڭ، — دېدى مۇھەممەت ئېلى گېپىمنىڭ شېخىغا قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ. مەن چۆچۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ دانىخورەك باسقان يۈزى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، مەندىن قاتتىق رەنجىگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. «ئۇ شۇنچىۋالا رەنجىپ كەتكۈدەك قانداق گەپلەرنى دەپ سالغاندىمەن؟» مەن قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزارغىنىمچە، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم، مۇھەممەت ئېلى تاماكىسىنى قاتتىق بىرنەچچىنى شوراپ

ئاغزىدىن يەڭدەك تۈتۈن چىقاردى ـ دە:

— ئاغزىغا باشقا يۇرتلۇقتىن باشقا گەپ كەلمەيدىكىنە، — دەپ غۇدۇرىدى.

— بىز گەرچە، باشقا ـ باشقا يۇرتتىن بولساقمۇ ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر مىللىتىدىنغۇ ئاخىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مەكتەپتە، بىر ئوقۇتقۇچىدىن تەلىم ئېلىپ، بىر ياتاقتا يېتىپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ، بىر قازاننىڭ تامىقىنى تەڭ يەپ ئوقۇيدىغان ساۋاقداش تۇرساق...

— بولدى ساقال تارىماڭ، مەن بۇ يەردە مىللەتنىڭ پارىڭىنى سېلىۋاتمايمەن، ئۇكا، — دېدى ئۇ گېپىمنى يەنە بۆلۈپ، — قېنى يەنە قايسىڭلار ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ باقسىلەر؟

— مەن سۆزلەپ باقاي.

مۇھەممەت ئېلىنىڭ سوئالى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بويى پاكارغىنا، چىرايى ئاقپىشماق كەلگەن، يالاڭباش بىر بالا قول كۆتۈردى.

— قېنى مىرھەممەت، — مۇھەممەت ئېلى چاۋاك بىلەن ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مەن يەرگە قارىغان بولۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە زېھىن قويدۇم.

— بايا بىزگە مۇھەممەت ئېلىجان ئاكا ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ياخشى گەپلەر بىلەن تەربىيە بەردى، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — بىز چوقۇم بۇ تەربىيەلەرنى قۇلىقىمىزدا مەھكەم تۇتۇشىمىز، ھەممىمىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قەشقەرلىك بالىلارنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.

— رەھمەت، رەھمەت، ئۇكا، — دېدى مۇھەممەت ئېلى گەپ تازا دىتىغا ياقمىغاندەك بىرخىل تەلەپپۇزدا.

سورۇننى قاتتىق چاۋاك، ئالقىش قاپلىدى.

ئەمدى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كونا ئوقۇغۇچىلارغا، كونا ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇش باشلاندى. تونۇشتۇرۇشنىمۇ مۇھەممەت ئېلى ئېلىپ باردى. تونۇشتۇرۇش

نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ئۇ ماڭا سوغۇق بىر قاراپ قويۇپ، ئىسمىمنى سوراپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى. باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاش سوئاللارنىمۇ سورىمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن روھىم خېلى بەك چۈشۈپ كەتتى. تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن يەپ ـ ئىچىش ۋە تانسا باشلاندى. مەن مەنىۋى زەربىدىن بولسا كېرەك، دېگەندەك ئېچىلىپ كېتەلمىدىم. ئىچىمنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بولۇپ تىت ـ تىت بولاتتىم. سورۇندا قىزغىن تانسا ئوينىلىۋاتاتتى. تانسا ئويناشنى پەقەتلا بىلمەيدىغان يېڭى قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلارمۇ مەيدانغا چۈشۈۋالغانىدى. ئۇلار تولىمۇ خۇشال، تولىمۇ مەغرۇر كۆرۈنەتتى.

«سورۇندىن چىقىپ كېتەيمۇ يا؟ بۇنداق قىلسام باشقىلار نېمە دەر؟ نېمىلا بولمىسۇن زىياپەت تۈگىگۈچە چىداپ ئولتۇراي».

روھىم چۈشكۈن، كەيپىياتىم ئىنتايىن تۆۋەن، سالپىيىپلا ئولتۇرىمەن، ئۇستەلدىكى نېمەتلەرگە پەقەتلا كۆڭلۈم تارتمىدى. تانسا ئويناۋاتقانلارغا ئانچە ـ مۇنچە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويىمەن.

— قوپۇڭ، تانسا ئوينايلى.

بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. قارىسام، ئالدىمدا سېمىزغىنا، قارىمۇتۇق، كۆزلىرى كىچىكرەك بىر قىز قاراپ تۇرىدۇ. خىجىللىق بىلەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. مۇشۇنداق بىر پەيتتە بىر قىزنىڭ قىزغىن ئىلتىپاتىغا، دىلكەشلىكىگە ئېرىشكىنىمدىن سۆيۈندۈم. قىزنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە ئىچىمدە تەشەككۈر ئېيتتىم.

— رەھمەت، ئۆزۈمنىڭمۇ تانسا ئويىنىغۇم بار ئىدى. بىراق، تانسا ئويناشنى بىلمەيمەن، ئۆگىنەلمەپتىكەنمەن، — دېدىم خىجىللىق بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ.

— شۇنداق بولسىمۇ ئاۋۋال سورۇنغا چۈشمەمسىز. مانا مەن سىزگە تانسا ئۆگىتىپ قويىمەن دەپ ئالايىتەن ئالدىڭىزغا كەلدىمغۇ؟ — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھە بولۇڭ، يىگىت

بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا، دېگەن تەمسىلنى بىلىدىغانسىز، مىجىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك ئۇنداق ئولتۇرسىڭىز سەت ئەمەسمۇ؟ بىزغۇ بۇ يەردە ئۆزئارا، باشقا يۇرتلۇقلار بار سورۇنلاردا مۇشۇنداق بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇۋالسىڭىز ئۇلار، ۋايىيەي، قەشقەرلىكنىڭمۇ ھالى شۇنچىلىك ئىكەنغۇ، دەپ مەسخىرە قىلمامدۇ؟! بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ، بىزگە ئوخشاش يۇرتلۇقىڭىزغىمۇ ياخشى ئەمەس. قوپۇڭ، ئۆگىنىپ قويۇڭ. ھەرتېمىلا بولمىسۇن ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمىغان ياخشى.

مەن ئاستا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئۇ ماڭا بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ قەدەم ئېلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، پۇتىڭىز ھېچنېمىگە كەلمەيدىكەنغۇ؟ زېھنىڭىزنى قويۇڭ ـ ھە! قاراڭ، بىرىنچى فوكۇسنى مانا مۇنداق ئالىمىز. بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش... ئېنىق كۆرۈۋالدىڭىزمۇ؟ ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭ ـ ھە، يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بېرەي. ھە، قېنى كېلىڭ ئەمىسە.

مېنىڭ قەستەن گالۋاڭلىقىممۇ ئۇنى قىلچە زېرىكتۈرمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلاجىسىز ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، چۈشەندۈرۈشلىرىگە كۆڭۈل قويۇشقا، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. ھەربىر مەيدان تانسا تۈگىگەندە قىزىل، ئاق ھاراقلار ئىچىلىپ تۇردى. ھاراق ئىچىپ باقمىغان بولسامۇ ھېچكىمنى زورلىغىلى سالمايلا، ئالدىمغا كەلگەن رومكىلارنى بوشىتىپ تۇردۇم. كاللام خېلى ئوبدان قىزىدى. كەيپىياتىم ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى. تانسا بىلەن بولۇپ دەسلەپكى كۆڭۈل رەنجىشلەرنى بىردىنلا ئۇنتۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىزنى زورلىغىلى سالماي، ئۆزۈمچىلا تانسىغا چۈشۈپ كەتتىم. ئوينىغانسېرى تانسا خۇمارىم تېخىمۇ بەك تۇتۇشقا باشلىدى.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، بەلكىم سېنىڭمۇ ئېسىڭدە

بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن مەن تانسىغا ئوتتەك قىزغىن بولۇپ كەتتىم. ياتاقتا يۈز يۇيۇۋېتىپمۇ، تاماق يەۋېتىپمۇ، ياتاقداشلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپمۇ تانسا ئويناشنى مەشىق قىلاتتىم. ھەر خىل فوكۇسلارنى پىششىقلايتتىم. سىنىپتىمۇ ئون مىنۇتلۇق تەنەپپۇستا قىزلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي تانسا ئويناشنى مەشىق قىلاتتىم. قىزلار ئۇنىمىسا قولۇمغا ئورۇندۇقنى ئېلىۋېلىپ تانسا ئوينايتتىم. بىر قىسىم ساۋاقداشلارنىڭ مەسخىرە قىلىپ تانسا مەستانىسى دېگەن گەپلىرىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمايتتىم. ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر دەقىقە ئارام تاپسىلا تانسا ئويناشنى مەشىق قىلىپ تۇردۇم. ئۆگىنىش، دەرس تەكرارلاش، تاپشۇرۇق ئىشلەش دېگەنلەر خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. بارا - بارا مېنىڭ تانسىغا بولغان مەستانىلىقىم باشقىلارغىمۇ يۇقۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئەلى بىلەن غەيرەتلەر ئوبدانلا كەينىمدىن ئەگەشمىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككىسىمۇ سىنىپتا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تانسىكەشلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن يېنىشىمىز ھامانلا ئۇدۇل قىزلار ياتاق بىناسىغا، زۇلپىيەنىڭ ياتىقىغا، يەنى ئىككى يۈز ئون ئىككىنچى ياتاققا قاراپ يۈگۈرەيتتۇق، راست، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. پاھ، زۇلپىيە تانسىنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋاپتىكىنتاڭ، تانسىنىڭ ھەممە تۈرىگە كارامەت ئۇستا ئىدى. بولۇپمۇ ۋالىسقا پەيدەك يەڭگىل، بەئەينى قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىپ پىرقىرايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىسام ئۆزۈمنى پەقەتلا ھارمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ھەر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن ئۇدۇللا ياتاققا يۈگۈرەيتتىم. ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى ئاندا - ساندا تۈزەشتۈرەتتىم - دە، ئەلى بىلەن غەيرەتتىن سورايتتىم.

— قانداق ئاغىنىلەر، ئىككى يۈز ئون ئىككىنچى ئىستىھكامغا ھۇجۇم باشلامدۇق؟

— ھۇررا ! — دەپ توۋلايتتى ئىككىسى تەڭلا ۋارقىراپ.

قىزلار ياتىقىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتۇق. نېمە ئۇچۇندۇر ئۇ ياتاقتىن پەقەتلا ئۈنئالغۇ كەم بولمايتتى. تاكى ئۇخلاش ۋاقتى توشۇپ، بىنانىڭ چىراغلىرى ئۆچكىچە تانسا ئوينايتتۇق. پەقەت قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئادەملىرى ياتاقلارنى تەكشۈرۈشكە باشلىغاندىلا، ئاندىن ئاستا ياتىقىمىزغا قايتىپ چىقاتتۇق. گاھى كۈنلىرى قىزلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايمۇ قالاتتۇق. بۇنداق چاغلاردا زۇلپىيە شوخ، كۈلكىلىك چاقچاقلىرى بىلەن ياتاقتىن قوغلايتتى.

— چىقىڭلار قېلىنلار ياتاقتىن، كۈندە كىرىۋېلىشتىن ئىزامۇ تارتامسىلەر داپشاقلار؟ ھە، نېمىگە بىزنىڭ تۇرىسلەر؟ بۈگۈن ئاخشام ئاچاڭلارنىڭ تانسا ئويناشقا چولىسى تەگمەيدۇ. ھەممەيلەننىڭ شەخسىي ئىشىمىز بار.

— ھېچ بولمىسا، تانسا ئوينىمىساقمۇ، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلىچۇ؟...

— بولمايدۇ، شۈمتەكلەر، چىقىڭلار، جېنىم ماڭىڭلار، قېنى ئارقىغا بۇرال. قەدەملەپ مارش! بىر ئىككى بىر، بىر ئىككى بىر...

بىز ياتاقتىن ئېلىقىپ كۈلگىنىمىزچە مانا مۇشۇنداق قوغلىنىپ يېنىپ چىقاتتۇق.

— ھەتتىگىنەي، بۈگۈن ئىككى يۈز ئون ئىككى نومۇرلۇق ئىستىھكامنىڭ مۇداپىئەسى خېلى چىڭ ئىكەن جۇمۇ، ئەجەب ئىشغال قىلالمىدۇق - دە.

— تولىمۇ چىرايلىق مەغلۇپ بولدۇق.

— بولدى، مەيۈسلەنمەڭلار، ئاغىنىلەر. ئۇرۇشتا دېگەن غەلىبە قىلىش، مەغلۇپ بولۇش بولۇپ تۇرىدۇ. قېنى باشقا نامسىز ئىستىھكاملارغا قاراپ ئالغا!

بۇ بۇيرۇق بىلەن تەڭلا، باشقا قىزلارنىڭ ياتاقلىرىغا قاراپ يۈگۈرەيتتۇق. ئىشقىلىپ، پۈتۈن مەكتەپ تەۋەسىدىكى قىزلار ياتاقلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېلىقىدەك تاسادىپىي ئەھۋال ئاستىدا

پەقەتلا تانسا بولمايدىغان ياتاقتىن بىرنەچچىسىلا تېپىلاتتى. ئاندىن باشقا ياتاقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈنئالغۇنىڭ، گىتارنىڭ ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ئالتاغىل ناخشىلارنىڭ شوخ، جاراڭلىق ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. پۈتۈن مەكتەپتە ئەۋج ئالغان بۇ تانسا ئويناش قىزغىنلىقى پەسىيىش تۈگۈل كۈنسايىن ئۇلغايماقتا ئىدى. مەكتەپ تەشكىلىمۇ ھەرقانچە قائىدە ـ تۈزۈم چىقىرىپ، تەدبىر قوللىنىپ بۇ جۇشقۇن كەيپىياتنى ھەرگىزمۇ پەسەيتەلمەيتتى. ئىشقىلىپ، نىيەتلا قىلساق تانسا ئوينىيالماي قالمايتتۇق. كەچ تەرەپتە دەرس ئۆگىنىۋاتقانلارنى ئىنتايىن ئاز ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھەممە ئوقۇغۇچى تانسىغا مەستانە ۋە خۇمار بولغانىدى.

ھازىر ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ سوئال قويغۇم كېلىدۇ، «تانسا دەسلەپتە پەيدا بولغان ياۋروپا ئەللىرىدىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تانسا ئويناش قىزغىنلىقى بىزدەك يۇقىرىمىدۇ؟ ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشتىن كۆرە تانسا ئويناشنى ئىنتايىن بەك ياقتۇرامدىغاندۇ؟»

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، «ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، گەرچە ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ياشلىق ھېسسىياتلىرى دەريا سۈيىدەك جۇش ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار دەم ئېلىش بىلەن ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشنى بىلىدۇ. قۇرۇق، تايىنى يوق ئىشلارغا ھەۋەس قىلىشتىن كۆرە، كۆپلەپ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەت، خەلققە پايدىلىق بولغان ئىختىرالارنى يارىتىشنى بەكرەك ئارزۇ قىلىدۇ. بىزنىڭ قىلغان ئاشۇ ئىشلىرىمىزچۇ؟ پۈتۈنلەي ئەخمەقلىق، ھاماقەتلىك، دۆتلۈك، نادانلىق، قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك. ياخشى شارائىتىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەي قىلغان نادانلىقىمىزنىڭ جانلىق ئىپادىسى. شۇنداق، بىز ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن تۇغۇلۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن ئۆلىدىغان مىللەت. بىراق، ھەربىر ياشنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىدىغان، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي تىرىشىدىغان، قاتتىق ئويلىنىدىغان ئالتۇنىدەك پەسلى ئەنە ئاشۇنداق قۇرۇق، مەنىسىز ئويۇن ـ تاماشىلار بىلەن ئۆتۈپ كەتسە بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇنىمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بولغان ئامراقلىقنىڭ كۈچلۈك ئىپادىسى دەۋالساق توغرا بولارمۇ؟ ياق ! ياق ! ھەرگىز توغرا بولمايدۇ ! بۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغانلىق، بىلىپ تۇرۇپ قۇرۇق ئىمىزگۈنى شورىغانلىق، بىلىپ تۇرۇپلا نادانلىق پاتقىقىغا پاتقانلىق !

مەن شۇ چاغلاردا، كەچ تەرەپلەردە سىنىپتىن چىقماي ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئاز بىر قىسىم ساۋاقداشلارنى ئەخمەقلەر، ھاماقەتلەر، نادانلار دەپ زاڭلىق قىلغانىدىم. بۇ گەپنى ھەتتا ساڭىمۇ يۇزتۇرا ئېيتقانىدىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، ئەخمەق، ھاماقەت سەن ئەمەس، مەن ئىكەنمەن. ئاھ، مەن ئاشۇ ئۈچ يىللىق مەكتەپ ھاياتىمدا تانسا ئويناش، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش، مۇھەببەت باغلاشتىن باشقا نېمىنى ئۆگەندىم؟ زادى نېمىنى ئۆگەندىم ـ ھە؟ ! ئىسىت بىھۇدە ئۆتكەن چاغلىرىم !

## 4

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، سىنىپىمىزدا تۇنجى قېتىم سىنىپ ھەيئەتلىرىنى سايلىغان كۈنى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ سىنىپ باشلىقلىق نامزاتىغا مەن بىلەن ئەنۋەرنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكى، سايلام بېلىتىمىزنىڭ تەپمۇتەڭ چىقىپ قالغانلىقى، ئاخىرىدا ئۆزۈم ئاكتىپلىق بىلەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئىنتىلدارىم يەتمەيدىغانلىقى، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماڭا نىسبەتەن ئەنۋەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سىنىپ باشلىقلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەنۋەرگە ئۆتۈنگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

ئۇ كۈنى مېنىڭ كىچىك كۆڭۈل، كەمتەر، ئوچۇق - يورۇق، كەڭ قورساق، نام - ئاتاق، شۆھرەتكە ئىنتىلمەيدىغان ئالىيجاناب خىسلىتىمدىن سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداشلار تەسىرلەنگەن ۋە ئاپىرىن ئوقۇشقانىدى. مەنمۇ شۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىش قىلغانلىقىمدىن خۇشال بولغانىدىم. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، بۇ ئىش شۇ كۈنى كەچلىك تەكرار ۋاقتىدا بولغان ئىش ئىدى. سىنىپ ھەيئەتلىرى پۈتۈنلەي تۈرغۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىم بىزنى ئىختىيارىي ئۆگىنىش قىلىشقا قالدۇرۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن ساۋاقداشلارمۇ بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ ياتاقلىرىغا مېڭىشتى. مەن ئۆيگە خەت يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، بىر چاغدا قارىسام يېنىمدا زۇلپىيە ئولتۇرۇپتۇ.

سىنىپنىڭ ئىچىدە ئىككىمىزدىن باشقا بىرىمۇ ئوقۇغۇچى قالماپتۇ.

— تېخىچە ياتاققا چىقىپ كەتمەي ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ — سورىدىم قەستەمگە.

— سىزنى يالغۇز قالمىسۇن دەپچۇ؟ — دېدى زۇلپىيە ۋىلىققىدە كۈلۈپ.

— قورققۇسى كەلمىسۇن دېگەن ئوخشىمامسىز؟ مەن يا كىچىك بالا بولمىسام.

— سىز كىچىك بالا بولماي نېمىدىڭىز ئەمىسە؟

— قىزىق گەپ قىلدىڭىزغۇ، زۇلپىيە، كىم مېنى كىچىك بالا دەيدۇ؟

— كىم بولاتتى، ئۆزىڭىز.

— مەن؟

— ھەئە، سىز.

— قاچان شۇنداق دېدىم، يالغانچى.

— بايا ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېمىدىڭىزمۇ؟ مەن سىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن

دېگەندىكىن گەپ شۇ يەرگە بارماي نەگە بارىدۇ؟
— قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ.
زۇلپىيەنىڭ بۇ گېپى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئۇمۇ ماڭا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.
— بۈگۈن مەن خاتا ئىش قىلغان ئوخشىمامدىمەن؟ — بۇ سوئالىم بىلەن تەڭلا ئۇ دەرھال كۈلكىسىنى توختاتتى. ماڭا قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراپ سۆزلىدى.
— ياقەي، توغرا قىلدىڭىز، ئەسلىدىغۇ سىزنى سىنىپ باشلىقى بولسا ئىكەن دەپ ئارزۇ قىلغانىدىم. تۇۋا، خۇددى چاقچاق قىلغاندەكلا ئىككىڭلارغا چۈشكەن ئاۋاز تەڭ چىقىپ قالدى. ئەمدى بۇ مەسىلىنى مۇئەللىم قانداق ھەل قىلار دەپ باش قاتۇرۇپ كەتكەنىدىم. ھېلىمۇ سىز ئەقىللىك كەلدىڭىز. ئەگەر سىزمۇ ئەنۋەرگە ئوخشاش جىملا تۇرۇۋالغان بولسىڭىز مۇئەللىم تازىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولاتتى. سىز بەكمۇ شەخسىيەتسىز ھەم ئالىيجاناب ئىكەنسىز.
— بولدى، بولدى، ماختاۋەرمەڭ. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇچۇپ كېتىپ قالماي يەنە.
— شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى ئۇ بوستان كىرپىكلىك قاپقارا كۆزلىرىنى شوخلۇق بىلەن ئويىتىپ، — ئۇنداق بولسا زۇلپىيەمۇ ئۆزىنى بوش چاغلىمىسا بولغۇدەك.
— نېمىشقا؟ — ئۇنىڭ بۇ گېپىنى چۈشەنمەي قىزىقىپ سورىدىم.
— سىزگە ئوخشاش پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەمنى ئاسماندا ئۇچۇرالىغاندىكەنچۇ، ئەپسۇس... — ئۇ چىرايىغا يالغاندىن سۈكۈت بېرىپ گېپىنى توختىتىۋالدى.
— قېنى توختاپ قالماي «ئەپسۇس» نىڭ ئايىغىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ.
— ئەپسۇس، — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، — مەن تېخى سىزنى تاغدەك سالمىقى بار دەپ ئويلىغانىدىم. ئەھۋالدىن

قارىغاندا، «پۇۋ» دېسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان توزغاق ئىكەنسىز، توزغاق.

— هە ! — مەن شوخلۇق بىلەن كۆزۈمنى چەكچەيتتىم. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئۇستىلىق بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇشتۇمۇمنى ئۆزۈمنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق كۈلكىسىدىن سىنىپىنىڭ ئىچى جاراڭلاپ ئەكس سادا قايتۇردى.

— قانداق، ئىقرار بولدىڭىزمۇ، توزغاق؟ — دېدى ئۇ مۇرەمگە ياققىدە شاپىلاقلاپ.

— ياق، مەن توزغاق ئەمەس. خاتا تەبىر بېرىپ قويدىڭىز، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىلىپ قويۇڭ، مەن دېگەن بۈركۈت. بەئەينى تەڭرىتاغلىرىنىڭ قاراۋۇلىدەك، ئۇنىڭ ئاق باش چوققىلىرىدا تىنىمسىز پەرۋاز قىلىپ تۇرىدىغان قىران بۈركۈت. ۋاقتى كەلگەندە سىزنىمۇ ئېلىپ پەرۋاز قىلالايمەن تېخى.

— ياھ، ئەمدى يونى بولۇشقا ئاتتىڭىزغۇ؟ يو ئاتسىڭىزمۇ ئاۋايلاپراق ئېتىڭ. ئاتقان يويىڭىزدا مۇنۇ ئوقۇتۇش بىناسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئىككىمىز ئاستىدا مانتا يېمەيلى يەنە.

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، زۇلپىيە، پوچىلىق قىلغىلى مەن غولجىلىق بولمىسام، — دېدىم قەستەنگە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— يونى مۇشۇنداقلا ئاتىدىغان بولسىڭىز پوچىلىقتا غولجىلىقتىن قېلىشمىغۇدەكسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، زۇلپىيە، يالغان بولسا كېلىڭ، ھازىرلا بىرلىكتە پەرۋاز قىلىمىز.

نەدىندۇر پەيدا بولغان غايىبانە كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە، بىر قولۇم بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى تۇتۇپ، بىر بىلىكىمدە ئەۋرىشىم بەللىرىدىن يۆگەپلا قۇچاقلاپتىمەن.

— بېلىمنى قويۇۋېتىڭ، سەت تۇرىدۇ، — زۇلپىيەنىڭ بۇ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. بېلىمدىن دەرھال بىلىكىمنى ئاجراتتىم. لېكىن، قولىنى قويۇۋەتمىدىم. نازۇك، يۇمشاق بارماقلىرى يوغان، كۈچلۈك ئالىقانلىرىم ئارىسىدا بىلىنەرلىك دەرىجىدە تىترەيتتى. ئۇ ئالقىنىمدىن قولىنى تارتىۋېلىشقا ئانچە بەك ئۇرۇنۇپ كەتمىدى، چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى يەرگە تىككەن بولۇپ، تال - تال بوستان كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئىككى مەڭزى غۇلجىنىڭ داڭلىق ئاپروت ئالمىسىدەك تاۋلانغانىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى غايىبانە بىر كۈچ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. ھېسسىياتىمنى تاتلىق بىر سېزىم غىدىقلايتتى.

— بىلەمسىز، زۇلپىيە، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سىزنى تۇنجى قېتىم سىنىپتا كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا ئاشىق...

ئۇ كۆزىنى يەردىن ئېلىپ ماڭا لاپپىدە قارىدى - دە، يەنە يەرگە تىكتى. نېمىشقىدۇر يۈرىكىمدە خېلىدىن بېرى ئارمان قىلىپ كەلگەن بۇ سۆزنى تارتىنمايلا دەپ سېپتىمەن. ئۇنىڭغا ئۈمىد، ھودۇقۇش، ئىلتىجا ئارىلاش تەلمۈردۈم. ئۇ چىرايلىق لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، تىۋىشسىز يەرگە قاراپ تۇراتتى. چىرايىغا ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە قىزىللىق يۈگۈردى. چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىغا، مەرمەردەك بوينۇلىرىغىمۇ قىزىللىق تارىدى. مەن يەنە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بېلىدىن بىر بىلىكىمنى ئۆتكۈزدۈم. بۇ قېتىم ئۇ پەقەتلا قارشىلىق بىلدۈرمىدى.

— خۇش بولاي، جېنىم زۇلپىيە، ھەرنېمە دېسىڭىز بىر ئېغىز گەپ قىلىڭا...

ئاۋازىم تىترەپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھاياجاندىن كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلدى. بۇرنۇمنىڭ ئۇچى ۋىژژىدە ئېچىشتى. ئۇ ماڭا ئىككىنچى قېتىم لاپپىدە قارىدى - دە، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن يەنە يەرگە قارىۋالدى. ماڭا ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلكىسىلا كۇپايە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدۇمغا قايتىدىن جان كىردى. غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم. ئاۋۋال چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىغا، ئاندىن مەرمەردەك بويۇنلىرىغا، يىپەكتەك يۇمشاق بوستان چاچلىرىغا، ئاندىن چوغدەك قىزىق، ئاناردەك قىزىل مەڭزىگە، ئاندىن ئاتەش يالقۇنجاپ تۇرغان جىنەستىدەك لەۋلىرىگە قېنىپ - قېنىپ تۇرۇپ سۆيدۈم. ۋۇجۇدۇم بەختتىن لەرزىگە كەلدى.

— بىرسى كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ، يۇرۇڭ، ياتاققا چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئاستاغىنا قاچۇرۇپ.

قىيمىغان هالدا بېلىدىن قولۇمنى ئاجراتتىم. سىنىپتىن يانمۇيان چىقتۇق. يۈرىكىم خۇشاللىقتىن كۆكرەك قەپىسىمگە سىغمايلا قالدى. كارىدوردا كېتىۋېتىپ ئاستاغىنا قولىدىن تۇتتۇم.

— رەنجىمىسىڭىز، سىرتتا قول تۇتۇشۇپ ماڭمىساق.

ئۇنىڭ بۇ ئىلتىجاسىغا دەرهال كۆندۈم. ۋۇجۇدۇم بەختتىن مەست بولغانىدى. بىلەمسەن دوستۇم، شۇ كۈنى ئاشۇ زىلۋا قامەت، بۇلاقتەك شەهلا كۆز، بوستان كىرپىك، ئالمىدەك يۈز، جىنەستىدەك لەۋ، قاپقارا يىپەكتەك يۇمشاق چاچ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قەلبى، ۋۇجۇدى هەممە - هەممە يېرى ماڭا تەئەللۇق بولغانىدى. مەن خۇشاللىقتىن، بۇ كۈتۈلمىگەندە تېزلا نېسىپ بولغان بەختنى پۈتكۈل مەكتەپكە، ياق، پۈتكۈل جاهانغا، ئاۋازىمنى بولدى دېگۈچە قويۇپ بېرىپ جاكارلاشتىن ئۆزۈمنى ئاران - ئاران تۇتۇپ كېتىۋاتاتتىم

— مۇزاكىرىدىن قايتقان ئوخشىمامسىلەر؟

مۇھەممەت ئېلىنىڭ بۇ ئاۋازىدىن چۆچۈپ باش كۆتۈردۈم. شېرىن، تاتلىق هېسلىرىم قاياقلارغىدۇر ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. قارىسام ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ، قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قاپتىمىز. مەن مۇھەممەت ئېلىغا «هەئە» دېگەننى قىلىپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ، زۆلپىيەنى ياتىقىغا كۆزۈم ئارقىلىق ئۇزىتىپ خوشلاشتىم - دە، مۇھەممەت ئېلىغا

يۈزلەندىم. نېمە سەۋەبكىنتاڭ، مەكتەپ بويىچە ھەممە ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ بىلەن «سەن - پەن» دېيىشىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان بۇ جېدەلخور، ھاراقكەش «يۈرتلۇقۇم» بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتىم. ھېلىقى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۆتۈۋېلىش سورۇنىدا ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇمۇ مېنى «يۈرتلۇقلار» ئارىسىدا ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيتتى. ياتىقىدا ئۆتكۈزگەن ئولتۇرۇش، زىياپەت، تانسىلارغا چاقىرىۋالمايتتى. بىر كۈندە ئون قېتىم ئۇچراشساقمۇ چىش يېرىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. تاسادىپىي ئەھۋال ئاستىدا كۆرۈشۈپ قالساقمۇ ياتلا مۇئامىلە قىلاتتى. بۈگۈن قانداقسىغا ئۇنىڭ ئاغزىغا «ئىمان» كىرىپ قالغاندۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن، بىر يۈرتلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ «كاتتىبېشى» ھېسابلانغان بۇ ئېسىل جانابنىڭ شۇنچىلىك ئەھۋال سورىشىغا ئېرىشىشىمۇ ئاسانلىقچە مۇمكىن بولىدىغان ئىلتىپاتلاردىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

— يۈرۈڭ، سىرتقا چىقىپ كىرەيلى، — دېدى ئۇ ماڭا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋە مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەستىن يول باشلاپ ماڭدى. بىز مەكتەپنىڭ سىرتىدىكى ئاشخانا ۋە ماگىزىنلارنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان كىچىكرەك بىر ھاراق بوتكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

— قېنى كىرەيلى، — دېدى ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئاۋۋال كىرىشىمنى كۈتۈپ تۇرماستىن بوسۇغىدىن ئاۋۋال ئۆزى پۇتىنى ئالدى - دە، ماگىزىنچىغا بۇيرۇدى.

— ئەللىك گىراملىقتىن تۆتنى.

ماگىزىنچى چاقماق تېزلىكىدە، پوكەي ئۈستىگە ئەللىك گىرامدىن تۆت پىيالە ئاق ھاراق ۋە بىر باش چىلىغان سامساقنى تەييار قىلدى.

— قېنى پىيالىنى قولۇڭغا ئاله، ئۇكا، — دېدى مۇھەممەت ئېلى ماڭا يەنە بۇيرۇق قىلىپ.

ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە «ھاراق ئىچكۈم يوق» دېيىشكە

يۈزۈم چىدىمىدى. ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ تۇرۇپ پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم.

— خۇش ئۇكا!

— خۇشە!

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىككى يۈز گىرام ھاراق بىلەن بىر باش سامساقنى تۈگىتىپ بولدۇق.

— يەنە ئەللىك گىرامدىن ئىچەيلى! — دېدى مۇھەممەت ئېلى پىيالىنى پوكەي ئۈستىگە تاققىدە قويۇپ.

— ئەمدى بولدى قىلايلىمىكىن.

ئۇ گېپىمنى ئېتىبارغىمۇ ئېلىپ قويمىدى، ئاڭغىچە پوكەي ئۈستىگە يەنە ئىككى پىيالە ھاراق پەيدا بولدى. بۇ پىيالىنىمۇ سىلكىنىپ ـ تولغىنىپ تۇرۇپ كانىيىمدىن تەستە ئۆتكۈزدۈم.

— قېنى ئەمدى چىقايلى! — دېدى مۇھەممەت ئېلى ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ. بىرلىكتە سىرتقا چىقتۇق.

— سىز نېمىشقا سىنىپ باشلىقلىق ھوقۇقىنى قومۇللۇققا ئۆتۈنۈپ بەردىڭىز؟ — تۇيۇقسىزلا سورىدى مۇھەممەت ئېلى مېڭىشتىن توختاپ. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىدىن ھەيران بولدۇم. تېخى بىر سائەت ئىلگىرى سىنىپتا بولغان بۇ ئىشنى قانداق قاغا ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ بولغان بولغىيدى؟!

— سايلامدا ئىككىيلەنگە چۈشكەن ئاۋاز تەڭ چىقىپ قالدى. مەن مۇئەللىمنى تەڭلىكتە قالمىسۇن دەپ ئەنۋەرگە ئۆتۈندۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ ھوقۇق تۇتۇشنى ئانچە بەك خالاپ كەتمەيمەن.

— ھەي، ئاڭلىغىنىم راست ئىكەن ـ دە! — دېدى ئۇ بىر قولىنىڭ دۈمبىسىنى بىر قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرۇپ، — مەن تېخى سىزنى ھەرقانچە قىلسىمۇ، بۇنچىۋالا دەرىجىدە ئەقىلسىزلىك قىلماس دەپ ئويلىغانىدىم. تازىمۇ غەلىتە ئادەتلىرىڭىز بار ئىكەنغۇ سىزنىڭ، ئىست، ئىست.

ئۇ خۇددى بىرەرسىنىڭ يۈەن پۇلنى ئوغرىغا بەرگەن ئادەمدەك

ھەسرەت چېكەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ماڭا ھەم كۈلكىلىك تۇيۇلدى، ھەم ئىچىمنى پۇشۇردى.

— سىنىپ باشلىقلىق ھوقۇقىنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى؟ — دېدىم پەرۋاسىز ھالدا.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ — ئۇ كۆزۈمگە كىرىشىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىلىپ قويۇڭ، سىنىپ باشلىقىنىڭ قولىدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار كېلىدۇ. مەسىلەن، سىز سىنىپ باشلىقى بولسىڭىز باشقا يۇرتلۇقلار سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ بولسىمۇ، ھەرقانداق ئىشتا بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلىرىڭىزغا يول قويىدۇ. ئۇلارنى بوزەك قىلمايدۇ. ھۆتۈت - پۈتۈت قىلالمايدۇ. ئەگەر سەللا ئۇششۇقلۇق قىلسا، ھوقۇقتا تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى، نوخلىسىنى ئالغىلى بولىدۇ...

— بۇ دېگەن ۋىجدانلىق ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، — دېدىم ئۇنىڭ ئېزىپ چۇشەندۇرۇشلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، — باشقا يۇرتلۇق بولسىمۇ يەنىلا ساۋاقداشقۇ؟...

— ھاماقەت ! — ھاراقىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى گېپىمنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر مۇھەممەت ئېلى قاتتىق غەزەپكە كەلگەندى. ئۇ كاپپىدە ياقامدىن ئالدى - دە، قوپال سىلكىشلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — مەن مۇشۇ كەمگىچە سەندەك كالۋا ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاشۇ ياقا يۇرتلۇقلاردىن كېلىشتۇرۇپ بىر ئەدىپىڭنى يېمىگۈچە ئادەم بولمايدىغان ئوخشايسەن، ھۇ دۆت - كالۋا !

مۇھەممەت ئېلى ياقامنى سىلكىپ قويۇۋەتتى - دە، ئالدى - كەينىگىمۇ قارىماستىن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

مەن تۇرغان جايىمدا قاقشال قوزۇقتەك بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم.

«مەن كېچە - كۈندۈز ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىلىم - مەرىپەت باغچىسى مۇشۇ شۇمۇ؟ ئۇنىڭدىكى ئىلىمگە ئىشقىۋاز،

ئاق كۆڭۈل، ساددا، مۇلايىم، كۆيۈمچان ساۋاقداشلىرىم قېنى؟ ئاھ، بۇ مەكتەپ، بۇ ساۋاقداشلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭ خىيالىمدىكى، تەسەۋۋۇرۇمدىكى مەكتەپ ۋە ساۋاقداشلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ؟»

مەن ھەسرەت بىلەن يىراق ئاسمان گۈمبىزىگە كۆزۈمنى تىكتىم. ئاسماندىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تويماي قارىدىم. ھاڭۋىقىپ، ھەۋەسلىنىپ قارىدىم. خېلى ئۇزاق قارىدىم، ئويلىدىم: «مۇئەللەقتىكى كەڭرى بوشلۇقتا جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلارنىڭمۇ يۇرتى بارمىدۇ؟ ئۇلارمۇ يۇرتۋازلىق قىلىپ سوقۇشامدىغاندۇ؟ بوزەك قىلىش، بوزەك بولۇشتىن ئىبارەت تەڭسىزلىك ئۇلاردىمۇ بارمىدۇ؟ بەلكىم چوقۇم يوق. ئۇلار باباراۋەر، ئىتتىپاق، ئۇۋم. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ چېھرى ياش يۇقى، سولغۇن ئەمەس، ئەنە، قاچان قارىسام تۇن بويى كۈلۈمسىرەپ، جىمىرلاپ تۇرامدۇ؟ كۆڭۈل ئازادىلىك شۇلاردا بولسا كېرەك».

مۇھەممەت ئېلىنىڭ ياقامدىن سىلكىپ تۇرۇپ قىلغان ھاقارىتى غۇرۇرۇمنى قاتتىق دەپسەندە قىلغانىدى، شۇڭلاشقا ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن غەلىيان كۆتۈردى. لېكىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، بىر - ئىككىنى سىلكىشلىگۈدەك غەيرەت - جاسارەت مەندە يوق ئىدى. چۈنكى، نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇ مەكتەپنىڭ كونا ئوقۇغۇچىسى - دە، مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىرى ئاز يۇرتنىڭ بالىلىرى ئوقۇغۇچىسى كۆپ يۇرتنىڭ بالىلىرىغا بوزەك بولغاندەك، خۇددى تەبىئىي ھالدا يېڭى ئوقۇغۇچىلار كېلەر يىلى يەنە بىر قارار يېڭى ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولغۇچە كونا ئوقۇغۇچىلارغا بوزەك بولاتتۇق. ئۇلارغا كۈچىمىز يېتىپ تۇرۇپمۇ قول ياندۇرالمايتتۇق. بولمىسا كونا ئوقۇغۇچىلار بىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دەپ، توپلىشىپ كېلىپ ئەدىپىمىزنى بېرەتتى. بىر يۇرتلۇق بىر يۇرتلۇقنى بوزەك ئېتىش، كونىلار يېڭىلارنى ئانىي تېپىش مەكتەپنىڭ

ئۆزگەرمەس ئەنئەنىسى ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، مەن قانداقسىغا بۇ مۇقەددەس «ئەنئەنە» گە قارشى چىقالاي؟! يار ئاچچىق ـ ئەلەممنى ھاراقتىن چىقارماقچى بولغاندەك، كەينىمگە شارتتىدە ئۆرۈلۈپ، يۈگۈرگىنىمچە ھېلىقى بوتكىغا كىردىم ـ دە، ئەللىك گىراملىقتىن ئۈچ پىيالە ھاراقنى ئارقىمۇئارقا ئىچىۋېتىپ سىرتقا چىقتىم. ھاراقنىڭ تەسىرىدە كەيپىم بىر ئاز كۆتۈرۈلدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئايغا قاراپ، تۇيۇقسىز زۇلپىيە ئېسىمگە كەلدى ـ دە، پۈتكۈل ئەزايىمغا تاتلىق بىر سېزىم تارالدى. لەۋلىرىمنى شۈمىدۈم، ھاياجانلاندىم. ھېلىقى كۈنى تەرىمنى سۈرتۈۋېلىشىم ئۈچۈن بەرگەن قول ياغلىقنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ (ئۇنى زۇلپىيەگە قايتۇرۇپ بەرمىگەنىدىم)، قېنىپ ـ قېنىپ پۇرىدىم. قەدىمىم ئىختىيارسىز قىزلار ياتاق بىناسى تەرەپكە يۆتكەلدى.

— يىگىت، ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى. قىزلار ياتاق بىناسىغا كىرىشكە رۇخسەت يوق.

ئىشىك باققۇچىنىڭ بۇ سۆزى غۇزۇرىدە ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

— كىرىپلا يېنىپ چىقىمەن، — دېدىم پەرۋاسىزلىق بىلەن ئالدىمغا چامداپ.

— بولمايدۇ دېگەندىكىن بولمايدۇ!

مەستلىكتىن قىزىپ تۇرغان كاللامغا بوۋاينىڭ بۇ سۆزلىرى ئوبدانلا تەسىر قىلدى. كونتروللۇقىمنى يوقاتقاندىم.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدىم تېخىمۇ چىڭ تۇۋلاپ، — سەن ئىشىكنى قىل! بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەس، كىرسەم سېنىڭ قىزىڭنىڭ قېشىغا كىرمەيمەن.

ئاندىن كېيىن نېمىلەرنى دېدىم بىلمەيمەن. مەن ئىشىك باقارنى ئىتتىرىپ، ئىشىك باقار مېنى ئىتتىرىپ تۇرغان پەيتتە، سىنىپتا ئۆگىنىش قىلىپ يانغان ساۋاقداشلاردىن

ئىككىسى مېنى مىڭ تەستە ياتاققا ئاچىقىپ كېتىپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ هاراق مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئۈلپىتىم بولۇپ قالدى. هاراق ئىچمەيدىغان كۈنۈم يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇنداقلار مەكتەپتە يالغۇز مەنلا ئەمەس ئىدىم. بەلكىم شۇ چاغلاردا مەكتەپ بويىچە هاراق ئىچمەيدىغان ئوغۇللار هەربىر سىنىپتىن بىر ياكى ئىككىسى چىقار ئىدى. قالغانلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك هاراق ئىچەتتى. بولۇپمۇ كەچلىك مۇزاكىرىدىن يانغان هامانلا ياتاق ـ ياتاقلاردا هاراق ئىچىشلەر باشلىنىپ كېتەتتى. پۇلى جىقلار بوتۇلكىسى بىلەن، پۇلى ئازلار پارچىلاپ، گىراملاپ ئېلىپ ئىچەتتى. پۇتكۈل مەكتەپ هاياتى ئاخشاملىرى بىر كېچىكچىگىچە هاراق ئىچىپ، ناخشا توۋلاپ، گىتار چېلىپ، تانسا ئويناپ ئاخىرلىشىپ، ئەتىگىنى ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزىمىزنى ئاران ئۇۋۇلاپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، سوزۇلۇپ سىنىپقا چىقىش ۋە مۈگدەپ دەرس ئاڭلاش بىلەن باشلىناتتى. ئاخشاملىرى ئېغىرراق ئولتۇرۇپ قالغان كۈنلىرىمىزدە ئەتىسى ئاغرىپ قالغان بولۇپ سىنىپقا چىقماي كۈن چۈشكىچە ئۇخلايتتۇق.
قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، هازىر شۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن. ئېچىنىمەن، خىجىل بولىمەن، پۇشايمان يەيمەن. ئېيتقىنا: بىز زادى ئوقۇغۇچىغا لايىق ئىش قىپتۇقمۇ، يوق؟ بىزنىڭ شۇ چاغدىكى هاياتىمىز زادى نېمىگە ئوخشاپ قالغان ـ هە؟

ئىسىت، ئىسىت، ئىسىت !

## 5

ئەسسالام قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، تىنچ ـ ئامان ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟
توپتوغرا ئىككى هەپتە قولۇمغا قەلەم ئالالمىدىم. نېمىشقا

دېمەك، بۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە كۆڭلۈم پەقەتلا خاتىرجەم بولمىدى. قارا، دوستۇم، ئىدارىدىكىلەر مېنى خىزمەتتە ئىقتىدارى يوق، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن دەپ مۇزاكىرىلىشىپ پېنسىيەگە چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىقرار قىلىشىم كېرەككى، ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى پۈتۈنلەي توغرا، مەن خىزمەتكە قاتناشقىنىمدىن بۇيان ئىدارىدە بىر كىشىلىك مائاشنى تولۇق ئېلىپ تۇرغىنىم بىلەن، شۇ مائاشقا تۇشلۇق بىر كىشىلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەتلا چىقالمىدىم. مەكتەپتە بىلىم ئۆگەنمەي ئويۇنغان ئويۇنلار مانا بۇ يەردە مېنى رەھىمسىزلىك بىلەن مازاق قىلدى، ئىزا تارتقۇزدى، يەرگە قاراتتى. مەكتەپتە «ئۆگەنگەن»لىرىم شۇ تۇرسا، كۆرسىتىپ بەرگەن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، گۆشىيىپ كۆزۈمنى پارقىرىتىپ تۇرماقتىن باشقا نېمە ئامال؟! ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ تەنقىد ـ تەربىيەلىرى، خىزمەتداشلىرىمنىڭ تەنە، مەسخىرە، دوقلىرى مېنى زېرىكتۈرەلمىگىنى بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا ئىدارە تەشكىلى مەندىن زېرىكتى. مەندەك قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نان قېپى لامزەللىدىن ھەقىقەتەنمۇ زېرىكتى. ئاخىر ئۇلار ئويلىشىپ، ياش بولسىمۇ خىزمەت ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلار قاتارىدا، ئازراق تۇرمۇش پۇلى بېرىپ خىزمەتتىن قالدۇرۇشنى ئويلاشتى ھەم مەندىن قۇتۇلماقچى بولۇشتى.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ باشلىققا يىغلىدىم، يالۋۇردۇم، چوقۇم پېشقەدەملەردىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەسپىي سەۋىيەمنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەردىم. ئاھ، پۇت ـ قولى بېجىرىم، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، تېخى ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەشنىڭ قارىسىنى ئالغان كۆتەكتەك بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىزا، نومۇس بولامدۇ؟ ئاخىر يالۋۇرۇپ يۇرۇپ باشلىقلارنى ئازراق ئەيۋەشكە كەلتۈردۈم. ئۇلار ئوچۇق

ئىنكاس بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئويلىنىشىپ باقايلى، دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئازراق خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ، قولۇمغا يەنە قەلەم ئالدىم.

ھە راست، ئىككى كۈن ئاۋۋال سائادەتتىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭغا خەت يازىمەن دېگەن ئەمەسمىدىم. ئاخىر ئۇ جاۋاب خەت يېزىپتۇ. نېمە دېسەم بولار؟ ئەسلىدىمىغۇ سائادەتنىڭ خېتىنى ساڭا ئەۋەتىپ بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن مۇنداق قاراپ باقسام، بۇ ئويۇم توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ. بىلەمسەن ئاداش، تۈگىشىپتۇ. سائادەت پۈتۈنلەي تۈگىشىپتۇ. مەن ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپلا، بۇ خەتنىڭ مېنىڭ ئۈچ يىللىق ساۋاقدىشىم، يەنە كېلىپ قەدىردان بىر دوستۇمنىڭ ئۈچ يىللىق مۇھەببەتلەشكەن جۈرئەتلىك، غەيرەتلىك، غايىلىك، جاسارەتلىك قىز سائادەتنىڭ خېتى ئىكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئاھ، جەمئىيەتتىكى چاكىنا كۆزقاراشلارنىڭ، كونا ئىپتىدائىي، قالاق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ قۇدرىتى شۇنچىۋالا ئۇلۇغمىدۇ؟ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت شۇنچىۋالا تېز تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىمۇ خېلىلا يۈكسەلدى. بىراق، نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش يولىنى چەتلەيدىغان، كىشىلىك ھوقۇقىغا ئورۇنسىز ئارىلىشىۋالىدىغان، ئەركى، ئىنتىلىشى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بوغىدىغان، قاتمال، كونا ئەقىدە، كۆزقاراشلار، ناچار، چاكىنا ئىللەتلەر يەنىلا كەڭرى بازار تاپىدىغاندۇ؟ بىز قاچانغىچە ئاشۇ بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلالمايمىز؟ نېمىشقا ئىدىيەمىزنى ئازاد قىلالمايدىغاندىمىز؟

بىلەمسەن دوستۇم، سائادەت تىز پۈكۈپتۇ. ئارزۇ ـ غايىلىرىگە ئاسىيلىق قىپتۇ. غەيرەت ـ جاسارىتىنى يوقىتىپتۇ. قارشىلىقسىزلا، ياۋاشلىق بىلەن ئاتا ـ ئانىسى تاپقان لايىققا تېگىدىغان بوپتۇ. لايىق تاللاش، نىكاھلىنىش ئەركىنى ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىۋېتىپتۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۇرۇق ـ

تۇغقانلىرىنى نارازى قىلىپ، سەندەك بىر ياقا يۇرتلۇققا تېگەلمەيدىكەن. بىراق، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى مەڭگۈ يۈرەك قېتىدا ساقلايدىكەن. ئۈچ يىللىق مۇھەببەتلىك هاياتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىكەن. لېكىن، هەرگىزمۇ سېنى ۋە سېنىڭ پاك مۇھەببىتىڭنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتىشنى ۋە بەڭباش، كۆيۈمسىز، بۇزۇق، ياقا يۇرتلۇققا دۇم چۈشكەن... دېگەنگە ئوخشاش ئاتاقلارنى ئېلىشنى خالىمايدىكەن. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق بوهتانلاردىن قۇتۇلۇش ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئاقلاش، ياخشى پەرزەنت بولۇش ئۈچۈن، هەممە نېمىسىدىن ۋاز كېچىشكە، هەممە مۇقەددەس نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشقا، بىر ئۆمۈر دەرد ـ هەسرەتتە ياشاشقا تەييار ئىكەن. ئاه، ئۇنىڭ خەتلىرىنى بىر ئوقۇساڭ ئىدىڭ، شۇنداق بىچارىلەرچە، مۇڭلۇق، چۈشكۈن هەم غايىسىز. بولدى، بۇ هەقتە كۆپ سۆزلىمەي. ئۇزاق تارىختىن بۇيان، قايسى ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتىگە تەھدىت سېلىپ كەلمىگەن دېيسەن بۇنداق «روهىي ۋە مەنىۋى كىشەن» لەر. ئىشقىلىپ، غەيرەتلىك بول. يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە جاسارەتنى ئۆزىگە قورال قىلغان ئادەم هەرقانداق مۇشكۇلاتلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، مىللىتىمىزنىڭ مانا مۇشۇ ئەيىبلىرىنى، نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، مەنىۋى جاراهەتلىرىگە شىپا بولالايدىغان بىرەر پارچە ئەڭ ياخشى ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ قويارسەن.

كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىدىغان خەۋەر يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ قىل، دوستۇم. مەن يەنىلا ئۆزۈم هەققىدىكى بايانىمنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

يۇرتۋازلىق، گۇرۇهۋازلىق، مەزھەپۋازلىق ئىنسان ۋۇجۇدىغا چۈشكەن مىتە قۇرت. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى چىرىتىدۇ. نادان، ئەخمەق، چاكىنا قىلىپ قويىدۇ. ئۇلاردا بەئەينى ۋىجدان، ۋاپا، مېهرىبانلىق، ئالىيجانابلىق، ئەقەللىيسى ئەڭ ئاددىي

ئىنسانىي خىسلەتلەرمۇ بولمايدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، مەن بۇ ھەقىقەتنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ھازىر ئىنتايىن قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، مەكتەپتىكى ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇ چاغدىكى ۋۇجۇدىمىزدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ئىللەتلىرىنى شۇنداق ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرىنىڭ، رىيازەت، دەردلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. زۇلپىيە بىلەن ئەمدىلا ئەھيا قىلىشقا باشلىغان مۇھەببەت گۈلىستانلىقىمىزنىمۇ ئاشۇ يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىقنىڭ زەھەرلىك ئۇششۇقلىرى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى ئەمەسمۇ؟

ھېلىقى كۈنى مۇھەممەت ئېلىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قىزلار ياتاق بىناسىدىن زۇلپىيە يۇيۇپ بەرگەن كىيىملىرىمنى ئېلىپ چۈشۈۋاتسام، بىنا ئىشىكىنىڭ ئالدىدىلا مۇھەممەت ئېلى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

ئۇ ماڭا ئىككى ھەپتىدىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان. ئىككى قېتىم قىلغان سالىمىمنىمۇ ئىلىك ئالمىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئىمكان بار، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— ھە، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنى قىزلارغا يۇدۇرۇپ چىققان ئوخشىمامسىز؟ — كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ سوئال سوراپ قالدى ئۇ.

— ھەئە، كىيىملىرىم قۇرۇپتىكەن، ئاچىقتىم.

— بىر يۇرتلۇق قىزلار يۇيۇپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر قەستەنگە كوچىلاپ سوئال سوراشقا باشلىدى.

— ياق... ھەئە... — دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردىم.

— «ياق» بىلەن «ھەئە» يىڭىزدىن قايسىسى راست؟

— ھە شۇ... شۇ... ساۋاقداش قىزلار...

— نېمانچە دۇدۇقلايسىز؟ يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئاشۇ غۇلجىلىق چىرايلىقىڭىز يۇيۇپ بەرگەندۇ، تايىنلىق.

ئۇنىڭ مەسخىرە ئارىلاش ئېيتقان بۇ سۆزلىرى بىردىنلا غۇرۇرۇمغا تەگدى. زۇلپىيەنى كەمسىتىشلىرى دىلىمنى رەنجىتكەنىدى.

ئۇنىڭغا تىكلا قارىدىم ـ دە:

— ھەئە، توغرا ئېيتتىڭىز، زۇلپىيە يۇيۇپ بەردى. قانداق، يامان بوپتۇمۇ؟ — دېدىم كەسكىنلىك بىلەن.

— ئىشقىلىپ، ياخشى ـ يامان بولغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىۋالارسىز، — دېدى ئۇ مېنىڭ تەنەمگە پەرۋامۇ قىلماستىن، — بۇ مەكتەپتە غۇلجىلىقلار بىلەن قەشقەرلىكلەر ئەزەلدىن چىقىشالىغان ئەمەس. مۇھەببەت باغلايمەن دېسىڭىز، بىر يۇرتلۇق قىزلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھېلىقى غۇلجىلىق پەرىزاتتىن ئېشىپ چۈشكۈدەكلىرى بار ئىدى، بوپتۇ، سىزگىمۇ ياخشى تەربىيە بېرىپ، توغرا يول كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزى ئەخمەق. ھېچ چۈشىنەلمىدىم. خۇددى باشقا يۇرتلۇقنىڭ جىنى چاپلىشىۋالغاندەك، ھە دېگەندە شۇلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ كېتىدىكەنسىز.

مۇھەممەت ئېلى ماڭا ئېچىنغاندەك قىياپەتتە سۆزىنى تۈگەتتى ـ دە، خوشىمۇ دېمەي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئانچە پەرۋايىمغىمۇ ئېلىپ كەتمىدىم. لېكىن، شەخسىي ئىشىمغىمۇ يۇرتۋازلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، چات كىرىپ ئارىلىشىۋالغانلىقىدىن خېلىلا رەنجىدىم. «بولدىلا، بۇنچىلىك ئىشلارنى كۆڭلۈمگە ئېلىپ نېمە قىلاي؟ ئەزەلدىن مۇھەببەتنىڭ دۆلەت، مىللەت، دىن چېگراسى بولغان ئەمەس، زۇلپىيەمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. كەلگۈسىدە خۇدايىم مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۇم ـ دە، قولۇمدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى ياتاققا ئەكىرىۋېتىپ، سىنىپقا كەچلىك

مۇزاكىرىگە چىقىش ئۈچۈن ئالدىرىدىم. ياتاقتا كىرىپ سائەتكە قارىسام، مۇزاكىرە ۋاقتىغا پەقەت ئىككى مىنۇتلا ۋاقىت قاپتۇ. دەرھال ماتېرىياللىرىمنى ئېلىپ سىنىپقا يۈگۈردۈم. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يېنىدىكى قاراڭغۇلۇقتا كەلگەندە ئالدىمدىن ئىككى كۆلەڭگە ئۇدۇللا چىقىپ كەلدى. دەرھال يول بوشاتتىم. بىراق، ئۇلار يەنىلا ماڭا قارشى كېلىشكە باشلىدى. مەن بۇ ئەھۋالدىن ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم ئەجەبلەندىم، يەنە يول بوشاتتىم. ئۇلار يەنە ئالدىمنى توستى، ئەمدى نېمە قىلىشىمنى ئويلاپ بولغۇچە بىر گەۋدە دولىسى بىلەن قاتتىق سوقۇۋەتتى. قولۇمدىكى ماتېرىياللىرىم يەرگە چېچىلىپ كەتتى. «مەست بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم ـ دە، لام ـ جىم دېمەي ماتېرىياللىرىمنى تىرىشكە باشلىدىم.

— ھەي ! كۆزۈڭگە قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟ سەن بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟

يولسىزلارچە ئېيتىلغان بۇ سۆز بىلەن تەڭلا بىر قول دولامدىن قوپاللىق بىلەن سىلكىشلەپ تۇرغۇزدى. شۇنداق قاراپلا ئۇلارنى تونۇدۇم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سىنىپى بىلەن بىزنىڭ سىنىپ قوشنا ئىدى ھەم بىز مەكتەپكە بىر قاراردا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىدۇق. بۇ ئىككىسى غۇلجىلىق ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، زۇلپىيەنىڭ غۇلجىدىكى مەكتەپداش ساۋاقدىشى ئابلىكىم بىلەن ساتتار ئىدى.

— چاقچاق قىلىۋاتامسىلەر نېمە، ئاغىنىلەر؟ ئۆزۈڭلار يول بوشىتىپ بەرسەممۇ ئۈنىماي سوقۇپ تۇرۇپ، يەنە مېنى...

— ھە ! سوقىمىزغۇ، قانداق قىلالايتتىڭ؟ — دېدى ئابلىكىم كۆزۈمگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — سەن خىيالىڭدا غۇلجىلىقنى شۇنچىۋالا بورەك دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، قەشقەرلىكلەرنىڭگە ئۇنچىۋالا بەك ئىشىنىپ كەتمە. غۇلجىلىقنىمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ باققان.

«توۋا، مەن ئۆلارغا چىقىلمىغان تۇرسام نېمە ئۈچۈن بىكاردىن ـ بىكار مېنى ھاقارەتلەيدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئابلىكىمنىڭ مەن بىلەن قەستەن سۆركىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— بۇ... بۇ... گەپ بولسا ئوچۇق ـ يورۇق قىلىشايلى، ئاداش. مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم...

— پاھ! قەشقەرلىكلەر ئۆزىنى قالتىس ئەقىللىك چاغلايتتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۆلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ساڭا ئوخشاش دۆتلەردىن بار ئوخشايدۇ، — ئابلىكىم تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى، — ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر، غۇلجىلىق قىزلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ تولا كەينىگە كىرىۋالىدىغان بولساڭ، كېيىن بىزنى يۈز ـ خاتىر قىلمىدى دەپ رەنجىپ يۈرمە، ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈر!

ئۆلارنىڭ ماڭا ئەسلىي دەيدىغان گېپى مۇشۇ بولسا كېرەك، ئالدىمنى توسۇۋېلىپ دەيدىغانلىرىنى دەۋېلىپلا غىپپىدە يوقالدى.

ئورنۇمدا بىرھازا تۇرۇپلا قالدىم. مېڭەم ۋىڭىلدايتتى. قۇلىقىم غوڭۇلدايتتى. مۇھەممەت ئېلى بىلەن ئابلىكىمنىڭ سۆزلىرىدىن سەل چۆچۈدۈم، ئويلاندىم. ئىككى ئارىلىقتا قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. كاللامغا ھېچقانداق پىكىر كەلمىدى. تۇيۇقسىز زۇلپىيەنى ئەسكە ئېلىپ ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. تۇن قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ بىر جۇپ شەھلا كۆزلىرى ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، كۆيۈنۈۋاتقاندەك، مەدەت، تەسەللى بېرىۋاتقاندەك بىلىندى. سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى شۇنچىۋالا ئۇلۇغ، شۇنچىۋالا قۇدرەتلىك بولسا كېرەك. زۇلپىيەنى ئەسكە ئېلىپلا، ۋۇجۇدۇمنى بىردەملىك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان، ۋەھىمە، قورقۇنچ، ئارىسالدىلىقلار پاك ـ پاكىز يوقالدى. ئۆزۈمنى خېلىلا قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، مەردانە سەزدىم.

سىنىپقا كىرىپلا زۇلپىيەنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چىرايىمۇ سولغۇن، تولىمۇ غەمكىن

كۆرۈنەتتى. دىلى بىرەر ئىشتىن رەنجىگەن بولسا كېرەك، ھەسرەتلىك تىناتتى.

— بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ قانداق؟ چىرايىڭىز ئەجەب باشقىچە بولۇپ قاپتۇغۇ؟ — سورىدىم كۆيۈنگەن ھالدا.

— ياق، ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا. شۇنداق قاراپلا كۆز چانىقىدا لىپمۇلىق ياش تامچىلىرىنىڭ لىغىرلاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

— يوشۇرماڭ، زۇلپىيە، زادى نېمە بولدى سىزگە؟

— ھېچ، ھېچ ئىش بولمىدى.

— ساۋاقداشلاردىن بىرەرسى بىلەن رەنجىشىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— ياقەي، نېمىشقا رەنجىشىپ قالغۇدەكمەن؟

ھەرقانچە قىلىپ ئۇنىڭدىن تۈزۈك جاۋاب ئالالمىدىم. ئىچىم تىتىلداپ، كۆڭلۈمدىن ھەر خىل گۇمانلار كەچتى. لېكىن، ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى قايىل قىلالىغۇدەك جاۋاب تاپالمىدىم.

— بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن كونسىپىك قالدۇرۇپ بولغانمىدىڭىز؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ كونسىپىكلىرىنى ئالدىمغا سۇرۇپ قويۇپ.

لام - جىم دېمەي ئۇنىڭ كونسىپىكلىرىنى كۆچۈرۈشكە باشلىدىم. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرسەم مۇزاكىرە ۋاقتى توشۇپ، ساۋاقداشلار بىر - بىرلەپ ياتاقلىرىغا چىقىپ كېتىشكىلى تۇرۇپتۇ.

— يۈرۈڭ، زۇلپىيە، بىزمۇ چىقىپ كېتەيلى، — دېدىم ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ. چۈنكى، ئۇ ئىككى سائەتتىن بېرى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىدى.

— ياق، سەل - پەل ئولتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

بىردەمدىن كېيىن سىنىپ ئىككىمىلەنگىلا قالدى. مەن «قېنى، ئەمدى گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ» دېگەننى قىلىپ ئۇنىڭغا

قارىدىم.

— بىز... بىز... — دېدى زۇلپىيە قىزىرىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ياتاققا مېنى ئازراق ئىزدەپ چىقىڭ، پاراڭلىرىمىز بولسا سىنىپتا قىلىشايلى، كىنو - تىياتىرلارغا بىللە بارىدىغان ئىشلارنىمۇ ئازراق قىلايلى. تانسىنىمۇ بەك كۆپ ئوينىمايلى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ھەيران بولدۇم. چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇدا ئۇنىڭغا قارىدىم.

— نېمىشقا؟ زادى نېمە ئۇچۇن شۇنداق قىلىمىز ئەمدى؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، گەپنى ئوچۇقراق قىلىسىڭىزچۇ، زۇلپىيە.

ئۇ ئاستا ماڭا قارىدى. بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. تال - تال بوستان كىرپىكلىرىدە گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى يالتىرىدى. جىنەستىدەك لەۋلىرى تىترىدى.

— بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى غۇلجىلىق بالىلار ئۇقۇپتىكەن، — دېدى ئۇ تولىمۇ قىينالغان ھالدا، — ئۇلار بايا مۇزاكىرىدىن ئىلگىرى چاقىرىپ چىقىپ بىرمۇنچە تەنە قىلدى، ئۇلار مېنى يۇرتىنىڭ، يۇرتلۇقلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكتۈڭ، غۇرۇرنى دەپسەندە قىلدىڭ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياقا يۇرتلۇق بولغان سىز بىلەن مۇھەببەت باغلىغىنىم جىنايەت ئىمىش، سىز بىلەن يۈرۈپ غۇلجىلىقلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈپتىمىشمەن. قەشقەرلىكلەرنىڭ ئالدىدا تىلى قىسقىراپ قاپتۇدەك. يەنە خېلى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى خېلى بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ، سىزنىمۇ تىلغا ئالدى. ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ، — ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە، ئالمىدەك مەڭزىنى سۈبھىدىكى شەبنەم تامچىسىدەك ياش مەرۋايىتلىرى سۆيۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزۈمگە غىلىلدە ياش كەلدى. ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزلىدىم.

— بىلىمەن... بىلىمەن...

— سىز قانداقسىغا...

— ئۇلار بايا ئالدىمنى توسۇپ، شۇنداق گەپلەر بىلەن تەھدىت سالدى. مەن سىزنى ئازدۇرۇپتىمىشمەن. خۇدايا توۋا، بىر مىللەت، بىر دىندىكى ئادەملەر تۇرۇپ، بىر يۇرتلۇق يەنە بىر يۇرتلۇقنى ياخشى كۆرۈشمۇ گۇناھمۇ ئەمدى؟! مەن، مەن... ھېچ چۈشىنەلمىدىم.

زۇلپىيە نازۇك بارماقلىرى بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ، ئىككى مەڭزىنى ئالىقىنىمغا ياقتى. قوللىرىمنى سۆيدى. ئۇ ئەنە شۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ئۇ نامەردلەر ئاخىر دېگىنىنى قىپتۇ.

— ھېچقىسى يوق، زۇلپىيە، سىز ئۇچۇن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن... جېنىم پىدا...

ھاياجاندىن ئاغزىم گەپكە كەلمىدى. زۇلپىيە نازۇك بارماقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى.

— سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلايلى... — دېدىم زۇلپىيەنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ئۇ مەيدەمگە قويغان بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى - دە، كۆزۈمگە تىكلا قارىدى. مانا ئەمدى بۇ كۆزلەردىن بايىقى غەمكىنلىك، تەشۋىشلىك ئالامەتلىرى يوقالغان بولۇپ، بىرخىل جاسارەتلىك، ئىسيانكارلىق نۇرلىرى ئىشەنچ بىلەن بالقىيتتى.

— ياق، ياق، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن سۆزلەپ، — بايا دېگەن گەپلىرىمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بېرىڭ، مەن ئۇلارنى تېخى ھەرقانچە نامەردلىك قىلسىمۇ سىزگە تىل - ئاھانەت قىلار دەپ ئويلىمىغان. بولدى، ئەمدى ئۇلار كۆرۈپ قويسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك مېنى ئىزدەڭ. بىز ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويايلى. قېنى، قانداق قىلالايدىكىن؟!

ئىچىمدە ئۇنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. شۇ تاپتا ئۇ

ماڭا شۇنچە قەدىردان، شۇنچە سۆيۈملۈك، شۇنچە ئۇلۇغ بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. مەن كەلگۈسى سۆيۈمدەك ئوقچۇپ تۇرغان ھېسسىياتىمنى باسالماي ئۇنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلىدىم. لەۋلىرىمىز مەڭگۈ ئاجراپ كەتمىگۈدەك يەملەشتى.

## 6

ئۆزاق ئۆتمەي مېنىڭ قورسىقىمغا جىن كىردى. ياق، جىنلا ئەمەس شەيتان كىردى. مېنى شەيتان ئازدۇردى. ياق، ئەقلىمنى شەيتان ئوغرىلىدى.

مەن ئۆز مەنپەئەتىم ئۈچۈن، ۋۇجۇدۇمدا بىخلىنىشقا باشلىغان تەمەخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك ئارزۇلىرىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پەسكەشلىك، رەزىللىك، مۇناپىقلىق كوچىسىدا تىرىشىپ - تىرمىشىپ مېڭىشقا باشلىدىم.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، مېنىڭ سىنىپ باشلىقىمىز ئەنۋەر بىلەن سوقۇشۇپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، بۇ نېمە ئىش، بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە دەرس ۋە مۇزاكىرىگە ئون بىر قېتىم كېچىكىپ بولدۇمىمۇ ئەمدى.

— ئون بىر قېتىم كېچىككەندىكەن، ئون بىر قېتىم كېچىكتى دەپ يازماي نەچچە قېتىم كېچىكتى دەپ يازسام بولاتتى ئەمىسە؟

— توۋا ماۋۇ ئىشنى، ھەپتىسىگە ئون بىر قېتىمدىن كېچىككىلى تۇرسام، ئاي ئاخىرىدا بىر ئايلىق تاماق بېلىتىم جەرىمانە تۆلەشكىمۇ يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق بولغاندا مەن بىر ئايدا شامال يەپ، بوران كېكىرىپ يۈرىدىكەنمەن - دە. ماڭا قاراڭلا ئاداش، ھېچ بولمىسا ئۈچ - تۆت قېتىم كېچىككەن ۋاقتىمدا بىر قېتىم يېزىپ قويساڭلا نېمە بولىدۇ؟ بولۇڭلا ئاداش، ماۋۇ ئون بىر قېتىم كېچىكتى دېگەننى ھېچبولمىغاندا ئىككى قېتىم كېچىكتى دەپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ قويۇڭلا.

www.uyghurkitap.com

— ياق ! بولمايدۇ !

— ۋارقىرىماڭلا، ئاداش، مەنمۇ سىلىگە كۆلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىغاندىكىن، سىلىمۇ ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشكىلا بۇنىڭدىن كېيىن كېچىكمەي، ۋاقتىدا كېلەي. ئەسلىدىغۇ كېچىككەنلەردىن جەرىمانە ھېسابىدا تاماق بېلىمىتىدىن تۇتۇۋالىدىغان تۈزۈمنى ئورناتقاندىن خېلى ئوبدان خەۋىرىم بار ئىدى. ھەي، قانداقسىغا كېچىكىپ قالغاندىمەن؟ ماقۇل دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇڭلا ئاداش.

— ياق ! بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ ! مۇئەللىمنىڭ قېشىغا ئەرز قىلىپ چىقساڭمۇ مەيلى. قەتئىي ئۆزگەرتىپ بەرمەيمەن.

— ئەرز قىل ! ھوي، چاقچاق قىلىپ چىرايلىقچە گەپ قىلىۋاتسام نېمەدەپ جۆيلۈۋاتىسەن خۇنپەر؟ ! بىلىپ قوي، مەن ياسىن، ساڭا ئوخشاش ئۆششۇق قىزىل كۆزلەردىن ئەمەس. قولۇڭدىن كەلسە ئون بىر قېتىم ئەمەس، بىر يۈز ئون بىر قېتىم كېچىكتى دەپ يېزىپ قوي، بىلىپ قوي، بۇ جاھان دېگەن ئۇزاق جاھان، سەن بىلەن يەنە ئۈچ يىل بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز جۇمۇ، ئۈچ يىل !

— ۋايىيەي، قانداق قىلالايتتىڭ؟ قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاپىنا.

— ھەي ئەنۋەر ! سىنىپ باشلىقى دەپ يول قويغاننى بىل جۇمۇ !

— سەنمۇ ماڭا يوغانلىق قىلما !

ئەنۋەر بىلەن ئوتتۇرىمىزغا مانا مۇشۇنداق سوغۇقچىلىق چۈشتى. ئەگەر شۇ كۈنى سەن ۋە باشقا ساۋاقداشلار توسۇۋالمىغان بولساڭلار ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ قالغانمۇ بولار ئىدىم. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنى ماڭا يول قويدۇ، كەڭچىلىك قىلدۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن. لېكىن، ئەمەلىيەت بۇ ئويۇمنىڭ ئەكسىچە نەتىجىلەندى. شۇ كۈنى كەچ قانغۇچە ھاراق ئىچتىم. كېچىچە ئۇخلىماي پىلان تۈزدۈم. تۈنجى قېتىم ئاق كۆڭۈللۈك، كەمتەرلىك قىلىپ، سىنىپ باشلىقلىقىنى ئەنۋەرگە ئۆتۈنۈپ

بەرگەنلىكىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، بىرەر ھوقۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى خېلى ئوبدان چۈشەندىم. پۇشايمان، ئۆكۈنۈشلەردىن ئەقىل تاپتىم. كاللامنى راسا ئوبدان سىلكىۋېتىپ ئىشقا سالدىم. ئاخىر سىنىپ باشلىقلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامالارنى قىلىپ تارتىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. مۇھەممەت ئېلىنىڭ تەربىيەلىرىنى تۈنجى قېتىم ئازراق ئېتىراپ قىلدىم. «ھاماقەت نېمە ئىكەنسەن، ھوقۇق تۇتساڭ ھەر تەرەپتىن پايدىسى بار...» ۋاھ، ئەجەبمۇ ئەقىلىيادەك سۆزلەپتىكىنە.

مەن بۇ پىلانىمنى تۇنجى بولۇپ زۇلپىيەگە ئېيتىمۇىدىم، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش تۇگۇل قاتتىق قارشىلىقىغا ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدىم.

ـــ ئون بىر قېتىم كېچىكىپ قالغىنىڭىز راستقۇ، ئەتۇەرنىڭ سىزنى يالغاندىن يېزىپ قويغان يېرى يوققۇ، ئۇنى يېقىنىم، بۇنى دوستۇم دەپ قويسا، ئۇ قانداقمۇ سىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ؟ سىنىپىنىڭ تۈزۈمىگە ئۆزىڭىز بويسۇنمايسىز، ئاخىرىدا خەققە يولسىز تەلەپ قويىسىز. تەلىپىڭىز ئورۇنلانمىسا، خەقنى يامان كۆرۈپ ئۇرۇشىسىز. ھەممە گۇناھ ئۆزىڭىزدە، مۇشۇنچىلىك ئىشقا ھوقۇق تارتىۋالمەن دېسىڭىز ئىنسانىنىڭ ئىشى بولماي قالىدۇ، بىلەمسىز، باشقىلارنىڭ ئۆلىنى كولاش، تۆھمەت چاپلاش، ئەمەل، شۆھرەت، نام ـ ئاتاققا ئىنتىلىش ئەڭ چوڭ رەزىللىك، ئىپلاسلىق! بۇ، پەس، ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى، مەن بۇنداقلارغا بەكمۇ ئۆچ.

ئۇنىڭ بوستان كىرپىكلىك چىرايلىق كۆزلىرىدە تۇنجى قېتىم ماڭا بولغان غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ شولىسىنى كۆردۈم، ئۇ چۈشەندۈرۈشلىرىمگە قۇلاقمۇ سالماي، جىنەستىدەك چىرايلىق لەۋلىرىنى يىمىرىپ، گەپ ـ سۆز قىلمايلا كېتىپ قالدى. لېكىن، مەن بۇنىڭلىق بىلەن نىيىتىمدىن يانمىدىم. مېنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

پىلانىمنى مۇھەممەت ئېلى خۇشاللىق بىلەن قوللىدى. ھەتتا بۇ كېچىكىپ تاپقان ئەقلىمنى ساندۇقنىڭ تېگىدە ساقلاپ قويغان بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالىي ھارىقى»نى قويۇپ بېرىش بىلەن مۇبارەكلىدى.

«ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، دەل شۇ مەزگىللەردە سىنىپ تەربىيەچىمىز مۇھەممەتجان مۇئەللىم بېيجىڭغا يېرىم يىللىق كۇرسقا باردىغان بولۇپ، سىنىپىمىزغا ئەنۋەر ئىسىملىك يەنە بىر مۇئەللىم تەربىيەچى بولۇپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن بارلىق ھۇنىرىمنى ئىشقا سېلىپ، ھە دېگەندە ئەنۋەر مۇئەللىمگە خۇشامەت قىلغاچ، ئەنۋەرنى چېقىشتۇرۇشقا باشلىدىم. گەپنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتسام، ئەنۋەر توغرۇلۇق يوشۇرۇنچە ئىككى كۈندە بىر «ئاخبارات» يەتكۈزۈپ تۇردۇم.

«ئەنۋەر سىلىنى ھاقارەتلەپ، ساۋاقداشلارغا مەكتەپ تەشكىلىنىڭ كۆزى يوق ئوخشايدۇ، ئەنۋەردەك ئادەمنىمۇ ئوقۇتقۇچى دەپ ئىشلىتىپتۇ، گىدىيىپ تۇرۇۋالغىنى بىلەن قورسىقىدا ئېلىپىنىڭمۇ سۇنۇقى يوق ئىكەن دەۋاتىدۇ»، «ئەنۋەر سىلىنى ئەخلاقسىز، ئاچ كۆز، ئوقۇتقۇچىغا تۇشلۇق ئەخلاق - پەزىلىتى يوق ئىكەن، سىنىپىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى خەجلىۋالدى دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ»، «ئۇ سىلىنى، مەيلى ئەنۋەر مۇئەللىم پۈپۈك سۈپۈرگىنىڭ ئورنىدا، سىنىپ تەربىيەچىسى دېگەن نامنى ساقلاپ تۇرسا تۇرىۋەرسۇن، سىنىپنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆزۈم ئىگە دەۋاتىدۇ»، «.........» گەپ دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق نەرسە ئىكەن. قانداق يالغان تۆھمەتلەرنى توقۇساڭ ئاغزىڭغا قاپلىشىپ قالماي چىقىۋېرىدىكەن. يەتكۈزگەن «ئاخبارات» لىرىم بارا - بارا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا سىنىپ باشلىقىمىز بىلەن سىنىپ تەربىيەچىمىز ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدىم. مۇئەللىمنىڭ ئورۇنسىز دەشنەملىرى، باللارنىڭ ئالدىدا تەنقىدلەشلىرى، تەنە ۋە

ھاقارەتلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئەنۋەرنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ راسا كۈلدۈم، ھوزۇرلاندىم، شادلاندىم.

— ئەنۋەرنى سىنىپ باشلىقلىقتىن قالدۇرۇۋېتەي دەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى سىز ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز قانداق؟ — دېدى بىر كۈنى ئەنۋەر مۇئەللىم مېنى ئۆيىگە چاقىرتىپ.

«پاھ، ناۋاتتەك گەپ بولدى. يېقىندىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىۋاتقىنىممۇ مۇشۇ ئىش ئەمەسمىدى».

تۇزۇت ـ يۇزۇت، تارتىنىشلارنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىپادە بىلدۇردۇم.

— شۇنداق قىلغان بولسىلىغۇ بەك ياخشى بولاتتى. ئەنۋەرگە ئوخشاش گەدەنكەشلىك قىلماي سىزغان سىزىقلىرىدىن چىقمايتتىم.

يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ، شەرمەندىلىك بىلەن بەرگەن بۇ جاۋابىم مۇئەللىمگە مايدەك ياقتى.

— بىراق، سەۋەبسىزلا ئەنۋەردىن ھوقۇق تارتىۋالساق قانداق بولار؟ — دېدىم ئەندىشەمنىمۇ قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرماي.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى مۇئەللىم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — جاھاندا بىر ئىشنى قىلاي دېسە سەۋەب تېپىلماي قالمايدۇ، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىمەن.

— ماقۇل، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دەپ ۋەدە بەردىم. گۇرۇھۋازلىق قىلىش ئارقىلىق ئەنۋەرنى يېتىم قالدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ئەقلى يۈرىكىمگە خۇددى تاشقا نەقىش ئويغاندەك ئورۇنلاشتى.

ئۇدۇل مۇھەممەت ئىبلىسنىڭ ياتىقىغا چىقىپ، غەلىبە شەپىسىدىن بىشارەت بەردىم. ئۇ دەرھال سىنىپتىكى قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ قىسقىغىنا «يىغىن» ئاچتى، پىكىردە ئاسانلا بىرلىككە كەلدۇق. قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدىلا

www.uyghurkitap.com

ئەتراپىمغا ئۆمۈچۈككە ئوخشاش مۇستەھكەم تور باغلىدىم. ئەمدىكى گەپ، ئەنۋەرنى بۇ تورغا بىر ئامال قىلىپ چۈشۈرۈش ۋە دەرھال پۇت ـ قولىنى چىرماپ مۇستەھكەم باغلىۋېلىش ئىدى.

بۇ «ئولجا»نى قانداق قىلىپ تورغا چۈشۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭغىمۇ ئامال چىقتى. ئەنۋەر مۇئەللىم «جاھاندا بىر ئىشنى قىلاي دېسەڭ سەۋەب تېپىلماي قالمايدۇ» دېگەن ئەمەسمىدى، ناھايىتى يېرىم سائەتلا پىلان تۈزدۈم. تۈزگەن پىلانىمنى ئىشەنچلىك «قول ـ قانات»تىن ئىككىسىگە ئېيتتىم، ھەممە تەييارلىقلار كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتى.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، سەن بەلكىم شۇ چاغدا، مېنىڭ تۆۋۈقسىزلا ئەنۋەرنىڭ ئورنىغا سىنىپ باشلىقى بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئەجەبلەنگەن، گۇمانلانغان بولغىيدىڭ، ئەمەلپەرەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك، نائىنسابلىق، مۇناپىقلىق ئىنساننى نېمە كويغا سالمايدۇ دەيسەن؟ ئويلاپ باقسام، شۇ چاغدا ۋۇجۇدۇمدا ئالىيجانابلىق، مېھرىبانلىق، ئىنساب، دىيانەت، ۋىجدان دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىغانىكەن، سىنىپ باشلىقى بولۇشتىن ئىبارەت بىر شېرىن ئارزۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا ھۆكۈمران، ئۆزۈم ئەنە ئاشۇ پەسكەش شېرىن ئارزۇنىڭ قولىغا ئايلانغانىكەنمەن.

ئەنۋەرگە باشلانغان ھۇجۇمنىڭ بەلگىلەنگەن مۆھلىتى توشتى. ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتى قەرەلىدە تەبىئىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلدى. ئەنۋەر بىر كۈن ئىچىدە سىنىپتىكى ئۈچ نەپەر ساۋاقداش بىلەن «ئۇرۇشۇپ» قالدى. بۇ مۇھىم «ئاخبارات» ئۆز ۋاقتىدىلا ئەنۋەر مۇئەللىمنىڭ قۇلىقىغا چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈلدى. كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا سىنىپنىڭ «پەۋقۇلئاددە جىددىي يىغىنى» چاقىرىلدى. ئەنۋەرنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق گۇناھلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: «ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن، ئاداۋىتى بار ساۋاقداشلاردىن ئۆچ ئالغان، سىنىپ

باشلىقى تۇرۇپ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بەرمىگەن. يۇرتۋازلىق قىلىپ باشقا يۇرتلۇق ساۋاقداشلارنى چەتكە قاققان، گورۇھۋازلىق قىلغان، سىنىپ باشلىقلىق سالاھىيىتىنى يوقاتقان. ۋەھاكازالار...»

مەن بولسام سىنىپتىكى كۆپ سانلىق ساۋاقداشلارنىڭ (ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ گۇيپاڭچىلىرىم) كۆرسىتىشى، سايلىشى بىلەن سىنىپ باشلىقلىققا «سايلاندىم»، ماڭا ئۆيەر ـ بۇيەردىن گۇمانسىراش، ئەيىبلەش، نارازىلىق ۋە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە پەرۋامۇ قىلمىدىم. زۇلپىيە پەقەت ئەلەملىك ئۇھ تارتىپ قويۇشتىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا مىختەك تىكىلگەن بوستان كىرپىكلىك كۆزىگە قاراشقا پەقەتلا جۈرئەت قىلالمىدىم. دەل ۋاقتىدا چاقىرىلغان «تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە» سىنىپ يىغىنىمۇ بارلىق كۈنتەرتىپلىرىنى غەلىبىلىك تاماملاپ ئاخىرلاشتى. ساۋاقداشلار بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ سىنىپتىن چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. مەن مەقسەتلىك ھالدا ئورنۇمدىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردىم.

— بىر يانغا تۇرۇڭ، مەن چىقىۋالاي.

زۇلپىيەنىڭ سوغۇقلا ئېيتقان بۇ سۆزىدىن بېشىمغا خۇددى بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتىم. قارىسام ئۇنىڭ چىرايى خۇددى قارا بۇلۇت ئارىسىدا قالغان ئايدەكلا تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ.

— بىردەم ئولتۇرايلىچۇ، سىزگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

ئۇ يېلىنىش ئارىلاش ئېيتقان سۆزلىرىمگە پەرۋامۇ قىلماستىن «قېنى چاققان يول بوشىتىڭ» دېگەننى قىلىپ قاراپ تۇرۇۋەردى. ئىلاجسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىنىپتىن بىللە چىقتىم. كاللامدا نۇرغۇنلىغان سۆزلەر، لېكىن تىلىم كالۋالىشىپ ئاغزىمغا بىر ئېغىزمۇ گەپ كەلمىدى.

— خوش، ياسىن، غەلىبىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.

قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۇ چىپپىدە توختىدى - دە، يۇقىرىدىكى تەنە ۋە مەسخىرە ئارىلاش سۆزلىرىنى دەپلا بىناغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. ئورنۇمدا بىر هازا خۇدۇمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇستىخانلىرىم تىكەنلەشتى، يۈرىكىم چوغ تەگكەندەك ئېچىشتى. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ مەسخىرىسى ئاشۇنداق ئېغىر، ئازابلىق تۇيۇلسا كېرەك. چويۇن ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىمنى تەستە يۆتكەپ ياتاققا قاراپ ماڭدىم.

ياتاققا كىرىپلا بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېزلا ئۇنتۇدۇم. مۇھەممەت ئېلى قاتارلىق بىرقانچە يۇرتلۇقلار مېنى قۇتلۇقلىماقچى بولۇپ، ھەممە تەييارلىقلارنى تەخلەپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ئىككى رومكا هاراق بىلەنلا كەيپىم كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. شۇ كېچە هاراقنى ئورنۇمدىن تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە جىق ئىچىپتىمەن.

ھاياتتا خۇشاللىققا قايغۇ، كۈلكىگە يىغا، بەختكە بەختسىزلىك، غەلىبىگە مەغلۇبىيەت ئارىلىشىپلا تۇرىدىكەن.

ئەتىسى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئاشخانىدىن تاماقنى ئېلىپلا ياتاققا ماڭغانىدىم. بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى پەلەمپەيگە چىققاندا، ئالدىمدىن ئابلىكىم بىلەن يەنە بىر دوستى چىقىپ كەلدى ۋە قەستەنگە دولىسى بىلەن بىر سوقۇۋىپلا قولۇمدىكى ئاش بار قاچىنى چۈشۈرۈۋەتتى. قاچىدىكى ئاشنىڭ بىر بۆلىكى ئابلىكىمنىڭ مەيدىسىگە تۆكۈلۈپ كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتى. ئابلىكىم ماڭا غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى.

— ھەي، كۆزۈڭگە قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ بۇزۇق قېرىنىڭ بالىسى؟

— سەنمۇ كۆزۈڭگە ئىشتان كىيىۋالمىغاندىكىن تۈز ماڭساڭ بولمامدۇ؟ ئۆزى سوقۇۋېتىپ تۇرۇپ گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى تېخى ...



www.uyghurkitap.com

گېپىمنىڭ ئايىغى توگەپ بولغۇچە ئىچكىمگە مۇشتتىن بىرسى كېلىپ تەگدى. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە يەنە بىر پەشۋا قورسىقىمغا تەگدى. شۇ ھامان تۇگۇلۇپلا قالدىم. ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىمگە مۇشت ـ پەشۋالار يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. ئىلاجسىز تووۋلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

ـــ ۋاي ئادەم ئۆلدى!

تۇيۇقسىز بىلىكىم ۋىژژىدە قىلىپ ئېچىشىپ كەتتى. شۇنداق قارىسام، ئابلىكىمنىڭ قولىدا بىر دانە خەنجەر تۇرۇپتۇ. قورقىنىمدىن جان ـ پېنىم چىقىپلا كەتتى. ئۆمرۈمگە كېلىپ بىراۋدىن بۇنداق قاتتىق تاياق يەپ باقمىغان بولغىيدىم. ئۇلار ھېچ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس. مۇشت ـ پەشۋانىڭ زەربىسىدىن كۆزۈمنىمۇ ئاچالمىدىم.

بىر ۋاقىتتا بىرسى:

ـــ ۋاي تېز بولۇڭلار، غۇلجىلىقلار بىلەن قەشقەرلىك باللار ئۇرۇشۇپ قاپتۇ! ـــ دەپ ۋارقىرىغاندەك قىلدى.

قىسقىغىنا دەقىقىدىن كېيىن، ئۇستۇمگە يېغىۋاتقان مۇشت ـ پەشۋالار ئۆزلۈكىدىنلا توختىدى. تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم. «ۋاھ، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ».

ـــ قەشقەرلىك بولساڭ كېلىشە!

ـــ غۇلجىلىقتىن ئىنتىقام ئالىمىز!

ـــ پوچىلىق قىلغانغا تويدۇرىمىز!

ـــ غۇلجىلىقلار بوش كەلمەڭلار!

ـــ بۇ دېگەن يالغۇز قەشقەرلىكنىڭ مەكتىپى ئەمەس!

ـــ ...

كارىدورنىڭ ئۆزىدىلا ئوپىۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ، سوقۇشۇش باشلىنىپ كەتتى. قارىسام، ئابلىكىمنى مۇھەممەت ئېلى تېگىگە بېسىپ دەسسىگىلى تۇرۇپتۇ. بىر ـ بىرىنى ئۇرۇۋاتقان، بىرسى يەنە بىرسىنى قوغلاۋاتقان... بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ باياتىن يېگەن تاياقلارنى ئۇنتۇپ قەشقەرلىكلىرىمگە مەدەت بەرگىلى تۇردۇم.

ئۇستىخانلىرىمنىڭ ئاغرىشىمۇ توختىغاندەك بولدى.

— ۋاي ئانامەي، يارىلىنىپسىزغۇ؟

زۇلپىيەنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا قېشىمغا كېلىپ قېلىشى بىلەن، ۋۇجۇدۇمدا ئىنتايىن تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى. ھاياجاندىنمۇ ياكى بايىقى يېگەن تاياقنىڭ دەردىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزۈمگە غىلىلىدە ياش كەلدى. لەۋلىرىمنى مىدىرلىتىپ باقتىم. ئاغزىم گەپكە كەلمىدى. پىچاق بىلىكىمنىڭ بۇلجۇڭ گۆشىنى خىلىلا ئەپچىل كەسكەنىكەن. زۇلپىيە بوينىغا سېلىۋالغان روملى بىلەن بىلىكىمنى تېڭىشقا باشلىدى. غۇلجىلىقلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ «جېڭى» تېخىچىلا كەسكىن داۋاملىشىۋاتاتتى.

— بىرىپ ساۋاقداشلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈڭ، ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىزدىن باشقا ھېچكىم بۇ جېدەلنى توسىيالمىغۇدەك، — دېدى زۇلپىيە يېلىنىش تەلەپپۇزىدا ئاستا شىۋىرلاپ.

— غۇلجىلىقلىرىڭىزغا ئۈنچىۋالا ئىچ ئاغرىتىپ بولۇشۇپ كەتمەڭ. سىز بىلمەيسىز، ئۇلار ئاۋۋال مۇشت كۆتۈردى. پوچىلىق قىلغانغا تويسۇن، — دېدىم مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىق تەنە قىلىپ.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟ ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار. مەن جېدەلنى چوڭقىيىپ كەتمىسۇن دەۋاتىمەن، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. مەيلى قايسى يۇرتتىن بولايلى، ھەممەيلەن بىر ساۋاقداش ئەمەسمۇ؟ — دېدى زۇلپىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا سۆزلەپ.

— مېنىڭ ئۆز يۇرتلۇقۇمدىن باشقا ساۋاقدىشىم يوق. باشقا خەق مېنى ساۋاقدىشىم دەپ ئاياپ قويۇپتۇمۇ؟

— سىز... سىز... قانتى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ - دە، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلىڭا، ياسىن.

— مەن قاننى قان بىلەن يۇيىمەنغۇ قانداق، غۇلجىلىقلىرىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

زۇلپىيە ماڭا نەشتەردەك تىكىلدى. بوستان كىرپىكلىك چىرايلىق كۆزلىرىدە سىمابتەك ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالدى. جىنەستىدەك لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى.

— بىلمەيتتىكەنمەن، سىزنى بۇنچىۋالا نامەرد، شەخسىيەتچى دەپ ئويلىمايتتىكەنمەن، ئىسىت، ئىسىت... — ئۇ شۇلارنى پىچىرلىغىنىچە قېشىمدىن يۇگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

غۇلجىلىقلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ بۇ جېدىلىنى ئاخىر مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بېسىقتۇردى. بىر نەچچەيلەننىڭ كاللا - باشلىرى يېرىلىپتۇ. يۈز - كۆزلىرى كۆكىرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەرلىك بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئىناۋىتىم بىردىنلا كۆتۈرۈلدى. مەكتەپتە مۇھەممەت ئېلىدىن قالسىلا ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخسكە ئايلاندىم.

لېكىن، هاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكتىن بىرسى ئاشۇ جېدەلدىن كېيىن باشلاندى. چۈنكى، مەن زۇلپىيەنىڭ سۆيگۈسىدىن، مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولدۇم. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ چىرايىمغا قارىمايلا قويدى. ھەتتا مەن بىلەن بىر پارتىدىمۇ ئولتۇرمىدى. باشقا پارتىغا يۆتكىلىۋالدى.

## 7

زۇلپىيەنى دەسلەپتە قېيىدىغانمىكىن دەپتىكەنمەن. ئويۇم پۈتۈنلەي خاتا چىقتى. ئۇنىڭغا يېلىندىم، يالۋۇردۇم، چۈشەندۈردۈم ھەتتا يىغلىدىم. لېكىن، ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. بۇلۇت باسقان ئايدەك چىرايى بىر ئازمۇ ئېچىلمىدى. ئۇ جىمىغۇر، گۇمۇش بولۇپ قالغانىدى. يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرەتتى. ساۋاقداشلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرىغا پەقەتلا قېتىلمايتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بىردىنبىر ئەرمىكى كىتاب بولۇپ قالغانىدى. بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتابتىن باش كۆتۈرمەيتتى. «ئىزدىنىش»، «چالىقۇشى»،

www.uyghurkitap.com

«هالاكەت»، «ئىز»، «قاينام ئۆركىشى»، «قىزىل ۋە قارا»، «مەمەت ئاۋاق»، «ئۆچمەس ئىزلار» دېگەندەك كىتابلار ئۇنىڭ قولىغا ھەپتە ـ كۈن ئارىلاپ ئالمىشىپ تۇراتتى.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، مەن سىنىپتا سېنى ۋە بىرقانچە ساۋاقداشلارنىڭ ئارام تاپساڭلار كىتاب ئوقۇيدىغان، كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلاردىن نېرى بولالمايدىغان ئادىتىڭلارنى پەقەتلا ياراتمايتتىم، تېخى ھالىمغا باقماي سىلەرنى «كىتاب خالتىسى»، «كىتاب مەستانىسى» دەپ زاڭلىق قىلاتتىم. زۇلپىيەنىڭمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر كىتاب مەستانىسى بولۇپ قالغانلىقى ئوغامنى قايناتتى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن سىنىپقا كىرسەم، زۇلپىيە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋېتىپتۇ. ئاستا قېشىغا كەلدىم. ئۇ كىتابقا شۇنداق بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، ھەتتا قېشىغا كەلگىنىمنىمۇ تۇيمىدى. بىردەم قېشىدا قاراپ تۇردۇم ـ دە، ئاخىر چىداپ تۇرالماي كىتابنى غاچچىدە قولۇمغا ئېلىۋالدىم.

— يائاللا، جىن تەگكەندەكلا، كىتابقا يېپىشىۋالدىڭىزغۇ ئەمدى، بۇنداق قۇرۇق كىتابلارنى ئوقۇپ، كاللىڭىزنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسىز، زۇلپىيە؟ يۇرۇڭا كىنو كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا شۇنداق چەكچەيدىكى، بوستان كىرپىكلىك چىرايلىق بىر جۈپ كۆزى چوغ بولۇپ ياندى. چىرايى ئاجايىپ نەپرەتلىك بىر تۇسكە كىردى. ئۇ قولۇمدىكى كىتابنى كاپلا قىلىپ سىلكىپ تارتىۋالدى ـ دە، سىنىپتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مەندىن ئۇۋۇچىدىن قاچقان توشقاندەكلا قېچىپ يۈردى. ياتىقىغا تولا كىرتۇۋېلىشىمدىن زېرىككەن بولسا كېرەك، باشقا سىنىپلىق غۇلجىلىق قىزلارنىڭ ياتىقىغا چىقىۋالدى. ئەگەر ئۇ شۇنداقلا يۈرگەن بولسا، مەن ئۈچ يىللىق مەكتەپ ھاياتىمنى ھەسرەت، پۇشايمان، ھىجران، ئازاب ئىلكىدە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپلا

ئۆتكەزگەنمۇ بولار ئىدىم. لېكىن، ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ يۇرتلۇقى ئابلىكىم بىلەن كىنو ـ تىياتىرلارنى بىللە كۆرىدىغان، يەكشەنبە كۈنلىرىدە بىللە سىرتقا چىقىدىغان، ھەتتا مەكتەپ ئىچىدىمۇ ئايرىلماي بىللە يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپ پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە كىرىۋالدىم. لېكىن، بارا ـ بارا چىدىمىدىم. ھەرقانچە خۇش كەيپ چاغلاردىمۇ ئۇلارنى بىللە تۇرغان ھالەتتە كۆرسەم ياكى سىنىپقا كىرىپ ئۇنىڭ يوقلۇقىنى سەزسەملا خۇيۇم تۇتۇپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ئاسانلا چېچىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالاتتىم. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئابلىكىم بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىۋالدىم. شۇ كۈنى بولدى دېگۈچە ھاراق ئىچتىم. كېچىچە ئۇخلىماي ھەم ناخشا ئېيتىپ، ھەم يىغلاپ چىقىپتىمەن. گەرچە ياخشى كۆرۈشكە، مۇھەببەتتىگە، سۆيگۈسىگە نائىل بولالمىغان قىزدىن ئۆچ ئېلىش نامەردلىك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن زۆلپىيەدىن قەتئىي ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلدىم.

نېمە ئۈچۈندۇر، زۆلپىيە مەندەك بىر سىنىپنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنى ئېتىراپ قىلمىغاندەك، بىرەر ئىشى چىقىپ قالسا داۋاملىق مۇئەللىمدىن رۇخسەت سورايتتى. دەرسكە پەقەتلا كېچىكمەيتتى. سىنىپنىڭ بارلىق قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئىنتايىن ئاڭلىقلىق بىلەن رىئايە قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى پەقەتلا ئېسىمدىن چىقارمايتتىم. سىنىپنى تازىلاش نۆۋىتى كېلىپ قالسا، بىر ئاماللار بىلەن باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ قىلغان ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۇدا سىنىپ تازىلىغىلى سالدىم، ھەپتىسىگە بەش ـ ئالتە قېتىمدىن كېچىككەن دەپ يېزىپ، بولدى دېگۈچە جەرىمانە تۆلەتتىم. لېكىن، ئۇ غىڭ قىلىپمۇ قويمىدى. بەلكى نەزىرىگىمۇ ئالماي

پەرۋاسىز يۈرىۋەردى. بارا ـ بارا بىر مەزگىل پەيدا بولغان جىمغۇرلۇق، گۇمۇشلۇقنى تاشلاپ، ئەسلىدىكى شوخلۇق، سۆزمەنلىك، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىغا قايتتى. لېكىن، كىتاب ئوقۇيدىغان ئادىتىنى پەقەتلا ئۆزگەرتمىدى. ئاخىر مەنمۇ كۆز ـ كۆز قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن چىقىشالمايدىغان قىز رابىگۇل بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بولدۇم.

ھەش ـ پەش دېگۈچە يېرىم مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش باسقۇچى يېتىپ كەلدى. ئىمتىھان دېگەن سۆز بىلەن تەڭلا مېنىمۇ قاتتىق ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى. چۈنكى، يېرىم يىلدىن بېرى قانچىلىك بىر نەرسە ئۆگەنگەنلىكىم، قورسىقىمدا قانچىلىك ئۇماچىنىڭ بارلىقى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. تانسا، ھاراق، كىنو ـ تىياتىر، ئولتۇرۇشلاردىن ۋاقتىنىچە مېھرىمنى ئۈزدۈم. ئۆزۈمنى زورلاپ تۇرۇپ قولۇمغا دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئالدىم. كۆڭلۇم دەككە ـ دۈككىدە، ئۈستۈمدە تاغدەك غەم.

«ھىم، چاتاق بولدى، ئىمتىھاندىن ھېچبولمىغاندا ئەلاچى بولالمىسامىمۇ، ئوتتۇراھال دەرىجىدە ئۆتەلمىسەم، ئاران قولۇمغا كىرگۈزگەن سىنىپ باشلىقلىق مەنسىپىمنى تارتقۇزۇپ قويىمەن».

بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، شۇنداقتىمۇ قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلىشقا باشلىدىم. ئىمتىھان ۋاقتى قىستاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كەچلىك مۇزاكىرىنى ئىختىيارىي قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندۇق. شۇڭلاشقا، كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا، ساۋاقداشلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كىنو كۆرۈشكە كەتتى. مەن سىنىپقا چىقىپ ئۆگىنىش قىلىش ئۈچۈن ماتېرىياللىرىمنى ئەمدىلا قولۇمغا ئېلىپ تۇراتتىم، ياتاقتا مۇھەممەت ئېلى كىرىپ كەلدى.

ــ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ــ سىنىپقا چىقىپ دەرس تەكرارلاي دەپ.

— ۋاي قويۇڭا شۇ ئۆگىنىشنى، سىنىئالغۇ كۆرۈپ كېلەيلى.

— ھازىر ئىمتىھان ۋاقتى تۇرسا، سىنىئالغۇ كۆرۈپ ئولتۇرسام، ئىمتىھاندا قانداق قىلىمەن؟

— ھەممە پەندە توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئالسىڭىز بولامدۇ زادى، — دېدى مۇھەممەت ئېلى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا.

— توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باققىنى يوق. ھەرقايسى پەنلەردىن ئاتمىش - يەتمىشتىن نومۇر ئالالىسام خۇش بولاتتىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىشىڭىزغا مانا مەن كېپىل.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز - ھە؟

— مېنى پو ئېتىۋاتىدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ راست گەپ قىلىۋاتىمەن، نەتىجىڭىز باشقا يۇرتلۇق بالىلاردىن تۆۋەن چىقىپ قالسىمۇ سەت تۇرىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ. چوقۇم توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىشىڭىزغا مانا مەن كېپىل، ئىمتىھانلاردىن ئەلا ئۆتكەنلەرگە يەتمىش بەش كويدىن مۇكاپات بېرىدۇ. مۇكاپات سوممىسىغا قانغۇچە ھاراق ئىچىمىز تېخى.

— گېپىڭىز راست - ھە؟!

— چاتاق يوق دەيمەن، قېنى ئەمىسە سىنىئالغۇ كۆرگىلى ماڭدۇق.

بىز ياتاقتىن بىرلىكتە چىقتۇق.

— ھازىرقى سىنىئالغۇ فىلىملىرىدىن ساپلا زېرىكتىم. ھەممىسىدە قاتىللىق، قىساسخورلۇق تەسۋىرلىنىدۇ، كىنو كۆرسەك قانداق دەيسىز؟

— بۈگۈنكى سىنىئالغۇ فىلىمى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ دېگەن ھۆكۈمەت قويۇشنى چەكلىگەن، مەخپىي كۆرىدىغان فىلىم. بىر سىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىمىز. مەكتەپكە كېلىپ باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ يەنە.

— مەخپىي كۆرگۈدەك قانداق فىلىم ئۇ؟

— بارغاندا بىلىسىز، — دېدى مۇھەممەت ئېلى سىرلىق كۈلۈپ.

بىز بىرنەچچە بېكەت ماڭغاندىن كېيىن كوچا ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈپ قالدۇق. مۇھەممەت ئېلى مېنى يىلان ئىزىغا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ئارقىلىق بىر خالتا كوچىغا باشلاپ كىردى. كوچىنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى تۆگەنچىسىگە كەلگەندە، قىزىل سىرلىق بىر دەرۋازىنى ئاستا قاقتى.

بىرئازدىن كېيىن دەرۋازا ئىچىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ:

— ئەپۇ قىلىڭ، بۈگۈن دەم ئالدۇق، تىجارەت قىلمايمىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ تۇراتتىم، مۇھەممەت ئېلى دەرۋازىنىڭ يوچۇقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇۋلىدى.

— راملە، بۇ مەن، ئىشىكنى ئېچىڭ.

مۇھەممەت ئېلىنىڭ گېپى تۈگەش بىلەنلا دەرۋازا شاراقشىپ ئېچىلدى.

— نېمانچە بۇرۇن كېلىۋالدىڭىز؟ تېخى ۋاقىت توشمىدىغۇ؟ — دېدى راملە ئىسىملىك بۇ ئايال قاش - قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ ۋە ماڭا يەۋەتكۈدەك تەلمۈردى.

— كاملە ئۆيدىمۇ؟

مۇھەممەت ئېلىنىڭ سوئالىغا راملە جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ئۆي ئىچىدىن زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— راملە، كىم ئىكەن ئۇ؟

راملە سوئالغا جاۋاب قايتۇرماستىن، بىزگە «قېنى كىرىڭلار» دەپ باش ئىشارىتى قىلىپ دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى.

— ۋىيەي، ماۋۇ سەتنى، نېمانچە بۇرۇن كېلىۋالغاندۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇرۇپ؟!

كاملە بىزنى كۆرۈپ، ئاياقلىغىنىچە ئالدىمىزغا كەلدى.

— سىېنى كۆرگۈم كېلىپچۇ، — دېدى مۇھەممەت ئېلى كاملەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ۋىيەي، گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى سەتتىنىڭ، — كاملە سىپىمىز بارماقلىرى بىلەن مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئېگىكىدىن ئەركىلىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاچاڭنىمۇ كۆرگۈڭ كېلىدىغان ۋاقىتلىرىڭ بولىدىكەن - ھە سىنىڭ، — ئۇ مېنىڭ بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە بىر قارىۋېلىپ خۇمارلىق كۈلدى ۋە مۇھەممەت ئېلىدىن سورىدى، — بۇ ياق كىم بولىدۇ؟

— مېنىڭ دوستۇم، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ۋاقتىم ئاز قالدى. قاۋاقخاناڭغا چۈپقەت قىلىپ قوياي دەپ باشلاپ كەلدىم.

— ۋىيەي، مۇشۇ ماڭقىنىما؟ ماڭا قارا، چۈجە خوراز، چۈپقەتچىلىككە يارامسەن؟ — ئۇ مېنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ ھاياسىزلىق بىلەن قاقاھلاپ كۈلدى، — كىچىكلىكىڭگە باقماي ئاچچىقىڭ يامان ئىكەنغۇ سىنىڭ، رەنجىمە، ئىچىم كۆيۈپ چاقچاق قىلىۋاتىمەن، پاقلانچاق.

بىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇق. مەن ئۆي ئىگىسى ئاياللارغا قايتىدىن سەپسالدىم. ئوخشاشلا سەمىرگەن ھەر ئىككىلا ئايال يۈز - كۆزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك، سۈرمىلەرنى بولۇشىغا سۈرتكەن بولۇپ، ئۇلاردىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. ئاپپاق سېمىز بارماقلىرىدا، گۆشلۈك بويۇنلىرىدا، قۇلاقلىرىدا ئۈزۈك، مەرۋايىت، ھالقىلار ۋاللىدايتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىنىغا تەن بەرمىگەندەك، ئۆزلىرىنى بولدى دېگۈچە پەردازلاشقانىدى. چوڭراق كەلگەن تاشقىرىقى ئۆيدە خۇددى قاۋاقخانىلارغا ئوخشاش، بوتۇلكا ۋە پېچىنتى بىلەن تىزىلغان ھاراق، تاماكا جازىسى، چۆرىسىگە ئورۇندۇقلار چۆرگۈلىتىپ تىزىلغان تۆت دانە يۇمىلاق ئۈستەل تۇراتتى. بۇ ئۆيدە بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا ئىچىشۋازلىق بولغان بولسا كېرەك، گۈپۈلدەپ قاڭسىق ھاراق پۇرىقى كېلەتتى.

بىز ئولتۇرغان ئۆي ئارىلىقى قېلىن پەردە بىلەن توسۇپ قويۇلغان، قوش كىشىلىك ئىككى كارىۋات، ئىككى دىۋان، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ، ئەينەك ئىشكاپ

قاتارلىق جاھازلار بىلەن خېلىلا چىرايلىق زىننەتلەنگەنىدى. تامغا بىر دۇتار كۆزگە تاشلانغۇدەك يەرگە ئېسىپ قويۇلغانىدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئالدىمىزغا بىر نەچچە تەخسە قورۇما، كاۋاپ، توخۇ گۆشى ۋە بىر بوتۇلكا ھاراق كەلتۈرۈلدى. «بۇ قانداق جايدۇ؟ قاۋاقخانىمىكىن دېسە، خالتا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرىدۇ، ئەمەسمىكىن دېسە، كۆرۈنۈشى خۇددى قاۋاقخانىغىلا ئوخشايدۇ. بايا رامىلەنىڭ بۈگۈن تىجارەت قىلمايمىز دېگىنىگە قارىغاندا بەلكىم قاۋاقخانا ئوخشايدۇ. توۋا، نېمىشقا مۇشۇنداق بۇلۇڭ - پۇچقاق كوچىغا قاۋاقخانا ئېچىۋالدىكىنە؟» كاللامغا كەلگەن بىر قىسىم سوئاللارنى مۇھەممەت ئېلىدىن سوراي دېدىم - يۇ، لېكىن دەماللىققا ئېغىز ئاچمىدىم.

— چاي دەملەپ بولغۇچە ئۇنىئالغۇ تىڭشىغاچ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى كامىلە ماڭا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ.

— ماقۇل، شۇغىنىسى، بۈگۈن سېنى كەچلىك تىجارىتىڭدىن قويۇپ، بىرمۇنچە زىيان سالدىغان بولدۇق - دە، — دېدى مۇھەممەت ئېلى چاقچاق قىلىپ.

— ۋىيەي، لاۋزىلاشمىغىنا سەت، — دېدى كامىلە ئەركىلەپ، — سەن سەت كەلسەڭ ماڭا قاچان پايدا بولغان؟ پۇلنى تاپىمەن، تاپىمەن. پايدىسىنى ساڭا ئوخشاش قارا كۆز يەيدۇ، — ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىستى - دە، — قانداق دېدىم، ياقلانچاق؟ — دەپ ھىجايدى.

كامىلە ئۇنىئالغۇنى ئېچىۋېتىپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مۇھەممەت ئېلى قانداقتۇر بىر شېرىن خىيال ئىلكىدە كەمپۈت شۈمۈۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئاستاغىنا سورىدىم.

— بۇ قانداق جاي؟

— مۇشۇنداق.

— ئەجەب...

— بولدى، زېرىكلاپ سوراۋەرمەڭ. مەن تېخى بويىڭىزغا قاراپ

خېلى ئىش كۆرگەن يىگىتمىكىن دېسەم كىچىك بالا ئىكەنسىزغۇ؟ ئۇنداق مىجىلىپ كەتكەندەك ئولتۇرۇۋالماي راۋرۇس ئولتۇرۇڭ ــ ھە!

ــ سىنىئالغۇ كۆرگىلى بارمايمىزمۇ؟

ــ سىنىئالغۇنى مۇشۇ ئۆيدە كۆرىمىز.

ــ بۇ ئۆيدە ئەر كىشى يوقمۇ؟

ــ مانا بىز بارغۇ؟

ــ ساقلاپ قالدىڭلار ــ ھە! ــ كامىلە بىلەن رامىلە كۈلۈپقىنا كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىيىم ــ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىگەن بولۇپ، ئوخشاش بىر خىل پاسوندا تىكىلگەن كۆكرەكلىرى كەڭ ئويۇلغان، بەدىنىگە ھىملا كېلىپ تۇرىدىغان كۆڭلەك كىيىۋېلىشقانىدى. كۆڭلەكنىڭ ئويمىسىدىن ئۇلارنىڭ مەيدىسى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كامىلە مۇھەممەت ئېلىنىڭ بىقىنىغا، رامىلە مېنىڭ بىقىنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مۇھەممەت ئېلى ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كامىلەگە تەڭلىدى.

ــ ھاراقنى سىزنىڭ قولۇڭىزدىن ئىچەيلى، دۇتارنى رامىلە چالسۇن.

كامىلە ھاراق قۇيۇشقا باشلىدى. مەن بۇنداق سورۇنغا ئىلگىرى كىرىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، خىجىللىق، تارتىنىش ئىلكىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرىمەن، رامىلە بولسا بەدەنلىرىنى ماڭا تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتماقتا. بىر بوتۇلكا ھاراق تۈگىگەندىن كېيىن ۋۇجۇدۇمدىكى تارتىنىش، خىجىللىقلار ئۆزلۈكىدىنلا يوقاشقا باشلىدى. ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا كۆز قىسىش، چاقچاقلىشىش، قىچىقلىشىش، سۆيۈشۈشلەرگە ئىشتىراك قىلىشقا باشلىدىم. رامىلە توختىماي ناخشا توۋلىماقتا:

www.uyghurkitap.com

ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق،
يەرگە چۈشتۇق، لاي بولدۇق.
بۇ ۋاپانىڭ دەردىدە،
غېرىب ـ مۇساپىر خار بولدۇق.

خېلىلا قىزىۋالغان مۇھەممەت ئېلى ناخشىنىڭ نەقراتىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ھەي جومباق، جېنىم جومباق،
مەيدەڭدىكى نېمە دومباق؟

بىرەر سائەت شۇ تەرىقىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۈنئالغۇ قويۇپ تانسىغا چۈشتۇق. قارىسام، مۇھەممەت ئېلى بىلەن كاملەنىڭ لەۋلىرى يەملىشىپلا قاپتۇ. راملە بولسا كۆكسىنى مەيدەمگە تەگكۈزۈشكە تىرىشاتتى. دولامدىكى قولى ئاستا ـ ئاستا بويىنۇم تەرەپكە يۆتكەلدى.

تانسىدىن كېيىن ھاراق ئىچكەچ سىنئالغۇ كۆردۇق. مەن خېلى ئوبدان تەڭشىلىپ قالغانىدىم. تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە يالىڭاچلىنىپ، سۆيۈشۈپ ـ يالىشىۋاتقان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نومۇسسىز كۆرۈنۈشلىرى ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ تاتلىق بىر سېزىمنى ئويغاتتى. قارىسام، مۇھەممەت ئېلى بىلەن كاملە خېلىلا يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ. مەستلىك ۋە باشقا بىر خىل ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كىيىملىرىمنى يەشتىم ۋە راملەگە تېخىمۇ بەك چاپلاشتىم. ئۇنىڭ ئوچۇق مەيدىسى ۋۇجۇدۇمنى غىدىقلايتتى.

ئەتىسى كۆزۈمنى ئېچىپ، ئۆزۈمنى راملەنىڭ يېنىدا كۆردۈم. كېچىدىكى غۇۋا ـ شىرە ئەسلىمىلەر گويا چۈشتەك بىلىندى. دەرھال كىيىملىرىمنى كىيدىم. مۇھەممەت ئېلى

ئۇيانقى كارىۋاتتا كامىلە بىلەن تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ. پەم بىلەن سىرتقا چىقتىم ــ دە، مەكتەپكە قاراپ چاپتىم.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، مەن ئەنە شۇلارنى ئويلىسام ئۆز ــ ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن، نەپرەتلىنىمەن، مەن ئوقۇغۇچىمۇ؟ ئاشۇ ئىشلار بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ؟ مەن شۇ چاغدا نېمە بولۇپ كەتكەن ــ ھە؟ ! لېكىن ئىقرار قىلىشىم كېرەككى، شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى ئۆيگە ھەپتە ئارىلاپ داۋاملىق «سىنئالغۇ» كۆرگىلى بېرىپ تۇردۇم. سىلەر بولساڭلار مېنى تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ كەلدى دەپ ئويلايتتىڭلار.

مۇھەممەت ئېلى راستلا پو ئاتمىغانىكەن. ئۇ ۋەدىسىدە تۇردى. ئىمتىھاندىن دېگەندەكلا ھەرقايسى پەنلەردە تولۇقساندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئۆتتۇم. زادى قانداق بولدى دېمەمسەن؟ مۇھەممەت ئېلىدا مەكتەپ ماشىنىكا بۆلۈمىنىڭ بىر تال ئاچقۇچى بار ئىكەن.

سوئال باسقىنىنى پايلاپ تۇرۇپلا، ماشىنىكا بۆلۈمىگە مەخپىي كىرىپ ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئەلاچىلار قاتارىدىن شەرەپ بىلەن ئورۇن ئالدىم.

## 8

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، ئەنە شۇ كۈنلەردە ھايات ماڭا كۈتمىگەن بالا ــ قازا ۋە شان ــ شەرەپلەرنىمۇ ئاتا قىلدى. بەلكىم ئېسىڭدە بولسا كېرەك، مەن دەسلەپكى خېتىمدە ساڭا يوتامدىكى تاتۇقنىڭ ھەقىقىي سىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن دېگەن ئەمەسمىدىم؟ بەلكىم سەن ھازىر بولدى، سۆزلىمەيلا قوي، ئۇ تاتۇقنىڭ تارىخىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۆزۈڭنى بىھۇدە داڭلىۋالمىساڭمۇ بولار دەپ ئويلاۋاتقانسەن. ياق، دوستۇم،

www.uyghurkitap.com

ئۆزۆڭنى بېسۆۋېلىپ گېپىمگە قۇلاق سال. مېنى تۇيۇقسىز شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلغان، قەھرىمانغا ئايلاندۇرغان بۇ ناتونۇق ھەرگىزمۇ باتۇرلۇقنىڭ، پىداكارلىقنىڭ، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ، ئىنسانىي غۇرۇرنىڭ، ئالىيجانابلىقنىڭ يادنامىسى ئەمەس، بەلكىم رەزىللىك، چىرىكلىك، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئۆچمەس تامغىسى ئىدى.

مەن بىر كۈنى كەچ دائىملىق ئادىتىم بويىچە «سىنئالغۇ» كۆرگىلى بارغانىدىم. ئۆيدە كامىلە يالغۇز ئىكەن. ئۇ مېنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن قارشى ئالدى. «پاقلانچاق»، «چۈجە خوراز»، «بودىكىم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئەركىلەتتى... (بولدىلا، بۇ ئىپلاسلىقلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ نېمە قىلاي) تېخى ئولتۇرۇپ ئەمدىلا بىر رومكىدىن ھاراق ئىچەيلى دەپ تۇرۇشىمىزغا، دەرۋازا قاتتىق چېكىلدى. كامىلە چىقىپ كېتىپ ئاڭلانغان پىچىرلىشىشلار بىردىنلا قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا ئالماشتى، تۇيۇقسىز كامىلەنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ سىرتقا يۈگۈردۈم. ئىشىك تۈۋىگە ئەمدىلا چىقىشىمغا، غايىبتىن كەلگەندەكلا بىر مۇشت ئېڭىكىمگە تېگىپ تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. بۇ ۋاقىت كائىنات كۆكۈم پەردىسىنى يايغان بولۇپ، تالا خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. ئالدىمدا بەستلىك بىر گەۋدە ماڭا خىرس قىلىپ تۇراتتى. قارىسام، كامىلە تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قاپسىلىپ قاپتۇ. چاققانلىق بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى بەستلىك گەۋدە بىلەن تۇتۇشتۇم. بىراق، ئۇنىڭدىن مۇشت ـ پەشۋا يېدىم.

ـــ قېچىڭ، ياسىن، جېنىڭىزنى ياقىغا ئېلىڭ، ـــ دەپ توۋلىدى كامىلە بوغۇق ئاۋازدا.

ـــ كاپىشىما قانجۇق، بىزنىڭ پۇلىمىزنى خەجلەشتە جان غوجىكام دەپ خەجلەيسەن، ۋاقتى كەلگەندە نەدىكى سويمەكنى دەپ بىزگە يۈزسىزلىك قىلىسىنا.

— مۇھەممەت، ئاۋۇ سويمىنى قاچۇرۇۋەتمە. ماۋۇ بۇزۇق
بىرەر سائەت بىزنىڭ قېشىمىزدا ئولتۇرغىلى ئۇنىمىغاندىكىن،
ئىككىسىگە كارامىتىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى.
پەيتىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، رەقىبىمگە قاتتىق بىر كاللا
قويۇپ يىقىتىۋېتىپ قاچتىم. لېكىن، ئىككى قەدەم چامدا ـ
چامدىمايلا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلدىم. شۇ زامان بىقىنىم
تېپىك زەربىدىن قاتتىق ئاغرىدى. يوتام بىر نەرسە تىلغاندەك
ۋىژژىدە ئېچىشتى. بارلىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، بار
كۈچۈم بىلەن تىرمىشىپ قاچتىم، سىرتقا چىقىپ خېلىلا
يۈگۈردۈم، لېكىن ھېچكىم كەينىمدىن قوغلاپ كەلمىدى. چوڭ
يولغا چىقىپلا قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم. ۋۇجۇدۇمدىكى
جىددىيچىلىك پەسىيىش بىلەن تەڭلا يوتام قاتتىق ئاغرىشقا
باشلىدى. ئەسلىدە ئۇلار يوتامغا پىچاق تىقىۋەتكەنىكەن. قان بەك
كۆپ ئېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بارا ـ بارا ماغدۇرسىزلىنىشقا
باشلىدىم. ئىچىمدە كامىلەنى ۋە ئۇنىڭ قاۋاقخانىسىنى بولدى
دېگۈچە تىللىدىم. ئۆزۈمنىڭ قىلغان بۇ ئىشىم ئۈچۈن تۈنجى
قېتىم پۇشايمان يېدىم. كېيىن بىلسەم، ھېلىقىلار كامىلەنىڭ
قاۋاقخانىسىغا كامىلەنى دۇتار چالدۇرۇپ، ھاراق ئىچكەچ كۆڭۈل
ئاچقىلى كەلگەنلەر بولۇپ، كامىلە ئۇلارنى قارشى ئالمىغانلىقى
ئۈچۈن جېدەل چىقارغان ۋە مېنىمۇ دۇمبالاشقانىكەن. پۇلسىز
ھاراق، ئېسىل تائام، چىرىك پاراغەتلىك تۇرمۇش ئەقىل
كۆزلىرىمنى ئېتىۋالغانىكەن. ھېچنېمىنى سورۇشتۇرمەي، غەم
تارتماي خالىغان ۋاقتىمدا كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈۋېتىپتىمەن. مانا
ئاخىرىدا بۇ بالا ـ قازاغا يولۇقتۇم، ئەسلىي گېپىمگە كېلەي.
ھوشسىزلىنىپ يىقىلغان بولسام كېرەك، بىر چاغدا كۆزۈمنى
ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. قارىسام، ئەتىگەن سائەت
ئوندىن ئېشىپتۇ، سېستىرا قىز كېچىدە كوچىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ
بۇ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەنلىكىنى، يانچۇقۇمدىكى ئوقۇغۇچىلىق

كىنىشكامغا ئاساسەن مەكتەپكە بايىراقتىلا خەۋەر قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇمغا مۇزدەك بىر سوغۇق ئېقىم تارالدى.

«تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، مەكتەپ تەشكىلى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخشامقى ۋەقەنى ۋە مېنىڭ ئەپتى-بەشىرەمنى بىلىۋالسا، مەندەك بىر ئەخلاقتا چىرىكلەشكەن، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى يوقاتقان ئادەمنى مەكتەپتىن چوقۇم ھەيدىۋېتىدۇ. مەن بۇ يۈزۈمنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ ئاتا - ئانامغا نېمە دەرمەن؟» بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتمەيلا مەكتەپ مۇدىرىمىز، سىنىپ تەربىيەچىمىز قاتارلىق بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلار ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. ئاستا ئۆرە بولماقچى بولدۇم.

— مىدىرلىماڭ، مىدىرلىماي يېتىۋېرىڭ، بالام، — دېدى چار باش مەكتەپ مۇدىرىمىز مېھرىبانلىق بىلەن، — ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

مەن ئۇلاردىن ھەر دەقىقىدە مېنى ئەيىبلەشنى، تەنقىدلىشىنى كۈتكەنىدىم. لېكىن، ماڭا تىكىلگەن بۇ چىرايلاردىن بىرەرسىمۇ ئەيىبلەش، نەپرەتلىنىش ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى. مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ سۇرلۇك چىرايىدا مېھرىبانلىق، قايىللىق، كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— ئەھۋالىم ياخشى... مەن... مەن... — نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم.

— بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، بالام، — دېدى مەكتەپ مۇدىرىمىز مېنى تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، — بىز ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتۇق. سىز ياخشى ئىش قىپسىز، مەكتەپكە، ئۇستازلىرىڭىزغا شان - شەرەپ كەلتۈردىڭىز، بالام. بىز سىزگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلىرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىمىز.

«بۇ نېمە كارامەت، ئۇلار نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟»

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھاياجان بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن گاڭگىرىدىم. ئۆزۈمنى خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سەزدىم. لېكىن، ئىچكى ھېسسىياتىمنى بىلدۈرمەي، ھەر ئېھتىمالغا قارشى گەپ قىلماي جىملا تۇرۇۋالدىم.

— ئاخشام سىز لوكچەكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان قىز ئەتىگەن مەكتەپكە كېلىپ رەھمەت ئېيتتى، — دېدى سىنىپ تەربىيەچىمىز ئەنۋەر مۇئەللىم قولىدىكى بىر تال مەكتەپ ئىزنىكىنى مەيدەمگە تاقاپ قويغاچ، — ئەسلىدە سىز ھېلىقى قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ، لوكچەكلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇ ئادەم باشلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنىكەن، ئادەم باشلاپ نەق مەيدانغا كەلسە، سىزنىمۇ ۋە باشقا ئادەمنىمۇ تاپالماپتۇ. يەرگە مەيدىڭىزدىكى مەكتەپ ئىزنىكى چۈشۈپ قالغانىكەن، شۇنىڭغا ئاساسەن ئەتىگەن ئىزناكىنى ئەكېلىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. بىز بۇ ئوقۇغۇچى كىم بولغىيدى دەپ تۇرساق، دوختۇرخانىدىن تېلېفون كەلدى. لوكچەكلەر سىزنى يارىلاندۇرۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بېھوش ياتقان يېرىڭىزدىن باشقىلار دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. رەھمەت، ئوكام. سىز بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتنى نامايان قىلدىڭىز.

مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزىدىن بىر قىسىم ئەھۋالنى پەملىدىم. تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان بىر ۋەقە مېنىڭ بارلىق ئېپلاسلىقلىرىمنى يوشۇرۇپ، كۆتمىگەن شان ـ شەرەپنى ئاتا قىلغانىدى. مەن تېزدىنلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ۋۇجۇدۇمدىكى قورقۇنچ، ئالاقزەدىلىكلەر تېزلا غايىب بولدى. «ئېھ تەڭرىم، قۇدرىتىڭگە رەھمەت» دېدىم ئىچىمدە.

— ھېلىقى قىز ھازىر سالامەتمۇ؟ — سورىدىم ئۆزۈمنى ئالىيجاناب كۆرسىتىشكە تىرىشىپ.

— ئۇ ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ مۇدىرى ھاياجانلانغان ھالدا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — سىز خاتىرجەم داۋالىنىپ، ياخشى دەم ئېلىڭ، بالام. بىز سىزنى يەنە يوقلاپ تۇرىمىز.

ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كونسېرۋا، پېچىنە دېگەندەك نەرسىلەرنى ماڭا بېرىپ كېتىپ قېلىشتى. بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدىم. ئىلگىرى بىرەر قەھرىمانلىق قىلىپ، نام - ئاتاق ئېلىشنى خېلى ئارزۇ قىلغان، لېكىن ھېچقانداق كۈچ چىقارمايلا بۇنداق ئاسان قەھرىمان بولۇپ قالارمەن دەپ ھەرگىز خىيال قىلمىغانىدىم.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، كېيىنكى ئىشلار خۇددى ئۆزۈڭ كۆرگەندەك بولدى. بۇ «پىداكارانە قەھرىمانلىقىم»دىن خەۋەر تاپقان مۇخبىرلار كېلىپ مېنى زىيارەت قىلىشتى. گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزورلاردا كەڭرى تەشۋىق قىلىندىم، مۇكاپاتلاندىم. ئاساسەن ئالاھىدە بىر شەخسكە ئايلاندىم. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، مەن زۇلپىيەنىڭ سۆيگۈسىگە قايتىدىن ئېرىشتىم، شۇ ئىشنىڭ ئەتىسىلا ئۇ مېنى دوختۇرخانىغا يالغۇز ئىزدەپ كەلگەنىكەن، شۇنداق قاراپلا ئۇنى كۆردۈم. كۆرۈپلا كۆزۈمگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئىچىمدە «بەلكىم باشقا بىرسىنى ئىزدەپ كەلگەن بولسا، تاپالماي تاسادىپىي بۇ ياتاققا كىرىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ۋىللىدە قىزاردى. خىجىللىق ئىلكىدە يۇمشاققىنا كۈلدى. ئىشىك تۈۋىدە بىرنەچچە دەقىقە توختاپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا قېشىمغا كەلدى. «ئاھ، خۇدا، ئۇ راستىلا مېنى يوقلاپ كەلگەنىمىدۇ؟»

— قانداق، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ئاھ، بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن تاتلىق ئاۋاز - ھە! ئەنە، بوستان كىرپىكلىك چىرايلىق كۆزلەر ماڭا خىجىللىق، ئىچ كۆيەرلىك، قايىللىق بىلەن تىكىلمەكتە. ئالماستەك سۈزۈك، ئىللىق ئالمىسىدەك چىرايلىق مەڭزى ئوتتەك تاۋلانماقتا،

جىنەستىدەك لەۋلەر تەبەسسۇم قىلماقتا....

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا باش لىڭشىتىش ئارقىلىق جاۋاب بەردىم. بىز ئۈنسىز ئۇزاق قارىشىپ تۇردۇق. ئارىدىكى جىملىقنى ئاخىر زۇلپىيە بۇزدى.

— مېنى... مېنى... ئەپۇ قىلالارسىزمۇ، ياسىن. مەن... مەن... ئەسلىدە... سىزنى خاتا... چۈشىنىپ... — ئۇنىڭ بوستان كىرپىكلىرى ئىسسىق ياشتىن نەملەندى.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، ئەسلىدىمۇ مەن ئەسكى، سىزدىن مەن ئەپۇ سورىسام بولىدۇ تېخى.

— بولدى، ئادەمنى خىجىل قىلمىڭا.

بىز خېلى مۇڭداشتۇق. زۇلپىيە يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

ھەپتە ئۆتكەندە مەنمۇ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتىم. مەكتەپكە بېرىپلا ئالاھىدە بىر شەخسكە ئايلاندىم. ئەنە ئاشۇ «تۆھپەم» بىلەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولدۇم.

ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك سالاھىيىتىم بىلەن ھەرقانداق قىزلارنىڭ ياتىقىغا ئۇسۇپ كىرىۋەردىم. گەرچە «سىنئالغۇ» كۆرگىلى بىرەر ـ ئىككى ئاي بارمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىدىم. ئۇ يەرنى يوقلاپ تۇردۇم. كۆڭلۈك ھاياتىم تانسا، ئولتۇرۇش، ھاراق، يەپ ـ ئىچىش، كىنو ـ تىياتىرسىز ئۆتمەيتتى. مەن بارا ـ بارا زۇلپىيەنىڭ سۆيگۈسىگە قانائەت قىلمىدىم. گەرچە ئۇ ماڭا «ئەڭ قىممەتلىك بايلىق» نىمۇ بېرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا قىزلارنىمۇ قولۇمدىن چىقارمىدىم. قىزلار مەن ئۈچۈن ئويۇنچۇق، ئەرمەك بولدى. مەن نۇرغۇن قىزلارنى شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىم، تاغدەك ـ تاغدەك ۋەدىلىرىم، يېلىنىش ـ يالۋۇرۇشلىرىم بىلەن بوزەك قىلىپ، ھەتتا ئۇيقۇ دورىسى يېگۈزۈپ قويۇپ ئالدىغانلىقىمنى بىلىپ

تۇرسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ھېچكىمگە غەمناك قىلىپ تىنالمىدى.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، يازسام خېتىم بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئەسلەپ باقسام يازغىنىم تېخى ئاشۇ بىر پاتمان ئىپلاسلىقلىرىمنىڭ يۈزدىن بىر قىسمىغىمۇ توغرا كەلمەپتۇ. ئەسلىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسىغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، باشقا يۇرتلۇق ئۆيۈشما ھەيئەتلىرىنى قانداق قىلىپ ئۆيۈشما تەركىبىدىن سىقىپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىر يۇرتلۇقلارنى تارتىپ كىرگۈزگەنلىكىمنى، ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىشىغا تەگكەن، كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن باشقا يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدىپىنى قانداق قىلىپ كېلىشتۇرۇپ بەرگەنلىكىمنى، قىشلىق تەتىلدە قىزلاردىن قانچىسىغا ئۆيىقۇ دورىسى يېگۈزۈپ قويۇپ قىلغان ئىپلاسلىقلىرىمنى، قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ مۇنەۋۋەر، ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ مەكتەپ پۈتكۈزگەنلىكىمنى، ئىشقىلىپ، ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدىكى ھەربىر قەدەم، ھەربىر دەقىقىدە قىلغان مۇناپىقلىق، كۆز بويامچىلىق، ئىپلاسلىق ــ رەزىللىكلىرىمنى بىرمۇبىر يازاي دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

نېمىشقا دېمەمسەن؟ ئېسىڭدە بولسا كېرەك. ئالدىنقى بىر پارچە خېتىمدە، ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ مېنى خىزمەت ئىقتىدارى يوق دەپ، ئايدا ئازراق تۇرمۇش تەمىناتى بېرىپ، پېنسىيەگە چىقارماقچى بولغانلىقىنى يازغانىدىم. مانا نېمىلا بولمىسۇن، يېلىنىش ــ يالۋۇرۇشلىرىم باشلىقلارنىڭ دىلىنى ئاخىر ئېرىتتى. بەلكىم ئۇلار مېنى، ياش بولغاندىكىن تەربىيەلىسە ۋالايلى، يېتىشتۈرۈۋالايلى دەپ ئويلىغاندۇ. قانداقلا ئويلىمىسۇن ئاخىر تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتمىدى، لېكىن ئۆزۈمنى

قويغۇدەك يەر تاپالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ ياشايدىغان كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلغانلىقىمغا، كېچىكىپ بولسىمۇ ئاشۇ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئالتۇندەك چاغلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىمغا پۇرسەت يارىتالىغانلىقىمغا خۇش بولدۇم.

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، مانا ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىمنى تولىمۇ ئالدىراشچىلىقتا يېزىۋاتىمەن، بىلەمسەن دوستۇم، مەن ئەتىدىن باشلاپ كەسپىي ئۆگىنىشكە رەسمىي كىرىشىمەن، ئىدارىدىكى ئىككى نەپەر پېشقەدەم ئىنژېنېر ماڭا تېخنىكا يېتەكچىسى ۋە ئۇستاز بولۇپ، قورسىقىدىكى بارلىق ئىلىملىرىنى ماڭا بەرمەكچى، ئۆگىتىپ قويماقچى بولدى. مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر كىيىملىكتىن سارجا ئېلىپ بېرىپ مېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىشىنى، قورسىقىدىكى بىلىملەرنى قالدۇرماي ئۆگىتىپ قويۇشىنى ئۆتۈندۇم. ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن دەسلەپتە ئەجەبلەندى، كېيىن كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ تەسىرلەندى. قەدىرلىك دوستۇم، سەن ھەرگىز بۇ ئىككى نەپەر پېشقەدەم مۇتەخەسسىسنى خاتا چۈشىنىپ قالما. مەن بىر كىيىملىكتىن رەختتە ئۇلارنى ئالدىغىنىم، ئۇلارمۇ ماڭا ئالدانغىنى يوق. مەن پەقەت شاگىرتنىڭ ئۇستىسىغا قىلىدىغان مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەمگەرچىلىك قائىدىسى بويىچە ئۇ ئۇستىلارنىڭ ئالدىدىن ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۆتتۈم. بولمىسا ئاشۇ پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان تۈگىمەس بايلىقىغا تەڭ قىلغۇسىز بىلىمى ئالدىدا بۇ ئىككى كىيىملىك رەخت نېمە ئىدى دەيسەن؟! سەن مەندىن ياخشىراق بىلىسەن، بىلىم، كەسىپ دېگەن بىباھا گۆھەر. ئۇنىڭ قىممىتىنى دۇنيادا ھېچنېمە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ۋەتەن تۇپرىقىغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ھەربىر ياش چوقۇم چۈشىنىشى، ئالتۇندەك چاغلىرىدا ماڭا ئوخشاش لاغايلاپ يۈرۈپ، ۋاقىتنى بىكار

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ بۇ بىباھا گۆھەرنى قولغا كەلتۈرۈشى، خەلقىنىڭ، مىللىتىنىڭ ساپاسىنى، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

مەن چوقۇم كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئاددىي خىزمەت ئورنۇمدا دۆلەتكە، خەلققە، مىللەتكە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ مېنىڭ ھەرگىز قۇرۇق ۋەدەم ئەمەس.

مەن ئانامدىن قايتىدىن تۇغۇلىمەن، ھاياتىمنى قايتىدىن باشلايمەن. ئاشۇ قىسقىغىنا، لېكىن تولىمۇ قىممەتلىك ئالتۇندەك چاغلىرىمنىڭ قەدرىگە يەتمەي، قىلغان رەزىللىك، ئىپلاسلىقلىرىمنى بىر ئۆمۈر يۇيۇشقا قەسەمياد قىلىمەن. ئەگەر بەرگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلالمىسام، ماڭا ئانا سۈتى ھارام، دوزاخ ئوتى ھالال بولسۇن!

قەدىرلىك دوستۇم ئابدۇسالام، سەندىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈپ سورايدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ بۇ ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىمدىن چوقۇم بىرەر پارچە پوۋېست قۇراشتۇرۇپ چىققىن، يازغانلىرىڭ ھازىرقى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللارنى قاتتىق ئىبرەتكە، ئاچچىق ساۋاققا ئىگە قىلسۇن، ئۇلار ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىكى ئالتۇندەك چاغلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىدىغان بولسۇن.

خەير، ساڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

1990 ـ يىلى يانۋار ـ مارت، يەكەن چارەك

# كاككۇك بالىسى

كاككۇك بىرخىل پەسىل قۇشى، ئۇ گەرچە تۇخۇم تۇغۇپ نەسىل قالدۇرۇشنى بىلسىمۇ، لېكىن تۇخۇمىنى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇغۇپ قويۇپ كارى بولماي يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنى باشقا قۇشلار بېسىپ، باچكا چىقىرىپ چوڭ قىلىپ بېرىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا كاككۇكنىڭ خۇيىنى ئالغان ئاتا ــ ئانىلارمۇ ۋە كاككۇك بالىلىرىغا ئوخشاش ئۆز ئاتا ــ ئانىسىنىڭ مېھرىگە قانماي چوڭ بولىدىغان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس.

## 1

ئۇ ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇنى قىش كۈنى تاشلانمىغان ئۇزۇن كورەك جۇۋا، ياز كۈنى ئاپپاق يەكتەك كىيمۈالغان، ئاپپاق ساقىلى مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان بوۋاي بىلەن ئىككى مەڭزى قاقتەك قورۇلغان، ئاپپاق چېچىنىڭ ئۇستىدىن ئۇزۇن، ئاق لېچەك سېلىپ، ئىككى قولىدا ئىككى تىزىنى تۇتۇۋېلىپ دوڭغاقلاپ ماڭىدىغان موماي بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم چۈچۈك تىلى بىلەن «ئانانانا»، «داددادا» دەپ گۇڭگىرىغاندا ئاشۇ بويىدىن بېشىغىچە پەرىشتىدەك ئاپپاق كىيىنىۋالغان بوۋاي بىلەن موماي خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كېچىلىرى مومايىنىڭ يۇمشاق، ئىللىق باغرىدا غەمسىز ئۇخلىسا، كۈندۈزلىرى بوۋاينىڭ قوچىقىغا چىقىۋېلىپ ئۇنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق، قاردەك ئاپپاق ساقاللىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ چۆچەك

www.uyghurkitap.com

ئاڭلايتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا ھەر دائىم قىزىق - قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى چوڭ ئانا، چوڭ دادا دەپ چاقىرىشنى ئۆگەتتى. ئۇ تۆت - بەش ياشلارغا كىرگۈچە غەمسىز ئويناپ چوڭ بولدى. چوڭ دادىسى بىلەن چوڭ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك ۋاقتى چىقمىغاندا ئالا مۈشۈكى بىلەن ئوينايتتى.

بىر كۈنى ئۇ سىرتتىن تولىمۇ خاپا ۋە غەمكىن قايتىپ كىردى - دە، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا دومسىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. چوڭ ئانىسى ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ ئاستا قېشىغا كەلدى - دە، بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئابدۇكېرىمجان، جېنىم قوزام، نېمە بولدى ساڭا؟

ئابدۇكېرىم چوڭ ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئۆينىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئوھۇي، بىزنىڭ يىگىت بالىمىز راستلا خاپا بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ، ئانىسى؟ — دېدى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ئولتۇرغان بوۋاي ھاسىسىنى تايانغىنىچە ئاستاغىنا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، — ماڭا قارا، بالام، نېمە بولدى ساڭا؟ بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى چوڭ ئانىسى بىلەن چوڭ دادىسىغا تىكىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، بۇرنىنى شىرتتىدە تارتىپ قويۇپ سورىدى:

— يېتىمەك دېگەن نېمە دېگەن گەپ، چوڭ دادا؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ بوۋاي بىلەن موماي بىر - بىرىگە جىددىي قارىشىۋالدى. ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاشۇنداق سوئال سورايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مانا، ئابدۇكېرىم ئاخىر بۇ سوئالنى سورىدى.

— ھېچنېمە دېگەن گەپ ئەمەس، بالام. بۇنى ئەجەب سوراپ قالدىڭغۇ؟ — سورىدى بوۋاي گۇمانسىرىغان ھالدا.

— سەمەتجان ئويۇنچۇقۇمنى ئېلىپ قاچقانىدى، — دەپ چۇشەندۈرۈشكە باشلىدى ئابدۇكېرىم يىغلامسىراپ، — كەينىدىن قوغلاپ كىرسەم، ئاچىسى مېنى يېتىمەك دەپ تىللىدى.

موماي ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. بوۋاي ئېغىر خورسىندى.

— خاپا بولما، بالام، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — مەن ساڭا باشقا ئويۇنچۇق ياساپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئاداشلىرىڭ بىلەن ئۇرۇشماي ئوينا ـ ھە ! كەل، قوزام. ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرەي.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ بوۋاينىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ.

بوۋاي بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ چۆچىكىنى باشلىدى.

— بۇرۇنقى زاماندا تولىمۇ ئەقىللىق بىر بالا بار ئىكەن. ئۇ ئەقىللىك ھەم ئىشچان بولغاچقا، ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتىكەن. گاھى ۋاقىتلاردا چوڭ دادىسى بىلەن چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىكەن...

بوۋاينىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە زېھىن قويۇپ ئولتۇرغان ئابدۇكېرىم تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— چوڭ دادا، مېنىڭ نېمىشقا ئانام بىلەن دادام يوق؟

بوۋاي سەل تەمتىرەپ:

— مانا بىز بارغۇ، بالام، — دېيەلىدى بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ.

— ئەمىسە سەمەتجاننىڭ چوڭ دادىسى بىلەن چوڭ ئانىسىدىن باشقا يەنە دادىسى، ئانىسى بار ئىكەنغۇ؟

موماي بۇ سوئالنى ئاڭلاش بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇلار بۇ سوئالغا بالا قايىل بولغۇدەك جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

— بۇ جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ باغرى تاشمىدۇ، — دەيتتى موماي كىملەردىندۇر زارلىنىپ، — باغرىنى يېرىپ چىققان ئايدەك بىر بالىنى ئەسكى چاپانىنى تاشلىۋەتكەندەك

تاشلىۋېتىشكە ئەجەب كۆڭلى چىدىدىغۇ ئۇ خەقنىڭ. ھەممىسى ئاشۇ ھاراقكەش جوھۇت بىلەن ئەقىلسىز قانجۇقنىڭ كاساپىتى. بالىنى تۇغۇپ، مەسچىتكە تاشلاپ قويۇپلا بىر يانغا قېچىپتۇ، ھۇ كاككۇكنىڭ خۇيىنى ئالغان مۇناپىقلار. مانا ئەمدى بىچارە بالا مۇشتۇمتەك تۇرۇپ خورلىنىۋاتىدۇ. يا بۇ مەھەللىدىكى كوت-كوتلارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغىلى بولمىسا.

ئابدۇكېرىم موماينىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنەلمىسىمۇ، يېتىمەك دېگەن بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يامان سۆز ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ موماينىڭ قۇچىقىغا چىقتى ـ دە، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن موماينىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— چوڭ ئانا، يىغلىماڭ، مەن ئەمدى سەمەتجان بىلەن ئۇرۇشمايمەن.

موماي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تېخىمۇ بەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— جېنىم قوزام، ئەقىللىك قوزام، بىزدىن كېيىن قالساڭ ساڭا كىممۇ قارار؟

— بولدى، ئانىسى، كۆڭلۈڭلىنى بۇزماڭلا، ئاللا ئىگەم بەندىسىنى رىزقى بىلەن يارىتىدۇ.

بوۋاي ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئېغىر غەمگە چۆككەنىدى. راست ـ دە، بوۋاي بىلەن موماينىڭمۇ ساناقلىقلا كۈنى قالدى. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئاشۇ بىچارە بالا يەنە يېتىم بولۇپ قالارمۇ؟

## 2

بۈگۈن ھاۋا خېلىلا ئوچۇق ئىدى. بوۋاي نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سۇغا چىلاپ قويغان يۇلغۇن تاللىرىدا سېۋەت توقۇۋاتاتتى. موماي بولسا بوۋاينىڭ بىر نىمكەش يەكتىكىنى سۆكۈپ

ئابدۇكېرىمگە كىيىم تىكىۋاتاتتى. ئابدۇكېرىم سەرەڭگە قاپلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېپىپ بىلەن چېتىپ ماشىنا ياسىۋالغانىدى. ئاغزىدا ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىسىنى ھەيدەۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۆگزىدە قۇشقاچ ماراپ زېرىككەن ئالا مۈشۈك ئابدۇكېرىمنىڭ قېشىغا مىياڭلىغىنىچە كېلىپ ئۆزىنى سۈركىدى. ئابدۇكېرىم مۈشۈكنى كۆرۈپ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلدى ـ دە، مومايىنىڭ يېنىدىكى رەختنىڭ كېسىپ چىقىرىۋېتىلگەن پۇرۇچلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ شوينا قىلدى، شوينىسىنىڭ بىر ئۇچىغا ماشىنىنى چىگدى. بىر ئۇچىنى مۈشۈكنىڭ بوينىغا باغلاپ، چۇ ـ چۇ دېگىنىچە ھەيدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئويۇن تولىمۇ قىزىق تۇيۇلدى. بىراق، مۈشۈك بوينىنى شوينىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن تېپىرلاپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. ئابدۇكېرىم بولسا بىر تال يۇلغۇن چىۋىقىنى ئېلىۋېلىپ چۇ ـ چۇ دېگىنىچە مۈشۈكنى ئۇراتتى.

— ھاي ئابدۇكېرىمجان، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دېدى موماي ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن تىكىلىپ، — مۈشۈكنى دەرھال يېشىۋەت، بالام. ئۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ.

— ياق، ياق، يەشمەيمەن. بۇ دېگەن مېنىڭ ئېتىم. مەن ئۇنى هارۋامغا قوشۇپ بازارغا بارىمەن. دىت، چۇ ـ چۇ...

— مۈشۈكنى دەرھال يېشىۋەت! — موماي ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرىدى.

ئابدۇكېرىم ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ يىغلاشقا باشلىدى. موماي قولىدىكى تىكىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، يېشىنى سۈرتۈپ بەزلىدى.

— ماڭا قارا، بالام. ياخشى بالا دېگەن گەپ ئاڭلايدۇ، — ئابدۇكېرىم چوڭ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يىغىسىنى توختاتتى. موماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شوينا بىلەن مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ ئۇرساڭ مۈشۈكۈك يىغلىمامدۇ، بالام؟

ئوبدان بالا دېگەن مۈشۈكنى ئۇرمايدۇ. ئۇنى پىشۇۋېتەيلى، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — دېدى ئابدۇكېرىم خىجىل بولغان ھالدا شىرتتىدە بۇرنىنى تارتىپ.

— بۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈكنى ئۇرمىغىن، بولمىسا يامانلاپ كېتىدۇ.

— نەگە يامانلاپ كېتىدۇ؟ — ئابدۇكېرىم گۇمانسىرىغان ھالدا مومىسىغا قارىدى.

— ئۆيگە يامانلاپ كېتىدۇ.

— مۈشۈكنىڭمۇ ئۆيى بارمۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئابدۇكېرىم.

— ھەئە، ئۆيى بار.

— ئەمىسە ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىمۇ بارمۇ؟

— بۇرۇن بار ئىدى. ھازىر يوق، — موماي ئابدۇكېرىمنىڭ سوئاللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ھازىر نېمىشقا يوق؟

— ئاسلاننىڭ ئاتا - ئانىسى بولىدۇ. ھازىر ئۇ چوڭىيىپ مۈشۈك بولدى. شۇڭا، يوق، — موماي گېپىگە ئابدۇكېرىمنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن مۈشۈكنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان بۇرۇتىنى كۆرسەتتى، — قارا، ھازىر ئۇنىڭ چوڭ دادىڭنىڭكىگە ئوخشاش يوغان بۇرۇتى بار.

ئابدۇكېرىم قىزىقسىنىپ بوۋاينىڭ چىرايىغا قارىدى - دە، يەنە مومايدىن سورىدى:

— ئەمىسە ئۇنىڭ چوڭ دادامنىڭكىدەك ساقىلى يوق ئىكەنغۇ؟

— ساقىلىنى دەمسەن؟ — موماي بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ يەنە جاۋاب بەردى، — مۈشۈكنىڭمۇ ساقىلى بار ئىدى. چاشقان دېگەن كاساپەت يۇلۇۋېتىپتۇ.

— چاشقان؟ — ئابدۇكېرىم مومايغا ھەيرانلىق بىلەن

تىكىلدى، ــــ چاشقان ئەسكىمۇ؟

ــــ چاشقان بەك ئەسكى، بالام.

ــــ ئۇ نېمىشقا مۇشۈكنىڭ ساقىلىنى يۇلۇۋالىدۇ؟

ــــ چاشقان دېگەن كاساپەت قازناق ئۆيدىكى بۇغداينى ئوغرىلاپ يېگىلى تۇرۇپتىكەن. ئۇنى ئالا مۇشۈك كۆرۈپ قېلىپ، نېمىشقا ئىگەمنىڭ ئاشلىقىنى ئوغرىلايسەن دەپ چاشقاننى توسۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. چاشقاننىڭ مۇشۈككە كۈچى يەتمەي ئۇنىڭ ساقىلىنى يۇلۇۋاپتۇ.

مومىسىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان ئابدۇكېرىم يەنە سورىدى:

ــــ چاشقان قېچىپ كەتتىما؟

ــــ ياق، بالام. سېنىڭ بۇ ئالا مۇشۈكۈڭ بەك باتۇر. ئۇ ھېلىقى ئوغرى چاشقاننى تۇتۇۋالدى.

ــــ مېنىڭ مۇشۈكۈم بەك ئوبدان ئىكەن، ــــ ئابدۇكېرىم مومىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى، ــــ چوڭ ئانا، ئەمدى مەن مۇشۈكۈمنى ئۇرمايمەن.

ــــ شۇنداق قىلغىن، جېنىم قوزام. شۇنداق قىلساڭ مەنمۇ سەندىن رازى بولىمەن. مۇشۈكۈڭمۇ خۇش بولىدۇ.

موماي ئابدۇكېرىمنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، باياتىن تاشلاپ قويغان كىيىمنى تىكىش ئۈچۈن سۇپىغا چىقتى.

ھويلىدا ئابدۇكېرىمنىڭ غەمسىز كۈلكىسى يەنە جاراڭلاشقا باشلىدى. مانا ئەمدى ئۇ مۇشۈكى بىلەن قوغلاشماق ئويناۋاتاتتى.

## 3

ئابدۇكېرىم ئالامۇشۈك بىلەن تېزلا دوستلىشىۋالدى. ئالا مۇشۈك ئۇنىڭدىن، ئۇ ئالا مۇشۈكتىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ مەھەللىدىكى ئاداشلىرىغا ئالا مۇشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇشقا ماھىرلىقىنى، ئالا مۇشۈكنىڭ چاشقان بىلەن مۇشتلىشىپ

www.uyghurkitap.com

ساقىلىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، بارلىق چاشقانلارنىڭ ئالا مۈشۈكنى كۆرسە دىرىلداپ تىترەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. دوستلىرى ئۇنىڭ ئالا مۈشۈككە ئالاھىدە ھەۋەس قىلاتتى.

بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئالا مۈشۈكنى خېلى ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. قازناق ئۆيگە كىردى. كاتنىڭ ئاستىغا قارىدى. ئېغىلنى ئاختۇردى. ھويلىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگۈلىدى. ئالا مۈشۈك ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

— چوڭ ئانا، مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، بالام، — دېدى موماي قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەيلا، — ئوبدانراق ئىزدەپ باق. بەلكىم ئۆگزىدە قۇشقاچ ماراپ ياتامدىكىن.

ئابدۇكېرىم ئۆگزىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن شوتىغا ياماشتى. ئالا مۈشۈك ئۆگزىدىمۇ يوق ئىدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ قۇلىقىغا تۇيۇقسىز مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى. مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازى يان تەرەپتىكى قوشنىسى سەمەتجاننىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئابدۇكېرىم شوتىدىن چۈشۈپ، ئۇدۇل سەمەتجاننىڭ ھويلىسىغا قاراپ چاپتى. سەمەتجان بىر تال تانا بىلەن ئالا مۈشۈكنىڭ بويىنىدىن مەھكەم باغلىۋالغان بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆرەپ ئويناۋاتاتتى. ئالا مۈشۈك بولسا باغلاققا كۆنمەي ھە دەپ مىياڭلايتتى. ئابدۇكېرىم بۇنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، ئۆزىنى ئالا مۈشۈككە ئاتتى:

— قويۇۋەت، بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم، مېنىڭ ئالا مۈشۈكۈم.

سەمەتجان ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپلا دەرھال مۈشۈكنى قولىغا ئېلىۋالدى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— بۇ دېگەن مېنىڭ مۈشۈكۈم.

ئابدۇكېرىممۇ بوش كەلمەي ۋارقىرىدى:

— ياق، مېنىڭ مۈشۈكۈم.

ئىككى بالا بىر ـ بىرىگە چۈجە خورازدەك ھۈرپىيىشتى. سەمەتجان مۈشۈكنى مەيدىسىگە مەھكەم تېڭىۋالغانىدى. ئۇ ئابدۇكېرىمگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ماڭ، چىقىپ كەت، بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم.

— مۈشۈكۈمنى بەر ئەمىسە، — دېدى ئابدۇكېرىم يىغلىغان ھالدا.

— بەرمەيمەن، بەرمەيمەن، — سەمەتجان سۆزلىگەچ كەينىگە شوخشۇدى.

— بەرمىسەڭ چوڭ دادامغا دەيمەن تازا، — دېدى ئابدۇكېرىم تەھدىت سېلىپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى تېزلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. سەمەتجان بىر ئاز ھودۇقتى ـ دە، دەرۋازىغا قاراپ قويدى ۋە ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇمۇ ئابدۇكېرىمگە ھەيۋە قىلدى.

— سەن چوڭ داداڭغا دېسەڭ، مەنمۇ دادامغا دەيمەن. مېنىڭ دادام دېگەن بەك كۈچلۈك. چوڭ داداڭ بۇ ئۆيگە كىرسە دادام مۇشت بىلەن تازا ئۇرىدۇ.

مۈشۈكنى چىرايلىقچە قايتۇرۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئابدۇكېرىم بىردىنلا سەمەتجاننىڭ قولىدىكى مۈشۈككە تاشلاندى. ئىككىيلەن مۈشۈكنى ھە دەپ تارتقۇچىلايتتى. مۈشۈك بولسا ئېچىنىشلىق مىياڭلايتتى. تۇيۇقسىز سەمەتجان مۈشۈكنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يۇمران مەڭزى قانغا بويالغانىدى. ئەسلىدە ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تېپىرلاپ تۇرغان ئالا مۈشۈك ئۇنىڭ يۈزىنى تاتىلىۋالغانىدى.

سەمەتجاننىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئاكىسى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئۇكىسىنىڭ مەڭزىدىكى قاننى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:

— ۋاي، نېمە بولدى ئۇكام ساڭا؟

— ئابدۇكېرىم مۈشۈكىگە يۈزۈمنى تاتىلاتتى، — دېدى سەمەتجان تېخىمۇ بەك يىغلاپ. ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇكېرىمگە

غەزەپ بىلەن چەكچەيدى.

— ياق، مەن تاتىلاتمىدىم. سەمەتجان مۇشۇكۇمنى ئېلىۋالغانىدى. مۇشۇكۇم ئۇنى تاتىلىدى... — ئابدۇكېرىم قورققىنىدىن مۇشۇكنى مەيدىسىگە مەھكەم تېڭىۋالدى.

— ھىم، سەن يېتىم ئوغلاق، ئەمدى ھويلىغا كىرىپ ئۇكامنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — سەمەتجاننىڭ ئاكىسى ئابدۇكېرىمنىڭ قولىدىكى مۇشۇكنى قوپاللىق بىلەن تارتىپ ئالدى ۋە بىر بۇلۇڭدىكى ئوتۇن يارىدىغان كۆتەككە قويۇپ، مۇشۇكنىڭ ئالدى ئىككى پۇتىنى كەكە بىلەن گاچچىدە چانىۋەتتى. ئاندىن كېيىن مۇشۇكنى دەرۋازىدىن سىرتقا ئاتتى. ئابدۇكېرىمگە قولىنى شىلتىپ گۇركىرىدى:

— ھوي، هارامدىن بولغان يېتىم ئوغلاق، ئەگەر ئۇكامنى بوزەك قىلىپ يەنە ئۇرىدىغان بولساڭ سېنىڭ ئىككى قولۇڭنىمۇ ئاشۇنداق چاناپ تاشلايمەن. ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال !

ئۇ ئابدۇكېرىمنىمۇ سۆرىگىنىچە دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ تاشلىۋەتتى. ئابدۇكېرىم قىپقىزىل قانغا بويىلىپ نىمجان ھالەتتە مىياڭلاپ ياتقان ئالا مۇشۇكنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى.

## 4

موماي ئابدۇكېرىمنى خېلى ئۇزاق كۈتتى. ئاخىر ئەنسىرەپ سىرتقا چىقتى ـ دە، تام تۈۋىدە بوينىنى قىسىپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپ دوڭغاقلاپ ماڭغىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئابدۇكېرىم چوڭ ئانىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. موماي ئابدۇكېرىمنى ئاستا قۇچىقىغا ئېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— ئالا مۇشۇككە نېمە بولدى، بالام؟

— سەمەتجاننىڭ ئاكىسى پۇتىنى چانىۋەتتى.

— ھە، چانىۋەتتى؟ — موماي چۆچۈپ مۈشۈككە قارىدى، — نېمىشقا؟ نېمىشقا شۇنداق قىلدى؟ ھەي ئىست، ئۆلۈغلىرىمىزنىڭ نەزىرى چۈشكەن ھايۋان ئەمەسمۇ بۇ. ھە گەپ قىلە، بالام، مۈشۈكنىڭ پاچىقىنى نېمىشقا چانىدى ئۇ دوزىخى؟

ئابدۇكېرىم ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئالا مۈشۈك سەمەتجاننىڭ يۇزىنى تاتىلىۋالغانىدى، شۇڭا...

— مۈشۈنچىلىك ئىشقىمۇ مۈشۈكنىڭ پۇتىنى چانىۋەتكەن بارمۇ؟ — موماي قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. مۈشۈككە قاراپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، — ئىست، بۇ مۈشۈكنىڭ قىساسىدىن قانداقمۇ چىقار ئەمدى؟

مۈشۈك ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە مىياڭلايتتى. موماي مۈشۈكنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. ھويلىغا ئەكىرىپ پۇتىنى لاتىدا تاڭدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمگە تەسەللى بەردى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بالام. خۇدايىم بۇيرۇسا مۈشۈكۈڭ ساقىيىپ كېتىدۇ. ماڭ، ئەمدى تاماق يېگىن.

— مۈشۈكنىڭمۇ قورسىقى ئاچتى.

— خاتىرجەم بول. مۈشۈكۈڭگىمۇ ئاش بېرىمەن.

موماي ئابدۇكېرىمگە ۋە مۈشۈككە تاماق بەردى.

— ئەمدى ئۇ چاشقان تۇتالمايدۇ - ھە، چوڭ ئانا، — دەپ سوراپ قالدى ئابدۇكېرىم تۇيۇقسىزلا.

— ساقايغاندا تۇتىدۇ، — دېدى موماي قىسقىلا قىلىپ.

— ئاخشاملىققا ئۇ مەن بىلەن بىللە ياتسۇن ماقۇلمۇ، چوڭ ئانا؟

— نېمىشقا ئەمدى؟ — سورىدى موماي ھەيران بولۇپ.

— مۈشۈكۈم يالغۇز ياتسا، — دەپ چۈشەندۈردى ئابدۇكېرىم، — چاشقانلار بوزەك ئېتىپ بۇرۇتىنى يۇلۇۋېتىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ خىيالى مومىنىڭ كۆلكىسىنى قىستىغان بولسىمۇ

www.uyghurkitap.com

لېكىن چانداۇرمايلا:

— ماقۇل، شۇنداق قىل، بالام، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۆچكىنىڭ بالىسىنى ئوغلاق دەيدۇ ـ ھە، چوڭ ئانا؟

ئابدۇكېرىمنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىدىن موماي بىر ئاز ھەيران بولدى.

— ھەئە، بۇنى ئەجەب سوراپ قالدىڭغۇ، بالام؟

ئابدۇكېرىم يەرگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بايا سەمەتجاننىڭ ئاكىسى مېنى يېتىم ئوغلاق دەپ تىللىدى.

بۇنى ئاڭلاپ مومايىنىڭ كۆزىگە غىلىلىدە ياش كەلدى. ئابدۇكېرىم پەرۋاسىز ھالدا يەنە سۆزلىدى:

— ئۇ مېنى يەنە ھارىمى دېدى، — ئۇ قارا مونچاقتەك بىر جۈپ كۆزىنى مومايغا تىكىپ تۇرۇپ سورىدى، — ھارىمى دېگەن نېمە دېگەن گەپ، چوڭ ئانا؟

موماي ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

## 5

ئابدۇكېرىم يەنە يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى بىلەن چوڭ دادىسى بىر كېچىدىلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى.

شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم ھويلا دەرۋازىسىنىڭ تاقىلدىغىنىنى ئاڭلاپ ئويغاندى. تۆگلۈكتىن يانتۇ چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى ئۆي ئىچىنى خىلىلا يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ چوڭ ئانىسى بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ تېخىچىلا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، بېرىپ ھويلا دەرۋازىسىنى ئاچتى. دەرۋازا تۈۋىدە مەھەللە باشلىقى قاراپ تۇراتتى.

— ھە، ئابدۇكېرىمجان، — دېدى مەھەللە باشلىقى ئۇنى ئەركىلىتىپ، — ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرغان ئوخشىمامسەن، ماڭ، چوڭ داداڭنى قىچقىرىۋەت.

ئابدۇكېرىم مەھەللە باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە ياندى. ئۆيگە كىرىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى.

— چوڭ دادام ئۇخلاپ قاپتۇ.

— ئۇخلاپ قاپتۇ! — كۇنىنىڭ تېرەك بويى ئۆرلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن مەھەللە باشلىقى ئابدۇكېرىمگە گۇمانسىراپ قارىدى، — مۇشۇ چاغقىچە ئۇخلامدۇ كىشى؟ ماڭ، ئۇنداق بولسا چوڭ ئاناڭنى قىچقىرىۋەت.

— چوڭ ئاناممۇ ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن شۇنچە ۋارقىراپ مىدىرلاتساممۇ ئۇلار ئويغانمىدى.

— نېمە؟ ئۇلارنى ئويغىتالمىدى دەمسەن؟ — مەھەللە باشلىقىنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا گۇمان چۈشتى، — ماڭە، ئىككىمىز ئويغىتايلى.

مەھەللە باشلىقى ئۆيگە كىرىپ بوۋاي بىلەن موماينىڭ چىرايىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تىنىقىنى تىڭشىدى. تومۇرىنى تۇتتى. ئالىقىنىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ باقتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانامغا نېمە بوپتۇ، ئاكا؟ ئۇلار ئويغانمىدىغۇ؟

مەھەللە باشلىقى ئابدۇكېرىمگە ئېچىنىش ۋە خەيرخاھلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، مۇجمەللا جاۋاب بەردى:

— ھېچنېمە بولماپتۇ، بالام، ئۇلار ئۇخلاپ قاپتۇ.

مەھەللە باشلىقى بوۋاي بىلەن موماينىڭ يۈزىنى يۆگەپ قويۇپ دەرھال سىرتقا ماڭدى.

مەھەللە جامائىتى بوۋاي بىلەن مومايىنى تاۋۇتقا سېلىپ ھويلىدىن ئاچىقىپ كەتمەكچى بولغان ۋاقىتتىلا ئابدۇكېرىمنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلدى ـ دە، پاڭگىدە يىغلاپ، ئۆزىنى جىنازىغا ئاتتى. ھويلىنى بىردىنلا قايغۇلۇق يىغا ـ زار قاپلىدى.

www.uyghurkitap.com

جامائەت بوۋاي بىلەن مومايىنى دەپنە قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن هويلىغا يىغىلىپ، بۇ بىر جۈپ مەرھۇمنىڭ يەتتىسە، قىرىق نەزىرسى ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ «مەرھۇمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرى بولمىسا نەزىرنى بېرىش جايىز ئەمەس» دېگەن پەتىۋاسى بىلەن نەزىر بېرىلمەيدىغان بولدى. ئۆي، هويلا ـ ئاران ۋە هويلا ئەتراپىدىكى مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەر ئابدۇكېرىمگە مىراس قالدۇرۇلدى. ئاخىرىدا ئابدۇكېرىمنى كىمنىڭ بېقىۋېلىشى ھەققىدە گەپ بولغاندا، مەن بېقىۋالاي، دېگۈچىلەر خېلىلا كۆپ بولدى. مەھەللە باشلىقى بىلەن ئىمام ئاخۇنۇم بۇ ئىشقا كەلگەندە دەررۇ بىر نېمە دېيەلمىدى. جامائەت غۇلغۇلا قىلىشاتتى. ئابدۇكېرىمنى تۇغۇپلا مەسچىتكە تاشلاپ قويۇپ، بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتكەن قارا يۈز، تاش يۈرەك ياش ئەر ـ خوتۇننى قارغىشاتتى. بۇ بىچارە بالىنى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ قايتىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلغان مەرھۇم بوۋاي بىلەن مومايغا جەننەت نېسىپ بولۇشىنى تىلەيتتى. ئابدۇكېرىم بولسا ھودۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۈگۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

ـــ مەن مەرھۇم توختاخۇننىڭ ئەڭ قەدىناس دوستى، ـــ دېدى جامائەت ئارىسىدا باياتىن بېرى گەپ قىلماي تۇرغان سىلىم بوۋاي گەپ ئېلىپ، ـــ باياتىن بېرى بىرنەچچە تۇغقانلار بۇ بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئاتىدارچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ھەربىرلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە كۆپ رەھمەت. بۇ بالىنى مەن بېقىۋالسام مىكىن دەيمەن. مەن بېقىۋالسام، بىرىنچىدىن، مەرھۇمنىڭ روھى خۇش بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ بالا كىچىكىدىن تارتىپ مەرھۇمنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ، تىزىدا ئوينىاپ چوڭ بولدى. ناۋادا مېنىڭ قېشىمدا تۇرسا مېنى مەرھۇمنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ياتسىرىماي ئاسانلا كۆنۈپ قالارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە بۇنىڭ بىلەن تەڭدېمەتلىك نەۋرىلىرىمدىن

بىرنەچچىسى بار. شۇلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولۇپ قالسا، مەرھۇممۇ گۆرىدە خاتىرجەم ياتىدۇ. مەن جامائەتتىن بۇ بالىنى ماڭا بېرىشنى تىلەيمەن.

جامائەت سېلىم بوۋاينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھېچقانداق قارشى پىكىردە بولمىدى. مەھەللە باشلىقىمۇ ئوشۇق ئويلىنىپ تۇرمايلا باش لىڭشىتتى.

— يۇر، بالام، — دېدى سېلىم بوۋاي ئابدۇكېرىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، — بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى.

— ياق، مەن كەتمەيمەن، — دېدى ئابدۇكېرىم يىغلامسىراپ.

— نېمىشقا كەتمەيسەن، بالام؟ — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ كۆز يېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — يۇر، كېتەيلى. بىزنىڭ ئۆيدە جىق ئاداشلار بار. سەن شۇلار بىللە ئوينايسەن.

— ياق، بارمايمەن، چوڭ ئانام مېنى ئىزدەپ قالىدۇ.

— ئەمدى چوڭ ئاناڭ كەلمەيدۇ، بالام، — دېدى بوۋاي كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ.

— ياق، كېلىدۇ، بارمايمەن، بارمايمەن.

ئابدۇكېرىم شۇنداق دېگەچ يۇگۈرۈپ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئۆي ئىچىدىن ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى.

## 6

ئابدۇكېرىم سېلىم بوۋاينىڭ ئۆيىدە دەسلەپ خېلى ياتسىرىغان بولسىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدى. لېكىن، بۇ يەردە ئۆز ئۆيىدىكىدەك شوخلۇق قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇ سېلىم بوۋاينىڭ نەۋرىلىرىگە ئوخشاش ئۆي ئىچىدە كۆڭلى خالىغان نەرسىلەرنى ئوينىيالمايتتى. بوۋاينىڭ ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئالدىغا ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش يۈگۈرۈپ بارالمايتتى. بوينىغا ئېسىلىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيەلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

بوۋاينىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنىمۇ ئالغاچ كەلگەن يەل - يېمىش، تاتلىق - تۈرۈملارنى ئابدۇكېرىمنى قارىتىپ قويۇپ، ئۆز باللىرىغا تۇتقۇزاتتى. ئابدۇكېرىم بولسا باش بارمىقىنى شۈمگىنىچە بوينىنى قىسىپ قاراپ قالاتتى. ئۇ پەقەت سېلىم بوۋاي بىر يەرلەرگە بېرىپ كەلگەن چاغلاردىلا باشقا نەۋرىلىرى قاتارىدا بىر ئۈلۈش نېسىۋىگە ئىگە بولاتتى. ئەپسۇسكى، بوۋاينىڭ سىرتقا چىقىدىغان چاغلىرى ناھايىتى كەم بولاتتى.

بۈگۈن ئابدۇكېرىم سېلىم بوۋاينىڭ نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ چۆچەك ئاڭلاۋاتاتتى. تويۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە جۆمەلەپ كەتكەن كېلىن كىرىپ كەلدى. باللار چۇرقىراشقىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ باردى. ئانا باللىرىنى باغرىغا باستى. يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى. يانچۇقىدىن كەمپۈت، پېچىنىلەرنى ئېلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئابدۇكېرىم بوۋاينىڭ قېشىدا لەۋلىرىنى يالىغىنىچە باللارنىڭ قولىدىكى تاتلىق - تۈرۈملارغا مۆلۈلدەپ قاراپ تۇراتتى.

— ئابدۇكېرىمگىچۇ، قىزىم؟ — دېدى بوۋاي كېلىنىگە نارازىلىق بىلەن قاراپ.

— ۋوي، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، — كېلىن دەرھال يانچۇقىغا قول سالدى. بىراق، ئۇ يانچۇقىدىكى تاتلىق - تۈرۈملارنى باللىرىغا ئۈلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە قېيىنئاتىسىغا قارىدى.

— شۇمۇ قىلىق بولدىمۇ، قىزىم؟ — دېدى بوۋاي كايىپ، — ھەممىسى ئوخشاش بالا تۇرسا. ئۇنداق ئۆگەيلىك قىلمىغانلىرى ياخشى. بىرەر تال كەمپۈت دېگەن باشلىرىدىن ئۇنۇپ چىقماس ئىدى.

كېلىنگە قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزى ئېغىر كەلدى.

— كىم ئۇ سەت يېتىم ئوغلاقنى ھال تارتىپ تۇرسۇن دەپتۇ؟ ماڭا ئالدىمدىكى تۆت شۇمنىڭ غالچىلىقىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

كېلىن شۇلارنى دېدى - دە، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى جالاقىدە ياپتى.

# 7

ئابدۇكېرىم بوۋاينىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ چۆچەك ئاڭلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بوۋاينىڭ ئۇچىنچى نەۋرىسى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئابدۇكېرىمنىڭ قولىدىن تارتتى.

— ئابدەك، قوپ، قوپە. بۇ دېگەن مېنىڭ بوۋام.

ئابدۇكېرىم بوۋايغا تېخىمۇ بەك يېپىشتى.

— ياق، قوپمايمەن، بۇ دېگەن مېنىڭ بوۋام.

بوۋاينىڭ ئۇچىنچى نەۋرىسى ئابدۇكېرىمنىڭ قولىدىن تارتاتتى، ئىتتىرەتتى. ئابدۇكېرىم بولسا بوۋاينىڭ ئىللىق قۇچىقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇپ قالىدىغاندەك بوۋايغا تېخىمۇ بەك يېپىشقانىدى. بوۋاينىڭ نەۋرىسى تۇيۇقسىز ئابدۇكېرىمنىڭ يۈزىنى تاتىلىدى. ئابدۇكېرىممۇ ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. مانا ئەمدى غوۋغانىڭ چوڭى چىقتى. بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، تېپچەكلىگىنىچە يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىما، بالام، — دېدى بوۋاي ئۇنى يۆلەپ، — سەن ماۋۇ تىزىمدا ئولتۇرساڭ، ئابدۇكېرىم ئۇكاڭ ماۋۇ تىزىمدا ئولتۇرسا بولدى ئەمەسمۇ، مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ بوۋىسى.

— ھى... ئەمەس، — دېدى بوۋاينىڭ نەۋرىسى يىغىسىنى توختىتىپ، — ئانام ئابدەكنى بىز بېقىۋالغان، بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق، ئۇنى بوۋاڭنىڭ قۇچىقىدىن قوپۇرۇۋەتكىن، دېگەن. ئۇ قوپۇپ كەتسۇن، مەن ئولتۇرىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا بوۋاينىڭ كېلىنى سىرتتىن كىرىپ، يىغلاۋاتقان ئوغلىدىن سورىدى:

— نېمە بولدى جېنىم قوزام ساڭا؟

— ئابدەك مېنى ئۇرۇپ... ھى - ھى - ھى...

www.uyghurkitap.com

ئانا ئابدۇكېرىمگە يەۋەتكۈدەك چەكچەيدى.

— ئۇ باشتا مېنىڭ يۈزۈمنى تاتىلىدى، — ئابدۇكېرىم دەرھال ئۆزىنى ئاقلىدى.

— بولدى، بولدى. تولا جاۋىلىدىما! — دېدى ئانا ۋارقىراپ، — ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسام ئادەم ئۇرغۇدەك بوپسەن - دە، يېتىم ئوغلاق. ماڭ، لاپچىيىپ ئولتۇرماي ئۇلاغقا ئوت سېلىپ بەر.

ئابدۇكېرىم بوۋاينىڭ قۇچىقىدىن قويۇپ تالاغا ماڭدى.

— ئۇلاغقا ئوتنى ئۆزلىرى سالسىلا بولمامدۇ، قىزىم؟ مۇشتۇمدەك بالا بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ قىلالايدۇ؟

— بىكار يېتىپ نان يەيدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ ئۇمۇ ئىشلەپ يېسۇن، بۇ يېتىمەكنىڭ ئاتا - ئانىسى پەيدا بوپتۇ، دېيىشىدۇ. شۇنچىلىك باقىنىمىزمۇ يېتەر. ئەمدى ئاپىرىپ بېرەيلى.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئۇلار ماۋۇ يەردە بىر ۋاقىتلاردا قىزىل گۆشتەك بىر بالىمىز قالغاندى، قايسىلىرى بېقىپ قويۇشتىلىكىن، دەپ سوراپ قويمىسا. ئۆزىمىز ئاپىرىپ بېرىپ نېمە قىلىمىز؟ مەيلى، مۇشۇ ئۆيدە تۇرىۋەرسۇن. ئېغىرىنى يەر كۆتۈرەر، رىزقىنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بېرەر. سىلى ئاشۇ بىچارە بالىنى يېتىمەك، يېتىم ئوغلاق، دەپ تىللىمىسىلا، قىزىم.

— سىلى ئۇ يېتىمەكنىڭ دېپىنى تولا چېلىپ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدىلا، — دېدى كېلىن نارازى بولۇپ، — ھەر ئىككى گەپنىڭ بىرىسىدە مېنى ئەيىبلەيلا، چوڭ بولسا ئۆزىگە چوڭ بولىدۇ. ياخشىلىق قىلغاننى بىلەمتى ئۇ يېتىم ئوغلاق؟

كېلىن شۇلارنى دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا ھويلىدا ئابدۇكېرىمنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك چىرقىراپ

يىغلىغان يىغىسى ئاڭلاندى. ئۆيدە ئولتۇرۇپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ يۈرىكى پىچاقتا كەسكەندەك ئېچىشتى. ھەي ئىسىت، شۇ بىچارە بالىغا يەنە نەشتىرىنى سانجىۋالدى ــ دە، بۇ چايان، دېدى بوۋاي ئۆلۈغ ــ كىچىك تىنىپ.

## 8

ئابدۇكېرىم خىيال سۈرگىنىچە مەھەللىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. مەكتەپ ئىچىدىكى بالىلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى، قىزىق ئويۇنلىرى ئۇنى ماگنىتتەك جەلپ قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز مەكتەپ ئىچىگە قەدەم تاشلىدى. توۋا، بۇ مەھەللىدە مۇنداقمۇ قىزىق ئويۇنلار بولىدىغان، جىقلا ئاداشلار كېلىپ ئوينايدىغان جاي بار ئىكەن ــ ھە ! ئابدۇكېرىم بۇ يەرنى نېمىشقا بىلمىگەندۇ؟ نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟ راست، ئۇ سېلىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭغا سىرتقا چىقىپ ئوينىغۇدەك ۋاقىت بولمىدى. ھەر كۈنى بۆشۈك تەۋرەتتى، مالغا ئوت سالدى. ئوچاقنىڭ كۈلىنى، ئۆي ۋە ھويلىنىڭ ئەخلىتىنى ئالدى. سېلىم بوۋاينىڭ كېلىنى بۆشۈكتىكى بالىنى ئابدۇكېرىمگە تاشلاپ بېرىپ ئېتىزغا كېتەتتى. بۆشۈكنى بىردەم تەۋرەتمىسە بالا چىرقىراپ يىغلاشقا باشلايتتى. شۇڭا، ئابدۇكېرىمنىڭ سىرتقا چىقىپ ئويناشقا چولىسى تەگمىگەنىدى. ھوي، شۇنچە كۆپ ئاداشلارنىڭ بۇ يەرگە يىغىلغىنىغا قارىغاندا «مەكتەپ» دېگىنى مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنى نېمىشقا مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغاندۇ؟

ـــ ھوي، ئابدەكمۇ مەكتەپكە كەپتۇ !

مەكتەپتىكى بالىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان ئابدۇكېرىم بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېسىنى يىغدى. ئۇنىڭ قېشىدا «ئاكا» بىرقانچە بالىلار بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئۇلارغا تارتىنىپقىنا قارىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئابدەك، سەنمۇ مەكتەپكە ئوقۇغىلى كەلدىڭما؟ — «ئاكا» سورىدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئابدەك ئەمەس، ئابدۇكېرىم.

ئابدۇكېرىم بىر قاراپلا بىر چاغدىكى ئادىشى سەمەتجاننى تونۇدى. سەمەتجان بىر توپ بالىلارنىڭ ئارىسىدا ھېجىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— ياق، ئابدۇكېرىم ئەمەس، ئابدەك.

— ئابدەك ئەمەس، ئابدۇكېرىم.

— ئەمەس !

— ئەمەس !

ئىككى بالا بىر - بىرىگە يول قويماي ھە دەپ ۋارقىرىشىۋاتقاندا، بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق بىرسى ئۇلارغا «مۇرەسسە» قىلدى.

— بولدى ئۇرۇشماڭلار. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزىدىن سوراپ باقايلى، — ئۇ ئابدۇكېرىمگە قاراپ دېدى، — ئۆزۈڭ دەپ باقە، ئىسمىڭ نېمە؟

ئابدۇكېرىم خىجىل بولۇپ ياكى جاۋاب بېرىشنى خالىمىدىمۇ، يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ بارمىقى بىلەن يەر جىجاپ جىملا تۇردى.

— بۇ گاچا ئوخشايدۇ، — دېدى ھېلىقى بالا ئابۇكېرىمدىن جاۋاب ئالالماي.

— ياق، ئۇ گاچا ئەمەس، — دېدى «ئاكا».

— ئۇ سېنىڭ ئۇكاڭما؟ — سورىدى ھېلىقى چوڭراق بالا.

— ياق، ئەمەس. ئۇ دېگەن يېتىم ئوغلاق. ئانام بىزگە ئاشۇنداق دېگەن. بۇ دېگەن مېنىڭ تايچىقىم. راستما ئابدەك؟

«ئاكا» ئابدۇكېرىمگە مەسخىرىلىك قارىدى.

— ئۇ دېگەن تايچاق ئەمەس، — سەمەتجان يەنە گەپ ئارىلىدى، — بوۋام ماڭا ئاتنىڭ بالىسىنى تايچاق دەيمىز دېگەن. تايچاق دېگەننى مىنگىلى بولىدۇ.

— مېنىڭ بۇ تايچىقىمنىمۇ مىنگىلى بولىدۇ، — «ئاكا» ئەتراپتىكى باللارغا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويىدى - دە، ئابدۇكېرىمگە يۈزلەندى، — قاراڭلار، مەن هازىر ئۇنىڭغا مىنىمەن. ئابدەك، بولە، ئىتتىك تاي بول.

ئابدۇكېرىم كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالغىنىچە «ئاكا» ئالدىدا يېلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرىۋەردى.

— بولە، ئىلدام تاي بول، — دېدى «ئاكا» ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ، — بولمىسا ئۆيگە بارغاندا ئانامغا دەپ ئۇرغۇزىمەن.

«ئانامغا دەيمەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئابدۇكېرىمنىڭ پۇتۇن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قىلىپ قارىدى ۋە دەرهاللا قولىنى يەرگە تىرەپ تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇردى. «ئاكا» ئۇنىڭ بېلىگە مىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— چۇ - چۇ، چاپە تايچىقىم چاپ، چۇ !

ئابدۇكېرىم ئاستا ئۆمىلەشكە باشلىدى.

## 9

— هوي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ ساۋاقداشلارنى مۇشۇنداق بوزەك ئەتسەڭلار بولامدۇ؟

باللار مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىمىپ قېلىشتى. بۇ چاغدا «ئاكا»مۇ «تايچاق»نىڭ ئۇستىدىن چۈشكەنىدى. پۇتۇن ئەزايى توپىغا مىلىنىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن «تايچاق» قورقۇمسىراپ، بۇرنىنى تارتىپ تۇراتتى.

— بۇ قايسىڭلارنىڭ قىلىقى؟ — سورىدى مۇئەللىم غەزەپلىنىپ.

— ئۇنىڭغا غولام مىندى، — دېيىشتى باللار بىر ئېغىزدىن چۇرقىرىشىپ.

مۇئەللىم غولامغا ئالىيىپ قارىدى - دە، قورقۇمسىراپ تۇرغان «تايچاق»تىن سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئىسمىڭ نېمە؟

«تايچاق» جاۋاب بەرمەي ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئابدەك، — دېدى غۇلام شىرتتىدە يۈزىنى تارتىپ.

— ياق، ئابدەك ئەمەس، ئابدۇكېرىم، — دېدى سەمەتجان يەنە قارشى چىقىپ. ئىككى بالا يەنە تالىشىشقا باشلىدى.

— ياق، ئابدەك.

— ياق، ئابدۇكېرىم.

— بولدى، تالاشماڭلار، — دېدى مۇئەللىم ئۇلارنى جىملەپ ۋە «تايچاق»تىن سورىدى، — ئىسمىڭ ئابدۇكېرىممۇ؟

— ھە... — دېدى ئابدۇكېرىم تەستىقلاپ.

— قايسى سىنىپتا ئوقۇيسەن؟

— ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ، — دەرھال جاۋاب بەردى غۇلام ئابدۇكېرىمگە ۋاكالىتەن.

— ئۇ سېنىڭ ئۇكاڭمۇ؟ — دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ.

— ياق، ئۇ دېگەن يېتىم ئوغلاق، ئۇنى بىز بېقىۋالغان.

مۇئەللىم لېۋىنى چىشلەپ، ئابدۇكېرىمگە خەيرخاھلىق بىلەن تىكىلدى. بۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ قېشىدا پاراڭغا ئارىلاشماي تۇرغان ئېگىز كىشى ئابدۇكېرىمنىڭ بوي - بەستىگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى ۋە بېرىپ ئابدۇكېرىمنىڭ كىيىملىرىدىكى توپىنى قاقتى.

شۇ چاغدا قوڭغۇراق چېلىندى. باللار سىنىپلارغا كىرىپ كېتىشتى. مەكتەپ دەرۋازىسى تۈۋىدە ئۈچەيلەنلا قالدى.

— بۇ بالىنى مەن بېقىۋالسام بولارمۇ؟ — سورىدى مۇئەللىمدىن ھېلىقى ئېگىز كىشى.

— نېمە، بۇ بالىنى سىلى بېقىۋالاي دەملا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى مۇئەللىم، — سىلىنىڭ باللىرى تۇرسا.

— ئاشۇ بالىلىرىم بىلەن بىرىقىلىپ چوڭ بولۇپ قالار دېۋىدىم.

— ناھايىتى ئوبدان ئويلاپلا، — دېدى مۇئەللىم ھاياجانلانغان ھالدا، — سىلى بۇ بالىنى شەھەرگە ئەكىرىپ بالىلىرى بىلەن قوشۇپ بېقىپ ئوقۇتۇپ قويسىلا ناھايىتى ياخشى ئىش بولاتتى. شۇنداق نىيەتلىرى بولسا بېرىپ سىېلىمىكاملار بىلەن كۆرۈشۇپ باقسىلا، بەلكىم ماقۇل دەپ قالار. خوش ئەمىسە، مېنىڭ دەرسىم بار. كېيىن كۆرۈشەرمىز.

## 10

ئېگىز كىشى ئابدۇكېرىمنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزايدى. يانچۇقىدىن تۆت تال كەمپۈت ئېلىپ تەڭلىدى.

— مە، بالام، كەمپۈت يېگىن، — ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى، — ماڭا قارا، بالام. سېنى بېقىۋالسام ماڭا بالا بولامسەن؟

ئابدۇكېرىم بۇ گەپنى چۈشەنمىگەندەك ئېگىز كىشىگە چەكچىيىپ قارىدى.

— ماڭا بالا بولساڭ، — دېدى ئېگىز كىشى چۈشەندۈرۈپ، — سېنى شەھەرگە ئەكېتىمەن. ئۇچاڭغا هاي - ھاي چاپان، ئىشتان، پۇتۇڭغا ھاي - هاي بەتىنگە ئېلىپ بېرىمەن. كۆندە مانا مۇشۇنداق كەمپۈت، يەنە پولۇ، گۆش يەيسەن، گەپ قىلە، ماڭا بالا بولامسەن؟

ئابدۇكېرىم يەنە گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. بىر جۈپ قارا مونچاقتەك كۆزلىرى بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى دەڭسەۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا غەمكىن تىكىلگەنىدى. لەۋلىرى گەپ قىلماقچى بولغاندەك بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى.

— گەپ قىلە، بالام، — ئېگىز كىشى يانچۇقىدىن تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى ئاۋاتنى ئېلىپ ئابدۇكېرىمگە تۇتقۇزدى، — ماڭا بالا بولساڭ سېنى ھەرگىز ئۇرمايمەن، تىللىمايمەن. باشقا بالىلارغا بوزەك ئەتكۈزمەيمەن. ماگىزىنغا ئەكىرىپ ئۆزۈڭ تاللىغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىمەن. تاپانچا ئالامسەن، ماشىنا ئالامسەن، نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئېلىپ بېرىمەن. كۈندە جىق ئاداشلار بىلەن ئوينايسەن.

ئېگىز كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ئابدۇكېرىمگە تەسىر قىلدى. كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، دۈپدۈگىلەك ھالەتكە كەلدى.

— مېنى مەكتەپكە بارغىلى قويامسىز؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— مەكتەپكە دەمسەن؟ — ئېگىز كىشى ئابدۇكېرىمنى بۇنداق سوئال سورايدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئالتۇن قاپلانغان سېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى، — بولىدۇ، مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېسەڭمۇ مەيلى، جىققىنا دەپتەر - قەلەم، كىتاب ئېلىپ بېرىمەن. سەن ھەر كۈنى ئەتىگىنى جىلتاڭنى ئېسىپ مەكتەپكە بارىسەن. قانداق، ماڭا بالا بولامسەن، يوق، گەپ قىلە؟

ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. ياداڭغۇ، سارغايغان ئالمىنى ئەسلىتىدىغان يۇمران مەڭزىگە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ئالدىدىكى بۇ كىشىگە ئۈمىدلىنىپ قارىدى - دە، بىردىنلا يەنە جىمىپ قالدى.

— نېمە بولدى؟ گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى ئېگىز كىشى.

— بوۋام... بوۋام... — دېدى ئابدۇكېرىم تەستە دۇدۇقلاپ.

ئېگىز كىشى ئابدۇكېرىمنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشەندى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— خاتىرجەم بول، بالام. مەنمۇ سېنى مۇشۇ يەردىنلا ئېلىپ كېتىمەن دېۋاتقىنىم يوق. بىللە بېرىپ بوۋاڭدىن سوراپ، رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن ئەكېتىمەن. بولامدۇ؟ يۈر ئەمىسە، ئۆيۈڭ تەرەپكە يول باشلا.

# 11

ئالدىغا قويۇلغان بىر كۆڭلەكلىك رەختنى كۆرۈپ «ئانا»نىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.

— بۇ ئاز بولسىمۇ ئۆزلىرىگە كۆڭلۈم، — دېدى ئېگىز كىشى سىپايىلىك بىلەن، — لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلسىلا، مەن ئابدۇكېرىمنى بالا قىلىۋالسام.

ئايال بىر كىيىملىك «ئادەمگەرچىلىك»نى كۆرگەندە، دەسلەپ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى. بىراق، بىردىنلا قورسىقىغا جىن كىردى. بۇ «يېتىم ئوغلاق» نى بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالسا «باھا»نىڭ يەنە ئۆرلەيدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇ چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ سۆزلىدى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. ئۆزىمىز كەمبەغەل بولساقمۇ بىر يېتىم بالىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكىمىز بار. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا يېگۈزدۈم، ئىچكۈزدۈم. ئانىلىق مېھرىمنى بەردىم. بەندە بىلمىسە، خۇدايىم بىلەر دەپ شۇنداق قىلدىم. ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قاپتىكەن، — ئۇ سۆزلىگەچ ئابدۇكېرىمنى يېنىغا تارتىپ، باش - كۆزىنى سىلىدى، پېشانىسىگە سۆيدى، — ئەمدى ئۆزلىرى سوراپ كەپلا، قېيىنئاتام بۇ بالىغا ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرىدىنمۇ بەك ئامراق. بۇ بالىنى سىلىگە بەرگىنىمنى ئاڭلىسا خاپا بولارمىكىن...

ئېگىز كىشى سەزگۈر ھەم چېچەن ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئاچ كۆزلۈك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا بىر پەس قاراپ تۇردى. كېيىن نەزىرىنى ئايالنىڭ قۇچىقىدا خۇددى تىكەندە ئولتۇرغاندەك قىينىلىپ، تارتىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇكېرىمگە ئاغدۇردى. ئاندىن كېيىن ئاستا يانچۇقىنى كولاپ، ھېلىقى بىر كىيىملىك رەختنىڭ ئۈستىگە ئەللىك كويلۇق پۇلدىن ئىككىنى قويدى.

— بۇ يۈز كوي پۇلنى قېيىنئاتىلىرى خىراجەت قىلسۇن،

قانداق دەيلا.

ئايال يۈز كوي پۇلنى كۆرۈپ ئالدىراپ قالدى. چۈنكى، ئۇ يەنە كاجلىق قىلىپ ۋاقىتنى كەينىگە سوزسا بۇ كىشىنىڭ يالتىيىۋېلىشى ياكى قېيىنئاتىسى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ پۇلنى غاچچىدە ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى. رەختنى ھەشقاللا دەپ ئالدى.

— ئەمىسە بالىنى ئېلىپ كېتىۋەردىم، — دېدى ئېگىز كىشى ئابدۇكېرىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ.

— ۋاي، توختاپ تۇرسىلا، — ئايال ئۇلارنى بوسۇغىدىلا توختىتىۋالدى، — بۇ بالىنىڭ ئۇچىسىدىكى ماۋۇ كۆڭلەك بىلەن تامبال ئوتتۇرانچى ئوغلۇمنىڭ ئىدى، — ئايال ئابدۇكېرىمنى بىر پەستىلا يالىڭاچلاپ قويدى.

— ئۆزىنىڭ كىيىملىرىچۇ؟ — دېدى ئېگىز كىشى نارازىلىق بىلەن.

— يوق ئىدى، يىرتىلىپ كەتكەن، — دېدى ئايال ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ھە، مەيلى، — دېدى ئېگىز كىشى ۋە دەرھال چاپىنىنى سېلىپ ئابدۇكېرىمگە يېپىندۇردى - دە، خوشمۇ دېمەي ئابدۇكېرىمنى يېتىلەپ ئىشىكتىن چىقتى.

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئايال ئۇلارنى ھويلىدا توختىتىۋېلىپ، — بىزنىڭ بۇ مەھەللىمىزدىكىلەر بەكمۇ يامان خەق. بالىنى يوشۇرۇنراق ئېلىپ كېتەرلا. ئىشقىلىپ، ئۇنى سىلىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكلىرىنى بىرسى كۆرمىسۇن.

ئېگىز كىشى گەپ - سۆز قىلمايلا ئابدۇكېرىمنى يېتىلىگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.



— يېزىدا ئۆزىچىلا ئۇچراپ قالدى، — دەپ چۈشەندۈردى ئېگىز كىشى خوتۇنىغا، — بۇ بالىنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاتا -

ئانىسى تاشلىۋېتىپتىكەن. بىر بوۋاي بىلەن موماي بېقىۋاپتۇ. ئۇلار تۇگەپ كېتىپ، مەھەللىدىكى يەنە بىرەيلەن بېقىۋاپتىكەن. ماڭا بەرسىلە، بالا قىلىۋالاي، دەپ ئالدىغا بىر كىيىملىك رەخت بىلەن يۈز كوي پۇلنى قويۇۋىدىم، ھەشقاللا دەپ بۇ بالىنى ماڭا بېرىۋەتتى. بىراق، ئۆي ئىگىسى تولىمۇ پىخسىق ئايال ئىكەن. بۇ بالىنىڭ ھەممە كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئانىدىن تۇغما قىلىپ ئالدىمغا سېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەيلى دەپ ئۇچىسىدىكى بۇ كىيىملەرنى ھېلىراقتا ماگىزىندىن ئېلىپ بەردىم.

— بىر كىيىملىك رەخت بىلەن يۈز كوي پۇل، يەنە تېخى يېڭى ئۇستىباش؟ — ئايال ئېرىگە نارازىلىق بىلەن قارىدى، — بۇ بالا مۇشۇكتەكلا تۇرسا، نېمە ئىش قىلالايدۇ؟

— ئەنسىرىمەڭ، سەھرانىڭ بالىلىرى دېگەن ئىشقا پىششىق كېلىدۇ. بۇ بالا ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. سىز ئاغرىقچىنىزنىڭ يېلىنى ئايىماي بۇيرۇپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ، ھازىر بالا باققۇچى تاپماق بەكمۇ تەس ئىكەن. ئايلىقىغا ئەللىك كويدىن بېرەي دەپ شۇنچە ئىزدىسەممۇ پەقەتلا ئادەم تاپالمىغانىدىم. ھېلىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن. بۇ بالىنى خۇدايىم ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا ئەكەلدى.

ئابدۇكېرىم ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. ئۇلار ئۇنى بالا باقىدۇ دېيىشىۋاتامدۇ؟ يەنە بالا باقىدىكەن. ئۆي ئىشى قىلىدىكەن. بۇ ئايالنىڭ قاپىقى نېمىدېگەن يامان - ھە! ئۇ ئابدۇكېرىمنى ئۇرۇپمۇ قويارمۇ؟

— ھە، غوجام، ماڭسىلا، ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ بۆشۈكتىكى ئۇكىلىرىنىڭ تېگىنى يوقلاپ باقسىلا، سىيىپ ياتقان بولسا قۇرۇقدىۋەتسىلە.

ئابدۇكېرىم ئايال كۆرسەتكەن ئۆيگە كىرىپ، بۆشۈكتىكى بالىنى يېشىشكە باشلىدى. ئايال ئابدۇكېرىمنىڭ قىلىۋاتقان

ئىشلىرىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېرىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن ھىجايدى.

ئابدۇكېرىم كېچىچە بۆشۈك تەۋرىتىپ چىقتى. تاڭغا يېقىن كۆزى سەل ـ پەللا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، كۈچلۈك بىر قول قوپاللىق بىلەن تۈرتۈپ ئويغاتتى.

ـــ ھە، ئورۇنلىرىدىن قوپسىلا، غوجام، مۇشۇكتەك خورۇلداپ ئۇخلاۋەرمەي. ئاۋۇ بۆشۈكنىڭ قېشىدىكى زاكىلارنى پاكىز يۇيۇپ يايسىلا. ئاندىن ئۆينى، ھويلىنى سۈپۈرسىلە. ئەخلەتنى ئوچاقنىڭ كۈلى بىلەن قوشۇپ تالادىكى ئەخلەت ئازگىلىغا تۆكۈۋەتسىلە.

ئايال ئابدۇكېرىمگە بىر تالاي ئىشلارنى بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتىلىق تەييارلاشقا كىرىشتى.

ناشتىدا ئابدۇكېرىم تويغۇچە غىزالاندى. ئۇ بۇ «ئانا»نىڭ يېزىدىكى «ئانا»سىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، قورسىقىنى ئاچ قويمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. راستىلا ئايال تاماق ئۈستىدە ئابدۇكېرىمنى جىق ـ جىق يېيىشكە زورلىدى. ئابدۇكېرىممۇ تارتىنىپ تۇرمىدى.

ئايال ئىشقا مېڭىش ۋاقتىدا ئابدۇكېرىمگە يەنە بىر تالاي ئىش جېكىلىدى.

ـــ ماڭا قارىسىلا، غوجام، ئاۋۇ زاكىلارنى چايقاپ بولۇپ، ئۆكىلىرىنى بۆشۈكتىن يېشىپ بىردەم ئويناتسىلا. ئاندىن كېيىن ئاۋۇ ئوتياشلارنى ئادالاپ، پاكىز يۇيۇپ قويسىلا. تاماق يېگەن چىنە ـ قاچىلارنىمۇ پاكىز يۇيۇپ ئىشكاپقا سېلىۋەتسىلە. ئاۋۇ لۆڭگىنى نەمدەپ ئۆيدىكى ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈۋەتسىلە. ئۆكىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ تالاغا ئويۇنغىلى چىقىپ كەتمىسىلە جۇمۇ، ـــ ئايال ئۈستەل ئۈستىدىكى ئۈستى يېپىقلىق تاماق قاچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى، ـــ ئاۋۇ قاچىدا ئۆكىلىرىنىڭ بولمىقى بار. يىغلىغان چاغدا يېگۈزۈپ قويسىلا. ناۋادا بالىغا بەرمەي ئۆزلىرىنىڭ يەۋالغانلىقلىرىنى بىلىپ قالسام چىشلىرىنىڭ بىرىنى قويماي يۇلۇپ تاشلايمەن.

سىلىنىڭ قورساقلىرى ئاچسا ئىشكاپتا نان بار. خالىغانچە ئېلىپ يېسىلە، يەنە بىر گەپ، ئۆيگە خەقنىڭ بالىلىرىنى كىرگۈزمىسىلە. ئۇكىلىرى ئۇخلاپ قالغان چاغدا هويلىنىڭ ئالدىدىكى تۇرۇبىدىن سۇ ئەكىرىپ كۈپنى توشقۇزۇپ قويسىلا.

ئابدۇكېرىم ئايالىنىڭ بىر پاتمان بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى. ئايال ئىشكتىن چىقىپ كەتكەندىلا ئاندىن ئۇھ دەپ يەڭگىل تىنىپ، ئورۇندۇقتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

## 13

ئابدۇكېرىم ئاداش تېپىۋالدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئالىم ئىدى.

شۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى. ئۆيدىكىلەر بۆشۈكتىكى بالىنى ئابدۇكېرىم بىلەن ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى مېھماندارچىلىققا كەتكەنىدى. بالا ئۇخلاپ قالدى. ئابدۇكېرىم كۈپكە سۇ تولدۇرۇش ئۈچۈن چېلەكنى ئېلىپ تۇرۇبىنىڭ يېنىغا چىقتى. تۇرۇبا قېشىدا ئۆزى بىلەن تەڭدېمەتلىك بىر بالا رەسىملىك كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. ئابدۇكېرىم چېلەككە سۇ چۈشۈرۈپ قويۇپ ئاستاغىنا ھېلىقى بالىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، كىتابتىكى رەسىملەرگە قىزىقىپ قاراپ كەتتى. بىر چاغدا ھېلىقى بالا كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئابدۇكېرىمگە ئەدەپ بىلەن دېدى:

ـــ ئاداش، چېلىكىڭىز توشۇپ كەتتى.

چېلەكتىكى سۇ تېشىپ ئەتراپقا ئاققىلى باشلىغانىدى. ئابدۇكېرىم يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇرۇبىنىڭ جۈمەكنى ئېتىۋەتتى. لىق سۇ قاچىلانغان چېلەكنى كۆتۈرۈش خېلى تەس ئىدى. شۇڭلاشقا، چېلەكنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن يۆتكەشكە باشلىدى.

— ئاداش، توختاڭ، مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەي.

ھېلىقى بالا شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرۈپ ئېلىپ، چېلەك بېغىنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتتى. ئابدۇكېرىممۇ گەپ قىلماي، بالا باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن تۇتتى. ئەمدى ئۇلار ئانچە قىينالماي چېلەكنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ كۆپچىلىك سۇغا تويغۇزدى. كۆپ تولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم بۇ خالىس يار دەمچىگە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ كۈلدى.

— سىز سىيىتكامنىڭ تۇغقىنىمۇ؟ — سورىدى ھېلىقى بالا.

ئابدۇكېرىم ھەئە دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئابدۇكېرىم.

— مېنىڭ ئىسمىم ئالىم، — ئالىم ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىپ ئابدۇكېرىمگە تەكلىپ بەردى، — يۈرۈڭ، ئەمدى تالاغا چىقىپ ئوينايلى.

ئابدۇكېرىم بۇ تەكلىپكە ئاستا باش چايقىدى.

— ئۇكامنى باقمىسام بولمايدۇ. تالاغا چىقىپ كەتسەم ئۇ يىغلاپ قالىدۇ.

ئالىم بۆشۈككە لاپپىدە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— سىز كۈندە بالا باقامسىز؟

ئابدۇكېرىم كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ، ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

— سىيىتكام مەكتەپكە بارغىلى قويمىدىما؟

— ھەئە.

— سىزنىڭ رەسىملىك كىتابىڭىز بارمۇ؟

— يوق، — دېدى ئابدۇكېرىم تۆۋەن ئاۋازدا.

— رەسىملىك كىتاب كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئالىم ھېلىقى رەسىملىك كىتابنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ئابدۇكېرىمگە ئۇزارتتى، — بۇنى سىزگە بېرىپ تۇراي. كۆرۈپ بولغاندا ماڭا قايتۇرۇپ

بېرىلدى.

ئابدۇكېرىم كىتابنى خۇشاللىق بىلەن ئېلىپ ۋاراقلاشقا ۋە ئۇنىڭدىكى رەسىملەرگە قىزىقىپ قاراشقا باشلىدى.

— سىز خەت ئوقۇيالامسىز؟ — سورىدى ئالىم ئابدۇكېرىمنىڭ ھە دەپ كىتابنىڭ رەسىملىرىگىلا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— مەن مەكتەپتە ئوقۇمىغان، — دېدى ئابدۇكېرىم.

— مەن ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇيمەن، — دېدى ئالىم ۋە بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئەقىل تاپقاندەك ئابدۇكېرىمگە قارىدى، — سىزگە خەت ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟

— راستىمۇ؟ — ئابدۇكېرىم خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتى. كۆزلىرى شادلىقتىن چاقناپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن ئېلىپبە كىتابىمنى ئېلىپ چىقاي، — دېدى ئالىم سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئالىم بىردەمدىلا بىر دەپتەر، بىر قەلەم، بىر ئېلىپبە كىتاب ئېلىپ كىردى. ئىككى دوست ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئېلىپبە ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

— ئاتىنىڭ ئا، — دەيتتى ئالىم ئۆگىتىپ.

ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەگىشەتتى.

ئالىم خۇددى تەلەپچان ئوقۇتقۇچىلاردەك ئۆگىتەتتى. ھەربىر ھەرپنى خۇددى كىتابتىكىدەك چىرايلىق قىلىپ يېزىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئابدۇكېرىممۇ ئىمكان بار دوستىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا تىرىشاتتى.

## 14

ئابدۇكېرىم خەت ئوقۇش، يېزىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭغا ئالىم ھەرخىل رەسىملىك ۋە ھېكايە كىتابلارنى ئەكېلىپ بەردى. ئۇ «بويناق»، «مۇستاپا»، «كالتە پاچاق ئەرمىش» قاتارلىق

نۇرغۇنلىغان ھېكايە كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دوستى ئالىمنىڭ بىلىدىغانلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى. ئىككى دوست بىر يەرگە كەلسە گېپى تۈگىمەيتتى. بۇنداق ۋاقىتتا تەبىئىي ھالدا ئالىم سۆزلىگۈچى، ئابدۇكېرىم ئاڭلىغۇچى بولاتتى. ئالىم مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى، بەختلىك مەكتەپ ھاياتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، ئابدۇكېرىمنى ھەيران قالدۇرۇۋېتەتتى.

بىر كۈنى ئابدۇكېرىم كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۆي ئىگىسى ئايال ئىشىكتىن كىرىپلا ۋارقىراپ كەتتى.

— ھۇي ھارىمى، بالا دۆم بولۇپ قالسا قارىماي ئولتۇرۇۋېسەنغۇ؟ — ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بالىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ئابدۇكېرىمگە ۋارقىرىدى، — بۇتتەك قاراپ تۇرماي بالىنى قولۇمدىن ئالمامسەن؟ ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. بىز سېنى كىتاب ئوقۇسۇن دەپ ئەكەلمىدۇق. سېنىڭ ۋەزىپەڭ بالا بېقىش، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىتاب ئوقۇپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالسام كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

ئابدۇكېرىم بۇ ئۆيدە تۇپتوغرا بىر يېرىم يىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بۆشۈكتىكى بالا ئەمدى ماڭالايدىغان، چۈچۈلداپ سۆزلەيدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئابدۇكېرىمنىڭ بېشى ئاغرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. بېشى قاياتتى، پۇت - قولىدا ماغدۇر يوق ئىدى. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي يېتىپ قالدى. قېشىدا ئويناۋاتقان بالا بولسا غىپپىدىلا تالاغا چىقىپ كەتكەنىدى.

بىر چاغدا ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەن ئايال بالىسىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇپىغا مىلىنىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئۆيگە بوراندەك ئۇسۇپ كىردى.

— ۋاھ، ماۋۇ كاتتا غوجامنىڭ ئۇخلاپ كېتىشلىرىدىن ئايلىناي، بالا تالادا تۇپىغا مىلىنىپ ئويناۋاتسا سەن غەم قىلماي ئۇخلاپ يېتىپسىنا. قوپە، لالىيىپ ياتماي.

ئابدۇكېرىم ھەرقانچە تىرىشىپمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. بۇنى كۆرگەن ئايال ئۇنىڭ كاسىسىغا تەپتى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئورنىدىن تۇرالمىدى.

شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم كېچىچە قىزىپ ياتتى. ئۇنىڭ تىنىقىمۇ پەسلەپ قالغانىدى. ئەر تاڭغا يېقىن ئابدۇكېرىمنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ناشتا قىلىپلا ئۇنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا باردى. دوختۇر ئابدۇكېرىمنى تەكشۈرۈپ مىڭ يۈەن تۆلەپ بالىنىستىتا ياتقۇزۇڭلار، تېز قۇتقۇزمىساق بولمايدۇ، دېۋىدى، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى ۋە ئابدۇكېرىمنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىدىن ئاستاغىنا يېنىپ چىقتى.

— مىڭ كوي دېگەن ئاز پۇل ئەمەس، — دەپ غودۇڭشىدى ئايال، — ساقىيىپ بولغۇچە يەنە بىرمۇنچە پۇل كېتىدۇ تېخى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئەر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — داۋالاتمىساق ئۆلۈپ قالار.

— تاشلىۋېتىپلا قۇتۇلايمىزمۇ، — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا.

— مۇشۇ كۈپكۈندۈزدە؟ — دېدى ئەر تەشۋىشلىنىپ.

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ھازىر ھېچكىم كۆرمەيدۇ. قوشنىلار سوراپ قالسا ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ بەردۇق دەپلا جاۋاب بېرىمىز. ئەكەلسىلە، ماڭا بەرسىلە.

ئايال ئابدۇكېرىمنى ئېرىنىڭ قولىدىن ئېلىپ يولنىڭ چېتىدىكى ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن قۇرۇق قول يېنىپ چىقىپ، ئېرىگە قاراپ ھىجايدى.

## 15

شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ دوختۇر ۋە سېسترالىرى بىر بالىنى قۇتقۇزۇۋاتاتتى. تېز قۇتقۇزۇش ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە زامانغا لايىق كىيىنگەن

www.uyghurkitap.com

بىر يىگىت بىلەن بىر قىز تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ دوختۇر چىقىپ كەلدى. ئۇلار دوختۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، تەڭلا سورىدى:

ــ دوختۇر، بالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

ــ ياخشى، خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. خاتىرجەم بولۇڭلار.

ــ خۇداغا شۈكۈر، ــ دېدى ئۇلار ۋە دوختۇردىن يەنە سورىدى، ــ كىرسەك بولامدۇ، دوختۇر؟

ــ كىرسەڭلار بولىدۇ. لېكىن، بالىدىن جىق گەپ سورىماڭلار. بولمىسا چارچىتىپ قويىسىلەر.

ئۇلار كېسەلخانىغا يۈگۈرۈشتى.

ــ ئۇكام، ئىسمىڭ نېمە؟

ــ ئابدۇكېرىم، ــ ئاستا جاۋاب بەردى بالا.

ــ ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟

ــ يوق.

ــ ئۆيۈڭ نەدە؟

بالا ئاستا بېشىنى چايقىدى. قىز بىلەن يىگىت بالىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا چوڭقۇر خەيرخاھلىق نەزىرى بىلەن قاراشتى.

ئابدۇكېرىمنى مۇشۇ قىز ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئۇچراتقان ۋە قېشىدىكى بۇ يىگىت بىلەن بىرلىكتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئابدۇكېرىم دوختۇرخانىدا توپتوغرا ئىككى ھەپتە ياتتى. ئۇنى دوختۇرخانىدىن ھېلىقى ياخشى نىيەتلىك قىز بىلەن يىگىت قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقتى. ئابدۇكېرىم يېپيېڭى ئۇستىباش كىيىپ تولىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى قىز بىلەن يىگىت ئىككى قولىدىن يېتىلىۋالغانىدى.

ئابدۇكېرىم ئۇلاردىن سورىدى:

ــ ئەمدى نەگە بارىمىز؟

— بارغاندا بىلىسەن، — دېدى ئۇلار كۈلۈشۈپ.


ئۇلار ئابدۇكېرىمنى تولىمۇ ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا باشلاپ كىردى. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ مەيداندا بىر توپ ئۇششاق باللار ئويناۋاتاتتى.

— مەكتەپ! — دەۋەتتى ئابدۇكېرىم ھاياجانلانغان ھالدا.

بۇ راستىلا مەكتەپ ئىدى. ھېلىقى قىز بىلەن يىگىت بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى.

— شۇنداق، بۇ مەكتەپ، — دېدى يىگىت ئابدۇكېرىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سەن ئەمدى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيسەن، ماڭە، سىنىپىڭغا ئەكىرىپ قوياي.

ئابدۇكېرىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يامرىدى. ئۇنىڭغا يېڭى بىر ھايات قۇچاق ئاچماقتا ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆيلەر خانىشى

## ئەمىنلىك كۆندىكى قوتلۇق خەۋەر

مىلادىيە 1526 ـ يىلى ئۆرۈك پىشىشقى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاستانىسى يەكەن شەھىرى تومۇز ئىسسىقىدا داپخانىسى ئېتىۋېتىلگەن تونۇرغا ئوخشاپ قالغانىدى. شەھەر ئاسمىنىدا خۇددى ئوتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئالتۇن نۇرلىرى ئادەملەرنى ئۆيلىرىگە، دالدىغا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىسىغا بىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاستانە كوچىلىرىنىڭ ئەتىگەنكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسىگە ئانچە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ھاجەتمەنلەر، ئېلىپساتارلار، دېھقانلار يەنىلا ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ھەلەك ئىدى. ئوردا كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى قوچاق يەتكۈسىز چىنارلارنىڭ سايىسىدا يەكتەك، جەندىلىرىنى غىرىبچە سېلىپ يانپاشلاپ يېتىشقان بىرنەچچە مۇساپىر ۋە دەرۋىشلەر ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئەكېلىپ بەرگەن يۇلغۇن سىۋەتتىدىكى ۋىل ـ ۋىل پىشقان ئاق ئۆرۈكلەرگە قاراپ قويۇشمۇ خۇشياقماي مۈگدەشمەكتە ئىدى. ئۆرۈكلەرگە قونۇۋالغان يۇزلىگەن چىۋىن ـ ھەرىلەر ئارمانسىز گىژىلدىشاتتى. سەل نېرىراقتا ياتقان بىر قانچە لالما ئىت تىللىرىنى بىر غېرىچ ساڭگىلاتقىنىچە تىنىق ـ تىنىقتا ئۆلگۈرمەي ھاسىرايتتى، سۆڭگەكلىرىگە قونۇۋالغان كۆك چىۋىن، سالجىلارنى قۇيرۇقلىرىدا ئېرەنسىزلىك بىلەن قورۇشاتتى.

ئوردا سېپىلى ئۈستىدىكى كۆزىتىش مۇنارىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ياساۋۇللار مۈگدەپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي مېڭىپ تۇراتتى. ئاشۇ قاراۋۇللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوردا ئىچىمۇ خۇددى ئوغۇز سۈتىگە تويغان بوۋاقتەك تىمتاس ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا يۈگۈرگەندەك يېتىپ كەلگەن خىزمەتكار يىگىت مۈگدەپ تۇرغان دەرۋازا قاراۋۇلىغا سالام بېرىپ بىر نېمىلەرنى دېدى ـ دە، ئىجازەت ئېلىپ ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. يىگىت ئوردا ئىچىنى خېلى تەپسىلىي بىلىدىكەن، ئوردىغا كىرىپلا سول تەرەپكە بۇرالدى ـ دە، ئوردا دىۋانخانىسىنى نىشان قىلىپ يۈگۈردى.

ھەيۋەتلىك شاھ قەسرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئوردا مەدرىسەسىگە ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان دىۋانخانا[①] ھويلىسىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە قاتار قىلىپ سېلىنغان ئايرىم خانىلىق ھۇجرىلار دىۋانخانىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك خەتتات، كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ پۈتۈكخانىلىرى بولۇپ، بۇ ھۇجرىلاردا قومۇش قەلەمنىڭ خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە سۈركىلىشىدىن چىققان «شىرت ـ شىرت» قىلغان ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. دىۋانخانا ھويلىسىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى قوش قاناتلىق نەقىشلىك دەرۋازا دىۋانخانىنىڭ ئىچكىرىكى سارىيىغا ئېلىپ كىرەتتى. ئىچكىرىكى ساراي تاشقىرىقى سارايغا قارىغاندا تولىمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، ئىچكىرىكى سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىنا قىلىنغان بەش مو چوڭلۇقتىكى باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىكرەك بىر كۆل ۋە فونتان ئورۇنلاشتۇرۇلغان، باغچىنىڭ ئەتراپىغا چۆرگۈلىتىپ سېلىنغان ئۈزۈم تاللىرى ئىچكىرىكى سارايىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ھۇجرىلارغا قارىتىپ بىدىشقا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەشەمەتلىك ھۇجرىلارغا سايە

① دىۋانخانا ــ خانلىق كىتابخانا، داڭلىق ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلىدىغان جاي.

تاشلاپ ئاجايىپ سالقىن تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئىچكىرىكى سارايىنىڭ تۆرىدىكى ھۇجرىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىدىكى كىمخاب كۆرپىلەردە ئۈچ كىشى پاكار شىرە ئۈستىگە قويۇلغان كىتابلارنى ۋاراقلىغاچ قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ مويسىپىتراقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋەزىرى، ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك مۇزىكانتى ۋە شائىرى قىدىرخان ئۇستاز ئىدى. بەستلىك، تەق-تۇرقى بىرئاز قوپالراق، كۆزلىرى سۈرلۈك، بېلىگە ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا قىلىچ ئېسىۋالغان كىشى ئەمىر لەشكەر مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى① ئىدى. تۇرقىدىن تولىمۇ كەم سۆز، ئەستايىدىل كۆرۈنىدىغان ئوتتۇرا بويلۇق، قاپقارا ساقال-بۇرۇتى قىزىل يۈزىگە خويمۇ ياراشقان كىشى خانلىق دىۋانخانىنىڭ باش مىرزىسى مەھمۇد ئۇستاز ئىدى.

قىدىرخان ئۇستاز ئىككى سۆھبەتدىشىغا قىزىق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— نەۋايى ھەزرەتلىرى ۋەزىر بولۇپ تۇرغان چېغىدا پادىشاھ ھۇسەيىن بايقارانىڭ ياخشى كۆرىدىغان خانىشى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ھېچكىم شاھقا يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ، نەۋايى ھەزرەتلىرىمۇ خانىشنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى مۇسىبەت خەۋىرىنى بىۋاستە ئېيتىشقا لايىق كۆرمەي، ئۆز مۇددىئاسىنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن ھۇسەيىن بايقاراغا يەتكۈزۈپتۇ:

سەرۋىنىڭ سايىسىدا
سولدى گۈل، نىتمە كېرەك؟

شېئىرىيەتتىن ياخشى خەۋەردار بولغان ھۇسەيىن بايقارا

① مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى — مەشھۇر تارىخچى، ھەربىي سەركەردە، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى. كۆرەگان — شاھنىڭ كۈيۈ ئوغلى، دېگەن مەنىدە.

يۇقىرىقى مىسرالارغا يوشۇرۇنغان مەنىنى شۇ هامان بايقاپتۇ ـ دە، دەرهال مۇسەببەت قايغۇسىغا چۆكۈپتۇ ۋە نەۋايى هەزرەتلىرىگە تۆۋەندىكى نەزم بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ،
گۇلدىن كېپەن ئەتمەك كېرەك.

قىدىرخان ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىشى هامان مەهمۇد مىرزا بىلەن مىرزا هەيدەر كۆرەگانى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىشتى.

— ئارى[1]، — دېدى مىرزا هەيدەر كۆرەگانى، — نەۋايى هەزرەت بىلەن هۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى ھەقىقەتەنمۇ زامانىسىنىڭ يېتىشكەن تىل پېشۋالىرى ئىدى.

— خوش، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەهمۇدقا قاراپ، — «دىۋانى فانى»[2]نىڭ تۈركىي تىلچە تەرجىمىسىگە تۇتۇنىلىمۇ، مەۋلانەم؟

— يوقسۇ، هەزرىتىم، — دېدى مىرزا مەهمۇد قىدىرخان ئۇستازغا تەۋازۇ بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇپ، — ئاتا ـ بوۋىلار «تۈگمەن بار يەردە، يارغۇنچاقنىڭ نېمە ئىشى» دەپتىكەن. گەرچە كەمىنە شاگىرتلىرى هىندىستاندا ئىلىم مۇتالىئە قىلىش جەريانىدا پارسچىنى ئاز ـ تولا يامىداپ ئۆگەنگەن بولسامىمۇ، لېكىن جانابلىرىدەك تىل پېشۋاسى بار يەردە بۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا قول تىقىشقا قانداق پېتىناي؟

— زىيادە كەمتەرلىك پەزىلەت هېسابلانماس، مەۋلانەم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز بىر ئاز رەنجىگەن تەرزدە.

قىدىرخان ئۇستازنىڭ تەرجىمىسى ئۆزىنىڭكىدىن ياخشى چىقىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن مىرزا مەهمۇد يەنىلا ئۆز

---

① ئارى — راست، توغرا.

② «دىۋانى فانى» — نەۋايىنىڭ پارس تىلىدا يازغان شېئىرلار توپلىمى.

گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ دۇردانىلىرىنى تەرجىمە قىلىمەن دەپ بۇزۇپ قويۇپ، دۇرنى پاتقاقتا مىلەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن، ھەزرىتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەدىئىي ئىستېداتىم يېتىشمەسمىكىن.

— گەپ ئۆز ئېغىزلىرىدىن چىقتى - ھە، مىرزام، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — ئۇنداق بولسا قىدىرخان ھەزرەتلىرى ئۆزلىرى گۇۋاھ بولۇپ بەرسىلە، مەن ھازىرلا سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىمەن. ئىستېداتسىز كىشىلەر خانلىق دىۋانخانىدەك ئالىي ئىلىم قەسىرىنىڭ باش مىرزىلىقىنى قىلسا، خانلىقىمىزنىڭ بۈيۈك سەلتەنەتىگە نۇقسان يېتىدۇ. خان ئالىيلىرى دەرھال باش مىرزا ئالماشتۇرغاي.

مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ چاقچاق ئارىلاش تەنبىھىگە مىرزا مەھمۇد باش ئېگىپ سۇكۇتتە تۇردى. باش مىرزىدىن ھېچبىر سادا چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قىدىرخان ئۇستاز بىلەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاگاھ بولۇڭ، مەۋلانىم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز كۈلۈپ تۇرۇپ، — باش مىرزىلىق ئورنىڭىزغا كۆز قىزارتىۋاتقانلار يېنىڭىزدا بار ئىكەن. ئىستېداتىڭىزغا مەن كېپىل، «دىۋانى فانى»نى سۇلتانلىقىمىزدا سىزدەك ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلالايدىغان كامالەت ئىگىسى تولىمۇ ئاز.

شۇ دەقىقىدە ئىلىم يولىدىكى مەسلەكداش، كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى قولداش، جان كۆيەر بۇ ئۈچ دوستنىڭ كۆزلىرىدە بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچ نۇرلىرى يالتىرايتتى.

شۇ ئەسنادا دىۋانخانا خىزمەتكارى كىرىپ كەلدى:

— باش مىرزىنىڭ قەسىرىدىن مۇلازىم كەلدى.

— كىرسۇن، — دېدى باش مىرزا جىددىي تەرزدە.

ھايال ئۆتمەي ئاددىي كىيىنگەن مۇلازىم يىگىت كىرىپ كەلدى -

دە، ئولتۇرغانلارغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگىنىچە ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئولتۇرغانلار سالامىنى ئىلىك ئېلىپ، ئورۇنلىرىدىن بىرئاز قىمىرلاپ.

مىرزا مەھمۇد يىگىتكە «نېمە ئىش؟» دېگەن تەرزدە تىكىلدى.

— خوش خەۋەر، مىرزام، — دېدى يىگىت، — ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزى يورۇدى.

شۇ ھامان قىدىرخان ئۇستاز قاتارلىق ئۇچەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئىلاھە ئامىن. ئاغىچا خېنىم ۋە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان پەرزەنتنىڭ تېنى سالامەت، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

دۇئا تۈگىگەندىن كېيىن قىدىرخان ئۇستاز بىلەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى مىرزا مەھمۇدنى قىزغىن مۇبارەكلەشتى. پەرزەنت خۇشاللىقىدا ھاياجانلانغان باش مىرزىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى، شۇ تۇرقىدا دادا بولۇش خۇشاللىقى ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى.

— ئېيت، ئوغلۇم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز خىزمەتكار يىگىتكە قاراپ، — پەرزەنت ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟

— خۇدا قىز پەرزەنت نېسىپ قىلدى، ھەزرىتىم، — دېدى يىگىت ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ياراتقان ئىگەم بەخت - تەلىيىنى بەرسۇن، ئىلاھىم، ئال، يىگىت، بۇ ئەكەلگەن قۇتلۇق خەۋىرىڭنىڭ سۆيۈنچىسى بولسۇن، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى يىگىتكە بىر تال تىللانى ئۇزارتىپ.

— ئاغىچا خېنىم بىلەن بالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى مىرزا مەھمۇد تەقەززالىق بىلەن.

— ئەش ئانىنىڭ① ئېيتىشىچە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىكەن.

---

① ئەش ئانا — تۇغۇت ئانىسى.

— پەمىمچە، شۇ تۇرقىدا مەۋلانەمنى پەرزەنتىمنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش ۋەسۋەسىسى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتىدىغۇ دەيمەن. قوپسىلا، مىرزا ھەيدەر، بىزمۇ ئاستا ئورنىمىزدىن قوزغىلايلى.

ئۇلار كېتىش تەرەددۇتىدا ئورنىدىن قوزغالدى.

— سەل - پەل تەخىر قىلىشسىلا، — دېدى مىرزا مەھمۇد ئۇلارنى توختىتىپ، — ئىككىلىرىگە كىچىككىنە ئىلتىجايىم بار. ھەزرەتلىرىم بىلەن مۇلاقەت بولۇپ تۇرغان بۇ قۇتلۇق سائەتتە ئاغىچامنىڭ كۆزى يورۇپ پەرزەنتىم دۇنياغا كەپتۇ، مالال كۆرمەي پەرزەنتىمگە مۇۋاپىق بىر ئىسىم تاللاپ بېرىشكەن بولسىلا، كەمىنىلىرىنىڭ بۇ خۇشاللىقىغا يەنە بىر خۇشاللىق قوشۇلغان بولاتتى.

— بۇ ياخشى تەلەپنى جان دەپ ئورۇنلىغايمىز، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى خۇشاللىق بىلەن، — يەنىلا قىدىرخان ھەزرىتىم بىر نېمە دېگەي.

قىدىرخان ئۇستاز ساقىلىنى سىلاپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆز ئاچتى:

— ئەزىز پەرزەنتىمىز سۇلتانلىقىمىزنىڭ پاراغەتلىك، ئەمىنلىك كۈنلىرىدە دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ، شۇڭلاشقا خاتىرجەم، تىنچلىق، ئامانلىق كۈنلەردە تۇغۇلغان بۇ قىزىمىزغا ئانا تىلىمىزچە «ئامان» ئىسمىنى تاللاپ، ئەرەبچە «قىز»نى ئىپادىلەيدىغان «نىسا» سۆزىنى قوشۇپ «ئامانىنسا» دەپ ئىسىم قويساق، قانداق دەيسىلەر؟

— ئەينى مۇددىئا، بۇ تولىمۇ يارىشىملىق ئىسىم بولىدى، — دېدى مىرزاھەيدەر كۆرەگانى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — قىزىمىز ئامان - ئېسەن، سالامەت چوڭ بولغاي.

— ئۇستاز ھەزرىتىمنىڭ قىزىمغا ئىسىم تاللاپ بەرگىنىگە ھەشقاللا، — دېدى مەھمۇد مىرزا رازىمەنلىك بىلەن.

ئۇلار دىۋانخانىدىن بىللە چىقىشتى. قىدىرخان ئۇستاز بىلەن مىرزاھەيدەر كۆرەگانى شاھ قەسرى تەرەپكە ماڭدى. مىرزا مەھمۇد مۇلازىم يىگىت بىللە ئوردا دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

# مۇزىكىغا ھېرىسمەن بوۋاق

ئامانىنىسانىڭ تۇغۇلۇشى مىرزا مەھمۇدنى ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئايالى گۈلجەمىلە ئاغىچا بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى قېتىم يەڭگىگەن بولسىمۇ، لېكىن بالا تۇغۇلۇپلا چاچراپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى پەرزەنت ئىشقىدا داغلىۋەتكەنىدى. بۇ ئۈچىنچى پەرزەنتىگە قىدىرخان ئۇستازنىڭ ئامانلىق، ئېسەنلىك، سالامەتلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئامان» دېگەن ئىسمىنى تاللاپ بېرىشى مىرزا مەھمۇدقا بىر ياخشىلىقتىن بېشارەت بولۇپ بىلىنگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ شۇ كۈنى ئۆيگە كېلىپلا ئايالى گۈلجەمىلە ئاغىچىدىن ئېسەنلىك سوراپ بولغاندىن كېيىن، يىپەك يۆگەكتە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ، قىزىنىڭ ئىسمىنىڭ «ئامانىنىسا» بولىدىغانلىقىنى ھاياجان ئىلكىدە جاكارلىدى. ئەتىسى ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن قايتىپ كىرىپلا بوۋاقنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى - دە، جايناماز ئۈستىگە چىقىپ، بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇپ «ئامانىنىسا» دېگەن ئىسمىنى رەسمىي يوسۇندا قويدى ۋە ئاللادىن قىزىنىڭ ئامان - ئېسەن، سالامەت چوڭ بولۇشىنى تىلىدى.

ئامانىنىسا يېشىغا تولۇپلا تەم - تەم ماڭدى ۋە چۈچۈك تىلى چىقتى. بالىنىڭ ھەربىر ھەرىكەت، قىلىقى بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدىغان بۇ ئائىلىگە كىچىك ئامانىنىسانىڭ مېڭىشى ۋە تاتلىق - چۈچۈمەل گۈڭگىراپ سۆزلەشلىرى خۇددى تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاشلا چوڭ خۇشاللىق بېغىشلىدى.

بوۋاقنىڭ بىر ئىشى مىرزا مەھمۇد بىلەن گۈلجەمىلە ئاغىچىنى ھەيران قالدۇرغانىدى، يەنى قاتتىق قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاق مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىسا دەرھال توختايتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا دەسلەپتە تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغاندەك

تۆيۇلدى. شۇنداقتىمۇ، مىرزا مەھمۇد بۇ ئىشنى دىققەت نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمىدى. بوۋاق يەنە بىر قېتىم يىغلىغاندا تامغا ئېسىپ قويغان تەمبۇرنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. ناخۇننىڭ پولات تارغا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان كۈي ئۆي ئىچىگە تارىلىشى بىلەن بوۋاق شۇ ھامان يىغىسىنى توختىتىپ، قارا قاقتەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خۇددى مۇزىكىغا ئەسىر بولۇپ زوق ئېلىۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشاش جىمىپ كەتتى. بۇ ئىش ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەيرانلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

— خۇدايا توۋا، — دېدى مىرزا مەھمۇد ھەيران بولغان ھالدا گۈلچەمىلە ئاغىچىغا قاراپ، — قارىسىلا، ئاغىچا. بۇ بالىدا چوقۇم بىر سېھىر ـ ھېكمەت بار، تېخى بىرنەچچە ئايلىق بولغان بۇ بوۋاقنى مۇزىكا چۈشىنىدۇ، مۇزىكىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ، دېسە، كىممۇ ئىشىنەر؟

— بىلگۈچى ئۇلۇغ ياراتقان ئىگەم، — دېدى گۈلچەمىلە ئاغىچىمۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، — مەنمۇ ئۆزلىرى دىۋانخانىغا كەتكەن ۋاقىتلاردا دۇتار چېلىپ بېرىپ بالىنىڭ يىغىسىنى توختىتاتتىم. بالا مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىسا دەرھال يىغىدىن توختايدۇ.

مىرزا مەھمۇدتىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان قىدىرخان ئۇستاز بىلەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن بىر كۈنى مىرزا مەھمۇدنىڭ قەسرىگە كېلىشتى. ئۇلار بوۋاقنىڭ يىغلىشىنى كۈتۈپ چاي ئىچىشكەچ، شېئىرىيەت، مۇزىكا ۋە خانلىق ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا نەقىشلىك بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان بوۋاق ئويغىنىپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىدى، يىغلىدى، قېنى تەمبۇرنى قوللىرىغا ئالسىلا، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى تەقەززالىقىنى يوشۇرماي.

مىرزا مەھمۇد تامغا ئېسىپ قويغان سازلار ئارىسىدىن

تەمبۇرنى ئېلىپ، قىدىرخان ئۇستازغا ئىككى قوللاپ تۇتتى:

— قېنى، ھەزرىتىم، بۇ ئاجايىپ مۆجىزىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئىسپاتلاپ باقسىلا.

قىدىرخان ئۇستاز ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلماي ئولتۇرماي تەمبۇرنى قولىغا ئالدى ـ دە، تەمبۇرنى سازلىغاچ تارلارنى يەڭگىل تىرىڭشىتىۋىدى، نەتىجىسى ئوخشاش بولدى. قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەھمۇد بىلەن مىرزا ھەيدەرگە قاراپ كۆز قىسىپ قويىدى ـ دە، پولات تارغا رىتىملىق ھالدا ناخۇن ئۇرۇشقا باشلىدى. تەمبۇردىن تارىغان يېقىملىق كۈي بىلەن تەڭ بۆشۈكتىكى بوۋاق دەرھال جىم بولدى. قىدىرخان ئۇستاز بارلىق ماھارىتىنى چىقىرىپ، بىر پەدە تەمبۇر چېلىپ بولغاندىن كېيىن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، بۆشۈكتىكى جىمجىت ياتقان بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، مەۋلانە، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەھمۇدقا قاراپ، — ئەزىز پەرزەنتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر سېھىر ـ ھېكمەت بار ئىكەن. بايا تەمبۇر تارىنى قالايمىقان تىرىڭشىتىۋىدىم، بوۋاقفا زىنھار تەسىر قىلمىدى. بۇ ھەقىقەتەن مۇسىقى ـ مۇغەننىگە ھېرىسمەن بوۋاق ئىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن بالا يىغلىغاندا ئەمەس، ئۇخلىغاندىمۇ ياكى ئويغانغاندىمۇ داۋاملىق مۇزىكا چېلىپ بېرىپ تۇرۇڭ، خۇدا ئۇنىڭغا مۇسىقى ـ مۇغەننىلىك ھەۋىسىنى سالغان ئوخشايدۇ.

## بالىلىق ھەۋەس

ئامانىنىسا بەش ياشقا قەدەم قويىدى. قىزىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مىرزا مەھمۇد دىۋانخانىدىن كۆرە ئۆيىدە كۆپرەك تۇرىدىغان بولدى. ئۇ دىۋانخانىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى ئورۇنباسارلىرىغا تاشلاپ قويۇپ، دىۋانخانىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئۆيىدە بېجىرەتتى. ئۇ ئۆيىدە يېزىش،

تەكشۈرۈش، بېكىتىش بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا كىچىككىنە ئامانىنىسا شېئىرنىڭ قېشىغا كېلىۋېلىپ، دادىسى ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ياسىتىپ بەرگەن قومۇش قەلەمنى بۇدرۇق قوللىرى بىلەن مەھكەم قىسقىنىچە سىياھدانغا مىلەپ دادىسىدىن ئالغان ساۋاقلىرىنى چىرايلىق ئىنشا قىلىپ يېزىشقا كىرىشەتتى. چۈنكى، ئۇ تۆت يېشىدىلا ئانا تىلىدىن ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغانىدى. قىزىنىڭ چىرايلىق يازغان ئىنشالىرىنى كۆرگەن مىرزا مەھمۇدنىڭ دىلى سۆيۈنەتتى، قىزىنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ئىمكان بار تولۇق ئورۇنلايتتى.

— ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىڭا، دادا، مەنمۇ ئاڭلاي.

مىرزا مەھمۇد قىزىنىڭ تەلىپى بويىچە كۆچۈرۈلمىسىنى تەكشۈرۈۋاتقان دىۋانلاردىكى شېئىرلارنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتى، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدۇرۇپ ئاڭلاشقا ۋە ساز چالدۇرۇپ ناخشا ئاڭلاشقا ئامانىنىسا تولىمۇ خۇشتار ئىدى. ئۇ دېكلاماتسىيەنى ۋە ناخشا ـ سازلارنى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلايتتىكى، ئىككى ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرسا قىمىر قىلىپمۇ قويمايتتى، گاھى ۋاقىتلاردا ئېسىدە قالغان مىسرالارنى يېرىم ـ يارتا ھالەتتە دادىسىغا چۈچۈك تىلى بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى. بويىدىن نەچچە باراۋەر چوڭلۇقتىكى سازلارنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، بۇ چالغۇلارنىڭ قانداق قىلىپ ئاھاڭ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى، تۇرۇپ زىل تارلارنى تىرىڭشىتسا، تۇرۇپ بوم تارلارنى تىرىڭشىتاتتى، ساتارنىڭ كامانچىسىنى تارىغا قاملاشتۇرۇپ سۈركىيەلمەي ئاۋارە بولۇپ كېتەتتى. دۇتار، تەمبۇرلارنىڭ تارلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۇلىيالماي جىلە بولاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا قىزىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى بىر چەتتە كۆزىتىپ ئولتۇرغان مىرزا مەھمۇد ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلانغان كۈلكىلىك بىر ئويۇننى كۆرگەن تاماشىبىندەك ھۇزۇرلىنىپ خىرىلداپ كۈلەتتى.

ئامانىسانىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا بولىغان ئالاھىدە قىزىقىشى مىرزا مەھمۇدتا قىزىغا شېئىر يادقا ئالدۇرۇش ئويىنى پەيدا قىلدى. ئۇ بىر كۈنى ئامانىسانى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ مۇددىئاسىنى ئېيتتى.
— شېئىر ئۆگىتىپ قويايمۇ، قىزىم؟
— راستما؟ ۋاي بەك ياخشى بولدى. مەن شېئىر ئۆگىنىدىغان بولدۇم، — ئامانىسا خۇشاللىقىدىن دادىسىنىڭ مەڭزىگە توختىماي سۆيۈپ كەتتى.
— قېنى ئەمىسە، قەغەز - قەلىمىڭىزنى تەييارلاڭ، قىزىم، — دېدى مىرزا مەھمۇد.
ئامانىسا قەغەز - قەلەم، سىياھدانىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ تەخ بولدى.
— مەن بىر باشتىن ئېيتىپ بېرىمەن، سىز يازىسىز، يېزىپ بولغاندىن كېيىن قانداق دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويىمەن. شۇ بويىچە يادقا ئالىسىز.
مىرزا مەھمۇد بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مەشھۇر پارس شائىرى شىرازىينىڭ بىر رۇبائىيسىنى دانىمۇدانە قىلىپ ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى. ئامانىسا قومۇش قەلەمنى سىياھدانغا مىلەپ خۇش خەتچىلەپ چىرايلىق قىلىپ يېزىشقا كىرىشتى.
— قېنى ئەمدى يازغىنىڭىزنى ئۆزىڭىز بىر ئوقۇپ بېرىڭا، قىزىم، — دېدى مىرزا مەھمۇد.
ئامانىسا تېخى سىياھى قۇرۇمىغان قەغەزنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

يەي دېسە پۇقرا بېغىدىن پادىشاھ بىر ئالمىنى،
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى.
گەر كۆرسە تۆت تۇخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا،
مىڭ توخۇنى زىخقا تارتار لەشكىرىدىن قانچىسى.

— ھەببەللى، توغرا يېزىپسىز، قىزىم، — دېدى مىرزا مەھمۇد ئامانىنىسانى رىغبەتلەندۇرۇپ، — مەن سىزگە بىر قېتىم دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەي، ھە، دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ. ئاۋاز ئۇرغۇمىزنى مانا مۇنداق چىقىرىمىز.

دادا بىر مىسرا دېكلاماتسىيە قىلسا، قىزى بىر مىسرا ئەگىشەتتى. دادا رازى بولمىغان مىسرالارنى قىزىغا قايتا دېكلاماتسىيە قىلدۇراتتى. ئاخىر ئۇ بىر ئاز قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن شېئىر يېزىلغان قەغەزنى قىزىغا قايتۇرۇپ بەردى.

— ئېلىڭ، قىزىم، ياغقا چىقىپ يادلاپ كىرىڭ.

دادا ئامانىنىسانى ياغقا چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن شىرەگە مۈكچىيىپ باياتىن بېرى تاشلىنىپ قالغان «دىۋانى فانى»نىڭ تەرجىمىسىگە كىرىشىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر چۆگۈن چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئامانىنىسا سىرتتىن چۈگۈلداپ سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— دادا، دادا، مەن يادلاپ بولدۇم. سىزگە ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— راستىلا يادلاپ بولدىڭىزمۇ، قىزىم؟ — مىرزا مەھمۇد قەلەمنى سىياھدانغا مىلەپ قويۇپ قىزىغا يۈزلەندى، — قېنى بىر ئوقۇڭا، ئاڭلاپ باقاي.

ئامانىنىسا شېئىرنى تولۇق يادقا ئوقۇپ بەردى.

— ھۇششەرە، تېخىمۇ ئەقىللىك بولۇڭ، قىزىم، — دېدى دادا قىزىنىڭ پېشانىسىگە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى چىقىپ ئانىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ، قىزىم، مەنمۇ ئىشىمنى قىلىۋالاي.

— ماقۇل، دادا، — ئامانىنىسا كەينىگە يېنىشقا تەمشىلىپ بولۇپ يەنە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

— گېپىڭىز بارمىدى، قىزىم؟

— غالچىشى دېگەن ئەشكى ئادەممۇ، دادا؟

قىزىنىڭ كۆتمىگەن بۇ سوئالىنى سورىشى مىرزا مەھمۇدنى دەقىقە ئويلاندۇرۇپ قويدى.
— غالچىشى ئەمەس، غالچىسى دەڭ، قىزىم، — دېدى قىزىنىڭ گېپىگە تۈزىتىش بېرىپ.
— ئىشقىلىپ، غالچىسى ئەشكى ئادەم ئىكەن ـ ھە، دادا؟
— شۇنداق، قىزىم، غالچا دېگەن ھەقىقەتەن ئەسكى ئادەم. ئۇلارنى ئادەم دېمىسەكمۇ بولىدۇ.
— نېمىشقا ئەشكى ئادەملەرمۇ بولىدۇ؟
دادا قىزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا سورىغان بۇ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە بىر ئاز ئويلىنىۋالدى.
— بۇنى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىۋالىسىز، قىزىم.
ئامانىسا دادىسىنىڭ جاۋابىغا قايىل بولمىغان ھالدا ئاستا كەينىگە ياندى.

## شائىرلار سۆھبىتىدە

مىرزا مەھمۇدنىڭ ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىغان بۇ قەسرى ئاستانىدىكى شائىر، ئالىم ۋە مۇقامچىلارنىڭ پات ـ پات يىغىلىپ تۇرىدىغان سۆھبەتگاھى ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ سۆھبەتلەرگە قىدىرخان ئۇستاز، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى، ئاياز بېك قۇشچى، مەۋلانە يۇسۇپ قەشقەرىي، مەۋلانە خۇلقى قاتارلىق زامانىسىنىڭ كاتتا شائىر، ئالىملىرى ئىشتىراك قىلاتتى. مۇشائىرە ئېيتىشىشلار، يېڭىدىن يازغان شېئىرلارنى ئوقۇشلار، مۇقام ئېيتىشلار، شېئىرىيەت، مۇزىكا، پەلسەپە، ئەخلاق، تىل ـ ئەدەبىيات، ئىلمىي نۇجۇم، تېبابەت، تارىخ، قوشنا ۋە يىراق ئەللەردىكى يېڭىلىقلار ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە، قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىلەر مەيلى يازنىڭ قىسقا كېچىلىرى بولسۇن، مەيلى قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى بولسۇن تاڭغا ئۇلىناتتى.

كىچىككىنە ئامانىنىسا بولسا ئەنە شۇ سورۇندا بولۇنغان پاراڭلارنى بىر چەتتە ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇيقۇسى كەلگۈچە تىڭشايتتى. يۇمران قەلبىدە بولسا شېئىرىيەتكە، مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياق ھەسسىلەپ ئاشاتتى. گاھى ۋاقىتلاردا سورۇن ئەھلى ئەقلى ئۆتكۈر بۇ كىچىككىنە قىزنى شېئىر ئوقۇشقا سالاتتى. بۇنداق چاغدا ئامانىنىسا تارتىنىپ ئولتۇرمايلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ لۇتفىي، سەككاكىي، يۇكنەكىي، نەۋايى، سەئىدخان، قىدىرخان، ئايازىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تۇغرا، ئۇرغۇلۇق دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپ، سورۇننىڭ مەزمۇنىنى بېيىتاتتى ۋە سورۇن ئەھلىنىڭ دۇئا - ماختاشلىرىغا ئېرىشەتتى.

— بۇ قىزىمىزدا ئاجايىپ بىر شېئىرىي ئىستېدات بار، — دەيتتى قىدىرخان ئۇستاز ھەر قېتىم ئامانىنىسا شېئىر يادلاپ بەرگەندە خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ، — قىزچاقنى ياخشى تەربىيەلەپسىز، مەۋلانە، شۇنداقتىمۇ پەرزەنتنى مەكتەپكە بەرمەكلىك زۆرۈر. خانلىق مەدرىسەگە ئاپىرىپ بېرىڭ. شۇ يەردە مەلىكە، خانزادىلەر بىلەن بىللە تەربىيە ئالسۇن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دەيتتى مىرزا مەھمۇدمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — يەنىلا مەدرىسەگە بېرىپ خەلپەتلەردىن يورۇشلۇك تەربىيە ئالغىنى ياخشى ئوخشايدۇ.

بىر كۈنى مىرزا مەھمۇدنىڭ بېغىدىكى راۋاقتا شائىر، مۇقامچىلار يەنە جەم بولۇشتى ۋە نەۋايىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە بىرھازا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. بۇگۈنكى سورۇننى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى مۇنازىرىنىڭ سۇسلىشىپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، شائىر ئايازىيغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئايازىي تەخسىرنى تۈنۈگۈن ناھايىتى كاتتا بىر غەزەل يېزىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. مۇمكىن بولسا ھازىر ھەممەيلەن ئاشۇ شېئىردىن تەڭ ھوزۇرلانغان بولساق.

سورۇن ئەھلى «مەرھابا»، «مەرھەمەت قىلىڭ» دېيىشىپ

ئايازىيغا تىكىلىشتى.
— ئەمىرلەشكەر تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، — دېدى شائىر ئايازبېك قۇشچى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىغا قاراپ، — بۇ غەزەلنى بەك كاتتا دېگۇچىلىكى يوق، ئادەتتىكىچىلا چىققان. ھەربىرلىرى ئاڭلاشنى مەقبۇل كۆرۈشسىلە، ئېيتىپ بېرەي.
ئايازبېي پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر ئوتلام ئىچىۋالغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويۇپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

نەرگىسىڭ جادۇسىدىن ھەردەم يۈرەك قاندۇر ماڭا،
سۇنبۇلۇڭ سەۋداسىدىن خاتىر پەرىشاندۇر ماڭا.

ئىشقىدىن بىر زىندە گانلىخ ئاڭلىدىم، دىشۋار ئىمىش،
ئەمدى بىر سائەت جۇدا بولماق نە ئىمكاندۇر ماڭا.

نالە قىلسام ئىردى رەھمى قىلغاي ئىردىڭ، ۋەھ، قانى،
كىم فىراقىڭ زەئىفىدىن بىر چىقماغان جاندۇر ماڭا.

نە قىلاي گۇلشەن تاماشىسىنى، ئەي گۇلچېھرە كىم،
باغى رىزۋان ئۆلسە سەنسىز، بەيتۇل — ئەھزاندۇر ماڭا.

ئەبر ئەمەس ھەردەم دۇر ئەفشان، ئەي ئايازبى، كويىدا،
ھالى زارىمنى كۆرۈپ ئەفلاك گىرياندۇر ماڭا.

يەشمىسى:
(جادۇ كۆزلىرىڭ تۈپەيلىدىن دائىم يۈرىكىم قان،
سۇمبۇل چاچلىرىڭدىن ھەمىشە كۆڭلۈم پەرىشاندۇر.

ئۇنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن ھاياتىمنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم. ئەمدى ئۇنىڭدىن بىر سائەت

ئايرىلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

ناله قىلالىغان بولسامىمۇ رەھىم قىلار ئىدىڭ، ۋاھ، قېنى
شۇ ناله پىراقىڭدا شۇقەدەر زەئىپلىشىپ كەتتىمكى،
تېنىمدە چىقمىغان بىرلا جان قالدى.

ئەي گۇل يۈزلۈك يار، گۈلشەننى تاماشا قىلىپ نېمە قىلاي،
سەنسىز جەننەت بىغىمۇ ماڭا غەم ـ غۇسسە ماكانىدۇر.

ئەي ئايازىي، دائىم ئۇنچە تۆكۈۋاتقىنى بۇلۇت ئەمەس،
بەلكى مېنىڭ خارۇزار ھالىتىمنى كۆرۈپ پەلەك يىغلاۋاتىدۇ.)

— بارىكاللا خويمۇ پاساھەتلىك چىقىپتۇ، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ھاياجانلانغان ھالدا.

باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن ماختاشتى.

مەكتەپ يېشىغا يېقىنلاشقانسېرى تېخىمۇ ئەقىللىك، زېرەك بولۇپ ئۆسۈۋاتقان ئامانىسا شائىر ئايازبېگنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، قۇلىقىغا پىچىرلىدى. مىرزا مەھمۇد قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى ـ دە، شائىر ئايازبېگقا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

— ئايازبېي ئۇستازنىڭ بايا ئوقۇغان غەزىلىنى قىزىمنىڭ يادقا ئېلىۋالغۇسى بار ئىكەن. بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالسام دەيدۇ.

— ئەقىللىك قىزىمىزغا يارىغان بولسا، شېئىر ئايلانسۇن، — دېدى ئايازبېك قوشچى قويۇن يانچۇقىدىن تۈت پۈكلەكلىك بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، — ئېلىڭ، قىزىم.

ئامانىسا شېئىرنى دەرھال كۆچۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ئەمدى قىدىرخان ئۇستاز بىر پەدە مۇقام ئېيتىپ بەرسە،

ئاندىن سورۇنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرساق قانداق بولۇر، تەخسىرلىرىم؟ — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى.

قىدىرخان يەركەندىي تەكەللۇپسىزلا تامغا يۆلەكلىك ساتارنى قولىغا ئالدى ـ دە، سازلىغاچ جاۋاب بەردى:

— تېخى يېقىندىلا سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىنىڭ بىر پارچە غەزىلىنى ئاھاڭغا سېلىۋىدىم، شۇنى ئېيتىپ بېرەي. تەخسىرلىرىم، ئاڭلاپ بېقىشسىلا.

سورۇن ئەھلى جىم بولۇشتى. قىدىرخان يەركەندىي مۇقامنى باشلىدى:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

ھۆرى بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.

## شېئىرغا ھەۋەس

مىرزا مەھمۇد ئامانىنىسانى خانلىق مەدرىسەنىڭ ئالىي نەسەبلىك ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى تەربىيەلىنىدىغان دەرسخانىسىغا ئاپىرىپ بەردى. يېڭى مۇھىت — مەكتەپ ۋە مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئامانىنىسانى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان بۇ يوغان دەرسخانىغا ئۇزۇنىسىغا يەتتە قاتار، ھەربىر قاتارىغا ئون دانىدىن قىلىپ بىر كىشىلىكتىن كىچىك شىرە، شىرەنىڭ بېقىنىغا رەئىل[1] قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار شىرەنىڭ تۆۋىگە قاتلاپ سېلىپ قويۇلغان كىمخاب كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى. گەرچە ئامانىنىسا ساۋاقداشلىرىنىڭ

① رەئىل — كىتاب قويۇپ ئوقۇيدىغان كىچىك كىتابدان.

ئەڭ كىچىكى بولسىمۇ، ھېساب ئىلمى، گىرامماتىكا قاتارلىق دەرسلەرنى تېزلا ئۆگىنىپ ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋالدى.

مەكتەپتە ھەر خىل پەنلەرگە ئائىت دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ئامانىنىسا شېئىرىيەت بىلەن مۇزىكا دەرسىگە بەكرەك قىزىقاتتى. ئۇستازى يادلاشنى ۋەزىپە قىلىپ بەرگەن شېئىرلاردىن تاشقىرى يەنە بىرمۇنچە شېئىرلارنى يادلىۋالاتتى ـ دە، يادلىغان شېئىرلارنى ساۋاقداشلىرىغا ئوقۇپ بېرەتتى.

ئامانىنىسانىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا نۇرغۇن شېئىرلارنى ياد ئوقۇشى، قالۇن، تەمبۇر، دۇتار، ساتار قاتارلىق سازلارنى قولىغا ئېلىپ، ئاددىي ئاھاڭلارغا خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەدە چالالىشى ئۇستازىنىمۇ ھەم ساۋاقداشلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى.

شۇ سەۋەبلىك ئۇستازىمۇ، ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. ئامانىنىسا خۇش خەت دەرسىگىمۇ ئالاھىدە قىزىقاتتى. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ ئالتە ئاي ئۆتكەندە ئۇيغۇر ھۆسنخەت شەكلىنىڭ ئون نەچچە خىل ئۇسلۇبىنىڭ ھەممىسىنى پۇختا ئىگىلىۋالدى. يازغان خۇش خەتلىرىنىڭ چىرايلىق ـ نەپىسلىكى، ئىملالىرىنىڭ توغرىلىقى جەھەتتە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئەڭ ئالدى ھېسابلىناتتى.

ئائىلىدە دادىسى مىرزا مەھمۇدتىن خېلىلا يۇرۇشلۇك تەربىيە ئالغان ئامانىنىساغا مەكتەپتە ئۇستازلىرى ئايرىم دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئامانىنىسا ساۋاقداشلىرىدىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. ساۋاقداشلىرى دەرسخانىنى بېشىغا كىيىپ ئاددىي دەرسلەرنى يادلاشقا چۈشكەندە، ئامانىنىسا دەرسخانىدىن غىپپىدە يېنىپ چىقاتتى ـ دە، مەدرىسە بېغىنىڭ خالىي يېرىگە بېرىۋېلىپ «گۈلىستان»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق كىتابلارنى، لۇتفىي، نەۋايى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرىنى ئوقۇيتتى ۋە شۇنىڭ تەسىرىدە شېئىر يېزىشقا كىرىشەتتى. ئەمما، ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى

ئۇستازلىرىدىن، ساۋاقداشلىرىدىن، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ خۇپىيانە تۇتاتتى...

شېئىر ھەۋىسى ئامانىنىسانى تولىمۇ خىيالچان قىلىپ قويدى. ئۇ گاھى مەدرىسە باغچىسىنىڭ خىلۋەتگاھىدا، گاھى ئۆز قورۇسىنىڭ چاققانغىنا بېغىدا سائەت ـ سائەتلەپ تەپەككۇر دۇنياسىغا ئەسىر بولسا، گاھى ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئاشۇ بالىلىق تەپەككۇرلىرىنى، بالىلارچە ساددا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئانىسى گۈلجەمىلە ئاغىچا قىزىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتكىنىنى كۆرگەندە، مۇشتۇمدەك قىزىنىڭ تەشتۇشلىرىغا ئوخشاش قورچاق ئويناشقا ھەۋەس قىلماي، كىتاب ئوقۇشقا بېرىلگىنىدىن تولۇپ خۇشاللىناتتى، تولۇپ قىزىنىڭ زىيادە چارچاپ كېتىپ ئاغرىپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بىر كۈنى گۈلجەمىلە ئاغىچا ئامانىنىسانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. بېرىلىپ شېئىر يېزىۋاتقان ئامانىنىسا ئانىسىنى كۆرۈپ، سىياھى قۇرۇمىغان قەغەزنى ئالدىراپ ـ تېنەپ يوشۇرۇشقا تۇتۇندى.

— بىرئاز ھاردۇق ئېلىۋېلىڭ، قىزىم، — دېدى ئانا قىزىغا كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ، — خانىش بىر قانچە مىرزا، ئەمىرلەرنىڭ ئاغىچىلىرىنى ھەرەمگە چايغا تەكلىپ قىپتۇ، مەن بىلەن بىللە بارامسىز، قىزىم؟

— سىلى بېرىپ كەلسىلە، ئانىجان، — دېدى ئامانىنىسا شېئىرىي ئىلھامىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشكە ئالدىراپ.

— بارغان بولسىڭىز مەلىكە ـ خانزادىلەر بىلەن ئويناپ كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالاتتى، — دېدى ئانا يەنە دەۋەت قىلىپ.

— ئۇ مەلىكە ـ خانزادىلەر بىلەن كۈندە مەكتەپتە ئويناپ زېرىكىپ كەتتىم، بارغۇم يوق، ئانىجان، — دېدى ئامانىنىسا ئانىسىنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلىپ، — ئۇستازىم بەرگەن ساۋاقنى تەكرار قىلىۋالمىسام بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئەكبىلىڭلا ساۋاقلىرىڭىزنى، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى گۈلجەمىلە ئاغىچا.

— تېخى تولۇق كۆچۈرۈپ بولالمىدىم، — دېدى ئامانىسا ئىزتىراپقا چۈشۈپ، — پۈتكەندە ھەممىسىنى بىراقلا كۆرسىتەي، ئانىجان.

ئانا قىزىنى ئانچە مەجبۇرلاپ كەتمىدى.

ئامانىسا يازغان شېئىرلىرىدىن ئانچە قانائەت ھاسىل قىلمىغاچقا ئانىسىغا كۆرسىتىشنى خالىمايۋاتاتتى.

دەسلەپتە ئامانىسا يازغان شېئىرلىرىنى دادىسىغا كۆرسىتىپ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يازمىلىرىنىڭ دادىسىغا يارىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى، كېيىنچە قايتا - قايتا ئويلىنىپ بىر مەزگىل خۇپىيانە ئىجادىيەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

### «نەفىسە»

بىرنەچچە يىللىق مەكتەپ ھاياتى ۋە دادىسى مىرزا مەھمۇدنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى نەتىجىسىدە ئامانىسا مەنتىق، پەلسەپە، ھېساب ئىلمى، ئىلاھىيەت، تارىخ قاتارلىق پەنلەرنى چوڭقۇر ئۆگەنگەندىن سىرت، ھۆسنخەت، شېئىرىيەت ۋە مۇزىكىنى خېلىلا پۇختا، سىستېمىلىق ئۆگەندى. ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى تاللاپ، ئۆزىگە يارىغانلىرىنى ئايرىم كۆچۈردى. يارىمىغانلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. شېئىرغا بولغان قايناق ھەۋىسى ئۇنى توختىماي شېئىر يېزىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ گاھى كۈنلىرى شېئىر يېزىپ چارچاپ كەتكەندە شىرەگە بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالاتتى.

بىر كۈنى قىدىرخان ئۇستاز بىلەن بىللە ئۆيگە كەلگەن مىرزا مەھمۇد پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ئامانىسانى كۆرۈپ ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاستا كۆتۈرۈپ، ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويماقچى

بولۇۋىدى، قىدىرخان ئۇستاز شەرەت قىلىپ توختىتىۋالدى.
— قىزچاقنىڭ ئارامىنى بۇزمايلى، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئاستا پىچىرلاپ، — بىردەم ئۇخلىۋالسۇن.
شۇ ئەسنادا قىدىرخان ئۇستازنىڭ نەزىرى شىرە ئۇستىدىكى سىياھدانغا باستۇرۇپ قويۇلغان ئىككى ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان شېئىرغا چۈشتى. قىدىرخان ئۇستاز قىزىقىپ قەغەزنى قولىغا ئالدى ــ دە، ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىرنى ئوقۇغانسېرى قىدىرخان ئۇستازنىڭ چېھرىدە مەمنۇنلۇق، ھاياجانلىنىش ئىپادىلىرى پەيدا بولدى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈنلۈك تۇۋلاپ سالدى:
— بارىكاللا! قىزىمىز ئەسلىدە بىر شائىرە بولۇپ يېتىشىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، مەلاۋنە.
مىرزا مەھمۇد قىدىرخان ئۇستازنىڭ بۇ سۆزىنى چۈشەنمەي گاڭگىراش ئىلكىدە جاۋاب بەردى:
— يوقسۇ، ئۇستاز، بۇ قىزىمىزنىڭ شېئىرى ئەمەس. ئادەتتە ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شېئىرلارنى قايتا كۆچۈرۈپ يېزىشقا ئامراق. بەلكىم باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرى بولسا كېرەك.
— يېڭىلىشتىڭىز، مەۋلانە، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەھمۇدنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، شېئىر يېزىلغان ئىككى پارچە قەغەزنى ئۇزارتىپ تۇرۇپ، — مانا ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ. غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىكى «ئامانىنا» سۆزى قىزىمىزنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى بولماي نېمە؟ تاكى ھازىرغىچە ئامانىنا ئىسىملىك شائىرنىڭ شېئىرىنى ئۇچراتقانمۇ سىز؟
مىرزا مەھمۇد تەئەججۇپ ئىلكىدە شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى ۋە چىرايىدا بارا ــ بارا ئىشىنىش، قايىللىق تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتى.
— گەرچە بۇ غەزەللەر ئاددىي يېزىلغاندەك، كەڭ مەزمۇن، چوڭقۇر مەنە ئىپادىلەنمىگەندەك تۇرسىمۇ، لېكىن بىر خىل يېڭىچە پىكىر، يېڭىچە تەپەككۇر، ساددا، يېڭىچە ھېسسىيات

www.uygurkitap.com

ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، — قىدىرخان ئۇستاز ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خۇش بولۇڭ، مەۋلانە، گەرچە ياراتقان ئىگەم سىزدىن ئوغۇل پەرزەنت ئايىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەر ھىممەتلىك بىر قىز ئاتا قىپتۇ. قىزىمىز شېئىر يېزىشنى مۇشۇ يوسۇندا داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، پات يېقىندا كاتتا بىر كامالەت ئىگىسى، شائىرە بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا گەپ يوق.

ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلىشىشى ئامانىنىسانى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا دادىسى بىلەن قىدىرخان ئۇستازنى كۆرۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ سالام بەردى ۋە بايا يازغان شېئىرلىرىنىڭ قىدىرخان ئۇستازنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭايسىز بىر خىل تۇيغۇدا قىزىرىپ كەتتى.

— شېئىر يېزىۋاتقىنىڭىزدىن ئەجەب مەن خەۋەرسىز قاپتىمەنغۇ، قىزىم؟ — دېدى مىرزا مەھمۇد ھەم سۆيۈنۈش، ھەم رەنجىش ئارىلاش تەرزدە.

ئامانىنىسا نېمەدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بېشىنى ئەگدى.

— ئەيىبلەش ھاجەتسىز، مەۋلانە، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئامانىنىساغا سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا قاراپ، — بۇمۇ قىزىمىزنىڭ پەزىلىتى. ئارىمىزدا قاملاشمىسا بىرقانچە پارچە قەسىدە يېزىپ قويۇپ، يازغانلىرىنى خان ئالىيلىرىدىن تارتىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىقى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئوقۇپ بېرىپ، شائىرلىق دەۋاسى قىلىدىغان داغۋاز، مەمەدان شائىرلىرىمىز ئاز ئەمەس. قىزىمىز يازمىلىرىنى پىنھان تۇتۇپ قەلىمىنى پىشۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ. يەنە يازغانلىرىڭىز بارمۇ، قىزىم؟

ئامانىنىسا تەمتىرەپ قالدى.

— ئۇستازنى ساقلاتماڭ، قىزىم، — دېدى مىرزا مەھمۇد

ئامانىنسانى ئالدىرىتىپ.

ئامانىنىسا قاراپ تۇرۇشۇپ بىشتىن ئۇيالدى ـ دە، نائىلاج ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىلگىرى يېزىپ چىرايلىق كۆچۈرۈپ قويغان شېئىرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، قىدىرخان ئۇستازغا ئەدەپ بىلەن تەڭلىدى:

ـــ يازغانلىرىم قاملاشمىغان بولسا، ئۇستازىم زاڭلىق قىلمىغاي.

قىدىرخان ئۇستاز ئامانىنسانىڭ قولىدىن شېئىرلارنى ئېلىپ ئۆرە تۇرغان پېتى تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى. مىرزا مەھمۇد قىدىرخان ئۇستازنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام قەغەزگە قاراپ، شۇنچىۋالا شېئىرلارنى مۇشتۇمدەك قىزنىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي گۇمانىي تۇيغۇدا ئىزتىراپلىق خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى.

تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن تەمتىرەپ قالغان ئامانىنىسا بولسا، شېئىرلىرىغا قىدىرخان ئۇستازنىڭ قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ھودۇقاتتى، يۈمران يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئارامسىز دۈپۈلدەيتتى.

ـــ پاساھەت، چىن پاساھەت! ـــ دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئارىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ، ـــ سۆز دېرىزىسى نەپىس نەزم پەردىلىرى بىلەن بېزىلىپتۇ، شۇل مۇقەررەركىم، ئېغىزدىن ئىبارەت ياقۇت ساندۇقچىدىكى ئوتتۇز ئىككى دانە چىش گۆھىرىدىن تۆت دانىسى كەم بولسا، ئۇل چاغدا كېلىشكەن جامالىغا قۇسۇر، سۆزگە كەمتۈكلۈك يېتىدۇ، ئەمما قىزىمىزنىڭ بۇ نەزملىرىدە بولسا ئاشۇ ئوتتۇز ئىككى تال گۆھەرچىدىن تۆت دانىسى ئەمەس، بىر دانىسىمۇ كەم قالماپتۇ. بەلكى قىزىمىزنىڭ سىپتا، نازۇك قامىتىگە ئوخشاش قۇسۇرسىز بېزىلىپتۇ. باركاللا، قىزىم، ئەزىز قەلىمىڭىز تېخىمۇ كامالەت تاپقاي.

قىدىرخان ئۇستازنىڭ باھاسىنى ئاڭلاپ، ئامانىنىسا نازۇك

www.uyghurkitap.com

قەددىنى بېسىۋالغان ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى. مىرزا مەھمۇدنىڭ ۋۇجۇدىنى بولسا پەرزەنتىدىن سۆيۈنگەن ئاتىلاردا بولىدىغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئەسىر قىلدى.

— ئەمما، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئامانىنىساغا قاراپ، — نەزمىلەرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىغا ئېلىنغان «ئامانىنا» سۆزى بىر ئاز چۈشىنىكسىزدەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. بىلمىدىم، قىزىمىز تەخەللۇس قويۇشنى ئويلاشمىدىمىكىن؟

— ئۇستازنىڭ تەربىيەسىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئانچە ـ مۇنچە نەزم يېزىپ باققان بولساممۇ، — دېدى ئامانىنىسا بېشىنى تۆۋەنگە ئېگىپ تۇرۇپ، — ئەمما يازغانلىرىم تەلەپتىن تولىمۇ يىراق. شۇڭا سەۋەبتىن تەخەللۇس قويۇشنى ئويلىشىپ باقمىدىم.

ئامانىنىسانىڭ كەمتەرلىك بىلەن بەرگەن جاۋابى مىرزا مەھمۇدنى تولىمۇ سۆيۈندۈرۈۋەتتى. شۇ تاپتا دادىنىڭ كۆز ئالدىدا چېچىنى قىرىق بىر تال قىلىپ ئۆشىشاق ئۆرۈۋالغان، تېخىچىلا بالىلىق خۇي، خەقىشلىرىدىن قالمىغان ئۆسمۈر — ئۆز قىزى تۇرمىغان بولسا، بۇ سۆزلەرنى كىچىككىنە بىر قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقتى دېسە زىنهار ئىشەنمىگەن بولاتتى.

— مۇمكىن بولسا، — دېدى مىرزا مەھمۇد قىدىرخان ئۇستازغا ئىلتىجا قىلىپ، — قىزىمىزنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۆزلىرى تاللاپ بەرگەيدىلە، تەخەللۇسىنىمۇ ھېلىھەم ئۇستاز تاللاپ بەرگەن بولسا.

— مەۋلانەمنىڭ تەلىپى شۇل بولسا، قېنى مەن ئويلىنىپ باقاي.

قىدىرخان ئۇستاز ساقىلىنى تۇتاملاپ، كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا بىردەم خىيال سۈردى ـ دە، ئاندىن ئامانىنىسانىڭ شېئىرلىرىغا يەنە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى:

— بايا كۆڭلۈمدىن كەچكىنىنى دەپ باقاي ئەمسە، مېنىڭچە، قىزىمىزنىڭ نازۇك تەبىئىتى، سىپتا خاراكتېرى، نەزمىلىرىدىكى نەپىس سۆز، پىكىرلىرىگە ماس كېلىدىغان «نەفىسە» سۆزىنى تەخەللۇس قىلىپ تاللىساق، قانداق بولۇر؟

— ئارى، — دېدى مىرزا مەھمۇد قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، — نەپىس (نەفىس) دېمەكلىك — نازۇك، گۈزەل، نازاكەتلىك، سىپتا، جۇلالىق... دېمەكلىكتۇر. بۇ قىزلارغا خويمۇ ماس كېلىدىغان سۆپەتتۇر. ئۇستازغا رەھمەت ئېيتىمىز، قىزىم.

— رەھمەت، ئۇستاز، — دېدى ئامانىسا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەۋازۇ بىلەن.

— بۈگۈن بۇل دەرگاھقا كېلىپ تولىمۇ ساۋابلىق بىر ئىشقا شاھىت بولدۇم. قىزىمىزنىڭ ئەزىز تەخەللۇسى نەفىسە بولغاي، قەلىمى كۈندىن ـ كۈنگە كامالەت تاپقاي، ئامىن!

قىدىرخان ئۇستاز بىلەن تەڭ مىرزا مەھمۇد بىلەن ئامانىسامۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يۈزلىرىنى سىيپاشتى.

شۇ كۈنىلا ئامانىسا ئىلگىرى يازغان بارلىق غەزەللىرىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىكى «ئامانىسا» سۆزىنى «نەفىسە» گە ئۆزگەرتتى ۋە كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىگە «نەفىسە» تەخەللۇسىنى قوللاندى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تۈزگەن شېئىرلار توپلىمىغىمۇ «دىۋانى نەفىسە» دەپ ئىسىم قويدى.

## پىتنە ـ پاسات

مىلادىيە 1533 ـ يىلى قوغۇن پىششىقى.

بۈگۈن ئاستانە رەستىلىرىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ھايات مەنزىرىسىگە يات ھالدا ئوردا ئىچى خۇددى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىغاندەك ئاجايىپ مۇدھىش بىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى.

ھەشەمەتلىك شاھنىشىن[1]نىڭ شۇنچە سالقىنلىقىغا قارىماي

[1] شاھنىشىن — خان دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان جاي.

بۇ يەرگە جەم بولغان غوجا شاھ مۇھەممەد، قىدىرخان يەركەندىي، سېيىت مۇھەممەد مىرزا، ئايازبېك قۇشچى، مىرزا ئەلى تاغايى، غازى ھېبىبۇللا سەردار، سېيىت ئەلى تاغايى، مىرزا مۇھەممەد يار ئاخۇن، مەۋلانە يۇسۇپ قەشقەرىي، مىرزا مەھمۇد قاتارلىق قەلەمدار ـ ئەلەمدار، ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىرۇ ئەمراھلار چىپ ـ چىپ تەرلىشىپ كەتكەندى. شاھىنشىن شۇقەدەر تىمتاسلىققا چۆمگەنىدىكى، شاھىنشىننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قاشتاش كۆلچەكنىڭ مەركىزىدىكى ئەتىرگۈل شەكىللىك فونتاندىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ رىتىملىق شىرىلدىغان ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. شاھىنشىنىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ئوتقاشتەك گىلەم بىلەن بېزەلگەن توققۇز پايىلىق شاھى سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى ئالماس ـ ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن قۇببىلىك ھەشەمەتلىك تەخت قۇپقۇرۇق ئىدى. تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى قاتار قىلىپ قويۇلغان كۇرسىلاردا ۋەزىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل دەرىجىسى بويىچە جاي ئېلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. شاھىنشىنغا جىددىي كېلىشكە چاقىرتىلغان ئەمىرلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىشكىنىچە، نېمە ۋەجىدىن چاقىرتىلغانلىقلىرىنى، قانداق كېڭەش بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەي بىر ـ بىرىگە خۇدۇكسىرەپ قاراشقىنىچە ئېسەنلىك سورىشاتتى، قىدىرخان يەركەندىينىڭ قېشىدا، سەپەردىن ھازىرلا كەلگەن ئىسكەتتە جەڭ كىيىمى بىلەنلا ئولتۇرغان سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا، ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا، قىزىرىپ ـ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ بىرەر كېلىشمەسلىك بولغانلىقىنى پەملىشەتتى. شۇ دەقىقىدە چوڭ بىر شۇم خەۋەرنى كۆڭلى تۇيغان بۇ ئەمىرلەرنىڭ نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېزرەك بىلگۈسى كېلىپ ئىچى تىتىلدىماقتا ئىدى. غوجا شاھ مۇھەممەد بىلەن قىدىرخان يەركەندىي كېلىشكە تېگىشلىك ئەمىرلەرنىڭ تولۇق يىغىلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، سېيىت مۇھەممەد مىرزىغا «قېنى

سۆزلەڭ» دېگەن مەنىدە قاراشتى.

— جانابىي ئەمىرلەر، — دېدى سېيىت مۇھەممەت مىرزا تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن تىمتاسلىقنى بۇزۇپ، — ھەممىلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ئۇلۇغ سۇلتانىمىز سەئىدخان ئالىيلىرى بۇ قېتىمقى تىبەت يۈرۈشىدە تاغدا تۇتەك ئېلىپ كېتىپ قازا قىلدى...

سېيىت مۇھەممەد مىرزا گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ شۇم خەۋەر ئولتۇرغان بارلىق ئەمىرلەرگە خۇددى ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلدى. ئۇلار بىرنەچچە دەقىقە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي تۇرۇپ قېلىشتى ـ دە، ئارقىدىنلا سېيىت مۇھەممەد مىرزىغا ئەگىشىپ ھازا ئېچىشتى. شاھىنشىنىڭ ئالتۇن سۈيىدە ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك تورۇسلىرى يىغا كەلكۈنىدىن تىترەپ كەتتى. ئەمىرلەر كىم ـ كىمگە تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي ھازا ئېچىشىپ يىغلاشماقتا ئىدى.

— قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلىشسىلا، ئەمىرلەر، جەننەت ماكان سۇلتانىمىزنىڭ مۇبارەك روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز كۆز ياشلىرىنى شايى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۆكسۈشلىرىنى باسالمىغان ھالدا.

ئەمىرلەر يىغىدىن ئاستا ـ ئاستا توختاشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەر ـ بۇيەردىن خىتىلدىغان، مىشىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سۇلتان سەئىدخان بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بۈيۈك سەئىدىيە سۇلتانلىقىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان تىبەت ئېلىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى قايتىدىن ئىتائەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن خانلىق ئىشلىرىنى قىدىرخان يەركەندىي بىلەن غوجا شاھ مۇھەممەدكە تاپشۇرۇپ مىرزاھەيدەر كۆرەگانى، سېيىت مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ

ھەمراھلىقىدا تۈمەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئارتقاندى. تېخى تىبەت لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپلا ناچار تاغ ھاۋاسىدا تۇتەك ئېلىپ كېتىپ نۇرغۇن لەشكەرلەر، سەركەردە ــ سەرۋازلار قىرىلىپ كەتتى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇلتان سەئىدخانمۇ قازا قىلغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان قازا قىلغاندىن كېيىن، قوشۇننى تېزلىك بىلەن چېكىندۇرگەن ئەمىرلەشكەر مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى ئۆزى بىر قىسىم لەشكەرلەر بىلەن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇپ تۇرىدىغان، ئەمىرلەشكەر ئورۇنباسارى سېيىت مۇھەممەد مىرزا بىر بۆلەك لەشكەرلەر بىلەن سۇلتاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ئاستانىگە قايتىپ كېلىدىغان، تىبەت ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ـ داۋاملاشتۇرماسلىقنى ئوردىنىڭ پەرمانىغا قاراپ بېكىتىدىغان بولۇپ كېلىشتى. سېيىت مۇھەممەد مىرزا بولسا ئوردىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ ئالدىن يېتىپ كەلگەندى.

ــ ئۇلۇغ سۇلتانىمىزنىڭ روھى جەننەتتە بولغاي، ــ دېدى قىدىرخان ئۇستاز سورۇن ئەھلىگە قاراپ، ــ جانابىي ئەمىرلەرنى شاھىنشىنىغا چاقىرتىشىمىزدىكى مۇددىئا شۇكى: بىرىنچىدىن، سۇلتانىمىزنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئاخىرەتلىكىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، مەرھۇم سۇلتانىمىزنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە بىنائەن دەرھال ئاقسۇغا خەۋەر ئەۋەتىپ شاھزادە ئابدۇرېشىدخان ئالىيلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇشتۇر.

ئەمىرلەر «ئارى»، «ئارى» دېيىشكىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

ــ ھازىردىن باشلاپ ئاستانىنىڭ مۇھاپىزىتى كۈچەيتىلىپ شەھەر سېپىلىدىكى قاراۋۇللار كۆپەيتىلگەي، ــ دېدى ۋەزىر غوجا شاھ مۇھەممەد سۆز ئېلىپ، ــ شەھەر كوچىلىرىنى

كىچىلىك چارلاش قىتىم سانى ئاشۇرۇلغاي، ئاۋامنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان، ئەل ئارىسىغا پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغاي. يۇقىرىقى ئىشلارغا مەسئۇل ھەرقايسى ئەمىرلەر بۇ ئىشنى خان پەرمانى بىلىپ ئىجرا قىلغاي.

ــ ھازىرلا ئاقسۇ نائىبى شاھزادە ئابدۇرېشىدخانغا نامە يېزىپ دەرھال ماڭدۇرۇلغاي. شاھزادە ئاستانىگە يېتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرۇپ بولغۇچە مەرھۇم سۇلتانىمىزنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى رەئىيەتتىن پىنھان تۇتۇلغاي، ــ دېدى قىدىرخان يەركەندىي.

قىدىرخان يەركەندىي بىلەن غوجا شاھ مۇھەممەد بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرگە مۇۋاپىق ۋەزىپە تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شاھنىشىندىن ئايرىلىشقا ئىجازەت بەردى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى كۆپ قىسىم ئەمىرلەرنى ئېغىر قايغۇغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئەمىرلەرنى قالتىس خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار ئوردىدىن چىقىپلا كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇدۇل سېيىت ئەلى تاغايىنىڭ قەسىرىگە مەخپىي توپلاشتى. ئادەتتىمۇ ئۇلار پات ـ پات بۇ يەرگە جۇغلىشىپ پىتنە ـ پاسات، غەيۋەت ـ شىكايەتلىرى بىلەن قورساق بوشىتىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا، يۇقىرى، مۇھىم مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىشىپ ئۆزئارا دوست تارتىشاتتى. مانا ئەمدى سۇلتاننىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىكى ئاجىز ئۈمىد شامىنى يىلىلداتقان، پىتنە ـ پاسات تۇگمىنىنىڭ چۆرگۈلىشى ئۈچۈن سۇ باشلاپ كەلگەنىدى.

سېيىت ئەلى تاغايى قەسىرىنىڭ خاس خانىسىغا توپلانغان بۇ ئەمىرلەر «خوش ـ خوش» ئېيتىشىپ، قوشلاپ سېلىنغان كىمخاب كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە جايلىشىپ، سېيىت ئەلى تاغايىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، جانان چىنىدە سۇنۇلغان مۇزدەك شەربەتلەرنى ئىچىشىپ ئۇسسۇزلۇقىنى

قاندۇرۇشتى - دە، خىزمەتكارلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ كۆڭۈللىرىگە پۈككەن ئارغامچا - توقۇناقلىرىنى ئاشكارىلاشتى.

— سۇلتان ئالىيلىرىنى تۇتەك ئېلىپ كەتتى دېگىنىنى بىر باھانە.

— ئارى، ئېمىلا دېگەنىمىلەن سۇلتان ھەزرەتلىرى ئاشۇ يېقىنلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ماڭغان. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

— ئەلھەق، سېيىت ئەلى تاغايى ھەزرەتلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالمىغانىنىڭ جازاسى بۇ.

— ھەربىي يۈرۈشتىن توسقانلىقىمىز ئۈچۈن بىزنى قورقۇنچاق، سۇلتانلىقىمىزنىڭ سەلتەنەتى ئۈچۈن باش قاتۇرمايسىلەر، يەپ - ئىچىشنىلا بىلىسىلەر، دەپ ئەيىبلىگەنىدى.

— بۈيۈك ئەمىرلەشكەرمەن دەپ چوڭ سۆزلەپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىمۇ ئاستانىگە قايتالماي قېلىپ قاپتۇغۇ ئەينا.

— قورسىقىدا جىن بولمىسا قېلىپ قالاتتىمۇ، مىرزام؟

— سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭمۇ ھالىغا ۋاي، بايا سەپسالدىلىمىكىن، بەئەينى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەكلا بولۇپ قاپتۇ دېيىسلە، تەخسىر.

— قىدىرخان بىلەن غوجا شاھ مۇھەممەدمۇ ھەم شۇ.

— بىز سۇلتانىنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ، بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋالغان بۇ ئەمىرلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق، — دېدى باياتىن بېرى باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان سېيىت ئەلى تاغايى ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — ئەمدى تەقدىر ئىرادە بىز تەرەپكە ئوڭ كۆزى بىلەن قاراۋاتقان ئوخشايدۇ. قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىۋەرسەك بولماس. مېنىڭچە، بىزنىڭمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر ھەرىكەت قىلمىقىمىز زۆرۈردۇر، — سېيىت ئەلى تاغايى ئاغزىغا قاراپ تۇرغان

ئەمىرلەرگە بىر قۇر قارىۋېتىپ كۆڭلىدىكى پىلاننى ئاشكارىلىدى، ــ شاھزادە ئابدۇرېشىدخان ئاستانىگە كېلىپ بولغۇچە، دەرھال بىر پارچە نامە پۈتۈپ، قىدىرخانلارنىڭ نامەسىدىن بۇرۇن شاھزادىنىڭ قولىغا تەگكۈزەيلى.

بۇ پىلاننى ئۇلتۇرغان ئەمىرلەر «ئەينى مۇددىئا» دېسە «ئەينى مۇددىئا» دېيىشىپ ماقۇللاشتى. شۇ ھامانلا سىياھ، قەغەز، قەلەم كەلتۈرۈپ نامە پۈتۈلدى:

«جانابىي شاھزادە سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئالىيلىرىغا:

ئۇلۇغ ئاللادىن ئالتۇن بويلىرىغا ئېسەنلىك تىلەپ تۇرغۇچى ساداقەتمەن ئەمىرلىرىدىن يېتىپ مەلۇم بولغايكى، ئۇلۇغ سۇلتانىمىز ــ پەدەر بۇزرۇكلىرى سەئىدخان ئالىيلىرى تىبەت يۇرۇشىدە قازا قىپتۇ (مەرھۇمنىڭ روھى جەننەتتە بولغاي، ئامىن). خەۋەرنى بۈگۈن سېيىت مۇھەممەد مىرزا ئېلىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ گويا ئاسماننى تۇمان باسقاندەك، قۇياش مەڭگۈگە پېتىپ كەتكەندەك بولدۇق. شۇ دەقىقىدە يۈرەك باغرىمىز پارە ـ پارىدۇر. ياقا يىرتىشىپ يىغلاشتۇق. شۇنداقتىمۇ، ئويلاپ كۆرسەك سۇلتانىمىزنىڭ قازاسىدا بىر شۇملۇقنىڭ بارلىقى كۆڭلىمىزگە ئايان بولدى. زەر ـ زىۋەرگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلدۇق. ئەمەل ـ مەرتىۋىمىز كىچىكلىك قىلدى. پەمىمىزچە، قىدىرخان، غوجا شاھ مۇھەممەد، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى، سېيىت مۇھەممەد مىرزا، مىرزا ئەلى تاغايى، غازى ھېبىبۇللا سەردار... قاتارلىق بىر بۆلەك ئوردا ئەركانلىرىنىڭ خىيالى باشقىچىرەك تۇرىدۇ. ئەسلىدىمۇ مەرھۇم سۇلتانىمىزنى تىبەت يۇرۇشىگە قىزىقتۇرغان ۋە دەۋەت قىلغانلارمۇ شۇلار ئىدى. ئەپسۇس سۇلتانىمىز قازا قىلىپ ئۇلار ئامان قاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شاھزادەمگە دەيدىغان مۇھىم بىر سۆز بار. بۇنى نامەگە پۈتۈشتىن ئېھتىيات قىلدۇق. شاھزادەم ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئاغزىمىز بىلەن ئېيتقايمىز. شاھزادەمنىڭ ئاستانىگە تېزدىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىپ،

www.uyghurkitap.com

تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، سۇلتانلىق دەۋرانىنى سۈرۈشىنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈۋاتىمىز. يوللىرىغا قاراپ كۆزىمىز تېشىلەيلا دەپ قالدى».

نامە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، سېيىت ئەلى تاغايى باشلىق بارلىق ئەمىرلەر بىر ـ بىرلەپ ئىمزا قويىدى ـ دە، ئەلك ئىشەنچلىك چاپارمەندىن ئىككىنى تاللاپ، ئاتلار ھېرىپ قالغان ھامان يېڭى ئات سېتىۋېلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن قوللىرىغا يېتەرلىك خىراجەت تۇتقۇزۇپ دەرھال يولغا سالدى.

بۇ چاغدا قىدىرخان ئۇستاز قاتارلىق ئەمىرلەر مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاخىرەتلىك تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بۇ پىتنە ـ پاساتتىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

## سۇيىقەست

سۇلتان سەئىدخاننىڭ جەسىتى بىلەن شاھزادە ئابدۇرېشىدخان ئاستانىگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىر كۈندە يېتىپ كەلدى.

سېيىت ئەلى تاغايى قاتارلىق ئەمىرلەرنىڭ پىتنە ـ پاساتلار بىلەن تولغان نامەسىنى ئاقسۇدىن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال تاپشۇرۇۋالغان شاھزادە ئابدۇرېشىدخان ئالدىغا ئىستىقبالغا چىققان قىدىرخان يەركەندىي، غوجا شاھ مۇھەممەد، سېيىت مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ئەمىرلەر بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى. شاھزادىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى قىدىرخان ئۇستاز قاتارلىقلار «مۇسىبەتتىن شاھزادىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس» دەپ چۈشىنىپ، ئارتۇقچە شۈبھىدە بولمىدى. ئەمما، سۇلتان سەئىدخاننىڭ مېيىتى يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىنمۇ شاھزادە قىدىرخان ئۇستاز قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەرنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قوبۇل قىلمىدى. ئۆزىگە مەخپىي نامە يوللىغان سېيىت ئەلى تاغايى قاتارلىق ئەمىرلەرنى

بولسا ئايرىم كېڭەشكە چاقىردى.

بۇ پىتنىخور ئەمىرلەرنىڭ شاھزادىدىن كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇلار مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرغان ياش شاھزادىنى تۇرلۇك پىتنە ـ پاساتلار بىلەن بولۇشىغا ئېچىتتى.

— تىبەتنىڭ تىغىدا سۇلتانىمىزنى تۇتەك ئېلىپ كېتىپتۇ ـ يۇ، نېمىشقا مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى بىلەن سېيىت مۇھەممەد مىرزىنى تۇتەك ئېلىپ كەتمەيدۇ؟

— مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى نېمىشقا ھازىرغىچە بىر قىسىم لەشكەرلەر بىلەن يىراقتا تۇرىدۇ، ئاستانىگە قايتىپ كېلىپ سۇلتانىمىزنىڭ مۇسىبىتىگە قاتناشمايدۇ؟

— قورسىقىدا جىن بولغاچقا ئاستانىگە كېلىشتىن قورققان گەپ.

ئۇلار گەرچە شاھزادىگە قىدىرخان ئۇستازنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ، قىدىرخان ئۇستازنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولغان مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى بىلەن سېيىت مۇھەممەد مىرزىنى ھە دەپ چېقىشتۇردى. شاھزادە ئابدۇرېشىدخاننىڭ لەۋلىرى بولسا غەزەپتىن تىترەيتتى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. ئۇ بۇ پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىپ سېيىت ئەلى تاغايغا يۈزلىنىپ سورىدى:

— جانابلىرى ماڭا ئەۋەتكەن نامەدە، ئۆزلىرىگە دەيدىغان ئايرىم گېپىم بار دەپتىكەنلا.

— شۇنداق، شاھزادەم، — دېدى سېيىت ئەلى تاغايى پوتلىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ئۆپكىلەپ يىغلاپ، — سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ تىبەت يۇرۇشىگە بارماسلىقىنى كۆپ ئۆتۈنۈپ توسقانىدىم. ئەپسۇسكى، قارانىيەتلەرنىڭ ئەپسۇنى غالىب كەلدى. سۇلتان ئالىيلىرى يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ماڭا: «مېنىڭمۇ بۇ يۇرۇشكە كۆڭلۇم تارتماي تۇرىدۇ. بىراق، ئەمىرلەشكەر مىرزاھەيدەر كۆرەگانى بىلەن سېيىت مۇھەممەد مىرزىلار مېنى

بەك زورلاپ تۇرۇۋالدى. مانا ھازىر گوياكى ئۇلار ماڭا ئۆچلۈك قىلىپ قەست قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئوغلۇم ئابدۇرېشىدخان يېنىمدا يوق، ئۇلار تۇرۇپ شاھزادىنى خان بولالماسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. قازارەن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئوغلۇمغا كېچىكتۈرمەي خەۋەر بېرىۋەتسىلە» دېگەنىدى.

— شۇنداق گەپمۇ بارمۇ تېخى؟ — دېدى ئابدۇرېشىدخان غەزەپتىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— مېنىڭچىمۇ سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭ خىيالى باشقىچىرەك تۇرىدۇ، شاھزادەم. ئۇنىڭ مىرزا ئابابەكرى①نىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا. مەرھۇم سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى ئاشۇ مىرزا ئابابەكرىدىن مۇشۇ بۈيۈك سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋالغان ئەمەسمۇ، — دېدى سېيىت ئەلى تاغايى تېخىمۇ ئېچىنىپ، — بولمىسا سېيىت مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئۆزلىرى ئوبدانراق سۆزلىشىپ باقاملا يا؟

سۈيىقەستچىلەر پىلانىغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتاتتى. غەزەپتىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن شاھزادە دەرھال سېيىت مۇھەممەد مىرزىنى چاقىرتتى.

شاھزادىنىڭ نېمە مەقسەتتە چاقىرتقانلىقىنى بىلمىگەن سېيىت مۇھەممەد مىرزا ئۇدۇل قوبۇلخانىغا كىردى ـ دە، شاھزادىنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتتىن شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى تېز لا تۇتۇۋېلىپ شاھزادىگە چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈردى.

— دادامنى راستلا تۇتەك ئېلىپ كەتتىمۇ، سەركەردە؟ — دېدى ئابدۇرېشىدخان كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا چەكچىيىپ.

— شۇنداق، شاھزادەم، — دېدى سېيىت مۇھەممەد مىرزا دېلىغۇللۇق بىلەن.

---

① مىرزا ئابابەكرى — سۇلتان سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەد خاندىن تەخت تارتىۋالغان، بىر يىلدىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىدىن سۇلتان سەئىدخان تەختنى قايتۇرۇۋالغان.

— ئەمىسە سىلىنى ئەجەب تۇتەك ئىلىپ كەتمەيتتىغۇ؟
شاھزادىنىڭ بۇ سوئالىغا سېيىت مۇھەممەد مىرزا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.
— تىللىرى تۇتۇلۇپ قالدىغۇ، سەركەردە؟ — دېدى شاھزادە تەئەددى بىلەن، — سىلى بىلەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنى نېمىشقا تۇتەك ئىلىپ كەتمىدى؟
سېيىت مۇھەممەد مىرزا سۈكۈت قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى.
سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشى ياش شاھزادىنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتىپ قېنىنى قىزىتتى. شۇ دەقىقىدە ھېلىقى پىتنە - پاساتلارغا نىسبەتەن كۆڭلىدە تېرىقچىلىك گۇمان قالمىغان شاھزادە سەۋر تۇلپارىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتكەنىدى.
— سىلى ماڭا مەڭگۈ گەپ قىلماسلىققا ئانت ئىچكەن ئوخشىماملا، سەركەردە؟ ئۇنداق بولسا مەن سىلىنى مۇرادلىرىغا يەتكۈزۈپ قوياي، — شاھزادە شۇنداق دېدى - دە، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ۋارقىرىدى، — جاللات!
شۇ ھامان ئىشىك تۈۋىدە تەييار تۇرغان ئىككى كاللىكېسەر يۈگۈرۈپ كىردى. سېيىت مۇھەممەد مىرزا خۇددى قاباھەتلىك بىر چۈشتىن ئويغىنالمىغان ئادەمدەك گاراڭ ھالەتتە شاھزادىگە قاراپ ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى مېنى مەنسىتمىگەنلىك، كۆزگە ئىلمىغانلىق دەپ چۈشەنگەن شاھزادە جاللاتقا بۇيرۇق قىلدى:
— ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار!
ئىككى نەپەر كاللىكېسەر تېخىچە ئىسىگە كېلەلمىگەن سېيىت مۇھەممەد مىرزىنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
سېيىت ئەلى تاغايىنىڭ سۇيىقەستى تولۇق ئەمەلگە ئاشتى.
سۇلتان سەئىدخانىنىڭ يېقىن دوستى، سۇلتان سەئىدخانىنىڭ

مىرزا ئابابەكرىدىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ھاكىمىيەت تىكلىشىدە زور تۆھپە كۆرسەتكەن، نۇرغۇن ھەربىي يۈرۈشلەرنى سەئىدخانغا ھەمدەم بولۇپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان بۇ باھادىر سەركەردىنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى.

شاھزادە ئابدۇرېشىدخاننى خانلىق تەختتە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن قىدىرخان ئۇستاز بولسا يېقىن دوستىنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن تېخىچە بىخەۋەر ئىدى.

## ئوردىدىن چىقىپ كېتىش

سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن پۈتكۈل ئوردا قاتتىق ۋەھىمىگە چۆمگەنىدى. ئەھۋالدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان قىدىرخان يەركەندىي، غوجا شاھ مۇھەممەد، مىرزا ئەلى تاغايى، مىرزا مەھمۇد قاتارلىق ئەمىرلەر «ۋاي ئىسىت» دېيىشكىنىچە لېۋىنى چىشلەپلا قېلىشتى. شۇ كۈنلەردە پىتنىچىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەن شاھزادە ئابدۇرېشىدخاننىڭ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ئاغزىغا ئېلىپ سالغان ئۇستازى، مەرھۇم دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، پۈتكۈل خانلىقتىكى مەشھۇر مۆتىۋەر زات قىدىرخاننىڭمۇ سۆزىنى ئاڭلىغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى.

شاھزادە ئابدۇرېشىدخانغا تاج كىيدۇرۇپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى شۇنچە داغدۇغا قىلىنغان بولسىمۇ، كەيپىيات تولىمۇ سۇس بولدى. سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ۋەھىمىگە چۈشكەن، ئوردىدىن كۆڭلى سوۋۇغان بىر قىسىم ئەمىرلەر مۇراسىمغا ئالۋاڭغا بارغاندەك قاتنىشىپ قويۇپلا ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقانىدى.

ئابدۇرېشىدخانمۇ سۇلتانلىق تەختتە ئولتۇرۇپ بولۇپلا قىدىرخان ئۇستازغا پالان – پۇستان دېمىگىنى بىلەن مىرزا ئەلى

تاغايى، غازى ھېبىبۇللا سەردار، مىرزا مەھمۇد يارئاخۇن، مەۋلانە يۈسۈپ قەشقەرىي، مىرزا مەھمۇد قاتارلىق توققۇز ئەمىرنى مۇرتەتلىكتە ئەيىبلەپ، ھە دېگەندە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، بىزار قىلىپ، ئۇلارنى ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشكە باشلىدى ۋە سېيىت ئەلى تاغايى قاتارلىق چېقىمچى ئەمىرلەرنى ئەتىۋارلاپ، ئۇلار بىلەن ئولتۇرسا ــ قوپسا بىللە بولۇپ، ئەيش ــ ئىشرەتكە، شارابخورلۇققا بېرىلىپ كەتتى. قىدىرخان ئۇستاز بولسا سۇلتاننى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، پىتنە ــ پاساتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بىر قىسىم ئەمىرلەر ياش سۇلتاندىنمۇ، ئوردىدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپ، ئۆز كاللىلىرىنىڭ غېمىدە قېلىشقانىدى.

مىرزا ئەلى تاغايى خوتۇن ــ باللىرىنى ئېلىپ بىر كېچىدىلا قارا تېگىن[1] تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بۇ ئىش ئوردىدا سېيىت مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ غۇلغۇلا تېخى بېسىقماي تۇرۇپلا غازى ھېبىبۇللا سەردار، مىرزا مۇھەممەد يارئاخۇن قاتارلىق ۋەزىرلەرمۇ خوتۇن ــ باللىرىنى ئېلىپ خوتەن تەرەپكە كېتىشتى[2]. تەھقىقكى، بۇ ۋەقە يېڭىدىن سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئابدۇرېشىدخاننىڭ سىياسىتىگە بىلدۈرۈلگەن ئاشكارا نارازىلىق ۋە قارشىلىق ئىدى. مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىشەنچلىك، يېقىن ۋەزىرلىرىنىڭ ئوردىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشى سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننى ھەم چۆچۈتتى، ھەم ئوڭغايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاۋام ئارىسىدىمۇ ھەر خىل مىش ــ مىش پاراڭلار، پىتنە ــ پاساتلار

---

① قارا تېگىن ــــ ھازىرقى يەكەن ناھىيەسىنىڭ دامى يېزىسىغا تەۋە قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى بىر يايلاقنىڭ نامى.

② مىرزا ئەلى تاغايى، غازى ھېبىبۇللا سەردار، مىرزا مۇھەممەد يارئاخۇن قاتارلىقلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ مىرزا ئابابەكرىدىن تەختنى قايتۇرۇۋېلىپ سەئىدىيە خاندانلىقىنى قۇرۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان پېشقەدەم ئەمىرلەر ئىدى.

كەلكۈن سۈيىدەك يامرىدى.

بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاددىي كىشىلەردەك كىيىنىپ، يۇرتنى كېزىپ، ئاۋامنىڭ ھەر خىل پىكىرلىرىنى، دەرد ـ ئەھۋاللىرىنى ئاڭلاشقا ئادەتلەنگەن سۇلتان ئابدۇرېشىدخانغا ئاۋام ئارىسىدىكى بۇ غۇلغۇلىلار قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە ئويلاندۇرۇپ قويدى.

بىر كۈنى مىرزا مەھمۇدنىڭ قەسرىگە قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئايازبېك قۇشچى بىللە كىرىپ كەلدى. بۇ ئىككى قەدىناسىنى كۆرۈپ مىرزا مەھمۇدنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى تۈرۈلۈپلا تۇرغان قوشۇملىرى بوشاپ، چېھرىگە سۇس كۈلكە يۈگۈردى.

چۈنكى، مىرزا ئەلى تاغايى قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەر ئوردىنى تاشلاپ يىراقلارغا باش ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، مىرزا مەھمۇدمۇ ئوردىغا بارمىغان، ئوردا دىۋانخانىسىدىكى باش مىرزىلىق خىزمىتىنىمۇ قىلمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئايازبېك قۇشچى ئۇنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنىدى.

— ساقمۇسىز، مەۋلانە؟ — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەھمۇد بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، — نەچچە كۈندىن بېرى ئوردىغا بارمىدىڭىز. ساقسىز بولۇپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. بۈگۈن بىرئاز ئارامچىلىق بوپتىكەن، ئايازبېك ھەزرەتلىرى بىلەن بىللە گۆڭۈر ـ مۇڭۈر مۇڭدىشىپ كېلەيلى دەپ كەلدۇق.

— ئۇستازىمىزنى كۆپ جوۋتىپتىمەن، — مىرزا مەھمۇد ھاياجانلانغان ھالدا مېھمانلارنى تۆرگە باشلاپ چاي قۇيغاچ كۆڭۈل ئاغرىقىنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلىدى، — نە ئۈچۈنكى شاھزادىنىڭ كۆزىگە سىغماي قالدۇق. باشلىرىمىزغا تەنە تاشلىرى يامغۇردەك ئېتىلماقتا. سېيىت مۇھەممەد مىرزا ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. مىرزا ئەلى تاغايى، غازى ھېبىبۇللا سەردار، مىرزا مۇھەممەد يارئاخۇن قاتارلىق مۆتىۋەر ئەمىرلەر ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ كېتىپ قېلىشتى. يېڭى سۇلتاننى بىر توپ خۇشامەتچى، نان قېپى،

www.uyghurkitap.com

تۆھمەتخور ئەمىرلەر بىلەن پىتنىخور، رىياكار ئىشان ـ سوپىلار ئارىغا ئېلىنىپ، ئەمەل. ئەھۋال ئاشۇنداق تۇرسا، ئوردىنىڭ خىزمەتلىرىگە قانداقمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتسۇن؟ !

— شاھزادە بېشى بىردەملىك چۆرگۈلەپ قالغىنى بىلەن يەنىلا ئەقىللىك، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز، — شاھزادە ھامان ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدۇ، بۇ قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. بىز مەرھۇم سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى بىلەن بۇ بۈيۈك سەلتەنەتنى تىكلەش، مۇستەھكەملەش، روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئاز ئەجىر سىڭدۇرمىدۇق. بىردەملىك كۆڭۈل ئاغرىقىنى دەپ خانلىقنىڭ ئۇلۇغ ئىشىدىن قول ئۈزسەك، شاھزادىنى ئاشۇ بىر توپ چەرەندە ـ پەرەندىلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ بەرسەك، ئىلگىرى قىلغان ئەجىرلىرىمىز پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. دارىلباقىيغا بارغاندا مەرھۇم خانغىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز، سەۋر قىلىش كېرەك، مەۋلانە.

— ئارى، — دېدى شائىر ئايازبېك قۇشچىمۇ قىدىرخان ئۇستازنى قوللاپ، — ھەزرىتىم راست گەپنى قىلدى. شاھزادىگە نەسىھەت قىلىش، يامان يولدىن قايتۇرۇپ ياخشى يولغا باشلاش، ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراشقا ئۈندەش بىز ئەمىرلەرنىڭ بۇرچى. مەرھۇم سۇلتانىمىزنى يەرلىكىدە تىنچ ياتسۇن دەيدىكەنمىز، شاھزادىنى ئاشۇ پىتنىخورلارنىڭ ئارىسىدىن قايتۇرۇپ چىقىشىمىز، ئۇنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز، خانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك.

— ئۇستازلىرىمنىڭ نەسىھەتى بىباھادۇر، — دېدى مىرزا مەھمۇد بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ تۇرۇپ، — ئەمما، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، مەنمۇ ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە ئاستانىدىن كېتىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئىككىلىرى خانلىقىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى، شاھزادىنى سېيىت مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتقانلار

www.uyghurkitap.com

ئىككىلىرىگە چىقىلالمىغىنى بىلەن، مەندەكلەرگە قەست قىلمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئۇلار گەرچە ئوردىنىڭ تۈۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلىرى بولغىنى بىلەن تۇرلۇك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ شاھزادىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىۋېلىشتى، ئوردا پىتنە ـ پاساتنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى. بۇنداق يەردە تۇرۇشقا كىمنىڭمۇ كۆڭلى تارتسۇن؟ ! دۈشمەن كىچىك بولغىنى بىلەن بەرىبىر دۈشمەن. خۇددى چايانىنىڭ بالىسىنىڭمۇ نەشتىرى، زەھىرى بولغانغا، ئادەم چېقىشىنى بىلگەنگە ئوخشاش ئىش. مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى ئالىيلىرىمۇ نېمىشقا ھازىرغىچە ئاستانىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئىككىلىرىگىمۇ ئايان. ئەمىرلەشكەردەك كاتتا ھەربىي سەركەردە ئېھتىيات قىلغان يەردە مەندەك ئادەتتىكى بىر ئەمىرگە ئوردىدا نېمە بار دەيلا؟

— ئەمىرلەشكەرنى كەشمىرگە كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئاياز بېك قۇشچى.

— ئەھۋال شۇنداق، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مۇجمەللا قىلىپ، — ئەسلىدە ئەمىرلەشكەر ئاستانىگە قايتىپ كەلمەكچىمۇ بولغان. ئەمما، غازى ھېبىبۇللا سەردار بىلەن مىرزا مۇھەممەد يارئاخۇنلار مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئاستانىگە قايتماسلىققا نەسىھەت قىپتۇ. مەن سۇلتان ئالىيلىرىغا ئەمىرلەشكەرنى دەۋەت قىلىپ، ھەقىقىي سەممىي نىيەت بىلەن ئۆز قەلىمى ئارقىلىق بىر پارچە نامە يېزىپ، ئەمىرلەشكەرگە تېزدىن ئەۋەتىپ بىرىشنى بىرنەچچە قېتىم ئىلتىماس قىلدىم. لېكىن، سۇلتان ماقۇل دەپ قويۇپ بۇ ئىشنى ھازىرغىچە كېچىكتۈرۈپ قويدى.

قىدىرخان ئۇستاز گېپىنى توگىتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ خىيال قۇشلىرى يېقىن دوستى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

تۈيۈقسىز ياندىكى ئۆيدىن شېئىر يادلاۋاتقان ئامانىسانىڭ

جاراڭلىق ئاۋازى ئاربدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاتاقلىق شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يادلاشقا كىرىشكەن ئامانىسا ئۆيگە مېھمان كەلگىنىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۇنلۇك دېكلاماتسىيە قىلماقتا ئىدى:

جاھىلكى ھەسەد بولغاي ئۇنىڭ جاھىلىگە زەم،
يۈز ئېل كۆزىدىن ئاڭلاسا ئۆز كۆزىدە كەم.

كۆزلەرنى ئەلىشماقغە چېكىپ تىغۇ سىتەم،
ئېل كۆزىنى ئويغايۇ ئۆز كۆزىنى ھەم.

يەشمىسى:
(جاھىللارنىڭ جاھىللىقىغا ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى سەۋەبچى، يۈز قېتىم باشقىلارنىڭ كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىسىمۇ، ئۆز نەزىرىدە يەنىلا ئىشەنمەيدۇ.
كۆز ئويۇش ئۇچۇن زۇلۇم تىغى ئويىنتىپ، ئاخىرىدا خەلقنىڭ كۆزىنى ئويۇش بىلەن ئۆز كۆزىنىمۇ ئويىدۇ).

ئامانىسانىڭ مەقسەتسىز ئوقۇغان بۇ تۆت مىسرا شېئىرى تاشقىرىدا ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئۇچەيلەنگە شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئۇلار ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي بىر ـ بىرىگە قاراشتى. گەرچە بۇ شېئىرنى ئامانىسا ئوقۇغان بولسىمۇ، قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئايازبېغا مىرزا مەھمۇدنىڭ بەرگەن جاۋابىدەك بىلىنىپ كەتتى.
قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەھمۇدنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قايتىلاپ سورىدى:
ـــ راستىلا كېتەمسىز، مەۋلانە؟
ـــ شۇنداق، ئۇستاز، ئىنشائاللا بۇ نىيىتىمدىن يانماسمەن.
ـــ مەيلى، ئاقىۋەتلىك بولۇڭ، ـــ دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ـــ

ھەرھالدا باشقا ئەمىرلەرگە ئوخشاش بەك يىراققا كېتىپ قالماڭ. ئوردىغا، خانلىقىمىزغا سىزدەك ئىستېدات ئىگىسى ھەرقاچان لازىم.

قىدىرخان ئۇستازنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى. بۇ ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى. مىرزا ئەلى تاغايى، غازى ھېبىبۇللا سەردار قاتارلىقلار ئاستانىدىن كەتمەكچى بولغان ۋاقىتتىمۇ، قىدىرخان ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ نىيىتىدىن ياندۇرالمىغاندىن كېيىن، بەك يىراققا كەتمەسلىكىنى، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە يەنە قايتىپ كېلىپ ئوردا خىزمىتىدە بولۇشنى تاپىلىغانىدى. ئەپسۇس، ئۇلار ماقۇل دەپ قويۇپ بەكمۇ يىراققا، ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قېلىشقانىدى. قىدىرخان ئۇستازنىڭ شۇ تاپتىكى دىلخەستىلىكىنى چۈشەنگەن مىرزا مەھمۇد ۋەدە بەردى:

— يىراققا كەتمەيمەن، ھەزرىتىم، مۇۋاپىق بىر جايغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، تۇرغان يېرىمدىن خەت ئارقىلىق نىشانە بېرىمەن. پۇرسەت تاپسام، ھەزرىتىمنى يوقلاپ كېلىمەن تېخى.

قىدىرخان ئۇستاز مىرزا مەھمۇدنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ، خوشلىشىپ تۇرۇپ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشىنى ئېيتتى:

— نەفىسە قىزىمىزنىڭ ئوقۇشى توختاپ قالمىسۇن. بولۇپمۇ شېئىرىيەت، مۇزىكا ئىلمىدىن ساۋاق بېرىشنى زىنھار ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — مىرزا مەھمۇد ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، — ئامانىنىسا! بۇياققا چىقىڭ، قىزىم. ئۇستازلىرىڭىز بىلەن خوشلىشىۋېلىڭ.

ئامانىنىسا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، قىدىرخان بىلەن ئايازىيغا سالام بەردى.

ئاۋۋال قىدىرخان ئۇستاز، ئاندىن ئايازىي ئامانىنىسانىڭ پېشانىسىگە ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ خوشلاشتى. ئەمما، گۆدەك ئامانىنىسا بولسا بۇ خوشلىشىشنىڭ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىك ئايرىلىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.



www.uyghurkitap.com

تاڭ سەھەر.

ئانچە ھەشەمەتلىك بېزەلمىگەن، ئىككى ئات قېتىلغان بىر مەپە سوپىكا مەھەللىسىدىن ئاستاغىنا چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل خانىقا دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. مەپىنىڭ قۇيرۇقىغا بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى تۆگە چېتىلغان بولۇپ، تۆگىلەرگە بولدى دېگۈچە يۈك ئارتىلغانىدى. مەپىلىكلەر دەرۋازا تۇۋىگە يېتىپ كەلگەندە سېپىلنىڭ ئۈستىدە جېسەكچىلىك قىلىۋاتقان لەشكەر توۋلىدى:

— قايسىڭ سەن؟

— يولۇچىلارمىز، — دېدى مەپىكەش ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىلا.

— نېمە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بۇ؟ — دەرۋازىنىڭ تۇۋىدىكى سېپىلغا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان قاراۋۇللار ياتىقىدىن چىقىپ كەلگەن بىر لەشكەر مەپىكەشكە يېقىنلاپ كېلىپ غوتۇلدىدى، — شەھەر دەرۋازىسىنىڭ بامداتتىن بۇرۇن ئېچىلمايدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىلا؟

— كايىمىسىلا، بېگىم، — دېدى مەپىكەش دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئاڭلىسىلا، بامداتقا ئەزان چىقىۋاتىدىغۇ ئەينا، — مەپىكەش قوينىدىن بىرنەچچە تال كۈمۈش پۇل ئېلىپ لەشكەرگە ئاستاغىنا تەڭلىدى، — خاپا بولماي بىزنى شەھەر سىرتىغا چىقىرىپ قويسىلا، بېگىم. بىز بەكمۇ ئالدىرايتتۇق.

پۇلنى كۆرۈپ لەشكەر غىڭ ـ پىڭ قىلماي دەرۋازىنى ئاچتى. ئاستانىنىڭ خانىقا دەرۋازىسىدىن ساق ـ سالامەت چىقىۋالغان مەپىلىكلەر ئەمدىلەتىن ئاقىرىشقا باشلىغان شەرقىي ئۇپۇققا قاراپ ئاتلاندى. ئۈستى يېپىقلىق مەپىدە قانچە ئادەم بارلىقىنى

بىلگىلى بولمايتتى. ئوتتۇرا بويلۇق، ئوتتۇرا ياشلىق مەپكەش قامچىسىنى ناگان - ناگاندا پۇلاڭلىتىپ مەپكە قېتىلغان ئىككى ئاتقا ھەيۋە قىلىپ قوياتتى، ئەمما ھەرگىز قامچا سالمايتتى. ئاتلار بىر خىل رىتىمدا مېڭىۋاتاتتى. سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ زېمىننىڭ ئاقىرىشىغا ئەگىشىپ، قارشى تەرەپتىن ئاستانىگە قاراپ كېتىپ بارغان يولۇچىلار ئۇچراشقا باشلىدى. ئېشەكلەرگە ئوتۇن ئارتىۋالغان، ھارۋىلىرىغا ئاشلىق ياكى قوي، توخۇ بېسىۋالغان، كالا، ئات - ئېشەكلەرنى يېتىلىۋالغان بۇ يولۇچىلارنىڭ ئاستانىگە سودا - سېتىققا كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. بۇ يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ھارۋا - مەپىلەرگە خوتۇن - بالىلىرىنى چىقىرىپ ماڭغان، سۆلەتلىك كىيىنىۋالغان باي - تۆرىلەرمۇ، چارۋا مال سودىسى قىلىدىغان بېدىكلەرمۇ، بىرەردىن قوي، ئىككى - ئۈچتىن توخۇسىنى سېتىپ ئايەم سودىسى قىلماقچى بولغان ھاجەتمەن دېھقانلارمۇ، لايغەزەل سەيياھلارمۇ ۋە قەلەندەر، دەرۋىشلەرمۇ بار ئىدى. سەھرادىن شەھەرگە قاراپ ماڭغانلار كۆپ، شەھەردىن سەھراغا قاراپ ماڭغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى.

مەپكەش زىلچاق ئۆستەڭ[①] بويىغا كەلگەندە مەپىنى يولنىڭ چېتىدىكى باراقسان ئۆسكەن سۆگەتنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ توختاتتى - دە، مەپىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ مەپە ئىچىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ھايال ئۆتمەي مەپىدىن بېشىنى پۈركەنجە بىلەن يۆگىۋالغان بىر جۇۋان بىلەن سەككىز - توققۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق چۈشتى - دە، ئۆستەڭ بويىدىكى تۆپىلىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى. ھېلىقى مەپكەش مەپىنىڭ شوتىسىغا ئېسىپ قويغان سوغا[②]نى

---

① يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئارال، چارباغ يېزىلىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى ئۆستەڭ.

② سوغا — ياغاچ چېلەك.

ئېلىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئۇستى ـ دە، ئاۋۋال مەيىگە قېتىلغان ئىككى ئاتنى، ئاندىن يەنە بىر يول سۇ ئەكېلىپ ئىككى تۆگىنى سۇغاردى، بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن مەيىنىڭ ئىچىدىن بىر مىس چۆگۈننى ئېلىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئۇستى ۋە خالىيراق بىر جايغا ئۆتۈپ تاھارەت ئالدى، ئاندىن ئۆستەڭ قىرغىقىدىكى چىملىققا تېرە جايناما زنى سېلىپ بامدات نامىزى ئۆتەشكە تۇتۇندى.

بۇ مەيىكەش مىرزا مەھمۇد ئىدى. ھېلىقى جۇۋان بولسا ئۇنىڭ ئايالى گۈلجەمىلە ئاغىچا، ھېلىقى قىزچاق بولسا قىزى ئامانىسا ئىدى.

ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى. ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن ئامانىسا مەيىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى ـ دە، تاڭ سەھەردىكى سەھرا مەنزىرىسىگە تويماي نەزەر تاشلىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر جايلاشقان قاپقارا ئىگىز باغلاردىن چاڭىلداپ سايرىغان كاككۇك ئاۋازى كېلەتتى.

ـــ نەگە بارىمىز، دادا؟ ـــ سورىدى ئامانىسا قىزىققان ھالدا.

ـــ تۇغقانلارنىڭ قېشىغا بارىمىز، قىزىم.

مىرزا مەھمۇد ئامانىساغا سەھرادىكى تۇغقانلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلار بىلەن يەكەن دەرياسى بويىغا قانداق يېتىپ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

دەرياغا كەلگەن بولۇپ، ئەجەبىھادەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان قىزغۇچ لاي سۇ قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. بىر مېتىر ئېگىزلىكتە دولقۇن ھاسىل قىلاتتى. ھەيۋەتلىك قايناملار ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. دەريانى كۆرۈپ ئامانىسا باشقىچە ھاياجانلاندى. نەرە تارتىپ، تولغىنىپ، ئىككى قىرغاققا زەرب بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە ھەم قورقۇنچ، ھەم قىزىقىش ئىلكىدە

www.uyghurkitap.com

نەزەر تاشلىدى.

— كېمە كەلدى! ئەنە، چوڭ كېمە!

ئۈستىگە يەتمىش ـ سەكسەن ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، هارۋا ۋە هەر خىل جانىۋارلار بېسىلغان چوڭ كېمە ئامانىمسانى هەيران قالدۇرغانىدى. كېمە شۇنچە چوڭ، ئۈستىگە بېسىلغان يۈكنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قارىماي هەيۋەتلىك دەريا قىنىدا خۇددى قاپاق پۈچۈقىدەك لەيلەيتتى. كېمىچىلەر كېمىنى سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە پالاق ئۇرۇپ قارشى قىرغاققا قىيپاش هالەتتە يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى. كېمە قىرغاققا ئەللىك ـ ئاتمىش مېتىر قالغاندا كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى تۆت نەپەر كېمىچى قوللىرىغا خادىنى ئېلىپ، سۇغا بىر خىل رىتىمدا سېلىپ، خادىغا تايانغىنىچە پۇتىدا كېمىنى ئىتتىرىپ، كېمىنى قىرغاققا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

— باش بېغىنى تۇت، ئىلدام بول! ئىلدام بول!

كېمىچىلەر باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر يىگىت كېمىنىڭ باش تەرىپىدىكى تۆمۈر هالقىغا باغلانغان بىلەكتەك توملۇقتىكى چىگە ئارغامچىنى ئېلىپ قىرغاققا سەكرىدى ـ دە، قىرغاقتىكى كېمىنى كۈتۈپ تۇرغان باشقا ئەر يولۇچىلار بىلەن بىرلىكتە كېمىنى تارتىپ تۇرۇپ ئارغامچىنى قىرغاقتىكى ئادەمنىڭ يوتىسىدەك چوڭلۇقتىكى ياغاچ قوزۇققا باغلىدى. شۇ هامان يولۇچىلار كېمىدىن ئالدىراش چۈشۈشكە، يۈك ـ تاق، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

يولۇچىلار كېمىدىن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن كېمىچىلەر كېمىگە كىرىۋالغان سۇنى ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ سۈيدۈك ـ تېزەكلىرىنى ياغاچ گۈرجەك بىلەن سىرتقا چىقىرىۋەتتى ـ دە، كېمە ساقلاپ تۇرغان مىرزا مەهمۇد قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن يولۇچىنىڭ ئات ـ ئۇلاغ، مەپە ـ هارۋا، يۈك ـ تاقلىرىنى كېمىگە چىقاردى. هەممە تەخ بولۇپ بولغاندىن كېيىن، كېمىدىكى ئاياللار، بالىلاردىن باشقا بارلىق ئەرلەر كېمىنىڭ باش

بىغىدىن يۇقىرىقى ئېقىنىغا قاراپ ئىككى يۈز مېتىردەك سۈرەپ ئاپىرىپ دەرھال كېمىگە چىقىۋېلىشتى. ھېيۋەتلىك ئېقىن كېمىنى بىر تال يوپۇرماقنى لەيلەتكەندەك لەيلىتىپ، قىيپاش ھالەتتە قارشى قىرغاققا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دولقۇن تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. كېمە ھازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك لەپەڭلەيتتى. قۇترىغان كەلكۈن سۈيى ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا دەھشەتلىك شاۋقۇن سالاتتى، ھۆركىرەيتتى. قورقۇپ كەتكەن ئامانىسا ئانىسى گۈلجەمىلە ئاغىچىنىڭ كۆكرىكىگە مەھكەم چاپلاشقىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى...

ئۇلار يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ يولنى يەنە داۋاملاشتۇردى. تاتارساق، زەيلىك، ئېگەرچى، شاپتۇللۇق[1] قاتارلىق يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتۈپ قوزا چۈش مەھەلدە يەنە بىر كىچىك دەريا — تىزناپ دەرياسىدىنمۇ كېمە بىلەن ئۆتتى. ئاندىن قاراسۇ قاتارلىق يۇرتلاردىن ئۆتۈپ كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى.

بىر تەرىپى تىزناپ دەريا ساھىلىغا، بىر تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان شاختاتار دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يۇرت خان ـ پادىشاھلارنىڭ چاربېغىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدىكى گۈزەل بىر بوستانلىق ئىدى. شاخلىق، دەرەخلىك، بۈكلۈك دېگەن مەنىدىكى ئىسمىغا يارىشا توغراق، قاپاق تېرەك، سېدە، سۆگەت، جىگدە، يۇلغۇن ۋە باشقا ھەر خىل مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بۇ يۇرتقا مەھەللە ـ تۇتۇن شالاڭ جايلاشقانىدى. مىرزا مەھمۇد گۈلجەمىلە ئاغىچا بىلەن ئامانىسانى بىر ئېرىق بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن سۆگەتنىڭ سايىسىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. ئۇزاق مەزگىل ئوردا خىزمىتى بىلەن بولۇپ بۇ يۇرتقا چىقىشقا چولىسى تەگمىگەن مىرزا مەھمۇدنىڭ ئۇرۇق ـ

[1] يەكەن ناھىيە تەۋەسىدىكى يۇرت ئىسىملىرى.

تۇغقانلىرىنىڭ ئۆينى تاپالماسلىقى تەبىئىي ئىدى. ئالاھازەل بىر چۆگۈن چاي قاينىمى ئارىلىقىدا بىر مۆتىۋەر كىشى بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. بۇ كىشى مىرزا مەھمۇدنىڭ يىراق شەرەم تۇغقىنى ئىدى. گۈلجەمىلە ئاغىچا بۇ كىشى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشتى.

مويسىپىت كىشى ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مىرزا مەھمۇد ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— بىز شاختاتارغا بىرنەچچە كۈن مېھمان بولغىلى ئەمەس، ئۇزاق مەزگىل تۇرغىلى، ماكانلاشقىلى چىقتۇق. قارىسىلا، يۈك - تاقلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بايا سىلى بىر كونا ئۆينىڭ گېپىنى قىلغان. بىز ئاۋۋال بىر يەرگە جايلىشىۋالايلى. مېھماندارچىلىقنى ئاندىن ئوينىساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، ئىنىم، — دېدى مويسىپىت كىشى، — ئەسلىدە بىزنىڭ ئۆيدە بىرنەچچە ۋاق تۇرغان بولساڭلار، مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىللە قول - قولچە يېڭى ئۆي سېلىپ بېرەتتۇق. خەيرىيەت، ئايرىم تۇرۇشنى خالاپ قالدىڭلار. ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى ئەمەسمۇ؟ تۆۋەندىكى تەرەپتە بىر كونا تاشلاندۇق ئۆي بار. دەماللىققا يامغۇر - يېشىن، بوران - چاپقۇندىن پاناھلانغىلى بولىدۇ، قالدىسىغا ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىللە ھە - ھۇ دەپ يېڭىلاپ، پۇختىلاپ بېرەرمىز.

مويسىپىت كىشى ئەنە شۇنداق سۆزلىگەچ، ئۇلارنى دەل - دەرەخلىك ئارىسىدىكى بىر تاشلاندۇق ئۆيگە باشلاپ كەلدى. ئۆي ئۇزاق مەزگىل ئادەم ئولتۇرمىغاچقا، تاملىرى شورىداپ ئىچىگە قومۇش - ئازغانلار ئۈنۈپ چىققانىدى، شۇنداقتىمۇ خېلىلا پۇختا كۆرۈنەتتى.

مويسىپىت كىشى كېتىپ بىردەمدىلا ئىككى يىگىت، ئىككى جۇۋاننى باشلاپ كەلدى - دە، مىرزا مەھمۇد بىلەن گۈلجەمىلە ئاغىچىغا «ئوغلۇم بىلەن كېلىنلىرىم» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار

بىرلىكتە قول ـ قولچە ئۆيىنى تازىلىدى ـ دە، يۇك ـ تاقلارنى يېشىپ ئۆينى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇردى.

سەھرانىڭ يېڭى مۇھىتىغا قىزىقىپ قالغان ئامانىسا دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا يىگىناغۇچ قوغلاپ يۈرەتتى، مويسىپىت كىشى ئوغۇل ـ كېلىنلىرى بىلەن مىرزا مەھمۇدنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئالدىن تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قېلىشتى.

— ئۆزلىرىنى شەھەردىن، مەئىشەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىپ مۇشۇنداق چەت سەھراغا باشلاپ چىقىپ جاپادا قويىدىغان بولدۇم، ئاغىچا، — دېدى مىرزا مەھمۇد ئايالىغا كۆڭۈل قويۇپ.

— ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە، — دېدى گۈلجەمىلە ئاغىچا ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ، — ھەممىدىن كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى ئەۋزەل. مەن سىلىنىڭ پېشىلىرىنى تۇتقاندىن بۇيان قىلچىلىك ئازار كۆرمىدىم، ھۆرمەتلەندىم، تەڭقىسلىق، يوقسۇللۇقنىڭ، كۇنداشلىقنىڭ ئازابىنى تارتمىدىم، قىزغىن مۇھەببەتكە نائىل بولۇپ كەلدىم، خاتىرجەم بولسىلىكى، سىلى نەگە باشلىسىلا، شۇ يەرگە بېرىشقا تەييارمەن، مىرزا.

— كۆڭۈل ئاينىغانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى مىرزا مەھمۇد رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، — ئەمما سىلىگە بىر گەپنى تاپىلاپ قوياي، ئەسلىرىدە مەھكەم تۇتسىلا، ئاغىچا، بۈگۈندىن باشلاپ مەن مىرزا مەھمۇد ئەمەس. بۇ يۇرتتىكىلەر ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلگىرىكى نام ـ ئاتىقىمىز پۈتۈنلەي يوقالغان. ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىغايلا، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى مىرزا دەپ چاقىرمىسىلا.

— ئەمىسە نېمە دەپ چاقىرىمەن؟ — سورىدى گۈلجەمىلە ئاغىچا گاڭگىرىغان ھالدا.

— بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئىسمىم مەھمۇد ئوتۇنچى. يات كىشىلەر سوراپ قالسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ كەسپى ئوتۇنچىلىق ئىدى دەپ جاۋاب بەرسىلە، مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە

قۇرۇغان توغراق شاخلىرىنى كېسىپ، ئوتۇن ئېتىپ ئەتراپتىكى بازارلارغا ئاپىرىپ ساتىمەن. بىز بۇ يۇرتقا ھەقىقىي يەرلىشىش ئۈچۈن مۇشۇ يۇرت كىشىلىرىگە ئوخشاش ئاددىي ياشىشىمىز كېرەك.

گۈلجەمىلە ئاغىچا ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى.

## «موللا قىز»

مىرزا مەھمۇد بىر تۈگمىگە لىق كىتاب ئارتىپ كەلگەندى. ئۇ ياردەملەشكىلى كەلگەن بىرنەچچە ياغاچچى يىگىت بىلەن بىللە ئۆيلەرنى پۇختىلاپ رېمونت قىلىنىۋالغاندىن باشقا، قارناق ئۆيگە ياغاچ، شاللاردىن تام بويلىتىپ ئاددىي بىر كىتابدان ياسىدى ـ دە، كىتابلارنى رەتلىك تىزىپ، ئۈستىنى پەردە بىلەن يېپىپ قويدى.

خىلۋەت سەھرادىكى تۇرمۇشقا ئامانىسا تېزلا كۆنۈپ كەتتى ۋە خېلى كۆپ دوست تېپىۋالدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا ئۆزىدىن چوڭ باللارمۇ، تەڭتۇشلىرىمۇ ۋە ئۆزىدىن كىچىك باللارمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇيۇندىن زېرىككەن ئامانىسا قارناق ئۆيدىكى كىتابداندىن «مىڭبىر كېچە» نى ئېلىپ چىقىپ دوستلىرىغا ئوقۇپ بەردى. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر، گۈزەل شېئىرىي نەزملەر، ياخشىلىق، ۋاپادارلىق، دوستلۇق، باتۇرلۇق ھەققىدىكى ھېكايىلەر ساددا، ئاق كۆڭۈل ساۋاتسىز سەھرا باللىرىغا تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلۇپ، ئۆزگە رام قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن باللارنىڭ نەزىرىدە ئامانىسانىڭ ھۆرمىتى باشقىچە ئاشتى. باللارمۇ بۇرۇنقىدەك ئويۇنغىلا بېرىلىپ كەتمەي ئامانىسادىن كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. ئامانىسامۇ دوستلىرىغا يالغۇز كىتاب ئوقۇپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، يەنە ئۇلارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ ساۋاتىنى چىقىرىشقا كىرىشتى.

ئامانىسانىڭ بۇ ئىشى تېزدىنلا بۇ خىلۋەت يۇرتقا پۈر كەتتى ۋە ئۇ چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ئاغزىدا «موللا قىز» دەپ تەرىپلەندى.

ئامانىسا دادىسىغا ئوقۇغۇچى، دوستلىرىغا ئۇستاز ئىدى. مەھمۇد ئاكا ئامانىساغا شېئىرىيەت، مۇزىكا ئىلمىدىن ساۋاق بېرىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئاتا ـ بالا بىرلىكتە لۇتفى، نەۋايى، فۇزۇلى، جامى، شىرازى، قىدىرخان، ئايازى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى مۇقام كۈيلىرىگە سالاتتى ياكى يېڭىدىن ئاھاڭ ئىشلەيتتى، مۇقام كۈيلىرىنى رەتلەيتتى. ئۇلار ساتار بىلەن قالۇننى تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئورۇنلىسا، بۇ ئاددىي كۈلبىسى مۇقامغا مەستانە بولغۇچى يۇرتداشلىرى بىلەن تولۇپ كېتەتتى ـ دە، ئاخىرىدا بۇ تەبىئىي يىغىلىش مەشرەپ بىلەن ئاخىرلىشاتتى. بۇ يۇرت خەلقى مەشرەپ، مۇقام، ناخشا ـ سازغا شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىدىكى، بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن مەشرەپ ـ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئارانلا تۇراتتى، بۇ مەشرەپ ـ بەزمىلەرگە مەھمۇد ئاكا بىلەن ئامانىسا ئىشتىراك قىلماي ھەرگىزمۇ قىزىمايتتى.

ئامانىسانىڭ شېئىر يېزىش، مۇزىكا ـ مۇقام ئورۇنلاش ماھارىتى بارا ـ بارا يېتىشىپ يېتىلىۋاتاتتى. مەھمۇد ئاكا ئامانىسانىڭ يازغان شېئىرلىرىنى پات ـ پات كۆرۈپ، پىكىر بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە چوڭقۇر مەنىلىك مۇلاھىزىلەرنى قىلىپ بېرەتتى.

— شائىر بىرنەچچە خىل بولىدۇ، — دەيتتى مەھمۇد ئاكا ئامانىسانىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇلاھىزىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، — بىرىنچى خىلى، مەرىپەت ئىلھامى بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ھاجەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى ھەممىشە مەنە خەزىنىلىرىدىن گۆھەر قېزىش، ئەل پەيزى ئۈچۈن شېئىر يېزىشتۇر. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، دىللارنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز تارتىدۇ. بۇ خىلدىكى

www.uyghurkitap.com

شائىرلار، شېئىرنى ھەرگىز شۆھرەت ئۈچۈن يازمايدۇ. يەنە بىر خىلدىكى شائىرلار ھەقىقەت مىسرالىرىغا مەجازى ئارىلاشتۇرۇپ يازىدۇ... بۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا مەجازى غالىب كېلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىل شەكىلگە ئامراق كىشىلەرمۇ بار. يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە بىر خىل شائىرلارمۇ باركى، ئۇلار پەقەت «شېئىر»نى يازالىغانلىقى ئۈچۈنلا خۇرسەن، يازغانلىرىدىن رازىمەندۇر، ئۇنداقلار مىڭ مۇشەققەتتە بىر بېيىتنى قۇراشتۇرىدۇ ــ دە، شائىرلىق غوۋغاسىنى پەلەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، بۇنداقلارنىڭ سۆزلىرىدە نەدىمۇ ھەقىقەت نۇرى چاقنىسۇن؟ نەدىمۇ مەرىپەت بوستانلىرىنىڭ گۈللىرى بولسۇن؟ شېئىرلىرىدا نە زوق، نە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت بولسۇن؟

مەھمۇد ئاكا ئامانىنىسا ۋاپىسگە يەتكۈزۈپ ئورۇنلىغان بىرەر مۇقام كۈيلىرىنى ئاڭلىغىنىدا يەنە شۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلاتتى:

ــ سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچىلار غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال[1]ئەھلى بولسا ھەر ئىككىسىگە جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ماھىر سازەندىنىڭ ساز نەغمىسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھاياتى پىدا بولسا نېمە غەم؟! چۈنكى، كۆڭۈل ـ جان خۇش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسى دەردمەنلەر قەلبىدىكى ئوتنى ئۆلغايتىدۇ... ئەگەر ھەرقانداق سازەندە سازنى ناھايىتى كۆچلۈك دەرد ئىلكىدە چالسا، دەردتىن زەخمىناك بولغان يۈرەككە بەكرەك تېگىدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن ئىس چىقىرىۋېتىدۇ. سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئۆزى ئەقىللىك بولسا، تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ.

ئامانىنىسا دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ھەربىر جۈملە سۆزنى يۈرىكىگە نەقىش قىلىپ ئويۇشقا

---

[1] ھال ــ ئىشق.

تىرىشاتتى.

بۇ يۇرتتا بىر ـ ئىككى يىل ئاستانىگە بىرىپ مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن زور ئەھمەت ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەت يازالايدىغانلىقى، كىتاب ئوقۇيالايدىغانلىقىدىن ماختىنىپ باشقا بالىلارنى كۆزگە ئىلمايتتى ۋە ھە دىسىلا چاتاق چىقىرىپ، ماجىرا تېرىپ، باشقا بالىلارنى بوزەك ئېتىپ، ئازار بېرەتتى. شۇڭلاشقا، بالىلار ئۇنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىغا چىدىماي «زور ئەھمەت» دەپ ئاتايتتى. ئامانىسانىڭ «موللا قىز» دېگەن نامى يۇرت ئىچىگە تارىلىپ، بارلىق چوڭ ـ كىچىك بالىلار ئامانىسانى ئۇستاز تۇتۇپ خەت ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىن كېيىن، زور ئەھمەتنىڭ ئىچى ئاداپ، ھەسەتخورلۇقى تۇتاتتى ـ دە، پات ـ پات ئامانىسا بالىلارغا ساۋاق بېرىۋاتقاندا پەيدا بولۇپ، ھەر خىل بەتقىلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆگىنىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى، بۇنىڭغا ئامانىسامۇ، باشقا بالىلارمۇ ئامال قىلالمايتتى.

بىر كۈنى ئامانىسا دوستلىرىغا ھېساب ئىلمىدىن دەرس سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ھېلىقى زور ئەھمەت دېگەن بالا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى ـ دە، قويىنىغا سېلىۋالغان بىر پارچە قاتلاقلىق قەغەزنى ئامانىساغا ئۇزارتىپ تۇرۇپ:

ـــ ئاڭلىسام موللا قىزنىڭ خېتىنى ئۆزىدەكلا چىرايلىق دەپ ئاڭلىدىم. مۇشۇ بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ راست ـ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولسا، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئامانىسا ئىككىلەنمەيلا قەغەزنى قولىغا ئالدى ـ دە، سىياھدان، قەلەمنى ئاچىقىپ، شۇ مەيداندىلا تەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى جۈملە ھېكمەتلىك سۆزىنى چىرايلىق قىلىپ يازدى:

«نامەرد قانداق بىمەنە گەپلەرنى ئېيتمايدۇ؟ توخۇ قانداق نىجاسەتلەرنى يېمەيدۇ؟ ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى سۆزىنىڭ

مەنىسىدە، بوزچىلارنىڭ ھۈنىرى توقۇغان ماتاسىدا، چاكىنا - پەس ئادەم ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۈگۈرگىنى بىلەن كېيىك بولالماس.» ئاماننىسانىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان بالىلار بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ پىخىلداپ كۈلۈشكىلى باشلىدى. ئاماننىسا خەتنى يېزىپ بولۇپ، بىر چەتتە تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ تۇرغان زور ئەھمەتكە تەڭلىدى.

— مەڭ، زور ئەھمەت ئاكا، يازغان خېتىمدە نۇقسان بولسا، كۆرسىتىپ بەرگەيسىز.

زور ئەھمەت ئاماننىسانىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ خەتكە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى، خىجىللىق ۋە نومۇستىن چىرايى ئاللىپاساق بولۇپ كەتتى - دە، لام - جىم دېيەلمەي كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۇرتتىكى بالىلارنى بوزەك قىلمايدىغان، ئاماننىسانىڭ دەرس تەرتىپىنىمۇ بۇزۇۋەتمەيدىغان، ئەدەپلىك يۈرىدىغان بولدى. ئۇ مۇشتۇمدەك «موللا قىز»نىڭ ئىستېداتىغا ھەقىقەتەن قول قويغانىدى.

## ئايدىڭدىكى مۇقام ساداسى

مىلادىيە 1540 - يىلى كۈز.

ياقۇتتەك سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدىكى تولۇن ئاي بۇ خىلۋەت سەھراغا تويماي قاراپ سېھىرلىك ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكەتتى. ئاپپاق ئايدىڭدا خېلى يىراقتىكى نەرسىلەرنى ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئاددىيغىنا يېپىلغان پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ئاماننىسا قالۇن بىلەن مۇقام ئورۇنلاۋاتاتتى. مەھمۇد ئاكا چاي ئىچكەچ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە مۇقام كۈيلىرىگە ئەسىر بولۇپ مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ مەڭزىدە گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئاماننىسا يىغىدىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، ئاۋازى تىترەيتتى.

ئامانىسا ناخشىنى ئوقۇپ بولۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ، قىزىم، بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا دەپتىكەن ئاتا ـ بوۋىلار، — مەرھۇم ئانىڭىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، — مەھمۇد ئاكا ئامانىساغا تەسەللى بەرگىنى بىلەن ئەمما تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىنى توختىتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتاتتى.

ھەئە، گۈلجەمىلە ئاغىچا قازا قىلىپ كەتكەن بىر يىلدىن بېرى ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئۆزلىرىگە كۆپرەك مۇقامدىن تەسەللى ئىزدىشەتتى ـ يۇ، ئەمما مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرىدىن ھەسرەتلىك ئەسلىمىلىرى قوزغىلىپ، يىغان ئىلكىدە كۆز يېشى قىلىشاتتى. ئۇلار جۇدالىق دەردىنى ئۇنتۇيالمايۋاتاتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئامانىسا ئىمكان بار ئۆزىنى مۇقام ئېيتىشقا، شېئىر يېزىشقا زورلايتتى. ئۇ راسا يىغلاپ ئىچ ـ قارنىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىختىيارسىز مۇقام ئېيتىشقا كىرىشەتتى.

— قېنى قىزىم، مۇقامنى داۋاملاشتۇرۇڭ، — دېدى مەھمۇد ئاكا ئەمدىلا يىغىدىن توختىغان ئامانىساغا قاراپ، — مۇقام جۇدالىقنىڭ، دەرد ـ ئەلەمنىڭ شىپاسىدۇر، ھەزرىتى ئۇستازنىڭ شېئىرى ئېسىڭىزدىمۇ، قىزىم؟

— ئېسىمدە، ئاتا، — دېدى ئامانىسا تاشاي ـ تاشاي دەپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سىڭدۇرۇۋېتىشكە تىرىشىپ. ئۇ شېئىرنى پەس ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلدى:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

— ماشائاللا[①]، قىزىم، — دېدى مەھمۇد ئاكا رازىمەنلىك

① ماشائاللا — كۆز تەگمىسۇن.

بىلەن، — ئۇل زاتى مۇبارەك بىلەن كۆرۈشمەكلىكى ئۇزاق زامانلار بوپتۇ، ياراتقان ئىگەم ئەزىز تېنىنى ساق قىلغاي ئىلاھىم. — ئۇ ئامانىنساغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى، — قىدىرخان ئۇستازنىڭ شېئىرلىرىغا سالغان مۇقام كۈيلىرىدىن بىرنى ئېيتىڭا، قىزىم.

ئامانىنسا گەپ ـ سۆز قىلمايلا قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ پولات تارىغا ناخۇن ئۇرۇشقا باشلىدى:

ھەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىنىڭ بوستانىدا،
قۇزغۇن ئۆلۇپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە ـ مەشرەپ داستانىدا.

ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس يوقسۇللارنىڭ بوستانىدا.

ئامانىنسا ناخشىنى ئەمدى باشلاپ تۇرۇشىغا، ھويلا دەرۋازىسىنىڭ زەنجىرى يەڭگىل شاراقشىدى. ئامانىنسا دەرھال ناخشىدىن توختىدى. دەرۋازا زەنجىرى يەنە شاراقشىدى. ئامانىنسا مەھمۇد ئاكىغا سوڭدىشىپ دېگۈدەك دەرۋازىغا يۈگۈردى.

دەرۋازا تۈۋىدە ئاتلىق ئۈچ كىشى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئوتتۇز ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ياش يىگىت بولۇپ، قالغان ئىككىسىدىن بىرسى ئوتتۇرا ياشلىق، يەنە بىرسى ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان مويسىپىت كىشى ئىدى. ياش يىگىت بەگزادىلەرچە كىيىنىۋالغان بولۇپ، قالغان ئىككىسىنىڭ كىيىنىشىگە قاراپمۇ مۇلازىم ـ خىزمەتكار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. ھەر ئۈچىلىسىنىڭ يانلىرىغا قىلىچ، بويۇنلىرىغا ئوقيا ئېسىقلىق ئىدى.

غۇنچە بىرى، يۇمىلاق يۈز، چوڭ كۆزلۈك، چىشلىرى گۆرۈچتەك ئۈششاق ھەم زىچ، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، سۇمبۇل چاچلىرىنى قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان پەرى سىياق ئامانىنسانى كۆرۈپ ياش يىگىتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ

كەتتى.

— بىز يولدىن ئېزىپ قالغان يولۇچىلارمىز، — دېدى مويسىپىتراق كىشى مەھمۇد ئاكىنىڭ گۇمانسىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىپ تۇرۇپ ئەدەپ بىلەن سۆزلەپ، — بەگزادىمىز بەك ئۇسساپ كەتتى، بىرەر پىيالە ئۇسسۇزلۇق بېرەرمىكىن دەپ ئۆزلىرىنى مالال قىلىۋىدۇق.

— ئانار شەربىتىدىن بولسا ئاچچىقىن، قىزىم، — دېدى مەھمۇد ئاكا ئامانىنىساغا قاراپ.

ئامانىنىسا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، هايال بولماي بىر پىيالە ئانار شەربىتىنى ئېلىپ چىقتى.

بەگزادە سۇپەت يىگىت پىيالىدىكى ئانار شەربىتىنى گۇپۇلدىتىپ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ـ دە، قۇرۇق پىيالىنى ئامانىنىساغا تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئانار شەربىتىدىن يەنە بىر پىيالە ئىلتىپات قىلغان بولسىلا، بۇ ئىككى هەمراهىمىمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى.

يىگىتنىڭ ئانار شەربىتىنى ئاۋۋال مويسىپىت كىشىگە تەڭلىمەي تۇرۇپ ئۆزى ئىچىۋالغان ئەنسابسىزلىقىدىن رەنجىگەن ئامانىنىسا گەپ ـ سۆز قىلمايلا قۇرۇق پىيالىنى ئېلىپ كەينىگە ياندى ـ دە، ئاچچىق ئاناردىن ئىككىنى تاللاپ سىقتى.

يىگىت ئامانىنىسانىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ يەنە بىر ئوتلىدى ـ دە، ئاچچىق ئانار شەربىتىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى. يىگىتنىڭ چىرايىغا قاراپ ئامانىنىسا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— باشتا تاتلىق ئانار شەربىتىدىن ئاچىقىپتىكەنلا، ئەمدى ئەجەب ئاچچىق ئانار شەربىتىدىن ئاچىقىپلىغۇ، خان قىز؟ — دېدى يىگىت كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايلا.

— مەن ئانارنى تاتلىقمۇ، ئاچچىقمۇ دەپ تاللاپ ئولتۇرمايلا سىقىۋەرگەنىدىم. بەلكىم مېهماننىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن نىيىتى بۇزۇلغان بولسا قولۇمغا ئاچچىق ئانار چىقىپ قالغان چېغى.

ئامانىسانىڭ چاقماقتەك جاۋابى يىگىتنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

شۇ ئارىدا مەھمۇد ئاكا بىلەن مويسىپىت كىشى بىر - بىرىگە بىرقانچە قېتىم تىكىلىپ قارىشىۋالدى. «ئەجەب تونۇش چىرايغۇ بۇ، نەدە كۆرگەن بولغىيدىم؟» دەپ ئويلايتتى ھەر ئىككىلىسى ئىچىگە ئالالماي.

— بايا مۇقام ئورۇنلىغان قىزىمىز مۇشۇمۇ؟ — سورىدى مويسىپىت كىشى مەھمۇد ئاكىغا قاراپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

— شۇنداق، — دېدى مەھمۇد ئاكا بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇدا.

يات كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن مۇقامنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىسا ياكى باشقىلارنىڭ مۇقامغا زوقمەنلىكىنى بىلسە، مەھمۇد ئاكا بۆلەكچىلا روھلىنىپ كېتەتتى. ھازىرمۇ ئۇ قىزى ئورۇنلىغان مۇقامنى بۇ ناتونۇش مېھمانلارنىڭ يولدا كېتىۋېتىپ تىڭشىغانلىقىنى، مېھمانلارنىڭ مۇقام ئاڭلاشقا زوقى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدىنى قاپلىغان بايىقى گۇمانىي تۇيغۇلاردىن خالاس بولدى ۋە مەردلىك، مېھماندوستلۇق تەبىئىتى غالىب كېلىپ:

— قېنى ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ مېڭىشسىلا، مېھمانلار، — دەۋەتتى.

مېھمانلار مەھمۇد ئاكىنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەكەللۇپسىزلا ھويلىغا كىردى - دە، سۇپىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

تامغا ئېسىپ قويۇلغان تەمبۇر، قالۇن، ساتار، دۇتار، داپ قاتارلىق سازلار مېھمانلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. سازلارغا قاراپ مويسىپىت مېھماننىڭ ئېسىگە بىر ئىش غۇۋا - شىرە كەلگەندەك بولدى - دە، مەھمۇد ئاكىغا تېخىمۇ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

ئامانىسا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ بىر

پەتنۇستا نان ۋە ھەربىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن قېتىق ئاچىقتى، ئۇنىڭغىچە مەھمۇد ئاكا بىر قوغۇن بىلەن بىر تاۋۇزنى ئاچىقىپ داستىخاندىلا تىلىشقا باشلىدى.

— قېنى ئاددىي بولسىمۇ داستىخانغا بېقىشسىلا، مېھمانلار، — دېدى مەھمۇد ئاكا.

مېھمانلارنىڭ داستىخاندىكى مەزەلەرگە ئانچە ئىشتىھاسى يوقتەك قىلاتتى. مېھمان يىگىت بىردە ئامانىنىساغا، بىردە تامدا ئېسىقلىق تۇرغان سازلارغا قارايتتى، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان تەقەززالىقىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى دېيىشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇراتتى. مويسىپىت ھەمراھىغا «ئۆزلىرى بىر ئامال قىلسىلا» دېگەندەك قىلىپ، يوشۇرۇن كۆز ئىشارىتى قىلاتتى.

— ئەگەر مالال كەلمىسە، قىزىمىز بىزگە بىرەر پەدە مۇقام ئورۇنلاپ بەرگەن بولسا، — دېدى مويسىپىت مېھمان مەھمۇد ئاكىغا قاراپ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

— بولىدۇ، — دېدى مەھمۇد ئاكا ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئامانىنىسانى تۇۋلىدى، — ئامانىنىسا، ھويلىغا چىقىپ مېھمانلارغا بىر پەدە مۇقام ئورۇنلاپ بېرىڭ، قىزىم.

«ئامانىنىسا» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپلا مويسىپىت مېھماننىڭ كۆزى پاللىدە چاقناپ كەتتى، مەھمۇد ئاكىغا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى. «شۇ، دەل ئۆزى شۇ...» دېدى ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئۇنىڭغىچە ئامانىنىسا ئۆيدىن چىقتى - دە، تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ «پەنجىگاھ» مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى.

ھەر كىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ ئېتىبار،
كىم ئۇنىڭ زاتىدە بىدادۇ سىتەم بولغاي قىلىق.
ياخشىلىق گەر قىلماسا، بارى يامانلىق قىلماسۇن،
كىم يامانلىق قىلماسا قىلغانچە بار ئۇل ياخشىلىق.

www.uyghurkitap.com

يەشمىسى:

(بەزىلەر بۇ زاماندا مەنسەپ ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولسا، ياشقىلارغا زۇلۇم سېلىشنى ئادەت قىلىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق قىلمىسا، يامانلىقمۇ قىلمىسۇن، يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەردۇر).

ئاماننىسا پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىن بىر پەدە چالغاندىن كېيىن، مەشرەپ قىسمىغا پەدە يۆتكەپ ناخشا باشلىدى. مېھمانلار مۇقامنىڭ سېھىرلىك كۈيلىرىگە مەستانە بولۇپ قېتىپ قالغانىدى.

ساقىا يۈز شۈكۈر يارەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر، مىسكىنغىنا ئول ئابدۇرېشىدخاننى فاناھ قىلدىڭ.
نەفسى، كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىل تەڭرى تەقدىسقە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا، قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

يەشمىسى:

(خۇدا ساقىا يۈز شۈكۈر، بىزگە ئادىل پادىشاھ بەردىڭ، پېقىر ـ مىسكىنگە ئابدۇرېشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.

ئەي نەفسە، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغىن، ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن).

ئاماننىسا مۇقام ئوقۇشتىن توختىمىشىغا مېھمان يىگىت ھاياجىنىنى باسالماي ئالدىراپ سورىدى:

— ماشائاللا، خان قىز مۇقام ئورۇنلاشتا ھەقىقەتەن كامالەتكە يېتىپتۇ. بىراق، بىر گەپنى سورىسام بولارمۇ؟ نەفسە دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟

ئاماننىسا مېھمان يىگىتنىڭ سوئالىغا بەخىرامانلا جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ نامى ئانچە مەشھۇر بولمىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا زوقۇم يوق. ئادەتتە ئۇستاز مەۋلانە ئەلىشىر نەۋايى، لۇتفىي، فۇزۇلىي ۋە ئۇستاز قىدىرخان، ئايازبېيلاردىن باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، ئەفسە مېنىڭ تەخەللۇسۇم.

مېھمان يىگىت ئانچە ئىشەنمىگەن تەزەردە سورىدى:

— ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي، خان قىز بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىلىكىن؟

زېرەك ئامانىسا كۆرۈنۈشتىن بىرئاز تەكەببۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان مېھمان يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىر يازغانلىقىغا ئىشەنمەي زىغىرلاپ سوراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— بۇ يىل ئون تۆت ياشقا كىردىم، — دېدى ئۇ چىرايلىق بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — مېھمان مېنىڭ بۇ شېئىرنى يازغانلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتسا كېرەك، ئەتىمالىم. بىر رىسالىدە ئۇستاز ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ يەتتە ياش چېغىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەنلىكى شەرھلەنگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ سەككىز يېشىمدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەنلىكىم تەسەۋۋۇرغا سىغماسمۇ؟

مېھمان يىگىت ئامانىسانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ لام ـ جىم دېمىدى.

ئامانىسا غا قايىللىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغا مويسىپىت مېھمان ياش ھەمراھىنىڭ تېخىچە گۇمانىي تۇيغۇدىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئامانىساغا مۇراجىئەت قىلدى:

— مۇمكىن بولسا قىزىمىز يازغان غەزەللىرىدىن بىرەر پارچە ئوقۇپ بەرگەن بولسا، ھەممەيلەن تەڭ زوق ئالغان بولساق.

ئامانىسا ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بىر پارچە غەزىلىنى ئاستا دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

www.uyghurkitap.com

بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ قونارغا گۇلشەن ئىستەرىم،
گۇل ئارا بۇلبۇل مەسەللىك شېرىن زەبان ئىستەرىم...

بىر ئاز ئاچچىقى كەلگەن ئامانىنىسا شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ مېھمانلارغا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— پاساھەت، پاساھەت، — دېدى مېھمان يىگىت شېئىرنىڭ ھۆزۈرىدىن لەۋلىرىنى تەمشىپ، — خان قىزنىڭ ھەققىي بىر ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئەمدى ھەقىقىي ئىشەندىم. بىلمىدىم، خان قىزنىڭ مۇشۇ سورۇنىمىزدىكى بىرەر ئىشقا قارىتىپ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە زوقى بارمىكىن؟

ئۆزىگە كاندەك چاپلىشىۋالغان مېھمان يىگىتتىن زېرىككەن ئامانىنىسا بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۆئىزەن مەڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن مەڭا.

يەشمىسى:

(خۇدا بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى. گويا بۇ ئۆيدە بۇگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۇندى).

ئامانىنىسا شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا مېھمان يىگىت دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، قول باغلاپ تەزىم قىلدى.

— خان قىز ھەقىقەتەنمۇ يېتىشكەن بىر شائىرە ئىكەن، بايا ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسام كەچۈرگەي.

مېھمان يىگىتنىڭ ئەپۇسنى ئاڭلاپ ئامانىنىسانىڭ چېھرىگە قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى. مەھمۇد ئاكا قىزىغا پەخىرلىك تۇيغۇدا قاراپ قويدى.

باياتىن بېرى ئامانىنىسا بىلەن ياش ھەمراھىنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى يەتكۈزمەي، سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرغان

مويسىپىت مېھمان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئامانىنىساغا قاراپ سۆزلىدى:

— ھا ـ ھا ـ ھا... رەھمەت، رەھمەت، تازا جايىدا كەلتۈرۈپ بابلىدىڭىز، نەفسە قىزىم. يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى شېئىرىي ئىستىبداتىڭىز يەنە باشقىچە ئىلگىرىلەپتۇ، — مويسىپىت كىشى ئەمدى مەھمۇد ئاكىغا قاراپ سۆزلىدى، — قىزىمىزنى ھەقىقەتەن ياخشى تەربىيەلەپسىز، مەۋلانە، — ئۇ مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆزىگە ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە سورىدى، — مېنى راستلا تونۇيالمىدىڭىزمۇ، مەۋلانە؟ قاراڭ، بەكرەك قاراڭ، كۆزلىرىمگە قاراڭ، قەدىردان دوستۇم.

مەھمۇد ئاكا بىرنەچچە دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مويسىپىت مېھمانغا قۇچاقلىرىنى كەڭ يايغىنىچە ئېتىلدى.

— ھەزرىتى قىدىرخان ئۇستاز! ئاھ، ئۇستازىم، بارمۇسىلى.. خۇدا كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلدىكەن ـ ھە بەندىسىنى.

ئۇلار مەھكەم قۇچاقلاشتى. مەھمۇد ئاكىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. قىدىرخان ئۇستازنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشمۇ ئاپپاق ساقاللىرىنى ھۆللىۋەتكەنىدى. ئۇلارغا قاراپ ئىككى مېھمان ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

دادىسىنىڭ «قىدىرخان ئۇستاز» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئامانىنىسانىڭ يىراق باللىق ئەسلىمىلىرى خىرە ـ شىرە كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. راست، ھېلىقى تۇنجى يازغان شېئىرلىرىنى كۆرگەن، مەكتەپتە شېئىرىيەت، مۇزىكا ئىلمىدىن دەرس ئۆتكەن، ئۆزىگە «نەفىسە» دېگەن تەخەللۇسنى تەقدىم قىلغان، دادىسى داۋاملىق ئىسمىنى زىكرى قىلىپ ياد ئېتىپ تۇرغان سۆيۈملۈك ئۇستازى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ئامانىنىسانىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.

— ماشائاللا قىزىم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئامانىنىسانىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ

ياخشى تەربىيەلىنىپسىز.
قىدىرخان ئۇستاز ئەمدى باياتىن بېرى تەئەججۈپ ئىشىكىدە قاراپ قالغان ياش ھەمراھىغا ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇپ چۈشەنچە بەردى:
— مۆھتەرەم شاھىم، بۇ كىشى مەن سىلىگە نەچچە يىلدىن بېرى گېپىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە كۆپ دېرىكىنى قىلغان، ئۆز ۋاقتىدىكى خانلىق دىۋانخانىنىڭ باش مىرزىسى مەۋلانە مىرزا مەھمۇد بولىدۇ.
قىدىرخان ئۇستازنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ياش يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ مەھمۇد ئاكىغا ھۆرمەت بىلدۈردى.
قىدىرخان ئۇستاز ئەمدى مەھمۇد ئاكىغا قاراپ سۆزلىدى:
— بۇ كىشى دۆلەتپاناھ شاھىمىز سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئالىيلىرى بولىدۇ. يېنىدا ئولتۇرغان بۇ كىشى ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېگى ئەكرەم سەردار بولىدۇ.
مەھمۇد ئاكا قىدىرخان ئۇستازنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، ئالمان ـ تالمان سۇپىدىن پەسكە چۈشتى ـ دە، سۇلتان ئابدۇرېشىدخانغا قول باغلاپ يېرىم ئېگىلىپ ھۆرمەت سالىمى قىلدى:
— ياش سۇلتانىمىزنىڭ ئەزىز تېنى سالامەت بولغاي، باياتىن بېرى تونۇماي قىلغان ئەدەپسىزلىكىمىز ئۈچۈن كەچۈرگەيلا، سۇلتان ئالىيلىرى.
— تەكەللۇپ قىلمىسىلا، مەھمۇد ئۇستاز، — دېدى سۇلتان ئابدۇرېشىدخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەلسىلە، ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋەرسىلە، قىدىرخان ئۇستاز دېگەندەك ئۆزلىرىنىڭ كۆپ دېرىكىنى قىلدىم. لېكىن، بۇنداق ھەم ھاۋالىق، ھەم خىلۋەت بىر يۇرتقا كېلىۋالغانلىقلىرى زىنھار خىيالىمىزغا كىرىپ چىقماپتۇ. ياراتقان ئىگەم بۇگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى مانا.
سۇلتان گېپىنى تۈگىتىپ ئامانىنىساغا لاپپىدە بىر

قارىۋالدى. ئامانىيسا باياتىن بىرى ئۆزىنى جىلە قىلىپ تىرىكتۇرگەن بۇ ياش يىگىتنىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغانىدى.

ئارىدىكى سۈكۈت، تارتىنىشنى يەنىلا قىدىرخان ئۇستاز بۇزدى، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە، شېئىرىيەت ـ مۇقام ھەققىدە سۆھبەت باشلىدى. ساھىبخاننى قورۇندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئابدۇرېشىدخانمۇ ئىمكان بار پاراڭغا لوقما سېلىپ تۇردى. ئارىلىقتا قىدىرخان ئۇستاز ئۆزى باشلاپ بىرنەچچە پەدە مۇقام ئورۇنلىدى. ناخشىغا سۇلتان ئابدۇرېشىدخانمۇ قېتىلدى. سۇلتاننىڭ مۇقام ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئامانىيسانىڭ ۋۇجۇدىدىكى تارتىنىشمۇ بارا ـ بارا يوقاپ كەتتى.

گەپ ئارىلىقىدا سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بۇ ئۆيگە يولدىن ئېزىپ قېلىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىزدەپ ئەمەس، ئامانىيسانىڭ مۇقام ئورۇنلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇقام ئورۇنلىغان قىزنى كۆرۈش ۋە ئىمكان بولسا بىرنەچچە پەدە مۇقام ئاڭلاپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاشكارىلىغىنىدا ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلار تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ يۇرتقا ئوۋ ئوۋلاشقا كەلگەنىدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن قىدىرخان ئۇستاز مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن مېھمان بولدى. مېھماندارچىلىق جەريانىدا ئۇلار مۇقام، شېئىرىيەت، پەلسەپە، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلاھىيەت... قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ـ كۇشادە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى، مەھمۇد ئاكىنىڭ قازناق ئۆيىدىكى ساقلىغان ھەرخىل پەنلەرگە ئائىت كىتابلىرىنى كۆردى. يەنە تېخى ئۇلار يۇرتنىڭ سىرتىدىكى جاڭگاللىقتا چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇپ ساقلاپ تۇرغان نۆكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئوۋغىمۇ چىقتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئىلىم ـ سەنئەتخۇمارلىقى، بولۇپمۇ شېئىر ـ مۇزىكىغا ئالاھىدە زوقمەنلىكى، ئاق كۆڭۈل،

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇق، مەردۇمەردانىلىقى مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆزىگىلا بولغان ئىلگىرىكى ئاداۋەت، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋەتتى.

ئامانىسا بولسا سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن قىدىرخان ئۇستازىنىڭ خىزمىتىدە بولالىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

## تويلۇق: بىر ئېرىق سۇ

سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن قىدىرخان ئۇستاز مەھمۇد ئاكا بىلەن ئامانىسانى ئوردىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدى، بۇ خىلۋەت يۇرتتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا ئاستانىگە قايتىپ كەلدى. يېقىن دوستى، مەسلەكدىشى، زامانىسىنىڭ يېتىلگەن ئالىمى مىرزا مەھمۇدنى ئوردىغا قايتا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، بىرلىكتە ئىلىم مۇتالىئە قىلىش، پۇتكۈل خانلىقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەڭ كۈچ چىقىرىش ئارزۇسى قىدىرخان ئۇستازنىڭ ۋۇجۇدىنى تەقەززا قىلسا، شېرىن سۆزلۈك، شوخ، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن ئامانىسانى بىر كۆرۈش بىلەنلا ۋۇجۇدىغا ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشقان سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ يۈرىكى ئامانىسا بىلەن بىللە بۇ خىلۋەت سەھرادا قالغانىدى.

ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھمۇد ئاكا بىلەن ئامانىسانى قانداق قىلىپ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە قايتا ـ قايتا مەسلىھەتلەشتى. ئىشق ئوتى پۇتكۈل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئالدىراپ قالغانىدى. ياش سۇلتاننىڭ روھىي ھالىتىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن قىدىرخان ئۇستاز مەھمۇد ئاكىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بېرىش قارارىغا كەلدى.

— مەۋلانە مەھمۇدنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىش خۇسۇسىدا ئۆز قوللىرى بىلەن بىر نامە يېزىپ بەرگەن بولسىلا، شاختاتارغا يەنە

بىر قېتىم بىرىپ ئۆنى ئوردىغا كېلىشكە قايىل قىلغان بولاتتىم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئابدۇرېشىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ.

قىدىرخاننىڭ بۇ تەكلىپى سۇلتاننىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد شامىنى قايتىدىن پىلىلداتتى.

— ئەگەر قىدىرخان ئۇستاز بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىسىلا، سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر تۆھپە كۆرسەتكەن بولاتتىلە، — دېدى سۇلتان كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، — مەھمۇد ئۇستاز، ئامانىسا خېنىمدەك يېتىشكەن ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ ئاشۇ خىلۋەت سەھرادا نام - نىشانسىز يورۇشى بۇيۇك خانلىقىمىزنىڭ سەلتەنەتى ئۈچۈنمۇ بىر نۇقسانلىق ئىشتۇر.

سۇلتان ئابدۇرېشىدخان دەرھاللا ئىككى پارچە نامە يېزىپ ئاستىغا شاھانە مۆھرىنى باستى.

— بۇنىڭ بىرسى مەھمۇد ئۇستازغا، — دېدى سۇلتان خەتنى قىدىرخانغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — يەنە بىرسى ئامانىسا خېنىمغا، ئۆز قولىغا تەگكۈزگەيلا.

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ پەرمانىنى بەجانىدىل ئورۇنلىغايمەن، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز.

ھۇزۇرى مۇبارەكتىن قايتىپ چىقىپلا ئون نەچچە مۇلازىم بىلەن يولغا چىققان قىدىرخان ئۇستاز نامازشام ۋاقتىدا مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۆزئارا سالام - سەھەتتىن كېيىن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قىدىرخان ئۇستاز ئىككى پارچە مەكتۇپنى مەھمۇد ئاكا بىلەن ئامانىساغا تەڭلىدى.

— سۇلتاننىڭ مەكتۇپىنى ئالغاچ كېلىۋىدىم.

مەھمۇد ئاكا سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئۆزىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدى. خەتتە سۇلتان ئابدۇرېشىدخان مەھمۇد ئاكىغا تەكلىپىنى رەت قىلمۇەتمەسلىكىنى يېنىش - يېنىشلاپ

ئۆتۈنگەندى، يەنە مەھمۇد ئاكىغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنىمۇ يېزىپ قويغانىدى. ھەئە، مەھمۇد ئاكا شۇ تۇرقىدا سۇلتان ئابدۇرېشىدخاندەك بىر پادىشاھنىڭ ھەرگىزمۇ بىر ئاددىي پۇقراغا ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا مەكتۇپ يازمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنى پەرمان بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كەتسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە قېيىنئاتا ئورنىدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق يوسۇندا مەكتۇپ يېزىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. گەرچە بۇ خەت تەكلىپ تەرىقىسىدە بىرمۇنچە تەكەللۇپ بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مەھمۇد ئاكا ئۈچۈن يەنىلا پەرمان ئىدى. چۈنكى، پادىشاھ دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى.

مەھمۇد ئاكا ئوردىغا بېرىش تەكلىپىگە ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىدى. چۈنكى، ئالدىنقى قېتىم سۇلتان بىلەن قىدىرخان ئۇستاز ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن ئامانىنىسا بىلەن قايتا ـ قايتا مەسلىھەتلەشكەن، مۇقامنى رەتلەش، يۈرۈشلەشتۈرۈش، ئەل ئىچىگە تارقىتىشتەك بىر بۈيۈك ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئوردىغا — ئابدۇرېشىدخاندەك كۈچلۈك بىر ھامىيغا تايانماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ئوردىغا بېرىش قارارىغا كېلىشكەنىدى. مانا ئەمدى كۈتمىگەندە يەنە بىر نازۇك مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىۋاتاتتى، ئاھ، خۇدا، بۇنىڭغا نېمەدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك ئەمدى؟

ئامانىنىسانى ياتلىق قىلىش بىر يىلدىن بېرى مەھمۇد ئاكىنىڭ كاللىسىنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئەلچىلەر ئىشىك قېقىپ تىنچىتمايۋاتاتتى. مەھمۇد ئاكا ھازىرغىچە ئامانىنىسانىڭ رايىغا بېقىپ ئەلچىلەرگە ئۈچۈر قىلمىغانىدى، مانا ئەمدى بىر ئەلنىڭ پادىشاھى، كاتتا ھۆكۈمرانى ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئامانىنىسا بۇنىڭغا نېمە دەر؟ ئۇنىڭ تەختۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ياتلىق بولۇپ

كەتتى. ئامانىمسامۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ئويلاشقان بولغىيمىدى؟ ھەي... ماۋۇ تەس ئىشنى، ئانىسى رەھمەتلىك بولغان بولسىغۇ قىزى بىلەن مۇڭدىشىپ باققان بولسا ئاسان بولاتتى. ئاتا ئۇچۇن بۇنداق نازۇك گەپنى قىزىغا دېمەك تولىمۇ تەس كېلىدىكەن.

مەھمۇد ئاكىنىڭ زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە تۇرۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن قىدىرخان ئۇستاز يەڭگىل يۆتىلىپ قويدى. شۇ چاغدىلا مەھمۇد ئاكا خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ قىدىرخان ئۇستازغا قارىدى.

— ئويلىنىپ قالدىڭىزغۇ، مەۋلانە؟ — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مەھمۇد ئاكىنىڭ خىيالىنى بىلگۈسى كېلىپ، — مەكتۇپتا كۆڭلىڭىزگە تىك كەلگۇدەك گەپ ـ سۆزلەر يوقتۇ؟

— يوقسۇ، — دېدى مەھمۇد ئاكا، — ئەمما سۇلتان ئالىيلىرى تولىمۇ بىر نازۇك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بەلكىم بۇ ئىشتىن ھەزرىتىم بىخەۋەر بولمىسا كېرەك.

— ئارى، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز خەۋىرى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — بۇ ئىشتا مېنى ئەلچى دەپ تونۇسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، مەۋلانە.

— سىلىچە بۇ ئىش...

— خانغا قېيىنئاتا بولۇشنىڭ ھېچقانداق يامىنى يوق، مەۋلانە، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مەھمۇد ئاكىنى ئارتۇقچە سۆزلىگىلى قويماي، — ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، خان ھەم ياش، ھەم پەزىلەتلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىمىز بىلەن پىكىرداش، تەقدىر ـ قىسمەت قىزىمىزنىڭ پېشانىسىگە شۇنى پۈتكەن ئوخشايدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى مەھمۇد ئاكا قىدىرخان ئۇستازنىڭ سۆزىنى يىرالماي، — ئەمما، ئامانىمسا نېمە دەيدىكىن؟ شۇ چاغقىچە بالىنىڭ كۆڭلىنى چېكىپ باقمىدىم، دىلىغا ئازار بەرمىدىم، ھەممە ئىشتا رايىغا باققانىدىم، ھېلىمۇ

www.uyghurkitap.com

ھەم بالىنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ باقساق.

— مەيلى، ئۇنداق بولسا قىزىمىز بىلەن مەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز مەھمۇد ئاكىسىنىڭ يۇمشىغىنىنى كۆرۈپ.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇۋاتقان ئامانىسانىڭ نازۇك ۋۇجۇدى خۇددى بوراندا قالغان يېگانە دەرەختەك تىنچسىز ئىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئىشق سەۋداسىنى بىلدۈرۈپ يازغان مەكتۇپىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان ئىككى پارچە شېئىرنىڭ تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسراسى ئامانىسانىڭ بارلىق سەزگۈلىرىگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان، تېپتىنچ تۇرغان قىزلىق تۇيغۇلىرىنى چالغىتىۋەتكەنىدى.

ئى پەيك سابا، مېنىڭ سالامىم يەتكۈر،
يارىمغا نىياز ئىلە سالامىم يەتكۈر.
گەر سۇبھى ۋە شام قېشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە دۇئايى سۇبھى ۋە شامىم يەتكۈر.

يەشمىسى:

(ئى سەھەرنىڭ شامىلى، يارىمغا مېنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىمنى يەتكۈزگىن؛ يارىمغا مېنىڭ كەمتەرلىكىم بىلەن سالىمىمنىمۇ يەتكۈزگىن؛ ئەگەر سەھەر، كەچقۇرۇنلاردا يارىمنىڭ قېشىغا بېرىپ قالساڭ، مېنىڭ كېچە ۋە سەھەرلەردە يارىمنى يادلىغان نالىلىرىمنى يەتكۈزگىن).

گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەر بويۇڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.
......

مانا بۇ يالقۇنلۇق مىسرالار ئامانىسانىڭ يۈرىكىدە توختاۋسىز ئەكس سادا قايتۇراتتى. ھەئە، شۇ تاپتا قىزنىڭ كۆز

ئالدىدا سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، شوخ قاراشلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا زاھىر بولاتتى. سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىر پارچە مەكتۇپ بىلەنلا ئامانىسانىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرغانىدى.

قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئامانىسانىڭ سۆھبىتى خېلىلا ئەتىجىلىك بولدى. قىدىرخان ئۇستازنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئامانىسا:

— ئەگەر دادام بىلەن ئۇستازىم لايىق كۆرگەن بولسا، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، — دېدى شەلپەردەك قىزارغان ھالدا يەردىن ئۇستۇن قارىماي.

ئەتىسى ئەتىگەندە سۇلتانغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا تەرەددۇتلەنگەن قىدىرخان ئۇستازنى ئامانىسا ئاستا بىر يانغا چاقىردى:

— ئۇستازىمغا ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

— قېنى خوش، سۆزلەڭ، قىزىم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز.

ئامانىسا شەلپەردەك قىزارغىنىچە بىرنەچچە دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاران تەستە ئېغىز ئاچتى:

— ئاخشام ئۇستاز دادام بىلەن توي ۋە تويلۇق توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىشتىلا. مالال كۆرمەي سۇلتان ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسىلا. ماڭا زىيادە مال - دۇنيانىڭ كېرىكى يوق. سۇلتان ئالىيلىرى تويلۇقۇمغا بىر ئېرىق سۇ بەرسىلا كۇپايە.

— بىر ئېرىق سۇ؟ — قىدىرخان ئۇستاز ئەجەبلەنگەن ھالدا ئامانىساغا قارىدى.

— شۇنداق، بىر ئېرىق سۇ، — دېدى ئامانىسا تەكرارلاپ.

ئۇ كېچىدىن بېرى ئۇخلىماي كۆڭلىگە پۈككەن بۇ مۇددىئاسىنى ئەتىگەندىن بېرى قىدىرخان ئۇستازغا قانداق بىلدۈرۈشنى بىلمەي كۆپ قىينالغانىدى. خېلىدىن بېرى قەلبىگە پۈككەن بۇ ئۇلۇغ

ئارمانىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ بارلىق خىجىلچىلىق، پەردىشەپ دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — تەكلىماكان گىرۋىدىكى بۇ يۇرت ۋە يۇرت خەلقى بىزنى يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى ئەزىز مېھمىنىنى كۆنكەندەك كۈتۈپ، بېقىپ كەلدى. ئەمما، سۇ ئالىدىغان مۇقىم بىر ئېرىق - ئۆستەڭ بولمىغاچقا، قۇرغاقچىلىق بولغان مەزگىللەردە دەريادىن سۇ ئالالماي زەر - زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، سۇلتان ئالىيلىرى پەرمان چۈشۈرۈپ تىزناپ دەرياسىدىن سۇ ئالىدىغان مەخسۇس بىر ئېرىق چاپتۇرۇپ سۇ باشلاپ بەرگەن بولسا...

— چۈشەندىم، چۈشەندىم، قىزىم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ھاياجانلانغان ھالدا، — يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى نان - تۇز بەرگەن بۇ زېمىننى قۇرۇپ چۆللىشىپ كەتمىسۇن، يىلدىن - يىلغا ئاۋاتلاشسۇن، يۇرت خەلقى خاتىرجەم دېھقانچىلىق قىلىپ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسۇن دەپسىز - غۇ ئاخىر. ئەقلىڭىزدىن ئايلىناي، قىزىم. يۇرتقا كۆرسەتكەن ھىممىتىڭىزگە بارىكاللا، تەلىپىڭىزنى سۇلتان ئالىيلىرى چوقۇم بەجا كەلتۈرىدۇ.

## دۇمبۇل شېئىر

سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن توي قىلىپ ئوردىغا خانىش بولۇپ كىرگەن ئامانىسا سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ھەقىقىي سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن، ئەل ئارىسىغا بېرىپ مۇقامىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، يۇرۇشلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشتا ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا، ھاسىيلىقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن قېيىنئانىسى خان ئاغىچا خېنىم بىلەن چوڭ خانىش چۈچۈك ئاغىچىنىڭ تەنە - دوقلىرىدىن يۈرىكى قان ئىدى.

خان ئاغىچا ئوغلى سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئامانىسادەك تۆۋەن نەسەبتىن كېلىپ چىققان، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان

بىر سەھەرالىق قىز بىلەن توي قىلىشىغا، خانىشلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىشىغا قارشى ئىدى. ئۇ ئوردىدىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە دىنىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالغان غوجا ـ ئىشانلار بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئاماننىسا بىلەن توي قىلىشىنى جېنىنىڭ بارىچە توسقان، قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەغلۇپ بولدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن زەردىگۈش بولغان خان ئاغىچا ئاماننىسا خانىش بولۇپ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە ئاماننىسانىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلمىدى. كېيىن سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ قايتا ـ قايتا قويغان تەلىپى، ئۆتۈنۈشى، يالۋۇرۇشى بىلەن ئاماننىسانىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا كېلىن قاتارىدا، خانىش مەرتىۋىسىدە مۇئامىلە قىلمىدى. ئۇ ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئاماننىسادىن قۇسۇر ئىزدەشكە، بىرەر ئىشقا پۇتلاپ سۆز نەشتەرلىرىنى سانجىۋېلىشقا تەييار ئىدى.

چوڭ خانىش چۇچۇك ئاغىچا بولسا تولىمۇ ھاكاۋۇر ئايال ئىدى. ئۇ دەسلەپتە سۇلتاننىڭ ئاماننىسا بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «ۋاي، ناھايىتى بىر سەھەرالىق ناخشىچى ئىكەنغۇ» دەپ پەرۋايىغا ئالمىغانىدى. تويدىن كېيىن ئابدۇرېشىدخان بىلەن ئاماننىسانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر سۆيگۇ ـ مۇھەببەتنى كۆرۈپ، كۈنداشلىق ئازابىدا ئوغا يەۋالغاندەك بولۇپ كەتتى ـ دە، چوڭ خانىشلىق سالاھىيىتى بىلەن يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئاماننىسانى ئەدەپلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قېيىنئانىسى خان ئاغىچىغا ئاماننىسانىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلاتتى. ئاماننىسا بۇ دەردلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ چىداشقا مەجبۇر ئىدى.

— سەھەرالىق، زېدى پەس لولى[1]، ئۇنىڭ خانىش بولۇش سالاھىيىتى يوق، — دەپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تالايتتى

[1] لولى — كوچا ـ كويلاردا ناخشا ئېيتىپ، ئەلنەغمىچىلىك بىلەن جان باقىدىغانلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خان ئاغىچا.

— ئەزەلدىن خانىشنىڭ رەئىيەت① كە ساز چېلىپ، ناخشا ئوقۇپ بەرگىنى نەدە بار؟ ئامانىنىسا سەلتەنەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى. ئۇ يا خېنىم ـ خانىشلىقتا تۇرسۇن، يا ناخشىچىلىقتا، ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق سۇلتان شۇ پەسنىڭ قەسرىدىن چىقمايدۇ، — دەپ چىقىمچىلىق قىلاتتى چۇچۇك خانىش.

كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئامانىنىسانىڭ مۇقام رەتلەش، يۇرۇشلەشتۈرۈش، مۇقام شاگىرتلىرىنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا ئوردىدىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ ئەمىرلەر بىلەن غوجا ـ ئىشان قاتارلىق دىنىي كۈچلەرمۇ ئۆكتە قوپتى. ئۇلار تويلىشىپ سۇلتان ئابدۇرېشىدخانغا ئەرز سۇندى.

— ئوردىنى مۇقامچىلار ئىگىلەپ كەتتى. قوللىرىغا ساز تۇتۇشۇۋالغان زېدى پەس تېجىمەللەر خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىپ ئوردىنى قەلەندەرخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. خانلىقنىڭ خەزىنىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئاقچىلار بىھۇدە خەجلىنىپ كەتتى. بۇ مۇقەددەس دىنىي ئىسلامىمىزغا قىلىنغان چوڭ ھاقارەت. بۇ گۇناھى كەبىرنى سۇرۇشتە قىلىش كېرەك، خانىش ئامانىنىسا خېنىم ئاشۇ تېجىمەل نامەھرەملەرگە مۇبارەك جامالىنى كۆرسىتىپ، بىللە ساز چېلىشىۋاتىدۇ. خانىش نامەھرەم ئالدىدا چۈمپەردىسىنى ئېلىۋەتسە، خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى خوتۇن كىشى زاتىغا نېمە دېگۈلۈك؟!

ئۇلار سۇلتان ئابدۇرېشىدخاندىن دەككىسىنى يېيىشكەندىن كېيىن خان ئاغىچا بىلەن چۇچۇك خانىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشاتتى. بۇ سۇلتان ئابدۇرېشىدخان، خانىش ئامانىنىساخان، قىدىرخان ئۇستازلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بېسىم ئىدى. لېكىن، سۇلتان ئابدۇرېشىدخان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئامانىنىسانى قوللىدى. مەھمۇد ئاكىنىڭ تەكلىپى بىلەن چوڭ تىپتىكى رەسەتخانا قۇرۇلۇشىغا ئىش

① رەئىيەت — خەلق.

باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەردىكى خاقانىيە مەدرىسەسىنى كېڭەيتىپ قۇرغاندىن باشقا، يۇرت ـ يۇرتلارغا مەدرىسە ـ مەكتەپلەر بىنا قىلىندى. بۇ ئەمەلىي ئىشلار ئامانىسانىڭ دەردلىك يۈرىكى ئۈچۈن چوڭ تەسەللى بولدى.

ئامانىسا ئەنە شۇنداق چەتكە قېقىش، يوشۇرۇن ـ ئاشكارا هاقارەت ۋە بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ، مۇقام رەتلەش، شېئىر يېزىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى، بەلكى خانىم ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدىكى «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)، شېئىرىيەت، خەتتاتلىق، مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى «شۇرۇھۇلقۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق ئىككى ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ قېيىنئانىسى بىلەن چوڭ خانىشنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگە سۈكۈت قىلدى. خوجا ـ ئىشانلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىنى پەرۋايىغا ئالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى قەدىرلەيتتى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن پەخىرلىنەتتى، شۇڭا ئۆزىگە بولغان بېسىمنى قانچىلىك ھېس قىلسا، ئىجادىيەتكە شۇنچىلىك بېرىلەتتى. ئۇ سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن ھەقىقىي سىرداش، پىكىرداشلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

ئامانىسا پات ـ پات مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفىي، نەۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ سۇلتان ئابدۇرېشىدخانغا تەقدىم قىلاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق سۇلتانغا بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىلدۈرەتتى. سۇلتان ئابدۇرېشىدخانمۇ بۇ ھۆسنخەتلەرنى شاھنىشىنغا ئەكېلىپ كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە ئېسىپ قوياتتى ـ دە، بىر تەرەپتىن تولىمۇ سەنئەتلىك يېزىلغان ھۆسنخەتتىن ھوزۇرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ قەلبىگە نەقىشلىۋالاتتى.

بۈگۈن سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئامانىسانىڭ قەسرىگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئامانىسانىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ھۆسنخەت يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەپە چىقارماي

كېلىپ، ئامانىنىسانىڭ كەينىدە تۇرۇپ خەتنى ئۇقۇشقا باشلىدى:

«ئادىل پادىشاھتىن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹بىر لەھزىلىك ئادالەت ھەرقانداق ئىبادەتتىنمۇ ياخشىراقتۇر›، دېگەن».

ئامانىنىسا خەتنى يېزىپ بولۇپ، تىلىپ كەتكەن قول بېغىشلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرگەچ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلتاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇردى. كۆزلىرى سۇلتاننىڭ مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— مەرھابا شاھىم، كەلگەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن، ئەدەپسىزلىك بوپتۇ، — دېدى ئامانىنىسا نازاكەت بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ، — ئۇسسۇلۇق ئىچەمدىلا، شاھىم؟

— چاڭقاق يۈرىكىمگە تەشنالىق سوراپ كەلدىم، خانىش، — دېدى سۇلتان ئامانىنىساغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قاراپ، — شۇ تاپتا ئاچچىق ئانار شەربىتى بولسىمۇ ئىچىۋېرىمەن.

سۇلتان بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئامانىنىساغا تۈنجى تونۇشقان چاغلىرىنى ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. بۇنى چۈشەنگەن ئامانىنىسا پىسىڭىدە كۈلۈۋەتتى ـ دە، دەرھال يان ھۇجرىغا چىقىپ، ئالتۇن پىيالىدە شەربەت ئېلىپ چىقىپ، ئىككى قوللاپ تۇتتى. ئادەتتە سۇلتان بۇ قەسىرگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، ھەرقانداق يېمەكلىكنى سۇلتانغا ئامانىنىسا ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ بېرەتتى، ھەرگىزمۇ خىزمەتكار ـ كېنىزەكلەرنى بۇيرۇمايتتى.

ئۇلار شىرەنىڭ يېنىغا سېلىنغان تەتىللا كۆرپىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. سۇلتان ئامانىنىسا يازغان ھۆسنخەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قۇياشتەك گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن، گۆھەرلەرنى چاچىدۇ، كەمبەغەل ـ ئاجىزلار ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ۋە مادارىدىن ئارام ئالىدۇ، زالىم ـ تەلۋىلەر بولسا ئۇنىڭ

سىياسەت تىغى ۋەھىمىسىدىن ھالسىز، پەرىشان؛ ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قويلار بۆرە خەۋپىدىن ئەمىن؛ مۇساپىرلا قاراقچى ۋەھىمىسىدىن مۇتمەئىن[1]. ئۇنىڭ مېھرى ـ شەپقەت مەرھەمىتىدىن مەكتەپلەردىكى باللار خۇشال، ئاجىز ـ يېتىملەر مەغرۇر ھالدىدۇر».

«ئادىل پادىشاھ گويا مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت، مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدىغان قۇياشتۇر نۇرلۇق».

«ئەگەر بىر پادىشاھ ئادالەت بىلەن يۇرت سورىسا، دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچقانداق خاقان تەڭ كېلەلمەيدۇ».

«ئەگەر شاھ ئۆزىنىڭ سىياسەت تىغىنى ئۆتكۈر قىلمىسا، خەلق ئوتتۇرىسىدا يۈزلەپ قان تۆككۈچى تىغلار تارتىلىدۇ».

سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بۇ ھۆسنخەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شىرە يېنىدىكى بىر پارچە شېئىر يېزىلغان قەغەزگە كۆزى چۈشتى ـ دە، قەغەزنى قولىغا ئالدى.

— ئۇنى ئوقۇمىسىلا، شاھىم، — دېدى ئامانىسا ئالدىراپ ـ تېنەپ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى سۇلتان ئامانىسانىڭ كۆزىگە قاراپ.

— چۈنكى، ئۇ دۇمبۇل[2]راق يېزىلىپ قالغان شېئىر ئىدى.

— خانىشنىڭ قولىدىن چىققان ھەرقانداق نەرسە ماڭا دۇمبۇل بولسىمۇ تەملىك، مەززىلىك تېتىيدۇ.

سۇلتان شۇنداق دېدى ـ دە، شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

كىشى كەلدى جاھانغا كۆردى تەڭسىزلىك بالاسىنى،
خۇداۋەندە قوبۇل قىلغىن فەقىرلەر ئىلتىجاسىنى.
ئادالەت بىرلە دۇنيادا ھۆكۈم سۈرسە ئۇلۇغ خىسلەت،

[1] مۇتمەئىن — خاتىرجەم، خۇشال.
[2] دۇمبۇل — خام، پىشمىغان.

شۇڭا ئەل باشپاناھ دەرلەر دىيارىم پادىشاھىنى.
چىمەندە گۈل ئېچىلغاندا قىلۇر بۇلبۇل نېچۈك تاقەت.
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالامدۇ جاراڭلاتماي ناۋاسىنى.
ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ئۇلۇغ سەردارىنى يادلاپ،
نەفىسە چالدى شۇكرانە قىلىپ بۇ پەنجىگاھىنى.

ئامانىنىسانىڭ ئابدۇرېشىدخانغا بېغىشلاپ يازغان بۇ شېئىرى شۇ تاپتا ئابدۇرېشىدخاننى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ھەم ئەقىللىك، ھەم قابىلىيەتلىك، دىلكەش بىر مەھبۇبىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىك تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇۋاتاتتى.

— رەھمەت، خانىش، مېنى چۈشەنگەنلىكىڭىز، قوللىغانلىقىڭىز ئۈچۈن مىڭ - مىڭ رەھمەت، — دېدى ئابدۇرېشىدخان ئامانىنىسانىڭ يۇمران قوللىرىنى كۆچلۈك ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرېشىدخان بۇ شېئىرىنى يادا ئېلىۋالدى. ئۇ ھەردائىم ئامانىنىسانىڭ قېشىغا كەلسىلا «خانىشنىڭ ھېلىقى دۇمبۇل شېئىرىنى ئاڭلاشقا زوقى بارمىكىن؟» دەپ چاقچاق قىلاتتى ۋە ھاياجان ئىلكىدە دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى.

## تەلەپچان ئۇستاز

قىدىرخان ئۇستاز بىلەن خانىش ئامانىنىسانىڭ زور تىرىشچانلىقى، سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ كۈچلۈك ھامىيلىقى ۋە قوللىشى بىلەن ئوردىدىكى ھەر تەبىقىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا، توسقۇنلۇقىغا تاقابىل تۇرۇلۇپ تۈنجى قېتىم ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى سىستېمىلىق رەتلەندى ۋە تۈركۈم - تۈركۈملەپ مۇقام شاگىرتلىرى يېتىشتۈرۈلدى. خانىش

ئامانىسا باشتىن ـ ئاخىر مىللىتىمىزنىڭ بىباھا مۇزىكا ئەسىرىنى رەتلەش، يۇرۇشلەشتۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قول تىقىپ ئىشلىدى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ داڭقى ـ شۆھرىتى يىراق قوشنا ئەللەرگە تارالدى. مانا بۇ بۈيۈك ئىشنى روياپقا چىقىرىشتا ئامانىسانى ھەقىقەتەن بىر تەلەپچان ئۇستاز دېيىشكە بولاتتى.

مىلادىيە 1555 ـ يىلى ئۇجمە پىشقى.

مەھمۇد ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر مەزگىل قارىلىق تۇتۇپ مۇسىبەتتە تۇرغان خانىش ئامانىسا يەنە قايتىدىن مۇقام شاگىرتلىرى ئارىسىغا قايتىپ كەلدى. ئاتىدىن ئىبارەت يۆلەنگەن تېغىدىن ئايرىلىش ئازابى ئامانىساغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ غىزا ۋە ئۇيقۇدىن قالغانلىقى، ئۆزىنى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتكە زىيادە ئۇرۇۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بەك جۇدەپ، تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ دادىسى قازا قىلىشتىن ئاۋۋال ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەن «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقامنى يېزىپ تاماملىدى. بۇ مۇقامنى ئامانىسانىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن تونۇشۇش، توي قىلىش جەريانىدىكى ئېرىشكەن خۇشاللىق، شادلىقلىرىنىڭ، كۆڭۈللۈك، مەنىلىك تۇرمۇشىنىڭ ۋە ئوردىغا خانىش بولۇپ كىرگەندىن كېيىنكى دىلخەستىلىكلىرىنىڭ، دادىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن جۇدالىق، ئايرىلىش ئازاب ـ ھەسرەتلىرىنىڭ كۈي شەكلىدە ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولاتتى.

يېقىندىن بېرى مۇقام شاگىرتلىرىغا «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئۆگىتىۋاتقان ئامانىسا بۈگۈن مۇقامىنىڭ «چوڭ سەلىقە» قىسمىنى تەمبۇر بىلەن ئورۇنلاپ ئۈلگە كۆرسىتىۋاتاتتى، شاگىرتلار قالۇن، چاڭ، ئۇد، بارىبت، ساتار، غېجەك، داپ، تەمبۇر، راۋاب، نەي... قاتارلىق سازلار بىلەن تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. ئامانىسانىڭ تاڭ ساباسىدەك لەرزان، بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، تاغ سۇلىرىدەك يېقىملىق، بۇلبۇل

ناۋاسىدەك جاراڭلىق ئاۋازى ھەيدەرباغ[1]نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاھانە راۋاقتىن ئەتراپقا ئاستا ـ ئاستا تارايتتى. مۇقام شاگىرتلىرىدىن تارتىپ، باغدىكى قۇش جان ـ جانىۋارلارغىچە بۇ سېھىرلىك كۈيگە ئەسىر بولغانىدى.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە،
كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنى سالدى ئىچىمگە.
كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنىڭ تۈتۈنى يوقتۇر،
يۈرەك ـ باغرىم كۆيۈپ پۈتتى، پۈتۈنى يوقتۇر.
چىمچىلىقىمنى قايرىۋەتتى قىل بىلەن قىياق،
يۈرىكىمنى ئۆرتىۋەتتى دەرد بىلەن پىراق.

مۇقام ئورۇنلاۋاتقان ئامانىيسانىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. بىر چەتتە بارلىق زېھنى بىلەن مۇقام تىڭشاپ ئولتۇرغان قىدىرخان ئۇستازىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياشلارمۇ ئۇچىدەك ئاقارغان ساقاللىرىنى يۇغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇزاق مەزگىل سىنالغان مەرھۇم دوستى مىرزا مەھمۇدنى ئەسلەۋاتاتتى.

ئامانىيسا مۇقامنىڭ چوڭ سەلىقە قىسمىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، شاگىرتلارمۇ ئامانىيساغا ئەگىشىپ بىرلىكتە ئوقۇشقا باشلىدى:

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە.
……

پۈتكۈل ھەيدەرباغنى شاگىرتلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تۈمەنلىگەن بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسىدەك چاڭ كەلتۈرەتتى. ئامانىيسا شاگىرتلىرىنى قايتا ـ قايتا مەشىق قىلدۇراتتى، ئاھاڭنى توغرا، تولۇق ئالالمىغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ئۆزى قانائەت

① ھەيدەرباغ ــ ھازىرقى يەكەن خەلق باغچىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

هاسىل قىلغۇچە تەكرارلاتقۇزاتتى.

— بۈگۈنكى دەرس مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، قالغىنىنى شاگىرتلار ئۆزى تەكرارلىۋالغاي، — دېدى ئامانىنسانىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان قىدىرخان ئۇستاز، — سىلىمۇ ھەرەمگە قايتىپ ئارام ئالسىلا، قىزىم.

ھارغىنلىق يەتكەن ئامانىنسا قىدىرخان ئۇستازنىڭ تەكلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن قوزغالدى. بارلىق شاگىرتلار ئۇنى «خانىش ئايىمنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنلىك بولغاي» دېيىشكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويۇشتى.

ھەرەمگە قايتىپ كەلگەن ئامانىنسا كېنىزەكلىرى قايىنىتىپ تەييارلاپ بەرگەن دورىسىنى ئىچىۋېلىپ، بىرئاز ئارام ئېلىۋالدى - دە، ئۆزى مەخسۇس شېئىرىيەت، خەتتاتلىقتا تەربىيەلەۋاتقان قىز شاگىرتلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— خانىش ئايىمغا سالام، — دېدى شېئىر كۆچۈرۈۋاتقان، خۇش خەت مەشىق قىلىۋاتقان قىزلار دەررۇ ئورنىلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

ئامانىنسا قىزلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى - دە، قىزلارنىڭ قېشىغا بىردىن - بىردىن بېرىپ ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

— سەن قايسى كىتابنى كۆچۈرۈۋاتىسەن، گۈلبەدەن بۇۋى؟ — سورىدى ئامانىنسا باش چۆكۈرۈپ شېئىر كۆچۈرۈۋاتقان بىر قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ.

گۈلبەدەن بۇۋى ئىسىملىك قىز دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— تاپشۇرۇقلىرىغا بىنائەن ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قەلەملىرى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «دىۋان رەشىدىي»نى قايتىدىن كۆچۈرۈۋاتىمەن، خانىش ئاغىچا.

ئامانىنسا شېرە ئۈستىدىكى قەغەزلەرگە كۆز يۈگۈرتتى.

ئامانىسا «دىۋان رەشىدىي» نى تەئلىق نۇسخىسىدا كۆچۈرگەندى، گۆلبەدەن بۇۋى بولسا سۇلۇس نۇسخىسىدا كۆچۈرگەن بولۇپ، خەتلەر تولىمۇ چىرايلىق چىققانىدى. ئامانىسا شاگىرتىنىڭ خەت يېزىش ماھارىتىدىن سۆيۈنگەن ھالدا شېئىر كۆچۈرۈلگەن قەغەزنى قولىغا ئالدى، ئۇنى ئوقۇۋېتىپ چىرايلىق قوشۇملىرى تۈرۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى، گۆلبەدەن بۇۋى خەتنى چىرايلىق يازغان بىلەن پەش، چېكىتلەرنى، ھەرپلەرنىڭ ھەمزى ـ پەشلىرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

ماختاش تەمە قىلىپ تۇرغان گۆلبەدەن بۇۋى خانىشنىڭ قوشۇملىرىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمە خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئامانىسا قولىدىكى شېئىرلارنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن يەرگە قاراپ تۇرغان قىزدىن سورىدى:

— بۈگۈن قورسىقىڭ ئاچ قالغانمىدى، گۆلبەدەن بۇۋى؟

— يوقسۇ، خانىش، — دېدى گۆلبەدەن بۇۋى تېخىمۇ گاڭگىراپ.

— ئەمىسە خەتنى شۇنچە چىرايلىق يېزىپسەنۇ، نېمىشقا چېكىت، پەش، ھەمزىلەرنى يەۋالدىڭ؟

خانىشنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ باشقا قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. گۆلبەدەن بۇۋى بولسا شەلپەردەك قىزارغىنىچە يەردىن ئۈستۈن قارىيالمىدى.

ئامانىسا گۆلبەدەن بۇۋىنى ئارتۇقچە خىجىل قىلمىدى.

— قىزلار، خەپشۇك، — دېدى ئۇ ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقان قىزلارغا قاراپ، — يېزىلغان خەتلەر چىرايلىق بولۇشى بىلەن بىللە پەش، چېكىت، ھەمزىلەرمۇ جايىغا قويۇلۇشى، چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا، سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىپ، مىسرالارنىڭ پاساھىتىگە نۇقسان يېتىدۇ. ياخشى

يېزىلغان خەت، جايىدا قويۇلغان چېكىت خۇددى گۈزەل قىزنىڭ يۈزىدىكى خالدەك كىتاب بەتلىرىگە گۈزەللىك بېرىدۇ. خۇش خەت كاتىپ سۆزىگە زىننەت، ئوقۇرمەنگە راھەت بېغىشلايدۇ. ئەگەر سەت، چالا يېزىلسا، خەتتىكى مەنىلەر ئوقۇرمەننى مۇجمەللىككە سېلىپ قويىدۇ. ئەگەر خېتى چىرايلىق بولۇپ، خاتالىرى كۆپ بولسا، ئۇنداق خەت يازغۇچىنىڭ قولى پالەچ كېسىلىگە جۇپ بولغاي، — ئامانىنىسا بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خېتىمۇ ناچار، خاتالىرىمۇ جىق خەتنى يازغۇچى خۇددى ساقىلىنى بويىۋالغان بوۋايغا ئوخشاش مەسخىرىگە لايىق. بۇنداق ساقالنى قىرقىپ ھاجەتخانىغا تاشلىغىنى ياخشى.

ئامانىنىسانىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قىزلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كەتتى، گۈلبەدەن بۇۋىمۇ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئامانىنىسانىڭ مېغىزلىق، جانلىق، قايىل قىلارلىق نەسىھەتلىرى قىزلارغا تەسىر قىلغانىدى. ئۇلار كۈلكىسىنى توختىتىپ، يازغان خەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئامانىنىسا تېخىچە ئۆرە تۇرغان گۈلبەدەن بۇۋىنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى — دە، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن سىلەرگە ئۇستاز ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي. بۇ ھېكايىنى بالا ۋاقتىمدا، مۇشۇنداق چالا — چولتا خەت يازغانلىقىم ئۈچۈن رەھمەتلىك دادام سۆزلەپ بەرگەنىدى.

قىزلار دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئامانىنىسانىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ غەزەللىرىنى زامانىسىنىڭ ئەڭ زور بىلىملىك خەتتاتلىرىغا كۆچۈرتىدىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئامانىنىسا، — بىر قېتىم مەخسۇس نەۋائىي ھەزرەتنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرىدىغان خەتتاتنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي قاپتۇ. ئۆزىنى مەن مەشھۇر خەتتات دەپ يۈرگەن بىر ئادەم: «رازى بولسا، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ

خىزمىتىنى جىنىم بىلەن بىجىرەتتىم» دەپتۇ.

شائىر ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈشكە بېرىپتۇ. بىر كۈنى كاتتا بىر مۇشائىرىدە نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ قولىقىغا «شائىرلارنىڭ شاھى ئۆزى نۇقسان - قۇسۇرغا يول قويغان يەردە، باشقىلاردىن ئېمىنىمۇ كۈتكىلى بولۇر» دېگەن گەپ كىرىپ قاپتۇ.

ئېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزگەن نەۋايى ھەزرەتلىرى تېخى بايىلا كۆچۈرتكۈزگەن غەزەلنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ھېلىقى خەتتات شېئىرلارنى كۆچۈرگەندە «كۆز» سۆزىدىكى «ز» ھەرپىنىڭ بىر چېكىتىنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۆز «كور» بولۇپ قېلىپ شېئىرنىڭ مەنىسى ئەكسىچە بولۇپ قالغانىكەن.①

نەۋايى ھەزرەتلىرى سورۇن ئەھلىگە قاراپ:

«(كۆز) ۋەنى (كور) قىلغانلار كور بولغاي» دەپتۇ - دە، ھېلىقى خەتتاتنى ئۆز يولىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئامانىسا ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ قىزلارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— سىلەرمۇ دىققەت قىلىڭلار، قىزلار، ھەرگىزمۇ ھېلىقى خەتتاتتەك «كۆز» نى «كور» قىلىدىغانلاردىن بولۇپ قالماڭلار.

قىزلار تەلەپچان ئۇستازنىڭ بۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋېلىشتى.

## يىغانلىق سۆھبەت

مىلادىيە 1560 - يىلى، جىگدە ئالا بولغان مەزگىل.

«جىگدىنىڭ ئالاسى، سۈنىڭ يالاسى» دېگەندەك، شۇ كۈنلەردە يەكەن، تۈمەن، قاراقاش، تارىم دەريالىرىغا بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن زور كەلكۈن دەريا ساھىلىدىكى خەلقنىڭ ئۆي - ماكانى، مال -

① ئۇ چاغلاردا «ۆ» ھەرپى ئوخشاش «و» يېزىلىپ، ئوقۇشتىلا پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر چېكىتىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن ئاشۇنداق خاتالىق يۈز بەرگەن — م.

مۇلكىگە ئېغىر تەھدىت سېلىپ پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە چوڭ ئاپەت پەيدا قىلغانىدى. ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلاردىن ئۆلۈم ـ يېتىم، بالا ـ قازا خەۋەرلىرى ئوردىغا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرىنى تەرەپكە ـ تەرەپكە ماڭدۇرغاندىن سىرت، ئۆزىمۇ كەلكۈن ئاپىتى ئېغىر بولغان يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئاستانىدىن ئايرىلغانىدى.

خانىش ئامانىساخاننىڭ شۇ كۈنلەردە ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئېغىربوي بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئىجادىيەتتىن پەقەتلا باش كۆتۈرمىدى. ئۇزاق مەزگىللىك ئىجادىي، ئىلمىي ئەمگەكلەر خانىشنى چارچاتقان، ۋۇجۇدىدىكى جىسمانىي كۈچنى خوراتقانىدى. ئۇ ھامىلدار بولغان سەككىز ـ توققۇز ئايدىن بېرىمۇ سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن قىدىرخان ئۇستازنىڭ تىنچ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋېلىش تەكلىپىگە ئاغزىدا ماقۇل دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە «ئەخلاقىي جەمىلە»، «شۇرۇھۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى يېزىپ تاماملىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ «غەزەلىياتى رەشىدىي» ناملىق تاللانما غەزەللەر دىۋانى بىلەن «سالاتىننامە» ناملىق كىتابىنى ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقتى. ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر يازغان شېئىرلىرىدىن تاللاپ «دىۋان نەفىسە» ناملىق شېئىرىي دىۋانىنى تەييارلىدى.

بىر ھەپتىدىن بېرى مۇقام شاگىرتلىرىنىڭ قېشىغا كېلەلمىگەن خانىش ئامانىسا بۈگۈن ئاي ـ كۈنىنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيدەر باغدىكى مۇقام شاگىرتلىرى مەشىق قىلىۋاتقان شاھانە راۋاققا يېتىپ كەلگەنىدى. شاگىرتلار خانىشنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دۇررىدە

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ ئېسەنلىك سورىدى.

ئامانىنىسا شاگىرتلارنىڭ قېشىدا قىدىرخان ۋە باشقا ئۇستازلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، شاگىرتلاردىن سورىدى:

— قىدىرخان ئۇستاز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— قىدىرخان ئۇستاز ئوردا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ تەرەپكە ئۆتەلمىدى، — دېيىشتى شاگىرتلار.

— بېرىڭلار، قىدىرخان ئۇستازنى چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېدى ئامانىنىسا ۋە باشقا شاگىرتلارغا مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە ئىجازەت بەردى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ھەيدەرباغقا قىدىرخان يەركەندىي بىلەن ئايازبېك قۇشچى يېتىپ كەلدى.

— خانىش قىزىمنى ساقلىتىپ قويدۇم، كەچۈرگەيسىز، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز، — سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرى كەلكۈن ئاپىتى بولغان يۇرتلارغا كەتكەندىن كېيىن ئوردا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، باشقا ئىشلارغا ۋاقىت چىقىرالماي قالدىم.

— ئاي ـ كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغاندا قەسىردىن ئايرىلمىغانلىرى ياخشى ئىدى، خانىش ئايىم، — دېدى ئايازبېك ئامانىنىساغا كۆيۈنگەن ھالدا.

— نېمە ئۈچۈندۇر ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، ئۇستازلار بىلەن شاگىرتلارنى يوقلىغۇم كېلىپ قېلىۋىدى، — دېدى ئامانىنىسا قىدىرخانغا چۈشەندۈرۈپ، — بەك چۈدەپ كېتىپلا، ئۇستازىم، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، سىلىنى كۆرسەملا، خۇددى مەرھۇم دادامنى كۆرگەندەك بولۇپ، قەلبىمدىكى دەرد ـ ھەسرەتلىرىم خېلى يەڭگىللەپ قالىدىكەن.

ئامانىنىسا شۇنداق دېدى ـ دە، كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

قەدىردان دوستى ئىسىگە يېتىپ قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئايازىنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى.

— بەردەم بولسىلا، ئاتا، — دېدى ئامانىسا قىدىرخاننى ئىلگىرىكىدەك «ئۇستاز» دەپ ئاتىماي، — سىلى ماڭا ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆيۈندىلە، يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ تەربىيەلىدىلە، ماڭا كۆپ ئەجىرلىرى سىڭدى. جان تەندە ئامانەت، دەيدىكەن كونىلار، ناۋادا ساق ـ سالامەت يەڭگىيەلمەي قېلىپ دارىلباقىيغا سەپەر قىلسام مەندىن رازى بولسىلا.

— نېمە دەيدىغانسىز، قىزىم. خۇدا ئاسان تۇغۇت نېسىپ قىلغاي، ئىلاھىم، — دېدى كۆڭلى تېخىمۇ بەك بۇزۇلغان قىدىرخان ئۇستاز يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالماي.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئاتا، — دېدى ئامانىسا تەسەللى بېرىپ، — سىلى مېنى بالا ۋاقتىمدىن تارتىپ شېئىر يادلاتقۇزاتتىلە، مەن يادلىغان شېئىرلارنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىلە. شۇ تاپتا سىلىگە بىر نەچچە مىسرا شېئىر يادلاپ بەرگۇم كېلىۋاتىدۇ. بىلمىدىم، ئاڭلىغۇلىرى بارمىكىن؟

— مىنىڭ جېنىم بىلەن، قىزىم، — دېدى قىدىرخان ئۇستاز ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

ئامانىسا بىر ئاز تۇرۇۋالدى ـ دە، قىدىرخان ئۇستازنىڭ مۇقام كۈيلىرىگە سالغان تېكىستىنى يادلاشقا باشلىدى:

پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چېچىپ ھەردەم ھالاۋەتنى،
گاداي ئىزدەيمۇ جەننەتتىن تاپالماس بۇ ساخاۋەتنى.
ئاتا قىلسا مۇنارىنى ياساپ كەۋسەرى ھەل تاشتىن،
قەدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۇمران جاھالەتنى.
......

— رەھمەت، قىزىم، مىنىڭ مەرتەم رەھمەت، — دېدى قىدىرخان

ئۇستاز تارامىلاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى تۇختىتالمىغان هالدا.

— قەدىرلىك شاگىرتلار، — دېدى ئامانىنىسا ئەتراپىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان مۇقام شاگىرتلىرىغا قاراپ، — مۇقام خەلقىمىزنىڭ بىباها مۇزىكا خەزىنىسى. سىلەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ تەربىيەلەش ئاسانغا چۈشمىگەن، بۇ سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ھىممىتى بىلەن قولغا كەلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت. ۋاقتىڭلارنى زايە قىلماي مۇقامنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىڭلار ۋە ئەل ئارىسىغا كەڭرى تارقىتىڭلار، قىدىرخان ئۇستازنىڭ بايا مەن ئوقۇپ بەرگەن شېئىرى ھەرقاچان ئېسىڭلاردا بولسۇن.

ئامانىنىسا ئەمدى ئايازبېغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئايازبي ئۇستاز، ئۆزلىرى خانلىقىمىزنىڭ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ ئەڭ كامالەتكە يەتكەن كاتتا ئىستېداتى ئىگىسى، سالامەتلىكلىرىنى كۆپ ئاسرىسىلا. «جاھاننامە»① بىلەن «مەھمۇدنامە»②نى كۆچۈرۈپ چىققان بولسامۇ، نەمۇنە شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «دىۋانى ئايازبي»نى ئۆز قەلىمىم بىلەن كۆچۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. ۋەدەم چالا ئورۇنلىنىپ قالسا، كەچۈرگەيلا.

— ئۇنداق دېمىسىلە، خانىش، خۇدايىم ئېسەنلىك بەرسە، بۇ ئىشلارنى قىلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىدۇ، — دېدى ئايازبي ھاياجان بىلەن، — مەن ئۇچۇن ئاشۇ ئىككى داستانىمنى كۆچۈرۈپ بەرگەنلىكلىرىنىڭ ئۆزىمۇ كاتتا تەۋەررۇك.

— شاگىرتلىرىم، — دېدى ئامانىنىسا ئەتراپىدىكى مۇقام شاگىرتلىرىغا قاراپ، — ئايازبي ئۇستازنىڭ شېئىرلىرى سىڭدۈرۈلگەن مۇقام كۈيلىرىدىن بىر پەدە ئورۇنلىغان بولساڭلار،

① شائىر ئايازبېنىڭ چوڭ ھەجىملىك داستانى.
② شائىر ئايازبېنىڭ شېئىرىي دىۋانى.

ھەممەيلەن بىرلىكتە زوقلانغان بولساق.

مۇقام شاگىرتلىرى دەرھال قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىپ مۇقام ئورۇنلاشقا باشلىدى:

يېتىپ گۈلشەنى ئىشرەت ئىچرە قويۇن،
ئۇچۇرماققا گۈللەرنى باشلار ئويۇن.
خازان بۇرجىغا كەلتۈرەر يۈز باھار،
قويار شاخى گۈللەرنى بىبەرگىبار.
قىلۇر تىرە تۈن ۋەسىل ئەييامىنى،
ياپار يۈزىگە ھىجىر ئەجەل دامىنى.
ئۆلۈم باردۇر تا جاھان باردۇر،
فىراقۇ بۇ ئاھۇ فىغان باردۇر.

يەشمىسى:

(خۇشاللىق گۈلشەنىگە قويۇن كېلىپ
گۈللەرنى ئۇچۇرۇش ئۈچۈن ئويۇن باشلايدۇ.
باھار كۈز بىلەن ئالمىشىپ
گۈل شېخىنى بەرگىسىز قالدۇرىدۇ.
ھىجران ئەجەل پەردىسىنى يۈزىگە يېپىپ
ۋىسال كۈندۈزىنى قاراڭغۇ كېچىگە ئايلاندۇرىدۇ.
جاھان مەۋجۇتكى ئۆلۈم تۈگىمەيدۇ،
جۇدالىق ئاھۇ پىغانىمۇ تۈگىمەيدۇ.)

ئىنسان ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغۇچى مۇقام كۈيلىرى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىۋەتكەنىدى. خۇددى ناخشىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىردىنلا خانىش ئامانىسانىڭ قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى. خۇددى كۈچلۈك بىر قول ئۈچەي - باغرىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك، دەھشەت بىلەن قىستاپ كەلگەن ئاغرىققا ئامانىسا بەرداشلىق بېرەلمەي

لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— قىدىرخان ئاتا !... — ئامانىنىسا ئاغرىققا چىدىيالماي ئىڭرىۋەتتى.

قىدىرخان ئۇستاز بىلەن ئايازبى ئامانىنىسانىڭ تۇيۇقسىز تولغىقى تۇتقانلىقىنى سەزدى - دە، ئۇنى دەرھال ئوردا ھەرەمگە يۆتكەشكە بۇيرۇق بېرىپ، يىراق يۇرتقا كەتكەن سۇلتان ئابدۇرېشىدخانغا چاپارمەن ماڭدۇردى.

## جۇدالىق دەملىرى

ئىككى كۈندىن بېرى ھېلى تولغىقى تۇتۇپ، ھېلى تولغىقى يېنىپ كېتىۋاتقان خانىش ئامانىنىسا تۇغۇتى قىيىنلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋە ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان خانىش ئامانىنىسا تولغاق ئازابىدا قىينىلىپ قولى قەلەم تۇتالمىغۇدەك ھالەتكە يەتكەندىن كېيىنلا، قەلەمنى قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

قىدىرخان ئۇستازنىڭ ئەۋەتكەن چاپارمىنىدىن خانىش ئامانىنىسانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئابدۇرېشىدخان كېچە - كۈندۈز توختىماي، ھاردۇق ئالماي يول يۈرۈپ، ئوردىغا قايتىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل ھەرەمگە كىرىپ ئامانىنىسانىڭ قەسرىگە يۈگۈردى.

تولغىقى يېنىپ كەتكەن ئامانىنىسا چىپ - چىپ قارا تەرنىڭ ئارىسىدا يۇلۇپ تاشلىۋەتكەن گىياھتەك سولىشىپ ياتاتتى. ئىككى نەپەر ئەش ئانا بىلەن بىرنەچچە نەپەر كېنىزەك قىزلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئىشىكتىن كىرىۋاتقان سۇلتان ئابدۇرېشىدخانىنى كۆرۈپ، ئامانىنىسانىڭ سولغۇن چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى. ئامانىنىسانىڭ چىرايى تاتىرىپ،

كۆزلىرى ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ۋۇجۇدىغا گۇررىدە يىغا ئۇلاشتى، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

— ئەھۋالىلىرى قانداقراق، خانىمىش؟ — دېدى سۇلتان ئامانىسانىڭ جانسىز قوللىرىنى كۈچلۈك ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ.

— ياخشى، خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم، شاھىم، — دېدى ئامانىسا ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇشتى. شۇ تاپتا بۇ بىر جۈپ مۇھەببەتلىك يۈرەك بىر - بىرىگە كۆزلىرى ئارقىلىق تەسەللى بېرىشىۋاتاتتى، يۈرەك سىرلىرىنى كۆزلىرى ئارقىلىق ئىزھار قىلىشىۋاتاتتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىدخان تاڭ ئاتقۇچە ئامانىسانىڭ قېشىدىن نېرى بولمىدى. ئامانىسانىڭ تولغىقى شۇنداق قاتتىق تۇتاتتىكى، تولغاق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆتۈرگەن داد - پەريادى قەسىرنىڭ ئىچىنى بىر ئالاتتى. بۇنداق چاغدا سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلەتتى، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولاتتى، يۈرىكى خۇددى قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئازابلىناتتى، قېشىدىكى ئەش ئانىغا جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپتى:

— نېمىشقا تېزرەك بىر ئامال قىلمايسىلەر؟ خانىشنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

— بارلىق ئامالLARنى ئىشلىتىۋاتىمىز، شاھىم، بالا تەتۈر بولۇپ قاپتۇ، خانىشقا ياراتقان ئىگەم ئاسانلىق بېرەر ئىلاھىم، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئەش ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

تاڭ يورۇشى بىلەن تولغىقى يەنە توختاپ قالغان ئامانىسا ئازراق ئۇسسۇلۇق ئىچىپ بىر جانلىنىپ قالدى. لېكىن، نەپەسلىنىشى بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى، كۆپ خۇن

www.uyghurkitap.com

تەۋرەپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

ئامانىنسا سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ قولىنى مەھكەم سىقىمچە ئاستا ئۆزىگە تارتتى. سۇلتان بىرئاز ئېڭىشىپ ئامانىنساغا تېخىمۇ يېقىن كەلدى.

— ئىنساننىڭ ئۆمرى بىر تال شامنىڭ يېنىپ تۈگىگىنىدەك تولىمۇ قىسقا ئىكەن، — دېدى خانىش ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ، — قارىغاندا، مېنىڭ ھايات شامىم يېنىپ تۈگىگەن ئوخشايدۇ...

— ئۇنداق دېمەڭ، خانىش، ئاغزىڭىزنى زىنھار ئۇششۇتمەڭ، — دېدى بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالغان سۇلتان ئابدۇرېشىدخان كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا، — سىزنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

— كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئامانىنسا داۋام قىلىپ، — ئەزىز سۇلتانىم، مەن سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى، خىزمەتلىرىنى قىلالمىغان، ئائىللىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغان يەرلىرىم بولسا كەچۈرۈۋەتسىلە. مەندىن رازى بولسىلا.

— مەن رازى، مەڭگۇ رازى !... — سۇلتان ئابدۇرېشىدخان شۇنداق دېدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— مەن بۇ ئالەمدىن كېتىمەن، — دېدى ئامانىنسا ۋەسىيەت قالدۇرماقچى بولغاندەك سۆزلەپ، — ئەلنىڭ مەرىپىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشتىم. بۇنىڭدىن باشقا سەرمايەم، ياخشى خىسلەت، پەزىلىتىممۇ يوق. ئۆز ھاياتىمدا يېزىپ چىققان مەنىۋى ئۇمىدىم — خەزىنەمنى باقىي دۇنياغا ئالغاچ كېتەي. قومۇش قەلەملىرىمنىڭ قىرىندىسى بىلەن سۇ ئىسسىتىپ مېنى يۇيۇڭلار. مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇت يېزىقى بىلەن يېزىلغان مەسھەب شىرىپىنى تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغانىدىم، قىزلاردىن بىرسى ئاخىرىنى كۆچۈرۈپ ئەلگە تەقدىم قىلسۇن. پاتىمە بىننى ئەھمەدنىڭ خۇش خېتى بىلەن قەبرەمگە خاتىرە يېزىڭلار...

خانىش ئامانىسا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي جىمىپ قالدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ بىردەم سۈكۈتتە تۇرۇشتى ـ دە، بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ئۇنى ئاستا مىدىرلىتىپ بېقىۋىدى، پەي ياستۇققا يۆلەكلىك بېشى لەسسىدە بىر يانغا چۈشۈپ كەتتى.

— خانىش ! خانىش ئامانىسا !...

ئابدۇرېشىدخان ئۆزىنى يوقىتاتقان ھالدا بىرقانچە قېتىم تووۋلىدى ـ دە، ئامانىسانىڭ جانسىز قولىنى يۈزىگە يېقىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. شۇ ھامان پۈتكۈل قەسىرنى ئېچىنىشلىق ھازا پەريادى قاپلىدى. ئاشۇ ھازا ـ پەريادلارنىڭ ئارىسىدا تۇغۇلۇپ يېڭىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ ئاچچىق قىرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھەئە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىباھا مۇزىكا بايلىقى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، يۇرۇشلەشتۈرۈش، ئەل ئارىسىغا تارقىتىش ئىشىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان، خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۈتكۈل ئۆمرىنى بەخشەندە قىلغان بۇ يالقۇنلۇق يۈرەك سوقۇشتىن بىمەھەل توختىغانىدى.

ئۇردا ھەرەمىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇ ئېچىنىشلىق ھازا پەريادىنى بېسىپ چۈشمەكچى بولغاندەك قاياقتىندۇر مۇڭلۇق مۇقام سادالىسى كېلەتتى:

ئۆلۈم باردۇر تا جاھان باردۇر،
فىراقۇ بۇ ئاھۇ فىغان باردۇر.

2000 ـ يىلى 26 ـ ماي، يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆيلەر خانىشى (پوۋېستلار)

ئاپتورى: ياسىنجان سادىق
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 2827472 - 0991
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.5
نەشرى: 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 - 1
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17050 - 0
باھاسى: 43.00 يۈەن